ئابدۇسالام ئابلىز

## تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن (1)

# مەڭگۈلۈك تاللاش



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
新疆大学出版社



ئابدۇسالام ئابلىز



ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپلار بى-
لەن بىللە.



ئاپتور خىزمەت ئۈستىدە

ئابدۇسالام ئابلىز

تارىختىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن - ھۈسەن (1)

# مەڭگۈلۈك تاللاش

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
新疆大学出版社

مەسئۇل مۇھەررىرى: پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن

# تارىمدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن ـ ھۈسەن (1)
# — مەڭگۈلۈك تاللاش

ئاپتورى: ئابدۇسالام ئابلىز

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك لۇڭيىدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 م م 32 / 1 باسما تاۋىقى: 14
2007 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 0001 ـ 3000

ISBN 978 - 7 - 5631 - 2098 - 7
باھاسى: 45.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

# مۇندەرىجە


نەشرىياتتىن ........................ 1

مۇقەددىمە ئورنىدا ........................ 1

شورلۇقتا چاقنىغان ئىزلار ........................ 1

بەخت قۇرۇلۇشى ........................ 14

ئاپەت ئىرادىنى ئۆرىۋېتەلمەيدۇ ........................ 19

قاراڭغۇ كەنتتە بىر كۈن ........................ 28

قۇتلۇق سەپەر، خەيرلىك ئىش ........................ 33

يىلتىز تارتقان قەلب ........................ 40

مەڭگۈلۈك تاللاش ........................ 46

يولدا قالغان ياشلىق ........................ 77

ئۆرۈك يۇرتىغا رىشتە ........................ 86

يىراق سەھرادىكى ئىشلار ........................ 95

ئۇرۇق مەستانىسى ۋە 25 يىل ........................ 110

«بەشئېرىقتىن كەتكۈم يوق» ........................ 121

بانكىدا ياشارغان قەلب ........................ 128

خۇشناۋا «تۇغدى» ........................ 136

قارايۇلغۇندىكى يالقۇنلۇق قەلب ........................ 141

دىرېكتورلۇقنى تاشلاپ دېھقان بولۇش ........................ 148

ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا ........................ 160

مۇزات ئوغلىنىڭ ئارزۇسى ........................ 164

دېھقانلار لېكسىيە ئۆمىكى دېھقانلار ئارىسىدا ........................ 171

ئۈمىد ئۈچقۇنى ........................ 178
قىيىردىكى خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش ........................ 182
قىممىتىنى ھېس قىلغان ئادەم ........................ 188
قاراڭلار، بۇ بالىلارغا... ........................ 197
تۇمشۇقتاغ باغرىدىكى سەيلىگاھ — قازانبۇلاق ........................ 203
ئەلگە سادىق ئەزىمەت ........................ 211
باتۇرلۇق ناخشىسى ........................ 223
دېھقانغا تۇتاشقان دىللار ........................ 230
جەسۇر ئوغلاننىڭ خىسلىتى ........................ 241
ياشلىق ناخشىسى ........................ 247
ئەجىر مەستانىسىنىڭ بەختى ........................ 254
ئەجىردىن كۆكلىگەن ھايات ........................ 259
جىگدىلىكتىن قاراباغقىچە ........................ 266
سادىق چاكار ........................ 271
ساڭ كەنتىدە سائادەت تاپقانلار ........................ 277
زەپەر قۇچىۋاتقان ئاسۇق ........................ 282
«خەزىنە» دىكى ئىككى ئەزىمەت ........................ 289
تامتوغراقتىن تارالغان نام ........................ 300
بىر مەرىپەت باغچىسىغا مەدھىيە ........................ 309
يېشىللىقتا تەلپۈنگەن ھايات ........................ 314
تۇمشۇق تونۇلماقتا ........................ 333
مېھىر - مۇھەببەت ........................ 338
پارتىيىنىڭ قەلبى — خەلقنىڭ قەلبى ........................ 344
ئۆچمەس ئىزلار ........................ 357
بىر قەلبكە مەدھىيە ........................ 365

پوچتىكەشىنىڭ ئەسلىمىسى ........................ 380
پارنىك ئاستىدا پاراڭ ........................ 384
مۆجىزە ........................ 388
پاختىكارلار بىلەن سۆھبەت ........................ 394
مۇھەببەتتىن ئۆللىغان قەلبلەر ........................ 401
بالداق بىلەن ژىرما ئارىلىقىدا ........................ 406
يۇلتۇزباغنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى ........................ 411
مۇقەددەمدىكى مۇقەددەس ئىشلار ........................ 417
ئېقىن بويىدىكى ئىشلار ........................ 423

# نەشرىياتتىن

ئابدۇسالام ئابلىز 1965 - يىل 10 - مايدا كەلپىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1982 - يىل 7 - ئايدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ ئىلى چارۋا - مال دوختۇرلۇق مەكتىپىنىڭ مال دوختۇرلۇق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1986 - يىل 7 - ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملاپ، «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كەسىپ ئۆزگەرتىپ، «ئاقسۇ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. ھازىرغىچە «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى، مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئابدۇسالام ئابلىز كىچىكىدىنلا يېزىقچىلىققا چوڭقۇر رىشتە باغلىغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن باشلاپ شېئىر ۋە خەۋەر - ماقالە يېزىشقا كىرىشكەن ھەم چوڭ بولغاندا مۇخبىر بولۇشقا ئىرادە باغلىغان. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «پارتىيەم»، تۇنجى خەۋىرى «كۆرەشچانىنىڭ خىسلىتى» 1979 - يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ يازغان خەۋەر - ماقالىلەر ناھىيىلىك رادىئو ئۈزېلىدا دائىم ئاڭلىتىلىپ تۇرغان، «ئاقسۇ گېزىتى» دىمۇ پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى - ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن قارىغان. بۇ ئىشلار ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ يېزىقچىلىق ساھەسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشى، نەتىجە قازىنىش قىزغىنلىقى ھەم ئىرادىسىگە زور ئىلھام ۋە مەدەت بولغان. ئۇ مال دوختۇرلۇق كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ كەسپىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ھەممە ئىشتا سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان ھەم ئىزچىل سىنىپ باشلىقى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئو-

گىنىش ۋە تۆرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، شېئىر ۋە خەۋەر ـ ماقالە يېزىقچىلىقىنىمۇ تاشلاپ قويمىغان. مەكتەپ ۋە مەكتەپ ئەتراپىدا مەيدانغا كەلگەن ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەت ۋە ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى يېزىپ، «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلدۇرۇپ تۇرغان ھەم مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مەكتەپتە «گۈلزار» ناملىق مەكتەپ گېزىتىنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغان ھەم مەكتەپ تارىخىدا يېڭى نەتىجە ياراتقان. شاپىگرافتا بېسىلغان، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ يېزىقىدا ھەر يېرىم ئايدا بىر سان نەشر قىلىنغان بۇ گېزىت مەكتەپنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى جانلاندۇرۇش، يېزىقچىلىق ھەۋەسكارلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇشتا مۇھىم، تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ھەم ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ ئاخباراتچىلىق خىزمىتى جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. ئابدۇسالام ئابلىز يەنە مال دوختۇرلۇق كەسپىگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى كۆپلەپ يېزىپ، «ئىلى گېزىتى»، «شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلدۇرۇپ تۇرغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى مەكتەپتە ئېلىپ قالماقچى بولغان. «ئىلى گېزىتى» مۇ ئۇنى قوبۇل قىلماقچى بولغان. بىراق ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن.

قىزغىنلىق ــ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى ۋە بەختى. ئۆزىنىڭ مۇخبىر بولۇش، ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت قىلىش ئارزۇسىغا يەتكەن ئابدۇسالام ئابلىز بەكمۇ ھاياجانلاندى. ئۇ ئاخباراتچىلىق كەسپىنى ئەڭ زور قىزغىنلىق ۋە ئىشتىياق بىلەن سۆيۈپ، كەسپىنى، ۋاقتىنى قەدىرلەپ، ئاخباراتچىلىق نەزەرىيەسى، گېزىت تەھرىرلىكى ۋە مۇخبىرلىق ئىلمىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى. پېشقەدەم مۇھەررىر ـ مۇخبىرلارنى ئۇستاز تۇتتى، نەچچە ئون يىل ئىلگىرىكى گېزىتلەرنى ئىخلاس بىلەن كۆرۈپ چىقتى. نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى، تەتقىق قىلدى ۋە يىغىپ ساق-

لىدى، كۆپلەپ ماتېرىيال توپلىدى. پىشقان مۇخبىرلارنىڭ مۇخبىرلىق تەجرىبىسىدىن، خەۋەر يېزىش ئۇسلۇبىدىن ئۆرنەك ئالدى. مۇخبىرلىق خىزمىتىنى جېنىدىنمۇ ئەتىۋار كۆرۈپ، ئېرىنمەي، زېرىكمەي مۇخبىرلىق قىلدى. خەۋەر ـ ماقالىلەرنى يېزىش، ياخشى يېزىش، كۆپ خىل يېزىش ئۇسۇلى ئۈستىدە باش چۆكۈرۈپ ئىزدەندى ھەم ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە سەرخىل نەتىجىلىرى بىلەن كەسىپداشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە خاس مۇخبىرلىق ماھارىتى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندۈرۈپ، ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ يېزىپ چىقتى ھەمدە تەشكىل ۋە كەسىپداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتى ھەم يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. كەسىپداشلىرى ئۇنى «قەلىمى تېز، ئايىغى چاققان، مول ھوسۇللۇق مۇخبىر» دەپ تەرىپلەشتى. يەنە بەزىلەر «ئابدۇسالام ئابلىز تەسەۋۋۇرغا، تىلغا باي، ئۇ بىر پارچە سۈرەتكە قاراپمۇ تەپسىلىي خەۋەر يېزىپ چىقالايدۇ» دېيىشكەن. ئابدۇسالام ئابلىز بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى توختاتماي قويمىدى ھەم ئاخباراتچىلىق ۋە ئەدەبىيات كەسپلىرى بويىچە مەخسۇس ۋە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈردى. بەش قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە شاڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاچقان ئاخباراتچىلىق كۇرسىدا بىلىم ئاشۇردى. ئاز كەم 20 يىل مابەينىدە، ئابدۇسالام ئابلىز ئاقسۇ ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە نەچچە قېتىملاپ ئايلىنىپ چىقتى. 100 نەچچە يېزا ـ بازار، مەيدان، 1000 دىن ئارتۇق كەنتنى قالدۇرماي ئارىلىدى. دەرسخانىدا، رەپىتىس زالىدا، ئېتىز باشلىرىدا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىدا، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە، چارۋا قوتانلىرىدا، قۇرۇلۇش مەيدانىدا، زاۋۇت ـ كارخانىلاردا مۇخبىرلىق قىلدى. ھەيۋەتلىك تۆمۈر چوققىسى ئېتىكىدىكى بوزدۆڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن تارىم دەرياسى ۋادىسىغىچە، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ چەت بەدەل چېگرا ئېغىزىدىن تارىم نېفىتلىكىگىچە، گۈزەل تەڭرىتاغ ئېتىكىدىن پايانسىز تەكلىماكان چۆللۈ-

كىگىچە، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدىن مۇزات، قاراسۇ دەرياسى ۋادىسىغىچە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن ـ مەيدانلىرىدىن ھەربىي گازارمىلارغىچە ئۇنىڭ قەدەم ئىزى قالدى. ھەتتا، ئۇ بۇگۇر، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگىچە باردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسىدىن نامرات دېھقانغىچە، ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسىدىن مالچىـ غىچە، ناھىيىنىڭ ھاكىمىدىن ئاددىي ئىشچىغىچە، ئۆمۈر چولپانلىرىدىن ئۆسمۈر بالىلارغىچە، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن تۆرىمىدىكى جىنايەتچىـ لەرگىچە بولغان ھەر ساھە، ھەر قاتلام كىشىلىرىنى زىيارەت قىلدى. ياخشى ئادەم، ئىلغار ئىشلارنى، ئىتتىپاقلىقنى، چوڭ، ياخشى ۋەزىيەتنى مەدھىيىلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ 3500 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك ۋە ئاخبارات مۇلاھىزىسى يېزىپ، «ئاقسۇ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، «ئاقسۇ ئەدەبىياـ تى» ژۇرنىلى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئېلان قىلدۇردى، بۇنىڭدىن 12 پارچە ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن ئۇ 14 يىل مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر، «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن 15 قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كادىر»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. 2005 ـ، 2006 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەرىپىدىن تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر»، 2006 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى.

ئىشچان ئادەم ئىشلىگەنسېرى روھلىنىدۇ، بۇركۈت ئۇچقانسېرى تاۋلىنىدۇ. ئابدۇسالام ئابلىز مۇخبىرلىق خىزمىتىدىلا نەتىجە قازىنىپ قالماي، يەنە مۇھەررىرلىك، تەرجىمانلىق ماھارىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈـ رۈشكە ئەھمىيەت بەردى. «ئاقسۇ گېزىتى» بەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بارـ غاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 2005 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇ گېزىتنىڭ نوپۇزى ۋە ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش، تەسىرىنى كېڭەيتىش جەھەتتە زور مىقداردىكى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە بەلگىلىك يېڭىـ

لىقلارنى يارىتىپ، رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسى ھەم قوللىشىغا ئېرىشتى. 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا ئۇ گېزىتكە بېرىلىدىغان تەخمىنەن 5 مىليون خەتلىك ماقالىنى سۈپەتلىك تەھرىرلەپ چىقتى. 600 مىڭ خەتلىك خەنزۇچە ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، گېزىتنىڭ ۋاقتىدا، توغرا چىقىشىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك قىلىش داۋامىدا تەجرىبە يەكۈنلەشكە دىققەت قىلدى ھەم «تەھرىرلىك نۇقۇل قىسقارتىش ئەمەس»، «چىنلىق پرىنسىپى ۋە كەسپىي ئەخلاق قارىشى»، «كۆزىتىش مۇخبىرلىقتىكى مۇھىم ھالقا»، «باش مۇھەررىرنىڭ ساپاسى ۋە بۇرچى»، «مۇخبىر ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئۈچ ئىش»، «يەرلىك پارتىيە گېزىتلىرىنى جانلاندۇرۇش ھەققىدە» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە كەسپىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىپ، ئۇنى «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردى. ھازىرغىچە ناھىيە (شەھەر) لەر، ھەر قايسى ساھەلەر ئاچقان ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا 13 قېتىم دەرس ئۆتۈپ، 600 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. ئۇ كەسپىي ئەخلاقتا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، قىزغىن، سەممىي، دۇرۇس بولۇپ، بارغانلا يېرىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن، مول ھوسۇللۇق مۇخبىرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بىز بۇ كىتابقا ئابدۇسالام ئابلىزنىڭ بىر قىسىم ۋەكىل خاراكتېرلىك ئاخبارات ئەسەرلىرىنى تاللاپ كىرگۈزدۇق. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى دوستلار ۋە ياش ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ھەم كىتابتا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرگە قارىتا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ، پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇقەددىمە ئورنىدا

## ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

ياخشى ياشاش، ياخشى ئادەم بولۇش، ياخشى نام چىقىرىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئىستىكى ۋە ئارزۇسى. بۇنداق بولۇشنى شەخسەن مەنمۇ ئارزۇ قىلىمەن، سىزمۇ ئارزۇ قىلىسىز، باشقىلارمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، ئادەم ئارزۇ قىلغان، ئارمانلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئېشىپ كېتىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ئادەم شۇ ئىستىكى، شۇ ئارزۇسىدىن ئاخىرغىچە ۋاز كەچمەيدۇ ھەم بۇ يولدا توختىماي تىرىشىدۇ.

مەن ئاخباراتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 20 يىلدىن بۇيان بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەندىم. 20 يىل جەريانىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە جاپالىق ئىشلىگەن، قان ـ تەر ئاققۇزغان، خەلق ۋە ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان نۇرغۇن ئەزىمەتلەرنى ئۇچراتتىم ھەم يازدىم. ئۇلارنى گېزىت ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىدا زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدىم. چۈنكى، ئۇلار ئەينى يىللاردا شىجائىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ياشلىق باھارىنى، زېھنىي قۇۋۋىتىنى ۋە يۈرەك قېنىنى پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. شۇ دەۋردىكى شۇ تۇپراقتا، شۇ مۇھىتتىكى شۇ خەلقنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. مەن ئەنە شۇلارنى يازدىم، شۇلارنى تەشۋىق قىلدىم.

ئاخباراتچىلىق ئىلمىدە «بۈگۈنكى ئاخبارات ئەتىكى تارىخ» دېيىدىغان گەپ بار. دەرۋەقە، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە، تارىخقا

مەنسۇپ بولۇپ كەتتى. مەنمۇ تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە دەل شۇنداق ئويلاپ كەلدىم. شۇ ۋەجىدىن ئىلگىرى ياخشى ئىشلىگەن، ياخشى ياشىغان، ياخشى ئادەم بولغان، ياخشى نامىلارنى چىقارغان شۇ تۆھپىكارلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تۆھپىسىنى قايتا تىلغا ئېلىشقا سەل قاراپ كەپتىمەن. مەن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم يازغان تۆھپىكارلار، داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن تاللاپ بىر كىتاب چىقىرىشنى ئويلىغان. بىراق، ئاخباراتنىڭ كۈچلۈك ۋاقىتچانلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى قاراش بىلەن بۇ ئويۇم ۋاقتىنچە توختاپ قالغان ئىدى. مەن يەنە ئىلگىرى يازغان ئادەملىرىمنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئۇلاپ يېزىشنىمۇ ئويلاپ كۆرگەن ئىدىم. لېكىن، قايتا ـ قايتا باش قاتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ ئويۇمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، يەنىلا ئەينى چاغدا يازغانلىرىمنى ئاساس قىلىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، مۇكەممەل بىر ئاخبارات ئەسىرى شۇ بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلالايدىكەن. شۇ دەۋردىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھالەتنى، ئەڭ مۇھىمى بىر ئادەمنىڭ شۇ دەۋردىكى روھىي قىياپىتىنى، غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىكەن. كەلگۈسى ئەۋلادلارغا شۇلارنىڭ ئەينى چاغدا قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويالايدىكەن. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى داۋاملىق ئۇلاپ يازسام، ئۇ بىر چىگىش، ئۇماچ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. چۈنكى، مەن يازغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئالىلىقاچان پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى، بەزىلىرى ئۆلۈپ كەتتى، بەزىلىرى ئۆستى، بەزىلىرى ۋەزىپىسىدىن قالدى، يەنە بەزىلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا خاتالىشىپ قالدى، يەنە بەزىلىرى ۋەيرانمۇ بولدى. شۇڭا، مېنىڭ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاپ يېزىش ئويۇممۇ توختاپ قالغان ئىدى.

«ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىش، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش كېرەك». بىر يىلدىن بۇيان بىر كىتاب چىقىرىش ئىستىكى ماڭا زادىلا ئارام بەرمىدى. ئارقامغا، ئۆتمۈشكە قاراپ باقتىم. 20 يىللىق گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ كۆردۈم. قارىسام خېلى كۆپ نەرسىلەرنى يېزىپتىمەن. ھايات مۇساپەمدىن يامان ئەمەس ئىزلار قاپتۇ. بىراق كۆرگەنلا نەرسىنى كىتاب-

قا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ياخشى يېزىلغانلىرىنى تاللاپ بىر كىتاب چىقىرىش نىيىتىگە كەلدىم. مۇشۇنداق قىلسام ھەم ئۆزۈمنى، ھەم كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شۇ كىشىلەرنى پۈتۈن جەمئىيەتكە تونۇتالايدىكەنمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھاياتىمىزدىن ئورتاق ئىز قالدۇرالايدىكەنمىز. شۇڭا قايتا-قايتا ئويلىنىش، تاللاش ئارقىلىق، ئاخىرى بۇ كىتابنى تەييارلىدىم.

ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن ياخشى نام ئۇزاققىچە ئۆلمەيدۇ. گەرچە، كىتاب مېنىڭ نامىمدا چىققان بىلەن، ئۇنىڭغا يېزىلغىنى تۆھپىكارلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى. چۈنكى، كىتابقا باشقىلارنىڭ روھى، مېنىڭ ھېسسىياتىم، باشقىلارنىڭ ئەجرى، مېنىڭ قېنىم سىڭگەن. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم: ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا ئۆزىمىز ئازراق كۆڭۈل بۆلۈپ قويايلى!

ئاخىرىدا كىتابتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى، سەۋىيە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىڭىزنى، قىممەتلىك پىكىر بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن مەتىمىن شاھىدىن، تۇنىياز روزى، رېھىم ئېزىز، ئەخمەت ئابلا، ئابدۇۋەلى ئېزىز قاتارلىق يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

—— ئاپتوردىن
2006 - يىل دېكابىر

# شورلۇقتا چاقنىغان ئىزلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

***چىن ئىنسان باشقىلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى سوغۇق قانلىق بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ، ئۆز بەختىنى قوغلاشمايدۇ.***

***ــــ شىن فېيزى***

قار ـ يامغۇر، قۇم بوران ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، تارىخ ئىنسانلارنىڭ زېمىندا قالدۇرغان ئىزىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ. بەلكى، بۇ ئىزلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇقەددەس ئابىدە بولۇپ شەكىللىنىپ، خەلقنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دولان دىيارىدىكى بۇ قاقاسلىقتا بىر «مۆجىزە» يارىتىلدى. بۇ يەردە ھاكىم مەتتىمىن شاھىدىنىڭ قەدەم ئىزلىرى يالتىرايتتى. ھازىر بۇ ئىزلاردىن بىپايان ئېكىنزارلىق، مول ھوسۇل ھەدىيە قىلغان يېڭى ھاياتلىق بەلۋېغى پەيدا بولدى. تارىختىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان بۇ جاڭگاللىق جىلغىنىڭ، قۇم، شور دېڭىزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى خەلق ئۇنتۇيالمايدۇ، تارىخ ئۇنتۇيالمايدۇ، يەر ـ زېمىن ئۇنتۇيالمايدۇ.

* * *

1992 ـ يىلى فېۋرالدىكى جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. توپىلىق يېزا يولىدا ماشىنا ـ تراكتورلار، ھارۋىلار، موتسىكلىتلار توختىماي ناھىيە بازىرىغا قاراپ ئاقاتتى. ئىزغىرىن شامال كىشىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ، بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى قىزارتسا، سېرىق توپا ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە، كىيىملىرىگە يامىشاتتى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ئاۋات ناھىيە بازىرى بىلەن مول ھوسۇللۇق 3 ـ

مەيدان ئۇتتۇرىسىدىكى دولان كۆتۈرمىسى ئەتراپىدا تۇساتتىن بىر توپا رەڭلىك ئاپتوموبىل پەيدا بولدى.

— ماشىنىنى ئاۋۇ يەردە توختىتىڭ، — دېدى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئېگىز بويى، قامەتلىك كىشى يول نېرىسىدىكى بىر ئېگىزلىكنى ئىما قىلىپ. ماشىنا ئۇ ئېغا بۇرۇلۇپ، توپىلىق يولدا كۆچەپ ئىلگىرىلىدى ھەمدە بىر ئېگىزلىكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، — سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ئاۋۇ تەرەپلەرنى كۆرۈپ كېلەي، — شوپۇر يىگىت ھاكىمنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى ـ دە، لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى. ھاكىم ماشىنىدىن چۈشۈپ بۇ زېمىنغا قەدەم باستى. بىر نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، توپا، قۇم ئۇنىڭ تىزلىرىغىچە ياماشتى. ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى تەستە سۆرەپ، ئاخىرى ئېگىزلىككە چىقتى. سوغۇق ئۇنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلدى. بىراق ئۇ ھېچنەمىنى سەزمىگەندەك مەردانە قىياپەتتە كۆز يەتكۈسىز بۇ زېمىنغا نەزەر تاشلىدى. قاقشال بولۇپ قالغان چاتقاللار، يۇلغۇنلار، تىنچ ياتقان قۇم بارخانلىرى ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە تەنتەنە قىلغاندەك يەڭگىل تەۋرىنىشكە باشلىدى. خۇددى كۈتۈشكە قاراپ ئېغىزىغا ئوخشاش ئېگىز ـ پەس بولۇپ كەتكەن بۇ تۇپراق تېزرەك ئېچىلىشقا ئالدىرىغاندەك، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى بارغانچە پەسكە سۆرەيتتى. ئۇ ئەتراپقا تويماي قارايتتى.

— بۇ يەر بولغۇدەك، بۇ يەردە چوقۇم ئۈمىد بار، — ئۇنىڭ كاللىسى، تەپەككۇرىدە يەنە شۇ پىكىر پەيدا بولدى. بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭ خىيالىنى ئەسىر قىلىۋالغان بۇ ئىش بۈگۈن ئۇنىڭغا باشقىچە ئۈمىد ئاتا قىلدى. ئۇ ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرنى ئايلاندى. ئات ـ ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ، بىر كىلومېتىرچە ئىچكىرىلەپ كىردى.

ئۇ ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان، ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىقنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. ناھىيىنىڭ مالىيىدە ئۆزىنى ئۆزى قامداش نىسبىتى ئاران 23% كە يېتەتتى. مالىيىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا مالىيە كۈچىنى ئاشۇرىدىغان بىر مەنبەنى

كۆپەيتىش پىلانى، مۇھىمى، ئاۋات خەلقىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئويى تۇغۇلدى. چۈنكى، ئۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۆزىنى زور ئۈمىد بىلەن شايار ناھىيىسىدىن بۇ ناھىيىگە يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەمەلىي ئىشلەپ، خەلققە بايلىق يارىتىپ بېرىش ئادىتى ۋە ئىستىلىدىن ۋاز كېچەلمەيتتى. گەرچە، بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى، تۇپرىقى، چاتقال، ئورمانلىرى، ئۇچار قۇشلىرى ئۇنىڭغا ئانچە تونۇشلۇق بولمىسىمۇ، ئۇ قەلبىنى، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ۋە ئەقلىنى مۇشۇ زېمىنغا ئاتاشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانىدى. ئۇ 1951 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يۇلتۇزباغ يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، 1969 ـ يىل 9 ـ ئايدا قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپلا، شايار ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيىنىڭ مازارغوجام، تارىم قاتارلىق يېزا ـ قىشلاقلىرىدا بىر نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، مول خىزمەت نەتىجىسى، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، تۆھپە يارىتىپ، تەشكىل ۋە خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى...

مەتتىمىن شاھىدىن بۇلارنى ئويلىغىنىچە، ئۆزىنىڭ يول بويىدىن ئۈچ كىلومېتىرچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى...

ئۇ قايتىپ كېلىپ كېچىچە خىيال سۈردى. «بۇ يەرلەرنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئېچىش كېرەك، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش ئارقىلىق مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۇ ئاۋاتنىڭ ئىستىقبالىغا، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە پايدىلىق زور ئىش» دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئەتىسى ئۇ قۇرۇلۇش پىلانى، مەبلەغ، كۆلەم ھەم تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى ھەققىدە دەسلەپكى لايىھىنى تۈزۈپ، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ، بۇ قاقاسلىقنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئۇنى يېقىن كەلگۈسىدە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۇلارنى باشلاپ نەق مەيدانغا بېرىپ، بۇ پايانسىز قاقاسلىقنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. تۇپراق، سۇ، كىلىماتى، يەر شەكلى قاتارلىقلارنى ئانالىز قىلدى. قايتا ـ قايتا دەلىللەش ئارقىلىق، ئاخىرى بۇ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ پىلانى رەس-

مىي قاراردىن ئۆتتى ۋە بۇ قۇرۇلۇش تۈرىگە «يىپشىل كارخانا ئىچىش شىركىتى» دەپ نام قويۇلدى.

مەمتىمىن شاھىدىن بۇ قۇرۇلۇشنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈس-تىگە ئالغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ۋە تەشكىلات تارماقلىرىدىكى رەھ-بەرلەر بىلەن كۆپ قېتىم پىكىرلىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە «بوز يەر ئېچىش ماھىرى» ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئەنۋەر نەمەتنى بۇ شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىدى. ئەينى چاغدا مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئەنۋەر بۇ جاپالىق ئىشتىن سەل نارازى بولدى. چۈنكى، ئۇ مول ھوسۇل-لۇق 3 ـ مەيدانىدا جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. نەچچە مىڭ مو يەرنى ئېچىپ، ليەن ـ دۈيلەرنى كۆپەيتىپ، مەيدانىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

— ھاكىم، يىپشىل كارخانىغا مەندىن باشقا ئادەم چىقماسمۇ، ئۆز-لىرىمۇ بىلىلا، مەن ئەمدىلا جاپادىن قۇتۇلدۇم دەپ ئويلاپ تۇرغان ئى-دىم. ئەمدى يەنە ئۇ يەرگە بارسام...— ئەنۋەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دې-يەلمىدى. ئۇنىڭ ساقاللىق يۈزىدە قانداقتۇر بىر خىل نارازىلىق ئىپادىلى-رى ئەكس ئەتتى. ھاكىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزىنى ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە تىكىپ تۇرۇپ:

— چۈشىنىمەن، قەلبىڭىزنى، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. سىز بۇ بىرنەچچە يىل ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلىدىڭىز، ئەمدى شۇ جاپانىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلگەنىدى... لېكىن، سىز تېخى ياش، چوڭ ئىشلارغا نەزەر سېلىشىڭىز، ئومۇملۇقنى ئويلىشىڭىز كېرەك. سىز-مۇ ئويلاپ كۆرۈڭ، «يىپشىل كارخانا» ناھىيىمىز ئۈچۈن ئىستىقبالغا ئىگە زور قۇرۇلۇش، بۇنى قەتئىي ئېچىشىمىز، قەتئىي قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى كىم قىلىدۇ؟ چوقۇم سىز بىلەن بىز قىلىمىز ـ دە...— دېدى. ھاكىم سۆزلىگەنسېرى روھلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرىدا،— بۇ ئىشقا ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، بۇ تەشكىلنىڭ قارارى. سىز بۈگۈندىن باشلاپ «يىپشىل كارخانا ئېچىش شىركىتى» نىڭ دىرېكتو-رى. بىز كارخانىغا دېھقانچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئورمانچى-

لىق، سۇچىلىق تارماقلىرىدىن سەككىز تېخنىك يۆتكەشنى قارار قىلـ-
دۇق. سىز يۇقىرىقى ئورۇنلاردىن خالىغان تېخنىكنى تاللاشقا ھوقۇق-
لۇق. كىمنى تاللىسىڭىز مەن شۇنى يۆتكەپ بېرىمەن، ھەرقانداق قىيىنـ-
چىلىق بولسا مانا مەن بار،— دېدى يەنە قەتئىي رەۋىشتە.

ئەنۋەر لام ـ جىم دېيەلمىدى. ھاكىمنىڭ قەتئىي سۆزلىرى بىر
نەچچە كۈنگىچىلىك ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن نېرى كەتمىدى. شۇ تاپتا
ھاكىم بۇ قۇرۇلۇشنى قىلىشتىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەنۋەر ئا-
خىرى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

— نېمە، بەرمەيمەن دەمدا،— بىر كۈنى ھاكىمنىڭ ئاچچىقتىن
قۇلاقلىرى تىترەپ كەتتى. چۈنكى، تېخنىك تاللايدىغان چاغدا، يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر تاللىغان تېخنىكنى
بەرگىلى ئۇنىمىغان ئىدى. بۇ ئىشنى ئۇققان ھاكىم دەرھال ئىدارە باشلى-
قىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتقۇزۇپ،— ئۇنى بەرمىسەڭ، ئۇ يەرگە ئۆزۈڭ
بېرىپ تېخنىك بولۇپ ئىشلە،— دېدى. ئىدارە باشلىقى ئەھۋالنى چۈ-
شەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە
شۇ كۈنىلا ھېلىقى تېخنىكنىڭ رەسمىيتىنى بېجىرىپ بەردى. بىر نەچ-
چە كۈن ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ھەر قانداق توسالغۇ ھاكىمنىڭ
ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويالمىدى. بەلكى، ئۇ مەسىلىنى بىر ـ بىر-
لەپ ھەل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 1992 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
ناھىيە بازىرىدىن 24 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ قاقاسلىقتا رەسمىي ئىش
باشلاندى، تېخنىكلار كۈندە 25 كىلومېتىر ئەتراپىدا يول يۈرۈپ، 12
سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەپ، يەرلەرنى ئۆلچەش، پىلانلاش خىزمىتىگە كى-
رىشىپ كەتتى. ئەنۋەر نەمەت ئىشنى ئەتراپلىق پىلانلاپ، پۈتۈن ناھىيە
ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچى-
دە 80 دىن ئارتۇق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى جەلپ قىلدى ۋە بوز يەر
ئېچىشنىڭ يەنە بىر جەڭ دۇمبىقىنى ياڭراتتى. ماشىنا ھەرىكەتكە كەل-
گەندە، يەر قاتلىمىدىكى ئۇيقۇدا ياتقان سېرىق توپا كۆككە سورۇلۇپ،
كۆزنى ئاچقۇسىز قىلىۋەتتى، قۇرۇلۇشچىلار قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىل-
گىرىلەپ، شورلۇقتا يېڭى مۆجىزە ياراتماقتا ئىدى. مەتتىمىن شاھىدىن

خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش ئەھۋالدا، كۈندە دېگۈدەك قۇرۇلۇش ئورنىغا كېلىپ قوماندانلىق قىلدى. قۇرۇلۇش ئورنىنى پىيادە ئايلىنىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ بەردى، بولۇپمۇ، ئۇ غول ئۆستەڭنىڭ ئورنىنى بېكىتىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش ئورنىنى 10 نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. يەكشەنبە، بايرام كۈنلىرى تېخنىكلار، ئىشچىلار بىلەن بىللە قۇرۇلۇش مەيدانىدا سوغۇق سۇ بىلەن نان يېدى. پېژغىرىم ئىسسىقتا ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى كۆيۈپ قارىداپ كەتتى. چارچاپ كەتكەندە، چېدىردا ئارام ئالدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ تۆۋەن قىسمىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. سۇدەك ئېقىۋاتقان سېرىق توپا ماشىنىنىڭ چاقلىرىغا يامىشاتتى. ھاكىم قۇرۇلۇش مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتىپ ماڭغاندا، تۇساتتىن ماشىنا چاقلىرى بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ قالدى. ھاكىم شوپۇر بىلەن تەڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. لېكىن، ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ ماشىنىنى زادىلا ئورنىدىن قوزغىتالمىدى. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، كېيىن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى يېتىپ كېلىپ ماشىنىنى تەستە چىقاردى.

ــ ھاكىم، سىلىنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش، سىلە بۇ يەردىن قايتىپ باشقا ئىشنى قىلسىلا، ھازىر بەلكىم ناھىيىدە نۇرغۇن ئىشلار سىلىنىڭ قىلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ، ــ دېدى ئەنۋەر ھاكىمنىڭ ھارغىن چىرايىغا قارىغىنىچە، ئۇنىڭ بۇ جاپاكەش روھىدىن تەسىرلىنىپ. ھاكىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە شورلۇقتا ئۇيان، بۇيان ماڭغاچ:

ــ قاراڭ سىزنى، سىلەرمۇ ئادەمغۇ، سىلەر 15 ـ 20 كۈندىمۇ ئائىلەڭلەرگە بىر قېتىم بارالمايسىلەر، ئىشىڭلار شۇنداق جاپالىق، تۇرمۇش جەھەتتە كۆپ قىيىنچىلىق تارتىۋاتىسىلەر. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن قانداقمۇ ئائىلەمدە خاتىرجەم ئارام ئالالايمەن، ــ دېدى.

ھاكىمنىڭ بۇ سۆزلىرى تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ئۇلارغا غايەت زور ئىلھام بەردى. ئەنۋەر ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى بىلەن ھاكىمغا قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم دوكلات

قىلدى:

— ھازىر قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى، سۈپىتى پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. تېخنىك ۋە ئىشچىلارنىڭ غەيرىتى ناھايىتى ئۈستۈن. بىز تېخىمۇ كۈچەپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۈمىدىگە جاۋاب قايتۇرىمىز!

— ياخشى، ياخشى، ناھايىتى ياخشى،— مەمتىمىن شاھىدىن ئەنۋەرنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى،— سىلەرنىڭ روھىڭلار ئاۋات خەلقىنىڭ قىممەتلىك روھىنى شەكىللەندۈردى، ئۇ پۈتۈن ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان باتۇرانە قىياپىتىنىڭ نامايەندىسى. سىلەرگە رەھمەت، سىلەرگە رەھمەت!...— شۇ تاپتا ھاكىمنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ شورلۇقنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل مەنزىرىسى پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى، قەلبىنى تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ شېرىن بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالغانىدى.

ۋاقىت ئىشچىلار ئۈچۈن بايلىق يارىتىش پۇرسىتى، باتۇرلار ئۈچۈن غەلىبە قازىنىش پۇرسىتىدۇر. ۋاقىتنى قەدىرلىگۈچىلەر ماھىيەتتە، ھاياتنى قەدىرلىگۈچىلەردۇر. مۇنداق ئادەملەر ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالىدۇ. ئەسلىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ بولۇشنى پىلانلىغانىدى. 7 ـ ئاي كىرمەستىنلا بۇ يەردە 15 مىڭ 147 مو يەر سالالاشتۇرۇلۇپ ئېچىلدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ئورمان بەلۋېغى ۋە يول ئېلىپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ 40% ى ئورۇندىلىپ بولدى. 2 مىليون كۇب مېتىر توپا قېزىلىپ، يەرلەر 67 مەيدان، 335 سالا ئېتىزغا ئايرىلدى. 4400 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر تارماق ئۆستەڭ، 6800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆت غول ئۆستەڭ، 12 ئورۇنغا چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈك، 33.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى. زاكۇ، خەندەك ۋە باشقا ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى.

ھاكىم مەمتىمىن شاھىدىن بۇ مەنزىرىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، قۇرۇلۇش

سۈپىتى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈردى ۋە ھەل قىلدى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ھەل قىلىپ بەردى. ئەنۋەر نەمەت قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھى بويىچە تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 12 مىڭ 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول ئۆستەڭ پۈتۈپ، سۇ باشلاپ كېلىندى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 8000 مو يەرگە سۇ قويۇلۇپ قاندۇرۇلدى. ئەسلى پىلاندا زاكۇ، ئۆستەڭ، يول، ئورمان بەلۋېغى، زەيلىك، كۆۋرۈك قاتارلىق ئەسلىھەلەرگە 3 مىليون 420 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە 220 نەچچە مىڭ يۈەن تېجىلىپ قالدى. ئەنۋەر توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىنىڭ مېيىنى ئۆزۈمچى قاتارلىق جايلاردىن ئەرزان باھادا ئەكىلىپ، ئەسلىي مۆلچەردىن يەنە 100 مىڭ يۈەن تېجەپ قالدى...

مەتىمىن شاھىدىن قۇرۇلۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇ كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش، پىكىر ئېلىش، قايتا ـ قايتا پىلانلاش ئارقىلىق، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى، سۈپىتى ۋە كۆلەم جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. 1992 ـ يىلى بۇ يەردە دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى لىيەن ـ دۈي قۇرۇلۇپ، ئىسكىلات، دوختۇرخانا ۋە نەچچە ئون ئائىلىلىك ئۆي سېلىندى. 1993 ـ يىلى يەنە يېڭىدىن ئۈچ لىيەن ـ دۈي قۇرۇلدى. 1996 ـ يىل 5 ـ ئايدا بۇ كارخانىنىڭ نامى مول ھوسۇللۇق 2 ـ مەيدانغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 1800 مو يەرگە كېۋەز، 3200 مو يەرگە گازىر، تاۋۇز، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىپ، 200 مىڭ يۈەنگە يېقىن پايدا يارىتىلدى ھەمدە ئېچىلغان يەرلەر پۈتۈنلەي تور كۆملەر، دەرىجىلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىلدى.

بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەلمىساقتىن بېرى ئۇيقۇدا ياتقان بۇ جاڭگاللىق ئاخىرى ئۆزگەرتىلىپ، پايانسىز يېشىل ۋادىغا ئايلاندى ھەمدە يېڭى قىياپەت بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى. 1994 ـ يىلى بۇ مەيدان دۆلەتكە 1 مىليون يۈەن، 1995 ـ يىلى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، 1996 ـ يىلى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇردى. 1996 ـ يى-

لى ۋىلايەت بويىچە پاختا مەھسۇلاتى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئەھۋالدا بۇ مەيداندا كېۋەزلەر ئوخشاپ، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 100 كىلوگرامدىن، كىشى بېشى كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ھازىر بۇ مەيداندا 400 دىن ئارتۇق نوپۇس، 170 تىن ئارتۇق ئائىلە ماكانلاشتى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنىدى. 2000 ـ يىلىغا بارغىچە مەيدان ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنى 26 مىڭ موغا يەتكۈزمەكچى...

مەتىمىن شاھىدىنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغاندا، بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئاۋاتتىكى 160 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئۆز ھاكىمىنىڭ بۇ ئەمەلىي ئىشىدىن چەكسىز مىننەتدار بولدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ يەردە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشتە بولغاندا، بۇ ئىشنى ئالاھىدە ماختىدى. يىللار ئۆتىدۇ، لېكىن، يىللار قوينىدا جاپالىق تەر تۆككەن، ئىزدەنگەن ئەزىمەتلەرنىڭ بۇ زېمىندا قالدۇرغان ئىزى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ...

* * *

1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مەتىمىن شاھىدىن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يەنە بىر قېتىم سايلاندى. ئۇ خەلققە تېخىمۇ كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ھەم شۇ بويىچە ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى ياراتتى. 1992 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇ بۇ ناھىيىنىڭ تامتوغراق يېزىسىدا بىر قوناق تېرىش نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ دېھقانلارنىڭ تېخىچە كەتمەن بىلەن، قول بىلەن يەرگە ئۇرۇق سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ھېس قىلدى. شۇ يىلى بۇ يېزىدا قوناقلار شالاڭ ئۆسۈپ، مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 100 كىلوگرامغا يەتتى. ئۇ بۇ ئىشتىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېڭى پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىدى ۋە كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ ھەل قىلىپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنى 99% كە يەتكۈزدى. بۇلتۇر قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 420 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى. ناھىيە

پاختىچىلىقتا شىنجاڭ، ھەتتا مەملىكەت بويىچە نام چىقاردى. ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا ئومۇمەيۈزلۈك يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلقنىڭ كىرىمى يىلمۇ يىل ئېشىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نامراتلارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولدى. مېيىپلار خىزمىتى مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەندى. ناھىيىنىڭ ھەر ساھە، ھەر قاتلاملىرىدا، تۈرلۈك ئىشلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن خۇش خەۋەرلەر تارقىلىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم بولغان يېڭى مەنزىرە شەكىللەندى.

1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول مۇساپىسى 60 كىلومېتىرغا يەتمەيتتى. ناھىيە بازىرىدىن يېزا ـ مەيدانلارغا تۇتىشىدىغان يوللاردىن توپا ئۇچۇپ تۇراتتى، مەتىمىن شاھىدىن كىچىكىدىنلا « يول راۋان، ئىش ئاسان » دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ شايار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتىگەن مەزگىللىرىدە، 30 مىڭدىن ئارتۇق ياشنى قوزغاپ، شايار ـ توقسۇ ئارىلىقىدىكى تاشيولنىڭ ئىككى قىرغىقى، تويبولدى، يېڭىمەھەللە يېزىلىرىغا بارىدىغان تاشيولنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى بىر قانچە كوچا يوللىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلغان ھەمدە يول بويلىرىغا ئورمان بەرپا قىلدۇرغان ۋە شايار تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى. ئۇ ئاۋات ناھىيىسىگە كەلگەندىن كېيىن، تاشيوللارنى ئۆزگەرتىش، ئاسفالتلاشتۇرۇش ئىشىنى ھۆكۈمەت ئىشىنىڭ مۇھىم ئىشلار خاتىرىسىگە كىرگۈزۈپ، پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئىككى يىل ئىچىدە ئاياغ يېزىسى بىلەن مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدان ئارىلىقىدىكى، ناھىيە بازىرى بىلەن يېڭىئېرىق يېزىسى ئارىلىقىدىكى توپىلىق يوللارنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇميۈزلۈك ئاسفالتلاشتۇرغاندىن باشقا، ناھىيىنىڭ يولۇچىلار بېكىتىدىن بوستان ئاھالىلەر رايونىنى ياناپ ئۆتىدىغان 1 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۆزۈنلۇقتىكى توپىلىق يولنى ياساپ تۈزلەتتى. بۇلتۇر ناھىيە ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ

بېرىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنى كېڭەيتىپ ياساتتى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر ـ بازار قىياپىتى يېڭى تۇسكە كىردى. ئىككى يىل ئىچىدە ناھىيە بازىرىدا 24 ئورۇندا قەۋەتلىك بىنا قەد كۆتۈردى. ئاسفالتلاشتۇرۇلغان، كېڭەيتىپ ياسالغان تاشيوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىردىن ئېشىپ، ناھىيىنىڭ قاتناش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، بازار ئىگىلىكىگە ياخشى مۇھىت يارىتىلدى.

* * *

مەتتىمىن شاھىدىن ئەزەلدىن مالىيە باشقۇرۇشتا ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەپ، «ئالدى بىلەن قورساق تويغۇزۇش، ئاندىن قۇرۇلۇش قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارنى كېيىنگە سۈرۈپ، مەبلەغنى ئالدى بىلەن خەلققە پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا، ئىدارە مەسئۇللىرىغا: «مەبلەغ ئىمكانقەدەر سىرتقا ئېقىپ كەتمىسۇن، ئۆزىمىز قىلالايدىغان ئىشنى تىرىشىپ ئۆزىمىز قىلايلى» دېگەن گەپنى داۋاملىق تاپىلايتتى. ئۇ شايار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئىشلىگەن مەزگىلدە، مەبلەغنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى، رېمونتخانا، باسما زاۋۇتى، مۇنچا، بىڭگۇر زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتكەندى. ئۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىگىلىكى يۇكسىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلار قولغا كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە ئايرىم ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنى قۇرۇشنى پىلانلىدى ھەمدە ئۆزى نۇرغۇن جاپالىق يوللارنى مېڭىپ، يەر ئورنىنى ھەل قىلدى شۇنداقلا قۇرۇلۇشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، بۇ ئىككى شەھەردە ئاخىرى ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋات خەلقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇ شەھەرلىرىدە «ئۆز ئائىلىسى» بار بولدى.

* * *

مەتتىمىن شاھىدىن دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دېھقانلار ئارىسىدا خىزمەت قىلىپ تاۋلانغان بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ قەدرىنى

ئىنتايىن چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتەتتى. بىر كۈنى ياشىنىپ قال-
غان بىر ئەما ئايال قولياغلىقىغا ناۋات تۈگۈپ، قىزى بىلەن بىرگە ھا-
كىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى:

— ھۆرمەتلىك ھاكىم، سىلە يۇرتنىڭ ئاتىسى، مېنىڭ مۇشۇ بىر
تاللا قىزىم بار ئىدى. يېزىدا ئىشلەيدۇ، مېنىڭ ئىككى كۆزۈم كۆرمەيدۇ.
مۇشۇ قىزىمنى ماڭا يېقىنراق يەرگە يۆتكەپ قويغان بولسىلا سىلىدىن ئۇ
دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم، — دېگىنىچە ئېسەدەپ يىغلاپ تاشلىدى
ۋە تىترەۋاتقان قوللىرىدىكى ناۋاتنى ھاكىمغا تەڭلىدى.

مەمتىمىن شاھىدىنىڭ دەرھال ھېسداشلىقى قوزغالدى ھەمدە ئۇ
ئايالغا ئىچىنى ئاغرىتتى.

— ئانا، سىلە خاتىرجەم بولسىلا، مەن چوقۇم قىزلىرىنى پات ـ
ئارىدا يېقىن يەرگە يۆتكەپ بېرىمەن، — دېدى ھاكىم ۋە ناۋاتنى ئۆزىنىڭ
ئىچىشكە بەردى. دېگەندەك بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ھېلىقى ئايال-
نىڭ قىزىنى ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە يۆتكەپ قويدى.

* * *

مەمتىمىن شاھىدىن تەشۋىقات ـ خەۋەرچىلىك ئىشلىرىغا يۇق-
سەك ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئاۋات ناھىيىسىنى جەمئىيەتكە تونۇتۇش،
يۈزلەندۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. ئىختىيارىي
مۇخبىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تە-
رەققىياتىنى تېزلىتىش ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە مەبلەغ ئاجرىتىپ بې-
رىپ، ناھىيىنىڭ تەشۋىقات، خەۋەرچىلىك خىزمىتىنى مىسلى كۆرۈلمى-
گەن دەرىجىدە جانلاندۇردى. ئۇ كىچىكىدىنلا تەشۋىقات، خەۋەرچىلىك
ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان. 1971 ـ يىلى ئۇ شايار ناھىيىسىدىكى ئەڭ
جاپالىق جاي تارىم يېزىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلىدە، بىر نەچ-
چە ئايلىق مائاشىنى يىغىپ «قىزىلبايراق» ماركىلىق رادىئو سېتىۋېلىپ،
ئۇنى باشقىلارغا قويۇپ بېرەتتى. ئۇ بۇ رادىئونى ھازىرغىچە يېنىدىن ئاي-
رىمىدى. مەمتىمىن شاھىدىن گېزىت، كىتابخۇمارى. ئۇ ھەرقانچە ئال-
دىراش بولسىمۇ، كېچىلىرى شۇ كۈنلۈك گېزىتنى قالدۇرماي ئوقۇپ
تۈگىتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پاي-

دىلىنىپ، ناھىيە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت 10 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي تەكشۈرۈش ماقالىسى يازدى. بۇنىڭدىن «شەھەر، يېزا باقمىچىلىقىنىڭ ئىستىقبالى زور»، «ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرەيلى»، «مائارىپنىڭ ناھىيە ئىگىلىكىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بارايلى»، «ناھىيىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرايلى» قاتارلىق ئالتە پارچە ماقالىسى «ئاقسۇ گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

ھايات چەكلىك بولىدۇ، تۆھپىنىڭ چېكى بولمايدۇ. جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن، ئومۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ زېمىنغا قالدۇرغان ئىزلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ...

1997 ـ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ ـ ئاۋات

# بەخت قۇرۇلۇشى

تەبىئەت ئالتۇن رەڭگە كىرگەن، مېۋىلەر مەي باغلاپ، كىشىلەر قەلبى مول ھوسۇل شادلىقى ۋە بەخت تەنتەنىسىگە چۆمگەن سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ۋالىي ئۆمەرجان مىرزائەخمەت ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى ناماراتلاردىن ھال سوراش سەپىرى ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەم مول ھوسۇل شادلىقىدا كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ناماراتلىق تۇپەيلىدىن ئېغىر كۈندە قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش ۋالىينىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. مەمتىمىن شاھىدىنمۇ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلارنىڭ دەردىنى بىلەتتى، قايغۇسىنى چۈشىنەتتى...

بۇلار ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى نامرات ئائىلىلەردىن ھال سوراش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. بىر نامراتنىڭ ئائىلىسىدىكى مەنزىرە ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

— تام ـ تورۇسلارنى ئوڭشاپ، يېرىق يەرلەرنى سۇۋاپ ئولتۇرسىلا بولمامدۇ؟— دەپ سورىدى ۋالىي ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا.

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بولمىغاندىن كېيىن ئوڭشىغۇم كەلمىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. ئەزەلدىن ئۆي ـ ماكانىم يوق ئادەممەن. ئاتا ـ ئاناممۇ يوق،— دېدى ھېلىقى كىشى. ئۆي ھەم كىچىك، ھەم كونا ئىدى، ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشاتتى.

ۋالىي بىلەن مەمتىمىن شاھىدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بولغانىدى، ئۇلار بۇ كىشىگە

ۋىلايەتتىن ئېلىپ كەلگەن ھال سوراش پۇلى ۋە بۇيۇملىرىنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىراق ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆي ئىچىدە قالدى.

كىم بىلسۇن! ئۇلار يەنە بىرنەچچە ئۆيگە كىرىپ ھال سورىدى. ھال سورالغانلار نامرات بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆي ـ ماكانى يوقلار ئىدى، ھەممىسى دېگۈدەك ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلار ئىدى. ھەتتا بەزى نامراتلار ئىككى ئەۋلادقىچە ئۆي ئىجارە ئېلىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

— مۇشۇنداق ئۆي ـ ماكانى يوق ئائىلىدىن نەچچىسى بار ؟

— بازارلىق ھۆكۈمەت دائىرىسىدە 30 نەچچىسى بار.

ۋالىي ئۆمەرجان مىرزائەخمەت بىلەن ئىدارە باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ھەم ئىنتايىن ئېچىندى. مەمتىمىن شاھىدىن بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆمەرجان مىرزائەخمەتكە ئۆي ـ ماكانى يوقلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ۋالىينىڭ قوللاپ بېرىش ھەم كۆرسەتمە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەزەلدىن خەلق ئىشلىرى خىزمىتى، بولۇپمۇ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئۆمەرجان مىرزائەخمەت قىلچە ئىككىلەنمەستىن نەق مەيداندىلا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشكە ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە تېزدىن مۇۋاپىق ئورۇندىن يەر ھەل قىلىپ، 30 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بېرىش، بىر ئاي ئىچىدە ئۆيىنى پۈتكۈزۈپ بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق خاراكتېرلىك يوليورۇق بەردى. ۋالىينىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسى، ئاممىنى ئويلاش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش ئىستىلى ئۇچ-تۇرپان ناھىيىسىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

مەمتىمىن شاھىدىنمۇ ئىنتايىن خۇش بولدى. ئۇ پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە ئۈچ قېتىم كېلىپ ئۆي ئورنى، سانى، قۇرۇلۇش كۆلىمى، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى ماسلاشتۇردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. بىر ھەپتە ئىچىدە بازارلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى 2 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىسىدىن 8 مو يەر ھەل قىلىنىپ، 30 ئائىلى-

گە ئۆي سېلىش قۇرۇلۇشىدا داغدۇغىلىق ئىش باشلىنىپ كەتتى.
ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورۇنلار ئۆي ـ ماكانى يوق ئائىلىلەرنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاشنى چىڭ تۇتۇپ، قايتا ـ قايتا باھالاپ، ئىسمىلىكنى باڭ چىقىرىپ ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 30 ئائىلىلىك نامراتنى بېكىتىپ چىققانىدى.

* * *

ئۆمەرجان مىرزائەخمەت بىلەن مەمتىمىن شاھىدىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئارزۇسى بىر ئاي ئىچىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۆي ـ ماكانسىز قالغان نامرات پۇقرالارنىڭ ئۆز يۇرتىدىن، ئۆز ۋەتىنىدىن، كومپارتىيەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە ئىلھام بەردى.
10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلانغان بۇ قۇرۇلۇش 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پۈتتى ھەمدە 30 نامرات ئائىلە خىش بىلەن سېلىنغان يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، بۇلار ئەزەلدىن ماكانسىزلار ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئۆيلۈك بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت ھەتتا ئۇلارغا كۆمۈرمۇ ئېلىپ بەردى.
بۈۋىزورەم ئابلىز 21 يىلدىن بۇيان قاشبۇيى، يېڭىمەھەللە قاتارلىق جايلاردا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بىر ئۆمۈر ئىجارە ئۆيدە ياشاپ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ مەمتىمىن شاھىدىنىگە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:
— سىلەر بولمىغان بولساڭلار، بىز يەنە سەرسانلىقتا كۈن ئۆتكۈزەتتۇق. ئېرىمنىڭ كۈنلۈك تاپقان پۇلى ئۆي ئىجارىسىگە ئاران چىقىشاتتى. بىز ئۈچ بالىنى باقالمىغىلى تاسلا قالغان ئىدۇق. ئەمدى ئۆيىمىز بار بولدى. ئەگەر ئاتا ـ ئانام مۇشۇ كۈنىمىزنى كۆرگەن بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە، — دېدى.
موللا قۇربان ئەيسا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ ئوچۇقمۇ ياكى چۈشۈممۇ» دەپ پىچىرلىدى. ئاخىرى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا «كومپارتىيە ئۇلۇغكەن، ھۆكۈمىتىمىز ئۇلۇغكەن» دېدى.
11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىز ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ

مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرسۇن ئىسلام، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، بۇ نامراتلار ئولتۇراق رايونىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۆت رەت قورۇلۇش تەكشى ھەم كۆركەم ئىدى، ھەر بىر ئائىلە 35 كۋادرات مېترلىق كۆلەمدىكى ئىككى ئېغىزلىق ۋە 165 كۋادرات مېترلىق ئازادە ھويلىدىن تەركىب تاپقان، ھويلا تاملىرى پۈتۈنلەي خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ھەتتا ئائىلىلىك رايونىغا ئۆلچەملىك ھاجەتخانىمۇ سېلىنغانىدى. قارىماققا بۇ نامراتلار ئولتۇراق رايونىغا ئەمەس، بەلكى بايلار ئولتۇراق رايونىغا ئوخشايتتى. مەتىمىن شاھىدىن بۇ قورۇلۇشتىن ئىنتايىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ جايىغا ئىشلىتىلگەنلىكىدىن رازى بولدى ھەمدە بۇ خۇش خەۋەرنى تېزدىن ۋالىيغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

* * *

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە ۋالىي ئۆمەرجان مىرزائەخمەت بىلەن ئىدارە باشلىقى مەتىمىن شاھىدىننىڭ بىۋاستە مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشى بىلەن سېلىنغان يەنە بىر قورۇلۇش بار. ئۇ بولسىمۇ يامانسۇ قىرغىز مىللىي يېزىلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق قورۇلۇشى. بۇ مەكتەپ 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بار بولسىمۇ، كونىراپ خەتەرلىك ھالەتكە كېلىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتاق جىددىي بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىغماسلىق ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ۋالىي بىلەن مەتىمىن شاھىدىن نامراتلاردىن ھال سوراش داۋامىدا بۇ مەكتەپنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلىپ، تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ياتاق قورۇلۇشى ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بەردى ھەمدە ئالاقىدار تەرەپلەردىن زىچ ھەمكارلىشىپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن قورۇلۇشنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىدى.

دەرۋەقە قورۇلۇش تونۇتوغرا بىر ئايدا تاماملاندى، ھەر بىرى 20 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 11 ئېغىزلىق ياتاق ۋە ئاشخانا ئۆيلىرى پۈت-

كەندىن كېيىن مەكتەپكە يېڭى تۈس قوشتى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قىرغىز خەلقىگە بولغان سەممىي غەمخورلۇقىنى گەۋدىلەندۈردى...
شۇ كۈنلۈك ھال سوراش پائالىيىتى داۋامىدا ۋالىي ئۆمەرجان بىلەن ئىدارە باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىن يەنە يامانسۇ دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كەمچىللىكىنى ئۇقۇپ، بۇ دوختۇرخانىغا 30 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بەردى. يېقىندا دوختۇرخانا بۇ پۇلغا يۈرەك تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، ئاشقازان يۇيۇش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق 10 نەچچە خىل ئۈسكۈنە سېتىۋالدى ھەمدە ئادەتتىكى ئوپېراتسىيەلەرنى ئىشلەش شارائىتىغا ئىگە بولدى.
بۇ ئىككى رەھبەر بۇ قېتىمقى سەپەرىدە يەنە ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ھەمدە نەق مەيداندىلا 20 مىڭ يۈەن تەستىقلاپ بەردى. ئۆمەك بۇ پۇل بىلەن ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، ئويۇن قويۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

*          *          *

ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ...

ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىغىزدىن ئىغىزغا كۆچۈپ، زور ھۆرمەت ۋە مەڭگۈلۈك ئابىدە ھاسىل قىلىدۇ. ۋالىي ئۆمەرجان مىرزائەخمەت بىلەن ئىدارە باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىننىڭ بۇ قېتىملىق ھال سوراش پائالىيىتى مەزگىلىدە ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن بىر قانچە ئەمەلىي ئىش بۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى.
11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىن ۋالىيغا ۋاكالىتەن ئالاھىدە ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، نامراتلار ئولتۇراق رايونى، يامانسۇ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، يامانسۇ دوختۇرخانىسى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يۇقىرىدىن بەرگەن مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابلىز تۇنىياز، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرسۇن ئىسلام قاتارلىقلار پۈتۈن ناھىيە خەلقى نامىدىن ۋالىي ئۆمەرجان مىرزائەخمەت ۋە ئىدارە باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىنگە رەھمەت ئېيتتى. ئارتىسلار نومۇر ئورۇنداپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

# «ئاپەت ئىرادىنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ»

— ئاپەت رەھىمسىز، ئۇ ئۆي ـ ئىمارەتنى ئۆرىيەلىگەن بىلەن سىلەرنىڭ ئىرادەڭلارنى ئۆرىيەلمەيدۇ. ھازىر پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋە ھەردەرىجىلىك كادىرلار سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەۋاتىدۇ. سىلەر ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ. ھەرگىز مەيۈسلەنمەڭلار. يۇرت ـ ماكانىڭلار چوقۇم پات ئارىدا قايتىدىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

بۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى مەمتىمىن شاھىدىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيە يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ ئاپەت رايونىدىكى خەلققە تەكرار ـ تەكرار دېگەن سۆزى. ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن ئالاھىدە ۋەكىلى بولغاچقا، ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئۈچتۇرپاندا تۇردى. بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ئارام ئېلىپ باقمىدى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان تاڭ سەھەردە ئاپەت رايونىغا ئاتلىنىش، كەچتە ھارغىن ھالەتتە قايتىپ كېلىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ئىدى. 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى (يەكشەنبە) ئۇ يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ ئاپەت ئېغىر بولغان قۇچى، غۇڭرات، ياقئېرىق، سەككىز يېرىم كەنتلىرىنى ئارىلىدى. چېدىرغا كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرنى يوقلىدى. قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى. كادىرلار ۋە ئامما بىلەن سۆھبەتلەشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە مۇھىم ئىش بىلەن ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. كېچىچە ئۇ ئىشخانىسىدا دۆۋىلىنىپ قالغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. خىيالى يەنىلا ئاپەت رايونىدا ئىدى.

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە مەمتىمىن شاھىدىن چالا ـ بۇلا ناشتا قىلىپلا يەنە ئۈچتۇرپانغا يول ئالدى. سەھەر سوغۇقى جاندىن

ئۆتەتتى. تۇمانلىق يولدا ماشىنا تېز ئىلگىرىلىمەكتە. ئالاھەزەل بىر سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن بىز ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلدۇق. مېھمانخانىدا مەمتىمىن شاھىدىن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاراممۇ ئالماي ئۇدۇل يېڭىئاۋات يېزىسىغا قاراپ ماڭدى. مۇئاۋىن ھاكىم يالقۇن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بۇرھان مەھەممەتلەر يول باشلاپ ئالدىمىزدا ماڭدى. ماشىنا ئەگرى - بۈگرى يېزا يولىدا چايقىلىپ ماڭماقتا. كەنت يولىغا كىرگەندە توپا - چاڭ توزۇپ ئەتراپنى كۆرگۈسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويياتتى.

— مۇشۇ يەردە توختايلى،— دېدى مەمتىمىن شاھىدىن قۇچى كەنتى 4 - گۇرۇپپىسى تەۋەسىگە كىرگەندە. بۇ يەردە دېھقانلار بىلەن بىرگە ئىشلەۋاتقان مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ ۋېيبىڭ، يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەر مامۇت، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قۇۋانخانلار مەمتىمىن شاھىدىننىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ تۇرسۇن تۇردىنىڭ ئۆيىغۇ، ھازىر قانداقراق،— دېدى ئۇ ئۆرۈلگەن ئۆي ئورنىنى رەتلەۋاتقان تەرەپكە مېڭىپ، ئۇ بۇ ئۆيگە كۆپ قېتىم كىرگەن بولسىمۇ، يەنە كىردى. ئۇلارنىڭ يېقىنقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چىدىر ئۆيدە مەمتىمىن شاھىدىن يېزا باشلىقى ئۆمەر مامۇتتىن بىر نەچچە كۈنلۈك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۆمەر مامۇت مۇنداق دېدى:

— قۇچى كەنت 4 - گۇرۇپپىسىدا 58 ئائىلىنىڭ 233 ئېغىزلىق ئۆيى ئۆرۈلۈپ، 13 ئائىلىنىڭ 56 ئېغىزلىق ئۆيىگە دەز كەتكەن. 58 قوتان، 178 مېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى قاشاتام ۋەيران بولغان. 47 ئائىلىنىڭ توكى توختاپ قالغان. لېكىن، ھازىر ھەممىيلەن خەتەردىن قۇتۇلدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەمتىمىن شاھىدىن بىر ئاز روھلىنىپ قالدى. ئۇ تۇرسۇن تۇردىغا قاراپ:

— يەنە قانداق قىيىنچىلىق بار،— دەپ سورىدى. تۇرسۇن تۇردى قولىدىكى كەتمەننى قويۇپ خىجىل بولغان ھالدا:

— پارتىيە ـ ھۆكۈمەت شۇنچىۋالا ياردەم قىلىۋاتسا يەنە قىيىنچىلىقىم بار، دېگىلى بولمايدىكەن. قىيىنچىلىقىم يوق،— دېدى بېشىنى قاشلاپ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى بارلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەتتىمىن شاھىدىن ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىگە كۆمۈر، ئاشلىق ھەل قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— يەر تەۋرەش ئاپىتى بىر خىل تەبىئىي ئاپەت. ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزغا باقمايدۇ. ھازىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. قاراڭلار، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم سىلەرگە ياردەم بېرىشكە كەلدى. ئىشىنىمەنكى، سىلەر ئۇزاق ئۆتمەي ياخشى ئۆيگە ئىگە بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىلەر...

بىز مەتتىمىن شاھىدىنغا ئەگىشىپ ماڭدۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قىزغىن ئەمگەك دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىدارە، ئورگان كادىرلىرى، چېگرا مۇداپىئە كادىر ـ ساقچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى... دېھقانلار بىلەن خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆرۈش، يەر رەتلەش، ئۆي ئۇلىنى كولاش ئەمگىكىگە بەند بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممەيلەننىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، قاش ـ كۆزلىرى توپا ـ چاڭغا مىلەنگەنىدى.

— بىز يەر تەۋرىگەن كۈنىلا يېتىپ كەلگەن. 36 سائەتتىن بۇيان ئۇخلاپ باقمىدۇق. ھازىر 64 جەڭچى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەيدانىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئاما خەتەردىن قۇتۇلسا بىزمۇ خاتىرجەم بولىمىز،— دېدى ئاقسۇ چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتىدىكى جاڭ شىنخەي مەتتىمىن شاھىدىنغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ. قوراللىق ساقچىلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، جىددىي ئەمگەك قىلىۋاتاتتى. مەتتىمىن شاھىدىن:

— سىلەر ھەقىقەتەن جاپا چەكتىڭلار، مەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن،— دېدى.

يېزىلىق قوراللىق بۆلۈمنىڭ باشلىقى جاۋ يۇگاڭنىڭ ئۇستىبېشى تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يەتتە كۈندىن بۇيان خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايسى ئۆيدە خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلسە شۇ يەرگە بېرىپ «جەڭ» قىلدى. مەتتىمىن شاھىدىن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— سىلەر بولغاچقا بىز خاتىرجەم تۇردۇق، سىلەر ھەقىقەتەن خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىلەر ،— دېدى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— يېزىمىزدا توققۇز كەنت، 369 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار. ھازىر كۆنلۈكى ھەر قايسى كەنتلەردە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى، ئورگان كادىرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 1500 دىن ئاشىدۇ. ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان 1500 ئائىلىگە ياردەملىشىۋاتىدۇ، ھەربىر ئىدارە ئىككى ئائىلىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ ،— يېزا باشلىقى يولدا كېتىۋاتقاچ مەتمىن شاھىدىنگە شۇنداق دېدى. ئارقىدىنلا مۇئاۋىن ھاكىم ۋاڭ ۋېيبىڭ راۋان ئۇيغۇر تىلىدا:

— ناھىيىمىزدە ئېچىلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان كۇرسانتلارمۇ مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىر ھەممە كەنتتە، ھەممە مەھەللىدە كادىرلار بار ،— دېدى. ئاپەت رايونىدا قىزىلبايراقلار جەۋلان قىلاتتى. بىز غۇگرات كەنتى 8 ـ گۇرۇپپىسىغا كېلىپ سايىم ھېلەكىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. بۇ يەردە تېخنىكلار يېڭى ئۆي سېلىش لايىھىسىنى تۈزۈۋاتقان ئىكەن. مەتمىن شاھىدىن قاتارلىقلار سايىم ھېلەكىنىڭ تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن قورۇ ـ جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى ھەمدە:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. پات ئارىدا يېڭى ئۆيلۈك بولۇپ قالىسىلەر. ھازىرقى مۇھىم مەسىلە ئۆي سېلىش بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى تەڭ تۇتۇش،— دېدى ۋە كۆپچىلىكنى ياخشى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

بىز غۇگرات كەنتى 1 ـ گۇرۇپپىسىدىكى روزى جامالنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆيىنى تەكشۈرۈپ چىقىشىمىزغا بىر توپ ئادەم كۆزدىمىزگە چېلىقتى. ئۇلار قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ۋىلايەت، ناھىيىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلارغا 296 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم ئېلىپ كەپتۇ. مەتمىن شا-

ھىدىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تەشەككۈر بىلدۈردى.

— ئىدارىمىزدىكى 25 كادىر 7000 يۈەن ئىئانە قىلدۇق. مەن كادىرلارنى باشلاپ كەلگەن يەتتە كۈندىن بۇيان ئائىلىگە قايتىپ باقمىدۇق،— دېدى ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئاقنىياز مەمتىمىن شاھىدىنگە خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ. گەرچە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، ئاچچىق سوغۇق ئۇنىڭ يۈزىنى قىزارتىۋەتكەن ئىدى. مەمتىمىن شاھىدىن كادىرلاردىن تەسىرلەندى، رەھبەرلەردىن تەسىرلەندى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇرۇن دېھقانلار كادىرلار ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ئەمدى كادىرلار دېھقانلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بولدى. مانا بۇ پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى، مانا بۇ «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى.

22 - فېۋرال ئەتىگەندىلا بىز ئوتىبېشى، يامانسۇ يېزىلىرىنىڭ كەنت، مەھەللىرىنى ئارىلاپ، قار - مۇز ۋە ئېدىر، يارداڭلىقلارنى كېچىپ يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ ياقئېرىق كەنتى (7 - كەنت) 6 - گۇرۇپپىسىغا كەلدۇق. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تاھىر مەھەممەت بۇ يەردە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش، سەھىيە، دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەمگىكى قىلىۋاتقان ئىكەن. مەمتىمىن شاھىدىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن موللا روزىنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ ئۆيدە بىر ئايال تاماق ئېتىۋاتاتتى. مەمتىمىن شاھىدىن بۇ ئايالدىن گەپ سورىدى.

— بۇ سىلىنىڭ ئۆيمۇ؟

— ياق،— دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئايال ۋە ئارقىدىنلا،— بۇ موللا روزىنىڭ ئۆيى بولىدۇ. مېنىڭ ئۆيۈم يۇقىرىقى مەھەللىدە ئىدى. يەر تەۋرىگەندە پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. تاماق يېگۈدەك يېرىم يوق. شۇڭا بۇ ئۆيدە تاماق ئېتىپ يەۋالايلى دەپ...

— ئۆيدە يەيدىغان ئاش بارمۇ؟

— يوق، يەيدىغانغا ھېچنەرسە قالمىدى. ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ

كەتكەن. پەقەت بىرلا ئوغلۇم بار. 2 مولا يېرىم بار ئىدى. كېۋەز تېرىدىغان، تازا ئوخشىمىدى. شۇڭا...

مەمتىمىن شاھىدىن تاھىر مەھەمەتكە ئۇنىڭغا دەرھال ئاشلىق، كۆمۈر ھەل قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدى ھەمدە دېھقانغا پۇل بولمىسمۇ بولىدۇ، لېكىن يەيدىغانغا ئاش بولمىسا بولمايدۇ. بىرمۇ دېھقاننىڭ ئاچ قېلىشىغا، توڭلاپ قېلىشىغا بولمايدۇ. سىلەر چوقۇم ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، دېدى. ئابدۇۋايىت ساقىنىڭ ئۆيىدىكى ئاشلىق، قوي، كالا، ئات، توخۇ، كەپتەرنى كۆرگەندىن كېيىن مەمتىمىن شاھىدىن خېلىلا خاتىرجەم ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتسە ئۇنى قايتىدىن سېلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار، بىز سىلەرگە ياردەم قىلىمىز. ئامال بار ياخشى ئىشلەپ، ياخشى يەڭلار، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار...

— بۇ قېتىم بۇ گۇرۇپپىدا 30 ئائىلە، كەنت بويىچە 96 ئائىلە ئۆرۈلدى. 200 دەك ئائىلىگە چاك كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسىنى يېڭىلىمىسا بولمايدۇ،— تاھىر مەھەممەت ئاپەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ. مەمتىمىن شاھىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،— خەتەرلىك ئۆيلەردە يېتىشقا بولمايدۇ. ئۆرۈشكە تېگىشلىك ئۆيلەرنى ۋاقتىدا ئۆرۈۋېتىڭلار، خەلقنىڭ ھاياتى ھەممىدىن مۇھىم،— دېدى.

ئادەم بار يەردە مۇھەببەت بار. يېڭىئاۋات خەلقى گەرچە ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ھېچقانداق يېتىملىك ھېس قىلمىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭدە مۇزنى يالاپ ئېقىۋاتقان سۇلار يالىڭاچلىنىپ قالغان ئېتىز باغرىغا سىڭىپ كىرەتتى. يول بويىدىكى قاقشال بولۇپ قالغان رەتلىك دەل ـ دەرەخلەر ئۇچتۇرپاننىڭ ئورمان بايلىقىنىڭ نەقەدەر موللۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بۇلتۇر سېلىنغان يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيلەر كىشىگە ئۈزگىچە تۇيغۇ بېرەتتى. مەمتىمىن شاھىدىن يول بويى ئاممىنىڭ غېمىنى يېدى. ئۇ سەككىز يېرىم كەنتى (6 ـ كەنت) 1 ـ گۇرۇپپىدىكى موللا توختى رېھىمنىڭ خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ ئۆيگە قانچىلىك پۇل خەجلىدىڭىز،— دەپ سورىدى. موللا توختى رېھىم: «3300 يۈەن خەجلىدىم، ياغاچ ـ تاشنى ئۆزۈم چىقاردىم.

قالغىنىنى ھۆكۈمەت بەردى» دەپ جاۋاب بەردى. مەمتىمىن شاھىدىن ئۇنىڭ ئۆيىدىكى زاپاس ئاشلىق ۋە كىچىك ماگىزىنىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا «ئادەم تىرىشسا پۇل تاپالايدۇ، ھۇرۇنلۇق ئادەمنى ئالغا باستۇرمايدۇ، ياخشى ئىشلەڭ» دېدى.

ــــ بۇلتۇر كۈزدە يېزا بويىچە يەرتەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيدىن 266 نى سالغانىدۇق. بۇ قېتىمقى ئاپەتتە ئۆيلەر ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىدى،ــــ دېدى يېزا باشلىقى ئۆمەر مامۇت. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەمتىمىن شاھىدىن مۇنداق دېدى:

ــــ ئۆينى مۇشۇنداق سېلىش كېرەك. بۇ قېتىم سېلىنغان ئۆيلەرنىمۇ 8 بال، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ سېلىش كېرەك. ئادەمگە خاتىرجەم مۇھىت بولمىسا بولمايدۇ. ئادەم ئۈچۈن ئۆي بەك مۇھىم.

غۇڭرات كەنتى ئون ئۆيلۈك مەھەللىسىدىكى مولىنىياز رېھىمنىڭ ئۆيىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ھازىر چېدىردا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مەمتىمىن شاھىدىن ئۇنى يوقلىدى. ئۆرۈلمەي قالغان خەتەرلىك ئۆيلەرنى تېزدىن چېقىۋېتىشنى تاپىلىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قۇربان كېرەم «كەنت بويىچە 214 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 371 ئائىلىنىڭ تاملىرىغا چاك كەتتى. بىز چاك كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىۋېتىمىز» دېدى.

بىز توختىماي يول ماڭدۇق. بەزى كەنت، مەھەللىلەرگە 4 ـ 5 قېتىملاپ باردۇق. ھەممىلا يەردە بىرخىل تەسىرلىك مەنزىرە كۆزگە چېلىقاتتى. بىز چۈشلۈك تاماقنى يېڭىئاۋات يېزىسىدا يېگەندىن كېيىن، ئىماملىرىم يېزىسىغا كەلدۇق. تۆۋەنكى قاغۇتۇر كەنتى قۇملۇق مەھەللىسىدىكى ئاپەت رايونىدا «كومپارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارتلار ئەترىتى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن قىزىلبايراق قاداپ قويۇلغان ئىدى. كادىرلار دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە ئۆرۈلگەن ئۆي ئورنىنى رەتلەپ، ئۇل كولاۋاتاتتى. مەمتىمىن شاھىدىن ئامىنى يوقلىدى ھەم ئېتىز بېشىدا يېزا باشلىقى قېيۇم مۇنىيازنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى:

ــــ بۇ قېتىم يېزىمىزدا 352 ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

1097 ئائىلىنىڭ ئۆيىگە چاك كەتتى. ھازىر بىز پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىۋاتىمىز، رەھبەرلەرنى خاتىرجەم قىلىمىز.

مەمتىمىن شاھىدىن مۇنداق دېدى: كادىرلار ئاممىنىڭ غېمىنى يېيىشى كېرەك. دېھقانلار بېيىسا ھەممىمىز بېيىيمىز.

لەۋجىن كەنتى 2 ـ گۇرۇپپىسىدىكى سۇلتان شېرىپنىڭ چاك كەتكەن ئۆيىدىكى دۆۋە ـ دۆۋە ئاشلىقنى كۆرگەندىن كېيىن مەمتىمىن شاھىدىن «ھازىر سىياسەت ياخشى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئۆي يىقىلىپ سىلىنغاندىن كېيىن دېھقانلارغا تېخىمۇ، ئۇچۇر جەھەتتىن مۇلازىمەتنى كۈچەيتىش كېرەك»، دېدى.

«يول ئازابى گۆر ئازابى». بىز كۈنلۈكى 200 كىلومېتىرچە مۇساپىنى باستۇق. مەمتىمىن شاھىدىن ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئارام ئالماي يەنە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇچاڭجيېغا ئەھۋال دوكلات قىلاتتى. ئۇنىڭ يانفونى توختىماي سايراپ تۇراتتى.

23 ـ فېۋرال سەھەردە مەمتىمىن شاھىدىن مەكتەپ، دوختۇرخانا، ساقچىخانىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بىر ماڭغانچە ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاقتوقاي يېزىلىق دوختۇرخانا، ئاقتوقاي ئاتپاگزا باشلانغۇچ مەكتىپى، ئىماملىرى بەشتېرەك شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى، ئىماملىرىم تۆۋەنكى مەكتەپ باشلانغۇچ مەكتىپى، ئىماملىرىم «دۆلەت تىلى باشلانغۇچ مەكتىپى»، ئىماملىرىم ساقچىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەكشۈردى. ئۇ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تۆۋەنكى مەكتەپ باشلانغۇچ مەكتىپى، بەشتېرەك شۆبە مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلارنى چېدىر تىكىپ ئوقۇتۇشنى، پۈتۈن كۈچ بىلەن بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى، چاك كەتكەن سىنىپ، ئىشخانىلارنى ئۆرۈۋېتىشنى تاپىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى مائارىپقا باغلىق. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئوقۇتقۇچىلارغا باغلىق. سىلەر جاپا چەكسەڭلارمۇ كەلگۈسىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيە-

لەڭلار ...

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن جى ئۆمەك باشلاپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. مەمتىمىن شاھىدىن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، يامانسۇ يېزىسىنىڭ سېرىقئارال كەلكۈن مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ ئاپەت رايونىنى يەنە كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ بارغانلار يەردە «ئاپەت ئۆي - ئىمارەتنى ئۆرۈۋەتسىمۇ، لېكىن ئىرادىنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ» دېگەن گەپنى تەكرارلايتتى.

# قاراڭغۇ كەنتتە بىر كۈن

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ئىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن شاھىدىن بۇ كۈنى ئەتىگەندىلا مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى باشلاپ قاراڭغۇ 1 ـ كەنتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ بۇ كەنتكە بىر قېتىم بارغان، كەنتتىكى نامراتلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن، بەزىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدى. ئۇ يول بويى شۇلارنىڭ غېمىنى قىلىپ ماڭدى. كەنتنىڭ نامرات ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. كەنتكە ئىشخانا، شىپاخانا، مەدەنىيەت ئۆيى سېلىپ بېرىش، زەيلىك چېپىپ تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ چارە ـ ئاماللىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى.

قاراڭغۇ 1 ـ كەنتى كۇچا ناھىيىسىنىڭ دۆڭقوتان بازىرىدىكى نامرات كەنت بولۇپ، بۇ يىل ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، سىياسىي مەكتەپ، جۇڭگو بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يۆلەش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. كەنتتە 445 نوپۇس، 3500 مو تېرىلغۇ يەر، 550 تۇياق چارۋا بولۇپ، كېۋەزنى ئاساس قىلىدۇ. بىراق باغ يوق. تېرىلغۇ يەر كۆپ بولغان بىلەن ئۇنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار ئىدى. تۇپرىقى شور بولغاچقا، يەردىن تۈزۈك ھوسۇل ئالغىلى بولمايتتى. شۇڭا دېھقانلار ئىزچىل نامرات ھالەتتە ياشاپ كەلگەن. بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 800 يۈەنگىمۇ يەتمىگەن ئىدى. بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار كەنتنىڭ بۇ خىل نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش-

نىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزدى. بىر نەپەر كادىرنى مەخسۇس كەنتتە نۇقتىدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر، نامرات ئائىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىنقىلاپ چىقتى ۋە ئارخىپىنى تۇرغۇزدى. كەنتنىڭ نامراتلىشىپ كېتىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلدى. بۇ قېتىم بىرلىكسەپ بۆلۈمى 5000 يۈەنلىك ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، خىمىيۋى ئوغۇت ئېلىپ كەنتتىكى 19 نامرات ئائىلىدىن ھال سوراشنى قارار قىلغان ئىدى. مانا بۈگۈن مەمتىمىن شاھىدىن خىزمىتىنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇلەيچى، سىياسىي مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇقارىپ ئالىم قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ كەنتكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۇچاغا بېرىپ ئارامۇ ئالماي، ئۇدۇل دۆڭقوتان بازىرىغا بېرىپ دوكلات ئاڭلىدى ھەم ناھىيە، بازار رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تېز سۈرئەتتە قاراڭغۇ 1 ـ كەنتكە يېتىپ باردى. كەنت كومىتېتىنىڭ ۋەيرانە ھالەتكە كېلىپ قالغان قورۇسى ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. ناھىيە، يېزىدىن بۇ كەنتتە نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان كادىرلار، كەنت كادىرلىرى مەمتىمىننى شاھىدىننى قىزغىن قارشى ئالدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرى مەمتىمىن شاھىدىننىڭ شۇنچە يىراق يەردىن ھال سوراپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. گەرچە، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، نامراتلارنىڭ قەلبى خۇددى باھار ئاپتىپىدەك يورۇپ كەتكەنىدى. مەمتىمىن شاھىدىن كادىرلاردىن نامراتلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. نامرات كىشىلەر بىلەن ئەھۋاللاشتى.

3 ـ گۇرۇپپىدىكى مىجىت ئىسمائىل پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بەكرەك نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. گەرچە 29 مو يېرى بولسىمۇ، ئائىلىسىدىكى 5 جان ئادەمنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمەيۋاتاتتى. مەمتىمىن شاھىدىن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلىدى.

— ھازىر يەنە نېمە قىيىنچىلىقىڭىز بار، ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟

— ھازىر شۇ، ئاشلىقىمىز يېتىشمەيۋاتىدۇ. بۇ يىل 25 مو يەرگە كېۋەز، 4 مو يەرگە بۇغداي تېرىدىم. يەرگە شۇنچە كۈچەپ ئىشلىسەك-

مۇ تۈزۈكرەك ھوسۇل ئالالمايۋاتىمىز. لېكىن، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىزگە كۆپ غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەتىمىن شاھىدىن ئۇنى ئىرادىلىك بولۇشقا، تىرىشىپ ئىشلەپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن تېزراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئۇن، ياغ، گۈرۈچ ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت بەردى. مەجىت ئىسمائىل بۇ شاپائەتتىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

4 ـ گۇرۇپپىدىكى تۇل ئايال زۇمۇرخان مەتىمىن شاھىدىن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىدىن ھال سوراپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھال ـ كۈنى ھەقىقەتەن ناچار بولۇپ، قوتىنىدىكى ئالتە ئۆچكىسىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. مەتىمىن شاھىدىن ئۇنىڭ توخۇ كاتىكى چوڭلۇقىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى، قازان بېشىدىكى تۈگەي دەپ قالغان ئۇنىنى كۆرۈپ بەك ئېچىندى. بۇ ئايال گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ تېتىك، روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ تەسىرلەنگەن ھالدا:

— ئەگەر بۇ كۈن سىلەر كەلمىگەن بولساڭلار، يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەيدىغان نەرسەم قالمايتتى. سىلەر ھەقىقەتەن نامراتلارنىڭ غېمىنى يەيدىكەنسىلەر. پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە، كادىرلارغا رەھمەت،— دېدى. ئۇ يەنە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى ئۆچكە ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، ھازىر ئۆچكىنى ئالتە تۇياققا يەتكۈزگەنلىكىنى، تېرىلغۇ يېرىنى كەنتتىن ھەيدەپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھېچنەرسىدىن غەم قىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

مەتىمىن شاھىدىن بازار ۋە كەنت رەھبەرلىرىگە بۇ ئايالنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ھازىر جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. ھالىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇشۇنداق نامراتلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش، بولۇپمۇ، نامراتلارنىڭ تويۇنۇش، ئىسسىنىش مەسىلىسىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.»

مەتىمىن شاھىدىن يەنە بىر ئائىلىگە كىردى. بۇ 4 ـ گۇرۇپپىدى-

كى گۆھەرنىسا ساقىنىڭ ئۆيى ئىكەن. 40 ياشلىق بۇ ئايال توققۇز يىلـ ننىڭ ئالدىدا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئۈچ بالا بىلەن تۇل قالغان بـوـ لۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئۇنىـڭ ئـوـسـ تنگە 16 ياشلىق قىزى رىسالەتنىڭ تۇغما يۈرەك كېسىلى بار ئىكەن. پۇل بولمىغاچقا دوختۇرخانىغا ئاپىرالماپتۇ. مەتتىمىن شاھىدىن بـۇ ئـايـالـغـا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى ۋە يانچۇقىدىن 100 يۈەن چىقىرىپ ئۇنىـڭـ غا بەردى. بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇلەيچىمۇ 100 يۈەن بەردى. گۆھەرنىسانىڭ كۆزىدىن ياش تارامىلدى. رەھبەرلـەر ئـېـلـىـپ كەلگەن ئۇن، ياغ، گۈرۈچ ئۇنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى. مەتـتـىـمـىـن شاھىدىن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە بۇ ئايالنىڭ قىيىنچىلىقىنى تېزدىن ھەل قىلىپ بېرىشنى، قىزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ قوـ يۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭـەشـ ننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىـ قى تۇردى قۇربان، دۆڭقوتان بازىرىنىڭ باشلىقى نۇر تېيىپ ۋە كـەنـت مەسئۇللىرى نەق مەيداندا بىرمۇ ئادەمنىڭ ئاچ قالماسلىقى، توڭلاپ قـالـ ماسلىقىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كەنت كومىتېتى قورۇسىدا رەھبەرلەرنىڭ قولىدىـن ئـۇن، يـاغ، گۈرۈچ، خىيىمۋى ئوغۇت تاپشۇرۇپ ئالغان نامرات، قىيىنچىلـىـقـى بـار 16 كىشى بەس ـ بەستە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. نامرات دېھقـان قـاـ دىر ئابلا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «سىلەر شۇنچە يىراق يەردىن بىزنى يوقلاپ كەپسىلەر، پارتىيە نېمىدىگەن ئۇلۇغ، ھۆكۈمەت نېمىدىگەن ئـۇـ لۇغ، سىلەرگە كۆپ رەھمەت»، دېدى.

قاراڭغۇ 1 ـ كەنتىدە 6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك بار ئىـدى. مەبلەغ بولمىغانلىقتىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ زەيلىك چېـپـىـلـمـاي كەلدى شۇنداقلا يەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشى، ھوسۇلنىـڭ تـۆۋەنـلـەپ كېتىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىگە ئايلىنىپ قالدى. مەتتىمىن شاھـىـدىـن تىنىپ ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ كەتكەن بۇ زەيلىكنى تەپسـىـلـىـي كـۆردى. زەيلىك ئەتراپىدىكى كېۋەزلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئىگىلـىـدى. ئـۇ پاختا بىرلىك ھوسۇلىنىڭ 40 كىلوگرام ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى، بۇغداي

بىرلىك ھوسۇلىنىڭمۇ 250 كىلوگىرامدىن ئاشماي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى. ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇل ئەخمەت، كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت ياسىنغا قاراپ: «ھوسۇل ھەقىقەتەن ئاز ئىكەن. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يەرنى كۈچلەندۈرۈش، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك ئىكەن. سىلەر بۇ جەھەتتىن پىلاننى ئوبدان تۈزۈڭلار، قەدەمنى پۇختا بېسىڭلار، بىز قوللايمىز»، دېدى.

مەتىمىن شاھىدىن كەنت مەسئۇللىرى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇ يىل ئاقسۇ ۋىلايىتىمىزدە 2 ـ قارارلىق تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھازىر ھەممە ساھە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. بىز ئۈچ يىل ئىچىدە كەنتنىڭ زەيلىكىنى چېپىش، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىنى يېڭىلاش، ئىشخانا، شىپاخانا، مەدەنىيەت ئۆيى سېلىشنى، بىرلىك ھوسۇل ۋە ئومۇمىي ھوسۇلنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرىمىز. يول، كۆۋرۈك ياساپ كەنت خەلقىگە ھەقىقىي نەپ يەتكۈزىمىز...

مەتىمىن شاھىدىن قاراڭغۇ 1 ـ كەنتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىدى. ئۇ يېزىدا ئىشلىگەن، ھاكىم، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ باققانلىقى ئۈچۈنمىكىن نامراتلارنى بەك چۈشىنەتتى. ئۇلارغا بەك كۆيۈنەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ قاراڭغۇ 1 ـ كەنتتىكى نامراتلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قايتىش ئالدىدا نامراتلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ۋە:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، تىرىشىپ ئىشلەڭلار. بىز كەنتنىڭ قىياپىتىنى چوقۇم ئۆزگەرتىمىز. سىلەرنى چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمىز،— دېدى.

بىر كۈنلۈك سەپەر تولىمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتتى. كەچتە مەتىمىن شاھىدىن ئارامۇ ئالماي يەنە ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى.

2005 ـ يىل ئىيۇل، ئاقسۇ

# قۇتلۇق سەپەر، خەيرلىك ئىش

نىيەت دۇرۇس بولسا ئىش ئوڭغا تارتىدۇ، سەممىيلىك، ئاقكۆڭۈللۈكتىن خەيرلىك ئىش ۋە ھۆرمەت بارلىققا كېلىدۇ.

— مۇخبىرلىق خاتىرىسى

## 1

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يەر - جاھان تۇنۇردەك قىزىغان ئىدى. سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەتتىمىن شاھىدىن بۇگۈن يەنە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئاقسۇدىن كۇچا ناھىيىسىنىڭ دۆڭقوتان بازىرىدىكى يۆلەش نۇقتىسى— قاراڭغۇ 1 - كەنتىگە كەلدى. ئۇ يول بويى كەنتتىكى نامراتلارنىڭ غېمىنى يەپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، كەنت ئىشخانىسىنى كۆرۈۋېتىپلا، ئۇدۇل نامراتلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇلتۇر 7 - ئايدا كەلگەندىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى.

3 - گۇرۇپپىدىكى مىجىت ئىسمايىل، 4 - گۇرۇپپىدىكى تۇل ئايال زۇمۇرخان، گۆھەرنىسا ساقى ۋە ئۇنىڭ ئاغرىقچان قىزى رىسالەتلەر ھېلىھەم ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. كەنتكە زەيلىك چېپىپ بېرىش، ئىشخانا، شىپاخانا، مەدەنىيەت ئۆيى سېلىپ بېرىش خىيالى ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خىزمىتى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇ بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ياكى ئەپەندى، بازار باشلىقى نۇر تېيىپقا دائىم تېلېفون قىلىپ، كەنتنىڭ ئەھۋالىنى، نامراتلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى. چۈنكى، ئۇ بەزىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن بەكلا ئەنسىرىگەن ئىدى. مانا بۈگۈن ئالاھىدە ۋاقىت

چىقىرىپ، 26 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئېلىپ كەنتكە كەلدى. بۇلتۇر كەلـ
گەندىمۇ 16 نامرات ئائىلىدىن ھال سورىغان. گۆھەرنىسا ساقىغا ئۆز يېـ
نىدىن 100 يۈەن بەرگەن. بەزىلەرگە ئەقىل ئۆگەتكەن ئىدى. يەنە قىسـ
قا ۋاقىت ئىچىدە كەنتكە زەيلىك چېپىپ بېرىش ھەققىدە ۋەدىمۇ بەرگەن
ئىدى. مانا بۇ يىل 2 ـ ئايدا ئۇ تۇر قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن 250 مىڭ يۈـ
ەن ھەل قىلىپ، كەنتكە 6.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك چاپتۇرۇپ
بېرىش ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن زەي، شور بېسىپ كەتـ
كەن 10 نەچچە مىڭ مو يەرنى كۆچلەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلـ
دى. بۇ يىل ھوسۇل، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىن ئۈمىد تۇغۇلدى. مەمتىمىن
شاھىدىن نامرات ئائىلىلەرنى يوقلىدى. كەنت مەسئۇللىرى ۋە كادىرلار
بىلەن پاراڭلاشتى. دېھقانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشـ
تى. ئۇ كەنت تەۋەسىدە يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىش جېڭىنىڭ
قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدى ۋە ئۆيلەرنى بىر ـ
بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى. بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار كەنتـ
تىكى 40 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بېرىشنى پىلانغا ئالغان. بۇ يىل 20 ئائىلـ
لىك ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغان ئىدى. ئۇ 82 ياشلىق بوۋاي
ئەخمەت ھامۇت، 39 ياشلىق دېھقان قۇربان ئەخمەتنىڭ ئۆيىنى كۆر-
گەندىن كېيىن، — ئۆيىنى ياخشى، پۇختا سېلىڭلار، رەتلىك، پاكىزە تۇـ
تۇڭلار، — دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى، — ھازىر پارتىيىنىڭ سىياستى
ياخشى. باي بولۇشنىڭ يولى كۆپ، گەپ ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ چارە
ـ تەدبىرىدە ئەقىل ـ پاراستىدە. بۇ يىل زەيلىكمۇ چېپىلدى. تۇپراقنىڭ
ئۈنۈمدارلىقى ئاشتى. سىلەر تېرىقچىلىقنى ئوبدان قىلىش بىلەن بىرگە،
باغۋەنچىلىكنى، چارۋىچىلىقنى، باقمىچىلىقنى چىڭ تۇتۇشىڭلار، سەي ـ
كۆكتات، ئوت ـ چۆپ تېرىپ كىرىمىڭلارنى كۆپەيتىشنىڭ ئامالىنى قىـ
لىشىڭلار كېرەك. يالغۇز تېرىقچىلىققا تايىنىپ بېيىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا
باشقا جاينىڭ، قوشنا كەنتلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، كۆپ خىل
ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىرىمىڭلارنى كۆپەيتىشىڭلار لازىم. ھاـ
زىر پارتىيە ـ ھۆكۈمەت سىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. بىزمۇ ياردەم قىـ
لىۋاتىمىز. ئۆزەڭلارمۇ تىرىشىشىڭلار، سىياسەتتىن ئوبدان پايدىلىنىـ

شىلار كېرەك.

مەمتىمىن شاھىدىن بارغانلا يېرىدە دېھقانلارنى تېرىشىپ ئىشلەشكە، بېيىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ دېھقان ئۆمەر هامۇتنىڭ بۇ يىل 60 مو كېۋەز، 10 مو بۇغداي تېرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،— يەرنى كۆپ تېرىپسىز. لېكىن تېرىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى يەرگە ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھوسۇل ئاشمىسا كىرىممۇ ئاشمايدۇ. كىرىم ئاشمىسا باي بولغىلى بولمايدۇ،— دېدى.

قاراڭغۇ 1 ـ كەنتىدە يەر كۆپ. لېكىن، باغ يوق دېيەرلىك، چارۋىمۇ ئاز ئىدى. دېھقانلار كۆكتات تېرىشقا ئادەتلەنمىگەن. ئىدىيىنىڭ قاتماللىقى، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنىڭ كەمچىللىكى دېھقانلارنى هورۇن، تىرىكتاپ ۋە نامرات قىلىپ قويغان. بۇ ئىشلار مەمتىمىن شاھىدىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئالدى بىلەن كەنتكە زەيلىك چاپتۇرۇپ بەردى. ئۆي سېلىشنى پىلانلىدى. ئەمدى، ئوت ـ چۆپ تېرىپ چارۋا بېقىشنى، باغ بىنا قىلىشنى، كۆكتات تېرىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ياخشى چارە ئەمەسمۇ؟ مەمتىمىن شاھىدىن ئەتراپتىكى دېھقانلارغا قاراپ،— سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. باي، باياشاد، مەدەنىي، ئىناق كەنت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشمىساق بولمايدۇ. بۇنىدىن كېيىن ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئەپلىك، رەتلىك كەنت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشمىساق بولمايدۇ. بۇنىدىن كېيىن ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئەپلىك، رەتلىك قۇرۇلۇش قىلىشىمىز، قىياپىتى يېڭى، باشقۇرۇلۇشى دېموكراتىك، جەمئىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى كەنت قۇرۇپ چىقىشقا ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

پېژغىرىم ئاپتاپ كىشىنى بىئارام قىلاتتى. مەمتىمىن شاھىدىن توزۇز ئىسسىققا قارىماي يېڭىدىن چېپىلغان زەيلىكنى كۆزدىن كەچۈردى. كېۋەزلىكلەرنى ئارىلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سولەيچى، ئۆمەرجان ئىمىن، كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۇردى قۇربان، دۆڭقوتان بازىرىنىڭ باشلىقى نۇر تىيىپلار مەمتىمىن شاھىدىنىڭ ئاممىنى ھەر ۋاقىت غېمىنى يەيدىغان

ئالىيجاناب روھىدىن، كەمتەر، مۇلايىم خىسلىتىدىن تەسىرلەندى ھەم كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى رەھبەرلىرىگە دېھقانلارغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشنى تاپىلىدى.

قاراڭغۇ 1 ـ كەنتىدىكى دېھقانلار مەمتىمىن شاھىدىن قاتارلىقلارنى ئورۇۋېلىشتى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇل ئەخمەت مەمتىمىن شاھىدىنىنىڭ قولىدىن 26 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كەنت خەلقىگە ۋاكالىتەن چوڭقۇر رەھمەت ئېيتتى ھەم رەھبەرلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئاممىغا ياخشى باشلامچى بولۇپ، كەنت قىياپىتىدە تېزدىن بۇرۇلۇش ياساشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئالدىنقى ھەپتىدە جۇڭگو بانكىسىدىكىلەرمۇ بۇ كەنتكە 20 مىڭ يۈەندىن ياردەم قىلغانىدىمۇ، ئۇ شۇنداق دەپ ئىرادە بىلدۈرگەن. لېكىن ئۇ، بۇ گەپنى باشقىچە ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدى. مەمتىمىن شاھىدىن ئاخىرىدا كەنت كادىرلىرى بىلەن خېلى ئۇزاق سۆھبەتلىشىپ، بىر قىسىم سەمىمىي تىلەك، ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بارلىق گېپىدە قانداق قىلغاندا كەنت خالقىنى بېيىتقىلى بولىدۇ، دېگەن سادا بار ئىدى.

## 2

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەھەردە مەمتىمىن شاھىدىن ھەمراھلىرىنى باشلاپ، ئاغى يېزىسىنىڭ لەنگەر كەنتىدىكى مەملىكەتلىك «ئىككىنى ھېمايە قىلىش نەمۇنىچىسى» قادىر باقىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. لەنگەر كەنتىدە ئۆي سېلىش، يول ياساش ئەمگىكى قىزىپ كەتكەن ئىدى. مەمتىمىن شاھىدىن قادىر باقى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ سېلىنىۋاتقان ئۆيىنى تەپسىلىي كۆرگەندىن كېيىن، قادىر باقىنىڭ ئارمىيىنى ھېمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى ياخشى ئىشلىرىنى ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالدى. ئۇ، قادىر باقىنىڭ كونا تۇرالغۇسىدا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: سىلەر بىزنىڭ ئۈلگىمىز. «ئىككىنى ھېمايە قىلىش» نىڭ باشلامچىسى. سېلىنىڭ 39 يىلدىن بۇيان قىلغان ئىشلىرى گېزىت ـ

ژۇرناللار ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تارالدى. دەرۋەقە، خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچنەرسىسى بولمايدۇ. سىلە ئەمەلىيەت ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بەردىلە. دەرۋەقە، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلىمىسە زادى بولمايدۇ. مىللەت ئۆز ئارا ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتمىسە ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. مەن شان ــ شەرەپنى قەدىرلەشنى، ئۆزلىرىنى ياخشى ئاسراشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى ھەم قادىر باقىغا ھال سوراش بۇيۇمى بەردى.

قادىر باقى: — رەھمەت، ئۆزلىرى ئالدىراش تۇرۇقلۇق، شۇنچە يىراق يەردىن مېنى يوقلاپ كەپلا، مەن بۇلتۇردىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ــ ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆپ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتىم. ھازىر ھۆكۈمەت زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، ماڭا، شۇنداقلا، پۈتۈن كەنت خەلقىگە ئۆي سېلىپ بېرىۋاتىدۇ. يول ياساۋاتىدۇ. مېنى يەنە خۇ جىنتاۋ باش شۇجىرىمىز قوبۇل قىلدى. بۇنداق بولۇشنى مەن ئويلاپمۇ باقمىغان. بۇ ھېچكىمنىڭمۇ چۈشىگە كىرمىگەن. مەن ئۆي، يول پۈتكەندە باش شۇجى خۇ جىنتاۋغا خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتىشنى، مۇمكىن بولسا ئۇنى كەنتىمىزگە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشكە، لەنگەر كەنتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

قادىر باقىنىڭ زىلچا ــ گىلەملەر بىلەن ياسالغان ئۆيى ئوتقاشتەك چاقنايتتى. تامدىكى گىلەمگە ئۇنىڭ خۇ جىنتاۋ، ۋاڭ لېچۈەن، لى جىنەي قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن چۈشكەن چوڭ سۈرىتى ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا قادىر باقىنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى. مەتتىمىن شاھىدىن ئۇنىڭغا، — سىلە قوللاپ بەرگەچكەن، قادىر باقى شان ــ شەرەپكە ئېرىشتى سىلىگە رەھمەت، — دېدى.

مەتتىمىن شاھىدىن قادىر باقى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ھەم خېلى ئۇزاق مۇڭداشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، كەنتتىكى باشقا ئۆيلەرنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان كەنت ئىشخانىسىنى كۆردى ھەم يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان مەسچىتنى كۆزدىن كۆچۈر-

دى.

ـــ ھۆكۈمەت بۇ قۇرۇلۇشلارغا 20 مىليون يۈەن ئاجراتتى. ھازىر جەمئىي 65 ئائىلىلىك ئۆي سېلىنىۋاتىدۇ. ھەربىر ئائىلىلىك ئۆينىڭ كۆلىمى 92 كۋادرات مېتىر (قادىر باقىنىڭ 150 كۋادرات مېتىر) كېلىدۇ. يول قۇرۇلۇشىمۇ جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ، ـــ دېدى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى راخمان ئىسمايىل. ئۇ لەنگەر كەنتىدە سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشقا نازارەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە، بۇ تاغلىق كەنتنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىرىدىكەن. مەتىمىن شاھىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. ئۇ ماشىنىدا كېتىۋاتقاچ، ـــ بىر ئادەمنىڭ تۆھپىسى ئاخىرى بىر كەنتكە تەسىر كۆرسەتتى. مۇخبىر دېگەن يامان ئادەملەر ئىكەن. ئەگەر مۇخبىر بولمىغان بولسا، قادىر باقىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى بەلكىم بۇنچە كۆپ كىشىلەر بىلمىگەن بولاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ پەخرىمىز، ـــ دېدى.

## 3

مەتىمىن شاھىدىن كۇچانىڭ كونىشەھەر رايونى تەۋەسىدىكى رەستە مەسچىتكە كەلگەندە، كۈن چۈش بولغانىدى. ئىسسىق ھاۋادا ئادەمنىڭ دىمى سىقىلاتتى. يول يۈرۈش تەسكە توختايتتى. ئۇ ئالدى بىلەن 97 ياشقا كىرگەن، ناھىيە بويىچە زور تەسىرى ۋە ئابرويى بار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابلىكىم داموللا ھاجىنى يوقلىدى. ئارقىدىن ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش نۇقتىسى بولغان رەستە مەسچىتكە كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. 1932 ـ يىلى سېلىنغان بۇ مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1240 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئەسلىھەلىرى ۋە تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرى تولۇق ئىدى. مەتىمىن شاھىدىن مەسچىتنىڭ يېقىندىن بۇيانقى باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى، قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە مەمنۇن بولدى.

كۇچانىڭ كونىشەھەر رايونىدىكى لىن جىلۇ كوچىسىغا جايلاشقان خان ئوردىسىدا مەتىمىن شاھىدىن جۈمەگۇدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاڭ، 12

ـ ئەۋلاد كوچا ۋاڭى داۋۇت مەخسۇت بىلەن بىر يېرىم سائەتچە ئەھۋاللاشتى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. داۋۇت مەخسۇت بىلەن بىرگە پۈتۈن خان ئوردىسىنى تەپسىلىي ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: سىلى پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ، سىياسىي كېڭەش سېپىدە مۇھىم رول ئوينىدىلا. ھازىر سىلە ئۈچۈن سالامەتلىك ئەڭ مۇھىم. ئۆزلىرىنى ئوبدان ئاسرىسىلا، — دېدى ھەم يانچۇقىدىن 200 يۈەن چىقىرىپ داۋۇت مەخسۇتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. چىڭقى چۈشتە مەتىمىن شاھىدىن 76 ياشلىق داۋۇت مەخسۇت بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. ئۇ ماشىنىدا كېتىۋاتقاچ: — بىر يېرىم كۈن ئىچىدە نۇرغۇن ئىشنى تۈگەتتۇق. بۇ قېتىمقى سەپەر ھەقىقەتەن قۇتلۇق سەپەر بولدى، — دېدى.

# يىلتىز تارتقان قەلب

(ئوچېرك)

1986 ـ يىل ئىيۇل ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى. ئونسۇ (ئاقسۇ كونىشەھەر) ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ھىمىت ئۆزىنىڭ رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان پاكىز ئۆيىدىكى ساپادا ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزىدە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان قەتئىيلىك ۋە ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. لېكىن، ئىككى كۈندىن بېرى بىرلا خىيال، يەنى ئۇرۇقنى دېھقانلارغا قانداق يەتكۈزۈپ بېرىش، ئىسكىلاتتىكى ئۇرۇق زاپىسنى قانداق كۆپەيتىش مەسىلىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىت ـ تىت قىلىپ، خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى.

ناھىيە بويىچە ئۇرۇقنى بىرلا يەردە سېتىۋېلىپ، سېتىپ چىقارغاندا، تازىمۇ ئاۋارىچىلىق ئىش بولىدۇ، يىراق، چەت يېزىلاردىن كېلىدىغان دېھقانلار قاتناشنى قانداق ھەل قىلىدۇ. بۇغۇ مەيلى، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلارنىڭ ئەھمىيىتىنى دېھقانلارغا قانداق چۈشەندۈرۈش ھەم ئۇنى قانداق ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك؟ ئۇ چۇۋۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان ئاچچىق موخۇر كىسىنى قېنىپ شورىدى ـ دە، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا سائەت ئىستربلكىسى 2 دىن ھالقىغان بولۇپ، تۈن قاراڭغۇسىغا پۈركەنگەن كائىنات سۈرلۈك، جىمجىت تۈسكە كىرگەن ئىدى.

ئۇنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىسى مول ئىدى. توغرا، ئۇ ئىلگىرى بىر ئاددىي تېخنىك سۈپىتىد-

دە تەشكىللىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقى بويىچە ئىشلەشنىلا بىلەتتى. ئەمدىچۇ، ئەمدى ئۇ، بۇ پونكىتنىڭ باشلىقى بولدى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئۇ تېخنىكلارنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەدبىرنى ئۆزى بەلگىلىشى، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ كۆرۈشى كېرەك. ناھىيىمۇ ئۇنى شۇ ئۈمىد بىلەن پونكىتنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىگەن ئىدى.

ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، بەستلىك قەددى ئېگىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ھىممىتنى قانداق ئىش شۇنداق ئويلىنىشقا، خىيال سۈرۈشكە مەجبۇرلىدى؟

بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايون ئونسۇ ناھىيىسىنى ئاپتونوم رايوندىكى 12 ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ بىرسى قىلىشنى قارار قىلغانىدى. بۇ خۇش خەۋەر ناھىيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ يۇكسەلدۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر قايسى يېزا ـ مەيدانلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ھەم بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك زىرائەت سورتلىرىنى تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇشنى قارار قىلدى. بۇ قارار ھەرقايسى يېزا ـ مەيدانلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىغا ياغدەك ياقتى. لېكىن، بۇ ھىممەت ئۈچۈن جىددىي باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ ھەم تارقاق، بەزى جايلارنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قۇلايسىز بولغاچقا، ئاشلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇرۇقنى سېتىۋېلىش ھەم سېتىپ چىقىرىش مەسىلىسى تولىمۇ قىيىنغا توختايتتى. يەنە كېلىپ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ سانى ئاز ھەم ئۇلارنىڭ يەنە دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇرۇق زاپىسىنى كۆپەيتىش ھەم دېھقانلارنى ئەلا سۈپەتلىك زىرائەت سورتلىرىنى تېرىشقا جەلپ قىلىشمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىنى ئويلاشماي بولمايتتى، ھىممەت دەل مانا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

— توغرا، توغرا، ئەمدى جاۋاب تاپتىم،— بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى،— ناھىيە بويىچە بەش يەرگە ئۇرۇق سېتىۋېلىش، سېتىپ چىقىرىش نۇقتىسى قۇرۇش كېرەك؛ ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىلەرنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى شۇ يېزىنىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلىش، ئۇرۇقچىلىق نۇقتىلىرىغا كېرەكلىك خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، كۆزدە تولۇقى بىلەن يىغىۋېلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلىش ئەڭ ئەپلىك، ئەڭ ئەپلىك چارە ئىكەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۆي ئىچىدە تايچاقتەك سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن بىرى تۇمانلىق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن كەڭرى يۈزىدە يەنە تەبەسسۇم نۇرلىرى پەيدا بولدى.

ئەتىسى ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا، بۇ پىلاننى باشقا تېخنىكلار بىلەن ئۇزاق كېڭەشتى ھەم بۇ جەھەتتىكى دوكلاتنى ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايونغا سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا تېزرەك تەستىق چۈشۈرۈشىنى تەقەززارلىق بىلەن كەتمەكتە ئىدى.

ئۈمىد ئادەم ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ھىمىت تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بۇ دوكلات تەستىقلىنىپ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇ ئىش ھىمىتنى شۇنچىلىك خۇشال قىلىۋەتتىكى، ئۇنىڭ ئىلگىرى چەكىش خىياللار بىلەن ئۇيقۇسى كەلمىگەن بولسا، ئەمدى خۇشاللىقتىن ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھىمىت ناھىيىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇزۇنغا قالماي، بەش ئورۇندا ئۇرۇقچىلىق نۇقتىسى قۇرۇش پىلانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىدە سىستېمىلاشقان ئۇرۇقچىلىق تورىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىشتىن ھىمىتنىڭلا ئەمەس، دېھقانلارنىڭمۇ دىلى تاغدەك سۆيۈندى. ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋە ئەلا سۈپەتلىك زىرائەت سورتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن بىر ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

ھەممەت 1964 ـ يىلى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ دېھقان-چىلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، تەقسىمات بويىچە ئونسۇ ناھىيىلىك ئۇرۇق-چىلىق پونكىتىغا كەلگەنىدى. ئۇ 20 نەچچە يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا جاپانىمۇ، راھەتنىمۇ كۆردى. دولقۇنلاپ تۇرغان ياشلىق باھار-نى كەڭ ئېتىزلاردا دېھقانلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يۇمران قەلبىنى بۇ يەرنىڭ مايسىلىرى بىلەن تەڭ يىلتىز تارتقۇزدى. شۇڭا ئۇ، دېھقانلارنى چۈشىنەتتى، ئۇلارنىڭ جاپاسىنىڭ قەدرىگە يېتەتتى. ئۇنىڭ بەش ئورۇندا ئۇرۇقچىلىق نۇقتىسى قۇرۇش پىلانى ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇرۇقچىلىق نۇقتىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ دۆلەتكە ئاش-لىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ھەرقايسى يېزىلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئىشىمۇ ھەل بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق زاپىسىنى كۆپەيتىشنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىق-چىلىق قىلىش ۋە ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەن-دۈردى. ئۇلار بىلەن سىرداشتى. 1988 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئونسۇ ناھىيە-سىدە تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 7500 مو كېۋەزنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋەتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن دېھقانلار تېڭىرقاپ قالدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلە-رىمۇ بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئاپەتنىڭ، زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇھا-كىمە قىلدى. بۇ يىغىندا ھەممەت بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، كىسلاتا بىلەن كۆيدۈرۈلگەن «شىنجاڭ بالدۇر پىشار كېۋەز ئۇرۇقى» دىن 45 مىڭ كىلوگرام ھەقسىز ياردەم قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئادەتتە، ئىسكىلاتتا ساقلىنىدىغان ئۇرۇق زاپىسى ناھايىتى ئاز بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېۋەز پۈتۈنلەي تېرىلىپ بولغاچقا، ھېچكىممۇ بۇنچىلىك ئۇرۇق زاپىسىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئى-دى. ئۇنىڭ جىددىي پەيتتىكى بۇ دادىللىقى رەھبەرلەرنىڭ دىلىنى سۆ-يۈندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇرۇق شۇ كۈنىلا ئىسكىلاتتىن ئېتىزلىققا يۆتكەپ كېلىندى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىخ سۈرۈپ كۆكلەپ چىققان تەكشى مايسىلار-نى كۆرگەن دېھقانلارنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىدى. ئۇلار ئەلا سورتلارنى تېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئىش ھامان بىر يوللا ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭ ئۇ-چۈن يەنە جاپا چېكىشكە، سۇ كۆت قىلىشقا ۋە زور قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆتكەن يىلى كۈتۈلمىگەندە، قىزىل ۋە گۈلئاۋات يېزىلى-رىدا يەنە 6000 مو كېۋەز بالدۇر تېرىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئۈنمە-دى. ھىممەت بۇ ئىشقا جىددىي قاراپ، بۇ ئورۇنلارغا 40 مىڭ كىلوگىرام چىگىت ئۇرۇقنى ھەقسىز ياردەم قىلدى. ئارال، جام قاتارلىق يېزىلارغا 20 مىڭ كىلوگىرام «1 ـ 78» شال ئۇرۇقى بىلەن 75 مىڭ كىلوگىرام بۇغداي سورتىنى ئايرىپ، دېھقانلارغا ئەرزان باھادا تەمىنلەپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنى ئەلا سورتلارنى تېرىشقا جەلپ قىلدى. ئۆتكەن يىلىغا قەدەر، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 500 مىڭ مو تېرىلغۇ كۆلى-مىنىڭ 430 مو سىدا ئەلا سۈپەتلىك زىرائەت سورتلىرى ئومۇملاشتۇ-رۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ئومۇمىي مەھ-سۇلاتى يىلمۇ يىل ئېشىپ، ئاشلىقتىن ئۇدا، ئۇزاققىچە مول ھوسۇل ئېلىش نىشانى تولۇق ئورۇندىلىپ كەلدى.

ھۆرمەتلىك مۇشتەرى: سىز بەلكىم بۇ، ھىممەتنىڭ قىلىشقا تې-گىشلىك ئىشىغۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. سىز شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈز دېھقانلار ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئې-تىزلىقتىكى يېشىل مايسىلارنىلا ئويلايدىغان بۈيۈك روھىنىمۇ ھېس قىلا-لامسىز؟ سىز ئۇنىڭ مۇنۇ ئىشىغىمۇ قاراپ بېقىڭ:

كىسلاتا بىلەن چىگىت ئۇرۇقى كۆيدۈرۈش تېخنىكىسى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە 1986 ـ يىلى ئومۇملاشتى. «كىسلاتا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭ كۈچلۈك، سېسىق پۇرىقى بارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ھىممەت ئەنە شۇ سېسىق ۋە كۈچلۈك پۇراقتا ھەر يىلى ئۆزى «رىياسەتچىلىك» قىلىپ كەلدى. بۇ جەريانىدا، ئۇ بىر كەتسە 20 نەچچە كۈنگىچە ئۆيىگە قايتماي، ھەر كۈنى ئۈچ سائەتلا ئۇخ-لىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قارا كۆزلىرى ئەتراپىدىكى ياداڭغۇ

يۈزىنى كۆرگەن ئايالى كايىپ: «ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى سىزلا كۆتۈرە ئالغانمۇ، ئۆي ئىشى، بالا بىلەن كارىڭىز ئەسلا يوق. ھېچ بولمىغاندا، ئۆزىڭىزنىمۇ ئايىمامسىز؟» دەيدۇ. بۇ چاغدا ھىمىت ئۈندىمەيلا، بوخچىسىنى كۆتۈرۈپ ئىش ئورنىغا قاراپ يول ئېلىپ، قەدىرلىك ئايالىنىڭ كۆزىدىن بىرنەچچە رەت ئىسسىق ياش ئاققۇزىدۇ. لېكىن، ھىمىت ئۆمىدۋارلىق، قەيسەرلىك ئىرادىسى بىلەن يەنىلا جاپالىق ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەلب رىشتىسىنى بىپايان يېزىدىن، دېھقانلار ئارىسىدىن ئۈزمەيدۇ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشى ۋە سۇ-كۆت قىلىشى بەدىلىگە كەلگەن بىر قاتار زور نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەر ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، باشقا جايلارغىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئاساسىدا، بۇ پونكىت ۋىلايەتنىڭ ئۇدا ئۈچ يىل تەقدىرلىشىگە، ھىمىت ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، بۈيۈك ئارزۇسىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسىگە ئېغىز تېگىدۇ.

1990 ـ يىل مارت، ئونسۇ

# مەڭگۈلۈك تاللاش

(ئەدەبىي ئاخبارات)

كىشىلىك ھايات بىر قايناق بازارغا، دولقۇنلۇق دېڭىزغا، پايانسىز يايلاققا ئوخشايدۇ. ئادەم ئاشۇ قايناق بازاردىكى سودىگەر، ئاشۇ دېڭىزدىكى بىر تامچە، ئاشۇ يايلاقتىكى بىر تال گىياھدۇر. سودىگەر بۇ بازاردا بەزىدە نەپكە ئېرىشىدۇ، بەزىدە زىيان تارتىدۇ. لېكىن، بۇ قايناق بازار بىرخىل رەۋىشتە مەڭگۈ داۋام قىلىپ، ئادەملەرنى تاۋلايدۇ، تاللايدۇ ۋە شاللايدۇ. كىشىلىك ھايات ھەممە ئادەمگە ئوخشاش نېسىپ بولغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا بولغان قارىشى، پوزىتسىيىسى، ياشاش شەكلى، ياشاش يولى، ياشاش ئۇسۇلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن، ئۆزى ئارزۇ قىلغان، تەلپۈنگەن، تەشنا بولغان نەرسىسگە ئېرىشىشنى ئويلاش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىدۇر.

*　　　*　　　*

«مەن ئەسلىمۇ بىر تامچى، مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم، ئىنتىلىدىغىنىم تامچىلىق. چۈنكى، مېنىڭ خۇشاللىقىم، ئارزۇ ـ ئارمىنىم دۆلەت ۋە خەلققە تۆھپە قوشۇش، غايەم پەقەت تامچىلىقتىن ئىبارەت مۇشۇ كەسىپ ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. ماڭا ھوقۇق، ئەمەل ـ مەنسەپ كېرەك ئەمەس، مەن شۇجى بولسام يەنىلا كەسپتىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن. ماڭا ئەڭ ئەۋزىلى 1 ـ سەپكە بېرىپ ئەمەلىي ئىشلەش، ۋۇجۇدۇمدا قايناپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ ئەھمىيەتلىك جاۋاب قايتۇرۇش. ئەگەر تەشكىل مېنىڭ 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنى ھۆددىگە ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىمنى تەستىقلىسا، مېنىڭ مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك سالاھىيىتىمنى ساقلاپ قالمىسىمۇ بولىدۇ. مەن بىر كومپارتىيە

ئەزاسى، مېنىڭ بۇرچۇم ئىقتىدارىمنى، رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپلىك ھاياتىمنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىسلاھاتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇش، تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت...»

بۇ تامچىلىقتىن يېتىشىپ چىققان تۇنىياز روزىنىڭ مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلۈپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلگە يازغان ئىلتىماسىدىكى ئىبارىلەر، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ تالاي قېتىملاپ ئويلىنىش، تالاي قېتىملاپ دەڭسەپ كۆرۈش، تالاي قېتىملاپ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق چىقارغان قارارى، ئارزۇلىغان ياشاش ئىستىكى، تاللىۋالغان ھاياتلىق يولى ئىدى.

ھوقۇق— بىر خىل مەسئۇلىيەت، شۇنداقلا يۇكسەك سەزگۈرلۈك ھەم ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىلىم ھەم سەنئەتتۇر. ھالبۇكى، پۇلپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى يامراپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تۇنىياز روزىنىڭ ئەمەلدىن ۋاز كېچىپ، بىر ۋەيران بولغان كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقى نۇرغۇن كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى، خىزمەتداشلىرى ھەيران بولغان ھالدا: «ھەممە ئادەم راھەت قوغلىشىۋاتسا، سەن جاپا قوغلىشامسەن، شۇنچە يىللاپ تامچىلىق قىلىپ، ئۆستۈپېشىڭدىن لاي ئېرىمىدى، ئەمدى باشلىق بولۇپ راھەت كۆرىدىغان چېغىڭدا يەنە ئۆزۈڭنى لايغا ئىتتىرەمسەن؟ سېنىڭ مەقسىتىڭ زادى نېمە؟ سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولمايمەن، ئۆز كەسپىمنى ئىشلەيمەن دەپ، ئاران بۇ شىركەتكە باشلىق بولۇپ كەلدىڭ، ئەمدى بۇ يەردىمۇ ئىشلىمەيمەن دەيسەن، خەق ۋەيران قىلىپ، ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتكەن يەرنى سەن قانداق ئوڭشايتتىڭ؟ قانداق ئاماللىڭ بارتى؟ كاللاڭنى سىلكىۋېتىپراق ئىش قىل، بولمىسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمىسۇن يەنە...» دېيىشتى. بۇ گەپنىڭمۇ داۋلىسى بار ئىدى. ئەينى چاغدا تۇنىياز روزى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن مەزگىلدە سودا باشقارمىسى ئىمتىياز، مەرتىۋە جەھەتتە خېلى ـ خېلى ئورۇنىدىمۇ ياخشى، ئەۋزەل شارائىتقا

ئىگە «ھوقۇقلۇق ئورۇن» نىڭ بىرى ئىدى. بىراق، تۇنىياز روزى بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، ئۆز كەسپىنى ئىشلەش ئىستىكى بىلەن تەشكىلدىن قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ، مىڭ بىر تەسلىكتە ۋىلايەتلىك 1 - قۇرۇلۇش شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بۇ ئورۇننىمۇ تاشلاپ، ۋەيران بولغان بىر كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى... تۇنىياز روزى ئۈندىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى، ئويلىغانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ باقاي دەپمۇ ھېسابلىدى. بىراق، ئۇلار بەرىبىر چۈشەنمەيدۇ. قارشىمىنى قوللىمايدۇ، دەپ قاراپ، لام - جىم دېمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا بىر خىل ئوت ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى. تىنىمسىز خىياللار كاللىسىغا ئارام بەرمەيتتى. شۇ تاپتا پىكىر - خىيالى پەرۋاز قىلىپ كۈندىن - كۈنگە ۋەيران بولۇپ، خارابلىشىپ كېتىۋاتقان ۋىلايەتلىك 2 - قۇرۇلۇش شىركىتىگە مەركەزلەشتى. ۋىلايەتلىك 2 - قۇرۇلۇش شىركىتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سوغۇرتا باشقارمىسىغا قاراشلىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىسى ئىدى. بۇ شىركەت تېخىچە «داشقازان تامىقى» نىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان، كەسكىن بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالماي نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ، ئاتتىن چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ، بۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى بىر سىناپ باقماقچى، نەچچە يىللاردىن بېرى ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كۈچ ۋە ئەقلىنى قېزىپ، كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە بىر بۇرۇلۇش ياسىماقچى، قىسقىسى، بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدى. ئۇ ئادەم ياشىغان ئىكەن، چوقۇم ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەش، تەر ئاققۇزۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزى ئويلىغان، ئۆزى قىزىققان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىنتىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. بۇ كۈنلەردە ھەممىلا جايدا ئەۋج ئالغان «دېڭىزغا چۈشۈش» قىزغىنلىقى ئۇنىڭ بۇ ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. تۇنىياز روزى قەتئىي نىيەتكە كەلدى. بىر كۈنى ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە كىرىپ ئويلىغانلىرىنى قالدۇرماي ئېيتتى.

— بۇ ئويىڭىز ياخشى بوپتۇ، رەھبەرىي كادىرلاردا مۇشۇنداق روھنىڭ بولۇشى تولىمۇ قىممەتلىك، بىراق سىز پارتىيە مىڭ بىر تەستىكتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن رەھبەرىي كادىر،— تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىر نەرسىدىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈردى،— بۇ يەردىكى مەسىلە 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتى بۆلۈم دەرىجىلىك كارخانا، سىز بولسىڭىز مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك كادىر. ئەگەر ئۇ كارخانىنى ھۆددىگە ئالغىنىڭىزدا سىزنىڭ مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك سالاھىيىتىڭىزنى ساقلاپ قېلىش قىيىن توختايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىشقا ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىر نېمە دېسە مۇۋاپىق بولغۇدەك،— دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن تۇنىياز روزىغا يول كۆرسىتىپ.

ئىشەنچ گويا ئاپتوماتىك دېنام، ئۇ سېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭنى ئۇرغۇتۇپ، كۆزلىگەن نىشانىڭغا يەتكۈزىدۇ. پەقەت ئىشەنچىسى قەتئىي كىشىلەرلا، ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ. تۇنىياز روزى كۆزلىگەن نىشانى، ئويلىغان پىلانلىرىنىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ۋالىينى ئىزدەپ تاپتى.

— ياخشىمۇ، تۇنىياز روزى، ياخشى ئويلاپسىزغۇ،— دېدى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مەتىمىن زاكىر تۇنىياز روزىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ،— 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشى شۇ تاپتا بىزنىڭ بېشىمىزنىمۇ قاتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر شىركەتنىڭ قەرزى 550 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. شىركەتنى تارقىتىۋېتىش ياكى ھۆددىگە بېرىش مەسىلىسى ھازىر تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتىدۇ. تېخى ھازىرغىچە بۇ شىركەتنى ھۆددىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغۇچىلار چىقمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى ئەھۋال. بىز قوللاپ قۇۋۋەتلەيمىز. بىراق،— ۋالىيمۇ بىر نەرسىدىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقاندەك سۆزىنى سەل توختىتىپ،— كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىشمۇ بىرخىل خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىق، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق ۋەيران بولغان كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش ئوتقا كىرگەندەكلا بىر ئىش. بىزدە «كۆسەينى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» دېگەن گەپ بار. قىينىلىپ قالارسىزمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ھازىر مۇئاۋىن باشقارما دەرىجە-

لىك كادىر، ھازىرقى دەرىجىڭىز ئۇ يەرگە ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ يەر- نى ھۆددىگە ئېلىپ ئىش ئاقماي قالسا پۇشايمان قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈر- مەك بىزگىمۇ تەس بولىدۇ،— ۋالىينىڭ سۆزلىرى راست ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە تۇنىياز روزىنىڭ جۈرئىتىگە ئىنتايىن قايىل بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تۇنىياز روزىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى بىر يارامлىق رەھبىرىي كادىرنى يېتىشتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ۋالىي ئاخىرىدا:— مەن سىزنى قوللايمەن. گەپ يەنىلا ئۆزىڭىزدە. سىز تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ باقسىڭىز،— دېدى.

تۇنىياز روزى ئۇزاق ئويلاندى. مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك ئور- نۇمغۇ مەيلى، بىراق نوچىلىق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققانغا تۇشلۇق شىر- كەتنى گۆللەندۈرەلمەي قالسام ئۆزۈمگە سەت بولىدۇ، ئىستىقبالىم تۈ- گەيدۇ، دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماقتەك پەيدا بولۇپ، يەنە تېزلا ئۆتۈپ كېتەتتى. بىراق تەشكىلنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ھەم غەمخورلۇقىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ قەلبى سۆيۈنۈپ، ئېپتىخارلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشاتتى. ئۇنىڭدا پۈتمەس كۈچ، ئىشەنچ، ئۈمىد پەيدا بولاتتى. 1967 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۇنىياز روزىنىڭ تامچىلىق ھاياتى باشلانغانىدى. ئۇ سابىق ئاقسۇ ناھىيىلىك «شەرق شاملى» قۇرۇلۇش شىركىتىگە ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ كىرگەندە، ئەمدىلا 18 ياشتا ئىدى. قىزىقىش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلىش پۇر- سىتىگە ئېرىشىش ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى، شۇ ئىشتا غەلىبە قا- زىنىشنىڭ ئاساسى. تۇنىياز روزى تامچىلىق كەسپىگە ھەۋەس قىلاتتى. شۇڭا، پېشقەدەم تامچى ئابدۇرېھىم ئىسمايىل، ئابلىز تۇرسۇننىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، ئۆزىنىڭ ھارماي تىرىشىشى نەتىجىسىدە، 3 يىل ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەمدە بەنجاڭلىققا، قوشۇمچە ئىنتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆس- تۈرۈلدى. 1976 ـ يىلى شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولدى ۋە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم تەشكىل تەرىپىدىن جەنۇبىي جۇڭگودىكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە ئەۋەتىلىپ، بىناكار- لىق ـ قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن تېخىمۇ پىششىق تو-

نۇشۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كەسپىگە بولغان ھەۋىسى، ئەقىدىسى، مۇھەببىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. قەلبىدە ئۇلۇغۋار ئارزۇلار بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ شىركەتنىڭ قاۋۇل، تايانچ، ئىستىقباللىق ئادىمىگە ئايلىنىپ، بۇ سەپتە ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، تەجرىبىسىنى بېيىتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. جاپالىق ئەمگەك ھامان مېۋە بېرىدۇ. مېھنەت، قان ـ تەر ئىگىسى ئاخىرى كىشلەرنىڭ، تەشكىلنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ. 1977 ـ يىل 9 ـ ئايدا تۇنىياز روزى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ۋە ئەمەلىي ماھارىتىگە ئاساسەن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ 10 يىللىق خىزمەت ھاياتى مەنىلىك، نەتىجىلىك ئۆتتى. رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ شىركەتتە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، «داشقازان» نى پاچاقلىدى. رىقابەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، باشقۇرۇشتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئىش سۈرئىتى، ئىش ئۈنۈمى جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، بىر يىل ئىچىدە شىركەتكە 50 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە تەشكىلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى ھەمدە ۋىلايەت بويىچە «قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ توغرا بولسا ئاۋام ھىمايە قىلىدۇ. ئىقتىدارىڭ، دىتىڭ، ئەقىل ـ پاراسىتىڭ بولسا تەشكىل ساڭا ئىشىنىدۇ، سېنى قەدىرلەيدۇ. 1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەشكىل ئۇنى شەھەرلىك 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇللۇقىدىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى قارمىقىدا قۇرۇلماقچى بولغان «شىنخۇا» قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا يۆتكىدى. بۇ تۇنىياز روزى قۇرۇلۇش سېپىگە قەدەم باسقاندىن بۇيانقى ئەڭ مۈشكۈل، ئەڭ جاپالىق، ئەڭ قىيىن ۋەزىپە، شۇنداقلا ئۇنى تاۋلايدىغان، چېنىقتۇرىدىغان، سىنايدىغان بىر پۇرسەت ئىدى. چۈنكى، گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان چۆللۈكتە قۇرۇلۇش قىلىش

يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ئىش ئىدى. ئۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى توغرا قومانداnlıق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك ئىدى. تۇنىياز روزى قەتئىي ئىككىلەنمەي يېڭى خىزمەت ئورنىغا باردى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ چىقىرىشنىڭ قىممەتلىك پۇرسىتى، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇ ئاقسۇنىڭ شەرقىي شەھەر رايونىدىكى «توپا دېڭىزى» دىن كۆرستىپ بېرىلگەن قۇرۇلۇش ئورنىدا قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، غايەت زور شىجائەت بىلەن ئىش باشلىۋەتتى. يازنىڭ تونۇردەك قىزىق ئاپتىپىدا ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆيۈپ قارىداپ كەتتى. قىشنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق سوغۇقى سۆڭەكلەرگىچە تەسىر قىلاتتى. ئازراقلا شامال چىقسا توپىلار ئۇچۇپ، قارا بوران ھاسىل قىلاتتى. جاپالىق مۇھىت، جاپالىق شارائىت ھەقىقەتەن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى يەڭمىسە بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى. ئادەملەر دۇنيانى ياراتقۇچىلاردۇر. ھەر قانداق مۈشكۈل ئىشلارمۇ ھامان ئادەملەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئىرادىسى، شىجائىتى، باتۇرلۇقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇق جاپالىق ئەمگەك ۋە قان ـ تەر ئاخىرى بۇ يەردە يالتىراشقا باشلىدى. 70 مو كۆلەمدىكى توپىلىق، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەر تۈزلىنىپ، مۇنتىزىم ئىشخانا، مۇنتىزىم ئەسلىھە، مۇنتىزىم قوشۇنغا ئىگە «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» ئورگىنى ئاخىرى شەرقىي شەھەردە بارلىققا كەلدى. بۇ ئاقسۇنىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى يېڭىلىق سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. تۇنىياز روزى تەشكىلنىڭ يەنە بىر قېتىم ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئادەم ئۇچۇن ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى تېتىشتىن ئارتۇق لەززەت يوق. ئادەمنىڭ بۇنداق مېۋىنى ئىختىيارسىز قەدىرلىگۈسى، باراقسانلىتىپ كۆپەيتكۈسى، تەرەققىي قىلدۇرغۇسى كېلىدۇ. تۇنىياز روزى شىركەتنىڭ ئەڭ كىچىك نەرسىسىنىمۇ ئىنتايىن قەدىرلىدى. شىركەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان بىر يۈرۈش قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي كۈچىنى شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قاراتتى. سۈپەت، سۈرئەت، ئۈنۈمنىڭ

بىرلىشىشنى تېزلىتىپ، شىركەتنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. 1987 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شىركەت يىلىغا 5 مىليون يۈەندىن 8 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇشنى سۆپەتلىك ئېلىپ بارالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك تۇنىياز روزىنىڭ خىزمىتىدىن تولۇق رازى بولدى. 1990 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى.

* * *

تۇنىياز روزىنىڭ ئىلتىماسى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك قوللىشىغا ئېرىشتى ھەم تېزلا تەستىقلاپ چۈشۈرۈلدى. ۋىلايەتتىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلا تۇنىياز روزىنىڭ بۇ خىل روھىنى يېڭى دەۋردىكى كارخانىچىلارنىڭ قىممەتلىك روھى، دەپ ماختىدى. تۇنىياز روزى چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن شىركەتنى باشقۇرغۇچى تارماق ـ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، سۇغۇرتا باشقارمىسىغا بېرىپ، يۇقىرىغا 180 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن بۇ شىركەتنى 3 يىللىق ھۆددىگە ئېلىش توغرىسىدا توختامنامە ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئەڭ قىيىن، ئەڭ ھالقىلىق پەيتتىكى قانۇنىي ۋەكىلى بولۇپ قالدى. بۇ 1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىدى. بۇ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش قەدىمىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

بازار رەھىمسىز بولىدۇ. رىقابەت تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پەقەت باش ئەگمەي تىرىشقاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. بالزاك «قىزغىنلىققا ئىشەنچنىڭ قوشۇلۇشى ـ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى» دېگەنىدى. 90 ـ يىللاردا، ئاقسۇنىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى رىقابەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۇنداق پەيتتە، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى بولالايدىغان قىزغىنلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى يىمىرىلمەس كۈچكە ئايلاندى. نۇرغۇن كارخانىچىلار كەسكىن رىقابەتتە قىزغىنلىقتىن، ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدى. ئىلگىرى بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن «نوچىلار» بازار رىقابىتىدە غۇلاپ چۈشتى. بەزىلىرى يول تاپالماي سەپتىن چېكىندى. مۇشۇ سەپ-

تىن، 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن قۇرۇ-
لۇش ئىشچىلىرى يېڭى دىرېكتورنىڭ كەلگەنلىكىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ
كەتمىدى. ئۇلار مۇشۇنداق پەيتتە، ھەر قانداق بىر دىرېكتورنىڭ شىر-
كەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ چىقالىشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا، بەزىلەر
ئىشقا كەلمەي تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋەردى.

تۇنىياز روزى شىركەتنى تەپسىلىي ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن،
توختىماي تاماكا چېكىشكە باشلىدى. شىركەت ئىشخانىلىرى ھەم كونا،
ھەم كىچىك بولۇپ، ئىچىدىن توپا ئۇچۇپ تۇراتتى. رەڭگى ئۆڭۈپ
كەتكەن جوزا، سىم بىلەن باغلىۋېتىلگەن ئورۇندۇقتىن باشقا، ئىشخانىدا
يا بىر تال سۈپۈرگە، يا بىر دانە شازا كۆرۈنمەيتتى. ئىشچى ـ خىزمەت-
چىلەرنىڭ ۋېلسىپتى ئىشخانىغا قالايمىقان قويۇلاتتى. ئومۇمنىڭ مال ـ
مۈلكى شەخسىلەر تەرىپىدىن خالىغانچە ئىگىلىۋېلىنغانىدى. شىركەتنىڭ
ئىچى ـ تېشىدىكى ھەممە نەرسىدىن بىر خىل غېرىبلىق، ۋەيرانىلىق،
كونىلىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاقسۇنىڭ شەرقىي شەھىرىدىكى ئاۋات
كوچىغا جايلاشقان بۇ شىركەت مۇشۇ ھالىتى بىلەن بىر ئىدارىگە ئە-
مەس، بەلكى، ئۆتەڭ يولدىكى دەڭگە، كوممۇنا يىللىرىدىكى ئات ئېغىلىغا
ئوخشاپ قالغانىدى. ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىپ، ھەرساھە، ھەر كەسىپتە
يېڭىلىق، تەرەققىيات بولۇۋاتقان 90 ـ يىللاردىكى بۇ مەنزىرە تۇنىياز
روزىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇردى. قەلبىنى، ۋۇجۇدىنى بىر خىل مۇرەككەپ
سېزىم چۇلغۇدى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ئويلىنىپ، ئىشنىڭ قەدەم ـ باس-
قۇچلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئالدى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر-
نىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى تەتقىق قىلدى. نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن سۆھ-
بەتلەشتى. ھەممىلا ئادەم تەرەققىياتقا ئىنتىلەتتى. شىركەتنى قىزغىن
سۆيەتتى. تۆھپە قوشۇشقا تەييار ئىدى. بىراق، باشقۇرۇشنىڭ ھەددى-
دىن زىيادە ئۆلۈك بولۇشى، رىقابەت ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن
شىركەت مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سا-
نىنى بىر ـ بىرلەپ ئېنىقلاپ چىقتى. ھەر قايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى،
ئىشخانا، بۆلۈمچىلەرنى تەرتىپكە سالدى. ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈ-

مى، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت تۇزۇمى، كۆرەش نىشانى، ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىگە ئائىت 36 تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈم تۈپ چىقتى.

ــ يولداشلار! ــ دېدى ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چوڭ يىغىنىدا جاراڭلىق ئاۋازدا سۆز باشلاپ، ــ بۈگۈندىن ئېتىبارەن كارخانىمىزدا «داشقازان» دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ. ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ نەپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز نەپ ئېلىش تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئېنىقلىنىدۇ. مەن شۇنى جاكارلايمەنكى، شىركىتىمىز بۈگۈندىن كېيىن، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئەتىۋارلايدۇ ۋە كۆپلەپ جەلپ قىلىدۇ. قانچىلىك ئىختىساسلىق خادىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۇچۇن ھازىردىن باشلاپ دەرۋازىمىز كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. كۆپچىلىك ئەقىل ـ پاراسىتىڭلارنى ئورتاق جارى قىلدۇرساڭلار، شىركىتىمىز بىر يىلغا قالماي چوقۇم روناق تاپىدۇ. مانا مەن بىر يىل ئىچىدە شىركەتنىڭ چوقۇم روناق تاپقۇزۇشقا ۋەدە بېرىمەن!

يىغىن زالىدا قىزغىن چاۋاك ساداسى پەيدا بولدى. قەلبى تۇمان ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر خۇددى يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك ئىچى ـ ئىچىدىن خۇش بولۇشتى. جۇپ ـ جۇپ كۆزلەردە ئۈمىد نۇرى، سولغۇن چىرايلاردا تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى. ئىلھام، ھاياجان تۇيغۇسى ئىشچىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار دىرېكتورنىڭ دانا، ئىشەنچلىك ھۆكۈمىدىن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كۆرگەندەك ھېس قىلىشتى. بىر تاغدەك يۆلەنچۈككە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈندى.

تۇنىياز روزى دەرۋەقە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئورگاندىكى 40 ئادەمنىڭ 12 سىنى قىسقارتىپ قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىگە ئەۋەتتى. جەمئىيەتتىن 10 نەچچە نەپەر ئىختىساسلىق خادىمنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھەممىسىنى مۇھىم ئىشقا قويدى. قۇرۇلۇش قىلدۇرماقچى بولغان ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە چوڭ قۇرۇلۇشنى قولغا كەلتۈردى. 360 مىڭ يۈەن

قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا پولات قېلىپ، جازىلىق كىران، لاي ئېتىش ماشىنىـ
سى قاتارلىق مۇھىم ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش
قىلىش شارائىتىنى ياخشىلىدى. قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى، سۈرئىتىگە ھەـ
قىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى
قۇردى. ئۆزى ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ
تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزەتتى. نەتىجىلەرنى مۇئەييەنـ
لەشتۈردى. مۇكاپات ـ جازانى نەق مەيداندا ئەمەلىيلەشتۈردى.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. ئۇنىڭ تىنىم تاپماي
ئىشلەۋاتقان روھى مېنى تەسىرلەندۈردى. «ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئالـ
دىراشمىدۇ» دەپ ئويلىدىم مەن ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا نەزەر سېلىپ.
ئۇنىڭ ئاپئاپئا كۆيگەن چىرايى، ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرى ئاستىدىـ
كى كەڭ پېشانىسىدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى. بىر دەم ئۇنى يولغا
سالسا، بىر دەم بۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتى. تېلېفونمۇ پات ـ پات جىـ
رىڭشىپ تۇراتتى. خېلى كۆپ ئادەم يەنە ئۇنى تاشقىرىدىكى ئىشخانىدا
ساقلاپ ئولتۇراتتى. مانا مەنمۇ ئۇنى ئالدىنقى كۈنى 2 سائەت، بۈگۈن
تۇپتوغرا 3 يېرىم سائەت كۈتۈپ تۇردۇم. بىز ئاخىرى ئىشتىن چۈشـ
كەندە سۆھبەتلەشتۇق.

— قاراڭ ئۇكام، مۇشۇنداق ئالدىراش بوپ كەتتۇق. ئالدىراشچىـ
لىقنىڭ ئۆزى ئىشلىرىمىزنىڭ ياخشى كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
شىركىتىمىز ھازىرئوبدان كېتىۋاتىدۇ،— دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن
ماڭا روبىرو ئولتۇرۇپ،— بەزىدە 15، 16 سائەتچىلىك ىبكار بولمايمەن،
قانداقلا بولمىسۇن جاپالىق ئەمگەكنىڭ پايدىسى كۆرۈلدى. ئۆتۈپ
كەتكەن بىر يېرىم يىل شىركەت تارىخىدىكى تولىمۇ جاپالىق مەزگىل
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1994 ـ يىلى شىركىتىمىز 8 مىليون يۈەنلىك قۇـ
رۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، 220 مىڭ يۈەن پايدا ـ باج ياراتتى. قۇرۇـ
لۇشلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100% كە، ئەلالىق نىسبىتى
10% كە يەتتى. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم تەڭلا قولغا كەلدى. مەن
ھازىرغىچىلىك شىركەتنىڭ 360 مىڭ يۈەن يېڭى قەرزى ۋە 550 مىڭ
يۈەن كونا قەرزىنى قايتۇرۇپ بولغانىنىڭ سىرتىدا، ھۆددىگە توختامدىكى

يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 180 مىڭ يۈەننىڭ 140 مىڭ يۈەنىنى تاپشۇرۇپ بولدۇم.

ئۇ قولىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان تاماكىسنى كۈچەپ بىر شو-رىۋالدى ـ دە، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— 1995 ـ يىلىدىكى نەتىجىلەر تېخىمۇ زور بولدى. ھەممە ئادەم ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، شىركەت ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شىركەت قار-مىقىدىكى ئالتە قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۆزئارا بەيگىگە چۈشۈپ كەتتى. پۈ-تۈن بىر يىلدا شىركەت 11 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇشنى تاماملاپ، باج ـ پايدىنى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى...— تۇنىياز روزى قەلب خا-تىرىسىگە نەقىشلەنگەن، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھاياتلىق سەپىرىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەۋاتقان كىشىدەك ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ ھاياجان تۇيغۇسىغا چۆمگەن قەلبى خۇددى تارىم دەر-ياسىدەك ئۆركەشلەيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى،— قىيىنچىلىق دېگەن ئۇ-قۇمنىڭ ۋەزنىنى تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئەينى چاغ-دىكى قىيىنچىلىق دەرىجىدىن تاشقىرى قىيىنچىلىق ئىدى. مەن ئىرادە، ئەقىدە، ئىشەنچكە تايىنىپ، ئاخىرى بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭدىم. شىركەتتە تۇرلۇك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، 20 ئائىلىلىك ياتاق بىناسى، 10 نەچچە ئائىلىك خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سالدۇرۇپ، بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملار، تايانچ كۈچلەرنىڭ ئولتۇراق شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردىم. شىركەت ئالدىدىكى ئۇزاقتىن بېرى بوش تاشلىنىپ قالغان ئۆيلەرنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئۇنى تىجارەت ئۆيلىرىگە ئايلاندۇرۇپ چىقتىم. رېمونتخانا، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ماگىزىنى، ئاشخانا، مەيخانا دېگەنلەر جانلىنىپ، شىركەت ئالدىدا بىر قايناق، ئاۋات بازارنى شەكىللەندۈردى. بۇ تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە قولايلىق يارىتىپ بېرىپلا قالماي ھەم شىركەتكە كىرىم يارىتىپ بەردى، ھەم مۇھىتنى گۈ-زەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينىدى...

مەن تۇنىياز روزىنىڭ كارخانىچىغا خاس پاراستى ۋە ئىرادىسىگە قايىل بولدۇم. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم كۈچەيمەك-تە ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزنىلىك، ئەمەلىي سۆزلىرى، كەمتەر، خۇشپېئىل

مىجەزى، قاۋۇل، تەمبەل بەستى قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇر-دى. مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شىركەتكە يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئىشخانا ۋە شىركەت قورۇسىنى زىيارەت قىلدىم. شىركەت قورۇسىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. يەر تۆ-زىنگە سېمونت بېتون ياتقۇزۇلغان بولۇپ، مەيدان ئۆلچەملىك رەتلەنگە-نىدى. پاكىز، ئازادە مۇھىت كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ۋېلسىپىت توخ-تىتىش ئورنى، ھاجەتخانا، ئەخلەت تۆكۈش ئورنى ئايرىلىپ، كۆركەم، رەتلىك مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. چىرايلىق ئاقارتىلغان تاملارغا ھەر-خىل مەزمۇندىكى شوئارلار يېزىلغانىدى. يېڭىدىن سېلىنغان ئىشخانا ئۆيلىرى پاكىز، يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. پارقىراپ تۇرغان يېزىق ئۈس-تەلى، ئالىي دەرىجىلىك لۆم ـ لۆم ئورۇندۇق، ئۇزۇلمەي جىرىڭشىپ تۇرغان تېلېفونلار شىركەتنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

— بۇ ھەقىقەتەن يېڭىلىقكەن. بۇنىڭغىمۇ ئاز كۈچ كەتمىگەندۇ ـ ھەقاچان؟— دەپ سورىدىم مەن شىركەتنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن يىغىن زالىدىن چىقىۋېتىپ.

— شۇنداق، ھازىرغىچە 300 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ چىقى-رىپ، شىركەتنى مۇشۇنچىلىك قىلىۋالدۇق. يەنە بىر جىپ ماشىنا سې-تىۋېلىپ قاتناش قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىۋالدۇق. ئۆتكەن يىل «8 ـ مارت» ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەيدىغان چاغدا، يىغىن زالىمىز بولمى-غاچقا، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى بىر خىزمەتچىمىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگە-نىدۇق. ئەمدى ھەممىسى تەل بولدى،— دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا،— يې-قىندا ئاقسۇ شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۆ-مىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىركىتىمىزگە كېلىپ تەكشۈرۈپ 100 نومۇر قويىدى...

كۆزلىرىم شىركەتنىڭ يىغىن زالىدىكى شەھەر دەرىجىلىك «مەدە-نىيەتلىك ئورۇن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن چوڭ جاھازىغا چۈشتى. بۇنىڭدا ئەجىر، ئەمگەك مېۋىسىنىڭ سېيماسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ جاھازىنىڭ ئەتراپىدا «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن»،

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «توختامغا ئەمەل قىلىپ ۋەدىسىدە تۇرغان كارخانا» دېگەن شەرەپ تاختىلىرى بار ئىدى. مەن يەنە تۇنىياز روزىغا قارىدىم، ئۇنىڭ كىبىرسىز، سەممىي، ئوچۇق ـ يورۇق خىسلىتى، دىتىغا ياقمايدىغان نامۇۋاپىق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە قاتتىق قول بولۇشتەك كەسكىن مىجەزى ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا، شىركەتنىڭ يۇقىرىقىدەك شان ـ شەرەپكە ئىگە بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بىر مۇنەۋۋەر كوممۇنىستقا خاس ئېسىل خىسلەت، بىر رەھبىرىي كادىرغا مۇناسىپ پەزىلەت ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلىشىپ باردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «دۇنيا بىر تېرىلغۇ ئېتىزدۇر. ئۇنى تېرىساڭ ھايات ئۇرۇقى ئالىسەن» دېگەنىدى. دەرۋەقە، تۇنىياز روزىنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى ھەربىر قەدىمى مەنىلىك بېسىلدى. ھارماي ئىزدىنىش، ئېگىلمەي كۈرەش قىلىش، ئىجتىھات، ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئىشلەش روھى 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ قىياپىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىپلا قالماي، بەلكى دۇلدۇلغا مىنىپ، كەسكىن رىقابەتلىك بازار دېڭىزىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ ئۆزىنىڭ يېڭى، گۈزەل سەھىپىسىنى ئاچتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەھىمە، ۋەسۋەسە، تەئەججۈپلىك ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ شېرىن لەززىتىنى قايتىدىن تېتىشقا باشلىدى. ھايات ئۇلارغا باشقىچە سۆيۈملۈك، جەزبىدار تۇيۇلىدىغان بولدى. ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچ ـ ئەقلىنى شىركەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتاشتىن ئايانمايدىغان، تۇنىياز روزىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى، قۇتقۇزغۇچىسى، شاپائەتچىسى، دەپ بىلىدىغان يېڭى تۇيغۇ، يېڭى كۈچ پەيدا بولدى. شىركەتنىڭ روناق تېپىۋاتقان يېڭى قىياپىتى ئىشچىلارنىڭ كۈچىنىپ ئىشلەش قىزغىنلىقىغا، ئۆزىنى قەدىرلەش جاسارىتىگە ئىلھام بەردى. 1996 ـ يىلى باھاردا شىركەت «ۋىلايەت بويىچە بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن ۋۇۋىسكىنى ئاسقاندا، كىشىلەرنىڭ قەلبى شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە

ھاياجان تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئەتراپتا تەنتەنە مارشى ياڭرىدى. بەيگىگە چۈشكەن قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن قىزغىنلىقى ۋە چېۋەرلىك بەدىلىگە دانە ـ دانە خىش ۋە لاي ئارقىلىق ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنى قەد كۆتۈرگۈزۈپ، مىڭلىغان كىشىلەرگە يورۇق، ئازادە، ئىللىق ئۆيلەرنى تەقدىم قىلماقتا ئىدى... ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان تەر قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى.

* * *

دەۋر تەرەققىي قىلدى. كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا يېڭىلىنىش بولدى. يېڭى ئەسىرنىڭ تىۋىشى يېقىنلاشقاندا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي شەھىرىدىكى دېموكراتىيە يولىدا كۆنسېرى گۈللىنىپ، بارغانچە گۈزەللىشىپ، ھەيۋەتلىك، كۆركەم قۇرۇلۇشلىرى، ئازادە، رەتلىك مەنزىرىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر قۇرۇلۇش شىركىتى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەينى چاغدا تۇنىياز روزى باش بولۇپ قۇرغان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسىغا قاراشلىق «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» ئىدى. بۇ شىركەت 1985 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، مەلۇم تەرەققىيات ۋە كۆلەمگە ئېرىشكەندى. ئەپسۇسكى، تۇنىياز روزى يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ شىركەت كەسكىن رىقابەتكە تولغان قۇرۇلۇش بازارلىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالماي شاللىنىپ قېلىش، ھالاك بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. شىركەتنىڭ ئىچى ـ تېشى خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىشكە باشلىدى. كىشىلەر قەلبىنى ئۈمىدسىزلىك تۇمانى قاپلىدى. ئىشنىڭ يولىنى تاپالماي قالغان شىركەت دىرېكتورى دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى... نەتىجىدە شىركەتنى خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىشكە توغرا كەلگەنىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇنىياز روزىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ شىركەتنى، ھۆددىگە ئالغۇچىلار قاتارىدا ئۆزىنى تىزىملاتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ شىركەتنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى ئىدى. ئۆزى بىنا قىلغان، ۋۇجۇدقا چىقارغان نەرسىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلىشى، چەيلىۋېتىلىشى ئىنسانىنىڭ قەلبىگە سىغمايتتى. تۇنىياز روزى بۇنىڭغا تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى. بىراق،

ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى. ھازىر ئۇ باشقا بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى. ئۇ بۇ شىركەت ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىدىمۇ؟ ھازىرقى كۈنگە ئاسان ئېرىشتىمۇ؟ يەنە ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۇتقا تاشلارمۇ؟

1996 ـ يىلى تۇنىياز روزى ئاخىرى رىقابەتچىلەرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» نى قوشۇمچە ھۆددىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى بولدى. بىراق، بۇ ئىككى شىركەتنىڭ تەۋەلىك ئورنى باشقا ـ باشقا بولغاچقا، ئۇنى قوشۇۋېتىش ياكى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. ئاخىرى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ پىكرى ھەم ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن تۇنىياز روزى تازا گۈللىنىپ روناق تاپقان 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 1997 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئاتتىن چۈشەي دەپ قالغان «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» گە رەسمىي يۆتكىلىپ چىقتى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، شىركەتنىڭ ئاقسۇ شەھىرى رايونىدىكى بىناكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ئىچىدە باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى كارخانىغا ئايلاندۇرۇپ چىقتى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتنىڭ مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 1 مىليون يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 7 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر شىركەت قاراشلىق 5 بۆلۈم، 3 ئىشخانا، 6 قۇرۇلۇش ئەترىتى، 1 قۇراشتۇرۇش ئەترىتى، پولات قېلىپ زاۋۇتى، بېتون قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، ياغاچچىلىقا ئىش قوشۇش زاۋۇتى، كۈچا تارماق شىركىتى ۋە بىر سودا ـ سانائەت شىركىتى بار. 351 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە 58 كىشى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتى ۋە تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 5 كىشى ئىنژېنېر ئۇنۋانى ئالدى.

1997 ـ يىلى پۈتۈن بىر يىلدا شىركەت 9 مىليون 950 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، ئالدىنى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدى

كىدىن 86.2% ئاشۇرغان بولسا، 1998 ـ يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 17 مىليون 165 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1997 ـ يىلدىكىدىن 72.4% ئاشۇرۇۋەتتى. 1997 ـ يىلى شىركەتنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 542 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 280 مىڭ يۈەنگە يەتكەندى. 1998 ـ يىلى دۆلەتكە تاپشۇرغان باج 777 مىڭ يۈەندىن، ياراتقان ساپ پايدا 300 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىركەت تارىخىدا بىر يېڭى تەرەققىيات سەھىپىسى ئېچىلدى. ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ جاراڭلىق مېلودىيىسى ئەتراپقا تارالدى.

ئىلگىرى، شىركەتنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى چېچىلاڭغۇ بولۇپ، مۇكەممەل بولغان ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمى يوق ئىدى. بەزىلەر يىل بويى ئىشقا كەلمەي، سىرتلاردا ئۆزىنىڭ خالىغان ئىشىنى قىلاتتى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇ شىركەتنىڭ رەسمىي خىزمەتچىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەنىدى. تۇنىياز روزى بۇ ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تەرتىپكە سالدى. ئەمگەك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئەمگەك قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىشقا كەلمىگەن 47 كىشىنىڭ ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلدى. بۇنىڭدىن يەتتىسىنىڭ شىركەتتىكى نامىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئىختىساسلىقلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئومۇم بىلەن شەخسنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى، مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تەڭ قوزغىدى.

شىركەت سۈپەتنى كارخانىنىڭ ھاياتى ھەم تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ قاراپ، سۈپەتنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇپ، سۈپەت ئارقىلىق ئىناۋەت تىكلىدى. سۈپەت ئارقىلىق ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1998 ـ يىلى بۇ شىركەت جەمئىي قوبۇل قىلغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 41 مىڭ 772 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن لاياقەتلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى 22 مىڭ 502 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ شەھەرلىك 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئولتۇراق بىناسى، 2 ـ

ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۇلتۇراق بىناسى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپ-سىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئۇلتۇراق بىناسى قاتارلىق ئۈچ قۇرۇلۇش ۋىلايەت-لىك سۈپەتنى نازارەت قىلىش پونكىتى تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەتلىك قۇ-رۇلۇش» بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ بىلەن «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركى-تى» تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىر يىلدا ئۈچ ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش قى-لىش سەۋىيىسى يارىتىلىشتەك شانلىق مۆجىزە بارلىققا كەلدى.

شىركەت سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سۈپەت باشقۇرۇش ۋە سۈپەتكە نازارەتچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى. رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئوتتۇرا قاتلامدىكى كادىرلارنىڭ ھەربىرىنى بىردىن بىر نەچچىگىچە قۇ-رۇلۇش ئورنىدا نۇقتىلىق تۇرۇشقا ئەۋەتتى. «قۇرۇلۇش قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش ھەم ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچى-لەرنىڭ سۈپەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تەدبىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش يارىتىشتا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ۋە بۆلۈملەرگە مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى كۆپرەك يارى-تىش جاسارىتى ھەم ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە سۈرئىتىدە مەسىلە سادىر قىلغان، شىركەتنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەت-كۈزگەن، ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالغان قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇ-لىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. ئۆتكەن يىل شىر-كەت بىر قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى.ئىككى ئەترەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. باشقا قۇرۇ-لۇش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى تولۇقلاپ ھەم كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنى چېچىلاڭغۇ ھالەتتىن گەۋدى-لەشكەن، مۇنتىزىملاشقان، ئىلغار، مۇكەممەل قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىگە ئۆزگەرتتى. جەمئىيەتتىن زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك، پېشقەدەم تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشقا قويغاندىن سىرت، ئورگاندىكى ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلى-تىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ئۆتكەن يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنىياز روزى «100 كۈن قات-

تىق ئىشلەش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچتە قەدەم كۆتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 100 كۈنلۈك پائالىيەتنى تەشكىللەش، تەشۋىق قىلىش، تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم نەتىجىسىنى باھالاپ باڭ ئېلان قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، 1998 ـ يىللىق تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بىر قاتار ئىلغار، مۇكەممەل قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورناتقاندىن تاشقىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا، تەقسىماتقا، ئىقتىساد باشقۇرۇشقا دائىر قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ يولغا قويدى. چىقىم قىلىشتا پىلان ۋە خىزمەت مىقدارىغا قاراپ چىقىم قىلىش، مەخسۇس مەبلەغنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەت، سۈرئەت، بىخەتەرلىك ۋە مەبلەغ ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئىشلىرىغا قارىتا نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى. بارلىق قۇرۇلۇشنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 100% كە يەتتى. يېقىندا شىركەت تېخنىكا ئىقتىدارى سالاھىيىتىنى 3 ـ دەرىجىگە كۆتۈرۈشنىڭ تۈرلۈك شەرتلىرىنى ھازىرلاپ بولدى.

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۇنى زامانىۋى كارخانىغا ئايلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تۇنىياز روزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى شىركەتكە پاي قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى، نەتىجىدە بۇ شىركەت ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدە تۇنجى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان قۇرۇلۇش شىركىتى بولۇپ قالدى.

بۇ شىركەت 1998 ـ يىل 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 123 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى پاي قوشۇشقا قاتناشتى. جەمئىي قوشۇلغان پاي 1 مىليون 649 مىڭ يۈەنگە

يەتتى. بۇنىڭدىن كارخانا قوشقان پاي 1 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي پايىنىڭ 60.6% نى ئىگىلەيدۇ. قالغان 649 مىڭ يۈەنلىك پايىنى شەخسىلەر قوشتى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بەئەينى ئەخلەتخانىغا ئوخشاپ قالغان «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» دادىل ئىزدىنىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىركەت قىياپىتىدە يېڭى بۇرۇش ياسىدى. 1999 ـ يىلى باھاردا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن، مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يىغىن زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى تۇنىياز روزىمۇ بۇ يىغىندا باشقىلار بىلەن بىرلىكتە سەھنىگە چىقىپ ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن شەھەر دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دېگەن جاھازىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەت شەرەپ بىلەن ئاقسۇدىكى «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» لار قاتارىغا كىردى.

دەرۋەقە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا شىركەتتە «مەدەنىيلىك» دېگەن سۆزدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شىركەتنىڭ كونىراپ كەتكەن ئىشخانا ئۆيلىرىدىن توپا ئۇچۇپ تۇراتتى. شىركەت قورۇسى ئەخلەت ۋە پوق ـ سۈيدۈك ماكانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شىركەتنىڭ خادىملىرى بىز «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» نىڭ خىزمەتچىسى، دېيىشكىمۇ نومۇس قىلاتتى.

شىركەت رەھبىرى تۇنىياز روزى ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ، تەڭ راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشنى تۇتتى. ئاقسۇ شەھىرىنى مەملىكەت دەرىجىلىك پاكىزە شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلىپ، ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك رەھبەرلىك ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم ئاجراتقانىنىڭ سىرتىدا، يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىنىڭ قەدەم ـ باسقۇچى، پائالىيەت مەزمۇنى، كۈرەش نىشانىنى ئەستايىدىل ۋە ئومۇميۈزلۈك پىلانلىدى. شىركەت بويىچە مە-

دەنىيەت ئۆگىنىدىغان، مەدەنىيەتنى سۆيىدىغان، مەدەنىي بولۇشنى تەـ
شەببۇس قىلىدىغان يېڭى، جانلىق سەپەرۋەرلىك دولقۇنىنى قوزغىدى.
مەدەنىيەتلىك ئىشخانا، مەدەنىيەتلىك زاۋۇت، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بەرپا
قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. كۆچەت تىكىپ، گۈل ـ گىـ
ياھ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىپ، شىركەت
قورۇسىدا گۈزەل، چىرايلىق، جىلۋىدار مەنزىرىنى ياراتتى. تۈرلۈك مەـ
دەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىـ
لەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسى، پىلانـ
لىق تۇغۇت تەربىيىسى قاتارلىقلارنى دائىملىق تەربىيە قاتارىدا تۇتۇپ،
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈـ
رۈشتە يېڭى قەدەم تاشلىدى.

تۇنىياز روزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ئولتۇراق شارائىتىـ
نى ياخشىلاش، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ
بىلەن ئەھمىيەت بەردى. ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر كونا، خەتەرلىك،
زەي، قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇراتتى. بەزىلەرنىڭ ئۆيلىرى ھەتتا چارۋا قوتىـ
نىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يورۇق، ئازادە، يېڭى
ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. تۇنىياز
روزى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شەخسىيلەردىن مەبلەغ توپلاش، كەم
قالغان قىسمىنى بانكىدىن قەرز ئېلىش، شىركەت بىر قىسمىنى چىقىرىش
يولى ئارقىلىق، 1997 ـ يىلى 24 ئائىلىلىك، 1998 ـ يىلى يەنە 24 ئائىـ
لىلىك ئولتۇراق بىناسى سالدۇردى. 1999 ـ يىلى بىنا ئۆيدە ئولتۇرۇشـ
قا ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ، يەنە 20
ئائىلىلىك خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سالدۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن زور
بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملار، تايانچلار، زىيالىيلار ۋە پىشقەدەم ئىشچى ـ
خىزمەتچىلەر يېڭى، ئازادە، يورۇشلەشكەن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.
1997 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىركەتنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى ھەيـ
ۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى. شىركەت قورۇسى ئىچىدىكى يوللار، ئىشخانا
بىناسى ئالدىدىكى مەيدانغا سېمونت ياتقۇزۇلدى. گۈللۈك ياسالدى. توپ
مەيدانى، شىركەت دەرۋازىسى، ئاھالىلار رايونى دەرۋازىسى ۋە قۇيمىچىـ

لىق زاۋۇتىنىڭ دەرۋازىسى ياسىلىپ ھەم مۇھتەت گۈزەللەشتۈرۈلدى ھەمدە بىخەتەرلىك قوغداش تەرتىپى ئورنىتىلدى. ۋىلايەتلىك سودا باش شىركىتى ۋە ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەب-بۇس قىلىشى ھەم قوللىشى ئارقىسىدا، 1997 ـ يىلى شىركەت 2 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ، جەمئىي 2 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 100 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شىركەت يېنىدىكى كۆكتات بازىرىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ياسىدى. بۇ بازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ 164.55 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 400 يايما ئورنى، 45 ئېغىزلىق قەۋەت-لىك ئۆي، 29 ئېغىزلىق قەۋەتسىز ئۆي بار. بۇنىڭ بىلەن شىركەت ئال-دىدىكى يول ۋە بازارغا يېڭى تۈس كىرىپلا قالماي، بەلكى شەھەر ئاھال-لىرىنىڭ كۆكتات ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك سېتىۋېلىشىغا قۇلايلىق شارا-ئىت يارىتىلدى ھەمدە شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىغا ئاساس سېلىندى. ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئاممىسى بۇ بازارنىڭ ئۆزگەرتىپ سېلىنغانلىقىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇ-دى.

*　　　*　　　*

1997 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ تۇمانلىق، شىۋىرغانلىق بىر كۈنى ئى-دى. ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. چۈشتىن كېيىن شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى لى گۈيسىڭ تو-يۇقسىز شىركەت قورۇسىدا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كۆ-پۈكچىلەر ئاقتى. كۆزى يۇقىرىغا تارتىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇنىڭ نەپەس ھەرىكىتىمۇ توختاپ قالغاندەك بولۇپ، پۈتۈن بەدى-نى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئەھۋال خەتەرلىك بولغاچقا، ھەممەيلەن پاتى-پاراق بولۇشۇپ كەتتى. بۇ ئىش شۇ زامان قۇرۇلۇش ئورنىدا خىزمەت تەكشۈرۈۋاتقان تۇنىياز روزىغا يەتكۈزۈلدى. تۇنىياز روزى ئەزەلدىن شىركەتنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ئىنتايىن كۆيۈنەتتى. قايسى مىللەت بو-لۇشتىن قەتئىينەزەر قىيىنچىلىق ۋە پېشكەللىككە يولۇققانلارغا باش بو-لۇپ ياردەم قىلاتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرى-غاندەك ئاسرايتتى. يولداشلارغا ئادىل، باراۋەر، قىزغىن مۇئامىلە قىلات-

تى. ئۇنى ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلەيتتى. ئۇ 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى مەزگىلدە سىچۇەندىن ئاقسۇغا ئېقىپ كەلگەن چېن چياۋ ئىسىملىك بىر بالىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. بۇ قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولغاچقا، چېن چياۋ تولىمۇ بىچارە، مىسكىن ھالەتتە تۇنىياز روزىغا تەلمۈرىدۇ. ئۇنىڭ كىيىمى يېلىڭ بولغانلىقى ئۈستىگە، پۇتىدىكى لاتا خەيمۇ تۆشۈك ئىدى. چاچلىرى پاخپىيىپ، قولاقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغانىدى. تۇرنىياز روزى چېن چياۋغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ھېچقانداق يۆلەنچۈكى ۋە چىقىش يولى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، تۇنىياز روزى ئاتىلىق ۋە قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى. ئۇ قايسى مىللەت بولمىسۇن، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەمدە، دەپ ئويلىدى. تۇنىياز روزى چېن چياۋنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاش ـ تاماق بېرىدۇ. يېڭى كىيىملەرنى تىكتۈرۈپ بېرىدۇ. بىر نەچچە ئايغىچىلىك ئۇنى ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش تېپىپ بېرىپ، ئۆز جېنىنى بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن تەسىرلەنگەن چېن چياۋ يىغلاپ تۇرۇپ «تۇنىياز روزى مېنىڭ ئۇيغۇر دادام، ماڭا 2 ـ قېتىم ھاياتلىق بەرگۈچى» دەيدۇ.

لى گۈيسىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇنىياز روزى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ يېقىن سەپدىشىنىڭ ئەھۋالىدىن قايغۇردى. ئۇ دەرھال شىركەتكە قايتىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇ شۇ ھامان باشقىلار بىلەن بىرلىكتە لى گۈيسىڭنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دەسلەپكى دىئاگنوزدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆسمە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا ئېغىر خەۋپ كەلتۈرگەنىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى داۋالىتىش كېرەك. بارلىق چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش كېرەك. لى گۈيسىڭ بالىنىستقا ئېلىندى. تۇنىياز روزى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەخسۇس ئادەم ئاجراتتى. دوختۇرخانا مەسئۇللىرىنى ئىزدەپ، ئەڭ ئىلغار داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. بىر تەرەپتىن

شىركەتنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن لى گۈيسىڭنىڭ ھاياتىنى تېزراق قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇردى. كۈنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتتۈۋەردى. بىراق، لى گۈيسىڭنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. كېسەللىك ئازابى ئۇنى قىينايتتى. ئۆسمە لى گۈيسىڭنىڭ مېڭىسىدە خېلى بۇرۇنلا پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغانىدى. كېسەل بىراقلا قوزغالغاچقا، ئۇ ياتقانسېرى ئېغىرلىشىپ گەپمۇ قىلالماس، ئورنىدىنمۇ تۇرالماس، ھەتتا ئادەملەرنىمۇ تونۇيالماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى ئاستىرتتىن ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قەلبى ھەسرەت ۋە دەرد ـ ئەلەمدە ئۆكۈنمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا بولغان ئۈمىدى يوققا چىقماقتا ئىدى. لېكىن، ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە ھېچكىمنىڭمۇ ئۆلۈم يولىنى تاللىغۇسى كەلمەيدۇ. ئادەم ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرى قالغان چاغدىمۇ ھايات قېلىش، ياشاش ئىستىكىدە تېپىرلايدۇ. ئەزرائىل بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. لى گۈيسىڭمۇ ئەجەل سىرتمىقىدا تەن بەرمەستىن، ئۆلۈم بىلەن كۈچ ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يوشۇرۇنۇپ ياتقان كېسەل بىراقلا پارتلاپ، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى تۇيۇقسىز يىقىتىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى لى گۈيسىڭنىڭ نەپىسى بىلەن تەڭ تۈنجۇقۇپ بارماقتا. ئۇنىڭ خۇنسىز، نۇرسىنى كۆزلىرىدىن ياشاشقا بولغان تەلمۈرۈشى، ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتى. تۈنىياز روزىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. تۈنىياز روزى ئالاقىلىشىش ئارقىلىق لى گۈيسىڭنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىغا يۆتكىدى. يىل ئاخىرى بولغاچقا، شىركەتنىڭ ئىشلىرى چاچتىنمۇ تولا ئىدى. شۇنداقتىمۇ تۈنىياز روزى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، كۈندە بىر قېتىم لى گۈيسىڭنى يوقلاپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە، شىركەت ئەسلىگە كېلىش، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا كېتىۋاتقاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى. ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇندىلىشى ۋە يۈرۈشۈشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس

ئىدى. بىراق، ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش مۇھىم بولغاچقا، شىركەت لى گۇيسىڭنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن، زور مىقداردا پۇل چىقىم قىلىشتىن ئايانمىدى. قانچىلىك پۇل ئېھتىياجلىق بولسا ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەردى. بىر نەچچە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ياخشى بولمىدى. تۇنىياز روزىنىڭ يەنە بېشى قاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇۋېلىش كېرەكمۇ، ياق، مەن بۇ شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى. ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا مەن ئىگە بولۇشۇم كېرەك. بۇمېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. تۇنىياز روزى ئاخىرى لى گۇيسىڭنى ئىچكى جايلاردىكى چوڭ دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىر كۈنى ئۇ دىرېكتورلار يىغىنى چاقىرىپ، «لى گۇيسىڭ شىركىتىمىزنىڭ پېشقەدەم خىزمەتچىسى، ئۇنىڭ ھايات قېلىشى ھەممىمىزگە ياخشى، تۆت ئايدىن كۆپرەك داۋالىنىپ، سالامەتلىكىدە ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش بولمىدى. ھازىرغىچە 30 ـ 40 مىڭ يۈەن چىقىم بولدى. قانچىلىك پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بىز ئۇنى چوڭ دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ياخشى داۋالىتايلى، ئۇنى قەتئىي قۇتقۇزۇپ قالايلى!» دېدى. ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە تويۇنغان بۇ جاراڭلىق، مەردانە سۆزلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بولۇپمۇ شىركەتتىكى خەنزۇ قېرىنداشلار تۇنىياز روزىنىڭ مەردلىكىگە، سەمىمىي، ئالىيجاناب پەزىلىتىگە قايىل بولۇشتى. لى گۇيسىڭنىڭ ئايالى ۋە بالىسى تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆزاققىچە يىغلىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇنىياز روزى شىركەتتىن مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، لى گۇيسىڭنى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاشيەن دوختۇرخانىسىغا يولغا سالدى. قېرىنداشلىق مۇھەببىتى چوڭقۇر رىشتە ھاسىل قىلىپ، تومۇرلاردىن تومۇرلارغا كۆچتى. قەلبلەر بىلەن قەلبلەرنى تۇتاشتۇردى. لى گۇيسىڭ بۇ دوختۇرخانىدا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋالاندى. ئەڭ ئىلغار، ئەڭ زامانىۋى داۋالاش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. مېڭىسى ئوپېراتسىيە قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن شىركەت جەمئىي 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجراتتى. بىراق، داۋالاش كار قىلمىدى. رەھىمسىز كېسەل 52 ياشلىق لى گۇيسىڭنى بۇ ئالەمدىن ئېلىپ كەتتى...
شۇم خەۋەر تېلېفون سىمى ئارقىلىق «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» گە

يەتكۈزۈلدى. تۇنىياز روزى خۇددى يېقىن تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئازابلاندى. يۈرىكى تۈز قۇيغاندەك ئېچىشتى. بىر نەچچە كۈنگىچە لىك خامۇش، بىتاپ يۈردى. لى گۇيسىڭنىڭ جەسەت كۆلى ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇ شىركەتتە ۋەدالىشىش يىغىنى چاقىرىپ، بۇ پېشقەدەم يولداشنىڭ شانلىق ھاياتىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى، يىغىندىن كېيىن ئۇ خەنزۇلار بىلەن بىرلىكتە قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قاتناشتى.

لى گۇيسىك ئالەمدىن ئۆتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىش ئورنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالامەتلىكمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. 10 نەچچە ياشلىق بالىسى مەكتەپتە ئوقۇيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارغا تۇرمۇش پۇلى بېرىش كېرەكمۇ؟ ئەگەر تۇرمۇش پۇلى بېرىشكە توغرا كەلسە 80 ـ 90 يۈەن بىلەنلا چەكلىنەتتى. تۇنىياز روزى يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئانا ـ بالىنىڭ ھەربىرىگە ئايدا 190 يۈەندىن جەمئىي 380 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىش، ئۇلارنى ئۆمۈر بويى شىركەتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئۇنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. لى گۇيسىڭنىڭ ئايالى مىڭ چىياچۈەن ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان بۇ كەڭ قورساق، ئوت يۈرەك كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي، ئېغىزىنى ئۇمەللىگىنىچە تۇرۇپلاپ قالدى. كۆزىدىن ئاققان ياش خۇددى باھار يامغۇرىدەك كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى...

ئۆتكەن يىلى شىركەتتە يەنە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. شىركەتنىڭ بىر خىزمەتچىسى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلىق لاتارىيە بېلەتى تارتىشقا بارغانىدى. توساتتىن ئەتراپتا پوجاڭزا ئېتىلىپ، بالىنىڭ كۆزىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزدى. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنى جىددىي قۇتقۇزمىسا بولمايتتى. لېكىن، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇلى يوق ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇنىياز روزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقاردى. ئۇنىڭ تۇرتكىسى-

دە، پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بەس ـ بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلدى. نەتىجىدە 1 ـ 2 كۈن ئىچىدىلا 1500 يۈەن يىغىلىپ، بالىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى ھەل قىلىنىدى ھەمدە كۆزىنىمۇ ۋاقتىدا ساقايتىۋېلىندى.

ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت، ئۆزلۈكسىز مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. ئادەمگە مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت بېغىشلايدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى كىچىك ـ كىچىك ئىشلاردىن تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز مېھىر ـ مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ. تۇنىياز روزىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدىكى بۇ خىل ئالىيجاناب روھى كىشلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قاتلىمىدا ھەقىقىي مۇھەببەت، چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى پەيد قىلدى.

سېخىي ئادەم ئۆزىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ ئويلايدۇ. ھالال ئەجرى بىلەن پۇل تاپقانلار دۆلەت ۋە خەلققە شەپقەت، مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئالدىرايدۇ. باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. تۇنىياز روزى 2 ـ قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» نىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇ مەزگىلدە ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كەم ئۇسكۈنىلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىغا 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5000 يۈەن ۋ 8000 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» گە چىققاندىن كېيىن بۇ ئەنئەنىنى تېخىمۇ بەك جارى قىلدۇردى. شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئاياللار تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللاپ ۋە قوزغاپ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، نامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئاكتىپ، ئىزچىل ئېلىپ باردى. 1997 ـ يىلى شىركەتنىڭ تۈرلۈك ساھە، تۈرلۈك ئىشلارغا ئىئانە قىلغان پۇلى 13 مىڭ يۈەن-

گە، 1998 ـ يىلى 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە 1000 يۈەن، 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە 1000 يۈەن ياردەم قىلدى. ئۇ شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كىرەلىسە 300 يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئىزباسارلارنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىلھام بەردى.

جاپالىق ئەجىر ئاخىرى «شىنخۇا قۇرۇلۇش شىركىتى» نى شان ـ شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقتى. 1998 ـ يىلى شىركەت ۋىلايەت ۋە ئاقسۇ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن «بىخەتەر مەدەنىي كىچىك رايونى»، «تازىلىقتا پاكىز ئورۇن»، «توختامغا ئەمەل قىلىپ، ۋەدىسىدە تۇرغان كارخانا»، «توختامغا ئەمەل قىلىدىغان ئىشەنچلىك كارخانا»، «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىكى ئىلغار ئورۇن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىدىكى قوش نەمۇنە ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى. ۋىلايەتلىك سودا باش شىركىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى يىل «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. 1998 ـ يىلى ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە ۋەكىللەر بۇ شىركەتكە كېلىپ، شىركەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ۋە ئاققۇنلار نوپۇسىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى.

ۋاقىت گويا ئاتقان ئوق. ئاققان سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇنى قەدىرلىمىسەڭ، چىڭ تۇتمىساڭ ئۇ گويا تاڭ ئالدىدىكى غۇر ـ غۇر شامالدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. يىللار تۇنىياز روزىنىڭ چاچلىرىغا ئاق، پېشانىسىگە روشەن قورۇقلارنى ھەدىيە قىلدى. يېشى 50 تىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى ۋە سۆزىدىن يەنىلا ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ نۇرى بالقىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدىدىن ياشلىغا خاس قىزغىنلىق، چەبدەسلىك ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇچقۇر شامال ئۇنىڭ نامىنى يىراق ـ يېقىنغا ئېلىپ كەتتى.

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنىياز روزى شەرەپ بىلەن پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ، «خەلق سارىيى» دا ئۆتكۈزۈلگەن مەملى-

كەتلىك 3 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلار ئىقتىسادىي مەس-لىھەتچىلىك خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى ھەم رەس-مىي مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ تۈردە مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇر بىناكارلىق كارخانى-چىسى بولۇپ قالدى.

— بىز قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىش كۈتۈپ تۇرماقتا. 2000 ـ يىلى ئىچىدە شىركەتنى ۋىلايەت دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدۇق. ھازىر بۇ جەھەتتىكى شەرتلەرنى ھازىرلاۋاتىمىز، ئۈزلۈكسىز تىرىشساقلا بۇ ئىشتا ئۈمىد زور،— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە ئىشخانىسىدىكى دىئاگراممىغا قاراپ قويدى. دىئاگراممىدا قۇرۇلۇش سانى، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى.

— 1999 ـ يىلدىكى نەتىجىلەرمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. شىر-كەت بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 962 مىڭ 92 يۈ-ەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليون 797 مىڭ 60 يۈەن ئاش-تى. ئېشىش نىسبىتى 16.3% بولدى. دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان پايدا ـ باج 1 مىليون 394 مىڭ 947 يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 59.76% كۆپەيدى. ساپ پايدا 320 مىڭ 595 يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 22 مىڭ 26 يۈەن ئاشتى. ئەلا قۇرۇلۇش يارىتىشتا يەنە ئىلگىرىلەش بولدى.

ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— بىز زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇ يىل 10 ـ ئايدىن بۇرۇن شىركەتنىڭ نامىنى «چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» گە ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، 2001 ـ يىل 1ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويماقچىمىز، شىركەت ئىچىدە 400 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە 2 قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال بىنا سېلىپ، ماشىنا قويۇش ئۆيى، پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پائالىيەت ئۆيى، ياشلار مەدەنىيەت ئۆيى ۋە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ياتاق مە-سىلىسىنى ھەل قىلىمىز. كۆكتات بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۇخۇ

ئۆلتۈرىدىغان خەتەرلىك ئۆيلەرنى چېقىپ، يېڭى ئۆيلەرنى سالىمىز،— دېدى ئۇ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن. ئۇنىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى غايىسى ۋە ئىرادىسى كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلاتتى. ھەربىر سۆزىنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر مەنە، جاپالىق ئەمگەك، قان ـ تەر يۇرۇقى يوشۇرۇنغان. شۇنىڭدەك، كېچىنى كۈندۈزگە، ئاينى يەسلىگە، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەشتەك سۇلماس ئىرادە، سۇلماس ئەقىدە يوشۇرۇنغاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىش لازىم. بۇ مەندىكى تەجرىبە شۇنداقلا مېنىڭ ياشاش لوگىكام...

مەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىناكارلىق كەسپىگە مۇھەببەت باغلىغان بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالدىم ۋە چىن، ھەقىقىي، گۈزەل قەلب ئىگىسى چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بىر پەستىن كېيىن مەن قەلەمنى توختىتىپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدىم.

— 30 نەچچە يىل مۇشۇ كەسىپتە ئىشلەپ تالاي جاپالارنى تارتىپلا، نۇرغۇن نەتىجىلەرنىمۇ قازىنىپلا، ئەمدىلىكتە باشقا ئورۇندا ئىشلەش ئارزۇلىرىمۇ باردۇ ھەقاچان؟

— ياق، ياق،— دېدى ئۇ كەسكىن رەۋىشتە،— ئەمدى نەگىمۇ بارارمەن، ئۇكام. مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇ كەسىپتە ئىشلەپتىمەن، نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، تامچىلىق مېنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىم،— تۇنىياز روزى بىردەم خىيالغا پاتقاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ يەنە گەپ باشلىدى،— ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تاللىشى بولىدۇ. تامچىلىق مېنىڭ تاللىشىم. چۈنكى، مەن بۇ كەسىپنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولدۇم. خۇشاللىقىنىمۇ، شان ـ شەرەپنىمۇ تامچىلىقتىن تاپتىم. ئۇنىڭ قوينىدا تاۋلىنىپ چىقتىم. ئۇنىڭغا بولغان رىشتىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېچنەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ...

ئىشخانىنى ئىمتاسلىق قاپلىدى. تۇنىياز روزىنىڭ ھەربىر سۆزىدىن ھاياتىنىڭ بىر قايناق، جەزبىدار مەنىلىرى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ گې-

لىنى قىرىپ قويدى ـ دە، بىر دەملىك ئويلىنىشتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:
— تەشكىلمۇ ئىشلىگەن ئادەمنى بايقايدىكەن. يېقىندا، تەشكىل يەنە مېنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، لېكىن مەن بۇنىڭغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. مېنىڭ يەنىلا مۇشۇ سەپتە ئۆز رولۇمنى جارى قىلدۇرغىنىم تۈزۈككەن. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەم ئۆزى قىزىققان، ئۆزى سۆيگەن ئىشنى قىلسا ئۆز رولىنى، ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىكەن، نەتىجىمۇ قازىنالايدىكەن، ھاياتمۇ كىشىگە بەكرەك مەنىلىك تۇيۇلىدىكەن. شۇڭا مەن ئەمدى ھېچيەرگە بارمايمەن. پېنسىيىگە چىققۇچىلىك، بەلكى ئاخىرقى ئۆمرۈمگىچىلىك مۇشۇ كەسىپتە ئىشلەش ئارزۇيۇم بار. بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇنداقلا بىر دىنبىر تاللىشىم شۇنداقلا مەڭگۈلۈك تاللىشىم!
ئىشخانىنى يەنە تىمتاسلىق قاپلىدى. ئۇنىڭ ئاددىي، ئەمما بىر چىن ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي، سەمىمىي، گۈزەل قەلبىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بۇ جاراڭلىق، مەردانە سۆزلىرى قولىقىمنىڭ تۈۋىدىن ئۇزاققىچە يىراق كەتمىدى.

1999 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئاقسۇ

# يولدا قالغان ياشلىق

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

ياشلىق ئانا باغرىنى يېرىپ، زېمىنغا تۆرەلگەن ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك، تولىمۇ زىلۋا، تولىمۇ ئۇز دەۋردۇر. ياشلىق نۇرلىرى شۇنداق قۇدرەتلىككى، بىر ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق تەقدىرى ئۇنىڭ ياشلىقى تارقاتقان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغىلى بولمىغاندەك، ياشلىقنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، بىخ سۈرۈپ كۆكلەۋاتقان ئىنتىلىشلىرىنى، ئوت بولۇپ ھارارەت چېچىلىۋاتقان ئۇچقۇنلىرىنى توسۇۋالغىلى، يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بەلكى، بۇ ئىستەك، بۇ ئىنتىلىش، بۇ ئۇچقۇن بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ھاياتلىققا يېڭى بىر مەنە، ئۆزگىچە بىر تۈس بېرىدۇ. ھەرقانداق ئىنسان ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ گۈزەل ياشلىق باھارىنى تەر تۆكۈش، ئىزدىنىش، ئىنتىلىش كەيپىياتىغا چۆمدۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق ئۆتكەن ياشلىق قۇياشتىنمۇ نۇرلۇق، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، ئەتىرگۈلدىنمۇ گۈزەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆتكەن ياشلىق بولسا جىنايەت، نەپرەت ۋە ئىس - تۈتەكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئېرىقتىكى لاي سۇدىنمۇ قەدىرسىز، قارا بوراندىنمۇ قورقۇنچلۇق، تۇرمە ھاياتىدىنمۇ مەنىسىز بولىدۇ. بۇ زېمىن ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ۋە تەڭداشسىز ئادەم كىرىزىسلىكى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆزى بىھۇدە يوق بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇنداق ئىنسانىنى زېمىنمۇ مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانلار قايسى خىل ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىشى كېرەك؟

## ساداقەت

— ھە دېسىلا ئايلاپ - ئايلاپ سىرتتا يۈرۈيسىز، بالا، ئۆي دېگەننى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ قويمايدىغان قانداق ئەرسىز، سىزمۇ باشقىلاردەك ئىدارىدە تۇرۇپ ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ؟— ھۆرنىسا يەنە سەپەر تەرەددۇتى قىلىۋاتقان ئېرى ئەخمەتكە كايىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدە ياش لىغىرلايتتى. ھاردۇق يەتكەن بۇغدايئۆڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تېخى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يەڭگەندى.

— ئىككى بالىنىڭ قانداق چوڭ بولغىنىنىمۇ بىلمەيسىز، مانا، ئۇ چىنچىسىگە قورساق كۆتۈرۈپ نېمىلەرنى كۆرمىدىم، ھەر ھالدا بۇمۇ سالامەت تۇغۇلدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا يەنە كەتسىڭىز،— ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئاۋازى تىتراپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ئەخمەت ئايلاپ - ئايلاپ مال ئېلىش كويىدا سىرتلاردا يۈرەتتى. بىردەم ئۈرۈمچىگە ماڭسا، بىر دەم قەشقەرگە كېتىپ قالاتتى. بىردەم گۇاڭجۇ بىلەن ئالاقىلاشسا، بىر دەم بېيجىڭدىكى سودا ئورۇنلىرى بىلەن سۆزلىشەتتى. بىر ئاينىڭ بەش كۈنى ئاقسۇدا ئۆتسە، قالغان 25 كۈنى سىرتلاردا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ 1988 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى مىللىي بۇيۇملار سودا بىناسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ھەم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن 200 دەك ئورۇن بىلەن سودا مۇناسىۋىتى، ئالاقە لىنىيىسى ئورناتتى. چۈنكى ئەخمەت 4200 كۋادرات مېتىر تىجارەت كۆلىمىگە ئىگە مىللىي بۇيۇملار سودا بىناسىنىڭ پۈتۈن مال مەنبەلىرىنى كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم جاپالىق خىزمەتكە مەسئۇل ئىدى. شىللىسىنى بېسىپ تۇرغان بۇ خىل مەسئۇلىيەت ئۇنى دائىم سىرتلارغا بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇ، بۇ قېتىممۇ ئايالى تۇغۇشقا ئالتە كۈن قالغاندا ئۈرۈمچىدىن ئون نەچچە توننا مال يۆتكەپ كەلگەن. ئايالى تۇغۇپ 8 - كۈنى يەنە ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا تەييارلانغانىدى. ئۇ ماگىزىندا دىرېكتور

بولغىنى بىلەن، ئۆز ئائىلىسىدە بىر ئەر ھەم دادا ـ دە، ئايالى تۇغۇپ ياتـ
سا، ئۇنىڭ يەنە سەپەرگە چىقمەن دېگىنى نېمىسى؟ بۇنىڭغا قانداق ئەر ـ
نىڭ، قانداق دادىنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ؟!

ـــ قانداق قىلىمەن، خوتۇن، چىشىڭنى چىشلەپ تۇرۇۋاتقىنىڭنى مەنمۇ بىلىمەن، يەنە چىدىغىن، ئۇرۇمچىدە ئۇقۇشۇپ قويغان مال بار ئىدى. ئۆزۈم بارمىسام بولمايدۇ،ـــ ئەخمەت كىيىملىرى قاچىلانغان كىچىك چامادانىنى ساپا ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ قوش كىشلىك كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى ھەمدە ئايالىنى بەزلەشكە باشلىدى:

ـــ ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغىنىمنى ئوبىلسام ئىنتايىن خىجىلمەن، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى شۇنداق بولۇپ قالدى. ئەمدى...ـــ تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى.

ـــ دادا، دادا، يەنە كېتەمسىز، يەنە ئۇرۇمچىگە بارامسىز؟ـــ ئۇنىڭ ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن قىزى گۈلمىرە ئىسسىق يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. دادا قىزىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيدى. بالا تېخىمۇ چىرماشتى. دادا بىلەن بالىنىڭ مەھكەم قۇچاقلاشقانلىقىنى كۆرگەن ھۆرنىسا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ يىغىسىغا قىيماسلىق، سېغىنىش شۇنداقلا پەخىرلىنىش ھېسسىياتى سىڭگەن ئىدى. ئۇ ئېغىزىدا باتناپ ئۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئەخمەتتىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنى قوللايتتى، شۇڭا، ئەخمەت بىلەن توي قىلغان سەككىز يىلدىن بۇيان، ئائىلىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىپ كەلدى. ھەتتا كۆمۈرنىمۇ ئۆزى چۆشۈردى، ئىككى بالىنى بېقىپ چوڭ قىلدى. كۈندۈزلىرى سەككىز سائەت قارا دوسكا ئالدىدا كاپشىپ سۆزلىگەننى ئاز دەپ، ئاخشاملىرى بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، بىر ۋاقىتقىچىلىك دەرس تەييارلايتتى، تاپشۇرۇق تەكشۈرەتتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئېغىرچىلىق تۇيۇلمايتتى. ئەخمەت تىنكەندەك يالغۇز بالا بولغاچقا، ئۇ ۋە ئەخمەتنىڭ ئاپىسى بىردەممۇ خاتىرجەم بولالمايتتى. ئۇنىڭ بىرەر خىيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن، ئومۇمنىڭ پۇلىنى خەجلەپ كېتىشىدىن يا ـ

كى يامان يولغا كىرىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. لېكىن، ئەخمەت بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا ئىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەرھۇم دادىسىنىڭ دائىم دەيدىغان: «ئوغلۇم، ھۆرمەتلىك بولىمەن دې-سەڭ كاللاڭنى ئىشلەت. ئومۇمنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ خەجلەپ كەتمە. كەمتەر بولۇپ، پاك ياشىغىن» دېگەن گېپى جاراڭلايتتى. شۇڭا ئۇ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان 10 نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنى قار-دىنمۇ ئاق، قاشتېشىدىنمۇ سۈزۈك تۇتۇپ كەلدى.

## ئاھ، تۈگىمەس يوللار

1990 ـ يىلىنىڭ ئالتۇن رەڭگە كىرگەن كۈز ئايلىرى، ئەخمەت بۇ قېتىم تولىمۇ بىتاقەت بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن كۈنىنى مۇنداق بىكار ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، بەل باغلاپ ماڭغان ھەر قانداق ئىشىدا ئۈنۈمگە ئې-رىشمەي قالمىغان ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتى. لېكىن، بۇ مەزگىللەردە ئۈرۈمچى بازارلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ۋېلسىپىت «قەھەتچىلىكى» يۈز بەرگەن بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك سودا سارايلىرىدا بىرمۇ ۋېلسىپىتنى كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولمايتتى. شۇ يىل ئاپتونوم رايون شىنجاڭدا ئىشلىگەن 36 خىل مەھسۇلاتنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋېلسىپىتمۇ بار ئىدى. شىنجاڭدا ئىش-لەنگەن ۋېلسىپىتلار ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ئاقسۇدىكى ۋېلسى-پىت «خۇمارلىرى» نىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. بۇ خىل جىد-دىي ۋەزىيەتكە كۆز يۇگۈرتكەن ئەخمەت تېخى ساقايمىغان پۇتىنى سۆ-رەپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى (ئۇنىڭ پۇتى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر ساتىراشلىق ئورۇندۇقنى ماگىزىنغا يۆتكەۋاتقاندا، ئورۇندۇقنىڭ يۇ-مىلاق پۇتى چۈشۈپ كېتىپ ئېغىر زەخىملەنگەن. دوختۇر ئۇنى ئاز دې-گەندە بىر ئاي دەم ئېلىشقا بۇيرۇغان. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىغان ئى-دى). مانا ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى. ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئۇ ئاخىرى تىت ـ تىتلىق ئىچىدە ئەھۋالنى شىركەت-كە مەلۇم قىلدى.

— بولمىسا ئاۋارە بولماي قايتىپ كېلىڭ. كېيىنچە بىر گەپ بولار، — شىركەت مەسئۇلى لىيۇ رۇيچى بىلەن سودا بىناسىنىڭ دىرېكتورى يۇ گۈيىڭ ئەخمەتنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىپ ئۇرغان تېلېفونىغا جاۋابەن شۇنداق دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ چىرايى توساتتىن قىزىرىپ، قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

نېمە دەپ قۇرۇق قول قايتىدىكەنمەن؟ ھەي، مەن ئەخمەت باشقا جايلار (باشقا ۋىلايەتلەرنى دېمەكچى) بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرمەي تۇرۇپلا ئەھۋالنى نېمىشقا ئالدىراپ مەلۇم قىلىپ قويدۇم... يولدا كېتىۋاتقاچ ئەخمەتنىڭ قارارىدا يەنە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى مەھكەم تۈرۈلگەن، قەدەم ئېلىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. كاللىسىنى چىرمىۋالغان ئېغىر خىيال تۈپەيلىدىن، پۇتىنىڭ ئاغرىقىنى، ھەتتا ئۆزى كېتىۋاتقان يولنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ئىدى. ئۇ ھېچقاچان مال يۆتكىگىلى كېلىپ، قۇرۇق قول قايتىپ باققان ئەمەس. ھەر قانداق قىيىن شارائىتتا، ئەڭ قىس ماللارنىمۇ ئامبۇردەك يۇلۇپ ئالالايتتى. 1989 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاقسۇدا توساتتىن قەنت قىسلىشىپ كەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ پوكەيلىرىدە چاقماق قەنتنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇچۇر ئىگىلەش ئارقىلىق، قۇمۇلدا بېسىلىپ قالغان نۇرغۇن قەنتنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى ھەمدە كېچىلەپ يولغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا 10 نەچچە توننا قەنت سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئاقسۇغا يولغا سېلىۋەتتى. شۇ كۈن كەچتە ئاستا سۈرئەتلىك پويىزدا 11 يېرىم سائەت ئۆرە تۇرۇپ، تاڭ ئاتقاندا قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى ھەمدە دەممۇ ئالماي، يېڭىدىن بازارغا كىرگەن ھەرخىل تاۋاردىن 80 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ شۇ كۈنى ئاقسۇغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش ماھارىتى كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى ئاشۇرۇۋەتكەن... ئەخمەت ئېسىنى يىغدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، دېرىزە روجىكىدىن سىرتقا كۆز يۈگۈرتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قانات ياساپ كۆككە پەرۋاز قىلىپ ئۇچقۇسى، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا

ھەممە يەرنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى يۇلۇپ ئېلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ دەسلەپكى قارارىغا ئاساسەن، باشقا جايلار بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرمەكچى بولدى.

ـــ ھە... راست مەن خوتەن، ياق بىزدىمۇ ۋېلسىپىت يوق، كەچۈرىسىز.

ـــ قاراڭ سىزنى، غۇلجىدا ھازىر بىرنەچچە يۈز كىشى ئالدىن تىزىملىتىپ قويىدى. ئۆزىمىزگىمۇ ئامال يوق...

جەنۇب ۋە شىمالنىڭ تېلېفون لىنىيىسىدىن ياڭرىغان بۇ جاۋابلار ئەخمەتنىڭ ئىشەنچىسى، ئۈمىدىدىن غالىب كەلمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. ئۇ ئەمدى قوي تېرىسىگە چاپلاشقان سالجىدەك مەھكەم ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئالاقە ئورناتقان بارلىق جايلارغا بىر ـ بىرلەپ تېلېفون ئۇردى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، ئاخىرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بەش خىل مېتال شىركىتىدىن كەلگەن ئۇچۇر ئۇنى خېلىلا خۇشال قىلدى.

ـــ پات ئارىدا ئازراق ۋېلسىپىت كىرگۈزمەكچى، ھەپتىنىڭ 4 ـ كۈنى بىز بىلەن يەنە بىر ئالاقىلىشىپ باقارسىز.

* * *

مانا، ئۇنىڭ قۇمۇلغا كەلگىنىگىمۇ 10 نەچچە كۈن بولدى. لېكىن، ۋېلسىپىت تېخىچە يېتىپ كەلمىگەنىدى. تەققەززالىق ۋە تىت ـ تىتلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن مىنۇتلار يەنە باشلاندى. ئۇنىڭ پۇلى تۈگەپ، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتتى.

ـــ ئاداش، ماڭا ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرمساڭ بولمىدى، ـــ ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئەخمەت ئامالسىزلىقتىن ساۋاقدىشى ئابدۇلتىپنى ئىزدەپ باردى. موھتاجلىق ۋە خىجالەتچىلىك تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ يېنىپ، قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى.

ـــ ھە... ئە، ھېچكىمگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان نوچى، بۈگۈن ئەجەب ماڭا ئېھتىياجىڭلار چۈشۈپ قاپتىغۇ، ـــ ئەخمەتنىڭ «بىچارە» ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇلتىپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى. بۇ ئىككىيلەن 1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچىلىك شىنجاڭ

سودا مەكتىپىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش سىنىپىدا بىللە ئوقۇغان. بۇ مەز-
گىللەردە ئەخمەت تىرىشچانلىقى، چىقىشقاقلىقى، زېرەكلىكى بىلەن ھېچ-
كىمگە گەپ بەرمەيتتى. ئۇ ھەر يىلى «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مۇ-
نەۋۋەر سىنىپ باشلىقى» بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، شەرەپ بىلەن
كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەنىدى... بۇ ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسى ئابدۇلتىپقا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئەخمەت بۇ قېتىم قۇمۇلغا
كېلىشتىن بۇرۇن ھېلىقى گەپ بويىچە ھەپتىنىڭ 4 ـ كۈنى بۇ يەرگە
بىر قېتىم تېلېفون ئۇرغان، ئۇلار ئەخمەتنى كېلىشكە تەكلىپ قىلغان.
ئەخمەت شۇ زامان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماڭىدىغان پويىزنىڭ بې-
لىتىنى سېتىۋېلىپ، مېڭىشقا تەمشەلگەندە، قېرىشقاندەك تۇرلۇك ماللار
شىركىتىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق مال سېتىۋالغۇچىسى جىڭ شۈيىنى
تاپالمىدى. ئۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن 1200 يۈەن پۇل ۋە كېيىم ـ كې-
چەكلىرى سېلىنغان سومكىنى ئۇنىڭغا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەنىدى. پو-
يىزنىڭ مېڭىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ھېچ يەردىن تېپىل-
مىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مېڭىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش كېرەك-
مۇ؟ ئەخمەت ئىككىلىنىپ قالدى. ياق، ئۇ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت قاتىراپ
بۇ پۇرسەتكە ئېرىشكەن تۇرسا، ئەمدى جىڭ شۈينى باھانە قىلىپ،
پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ئۇنىڭ كۆڭلى قانداق ئۇنىسۇن!؟
قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئەخمەت سوپۇن، چىش چوتكىسى ۋە لۆڭگە
سېلىنغان كىچىك بوخچىسىنى كۆتۈرۈپ، يېنىدىكى بىر نەچچە 10 يۈەن
بىلەن قۇمۇلغا كەلگەنىدى. ئۇ ساۋاقدىشى بەرگەن 100 يۈەن بىلەن يە-
نە بىر نەچچە كۈن تۇرمۇشىنى قامىدى. ۋېلسىپىتمۇ يېتىپ كەلدى. لې-
كىن، ۋېلسىپىت سېتىۋالىدىغان يالغۇز ئەخمەتلا ئەمەس ئىدى. بۇ خىل
جىددىي قۇيۇندىن چۆچۈگەن ساھىبخانا ۋېلسىپىتلارنى تەقسىم قىلىشنى
قارار قىلدى. چوڭ تەقسىماتتا ئەخمەتكە ئاران 35 ساندۇق ۋېلسىپىت
تەگدى. بىر ماشىنىمۇ كەلمەيدىغان بۇ ۋېلسىپىتنى ئاقسۇغا نېمە دەپ ئا-
پارغۇلۇق. شۇنچە ئۇزۇن ساقلاپ، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى ئاران شۇ بولدى-
مۇ؟ يانۋارنىڭ ئاچچىق سوغۇقى بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە
ساقلىدى، ئەمدى ۋېلسىپىت سېتىۋالغۇچىلار بىر ـ بىردىن قىزغىد-

نىپ، ئەتىدىن كەچكىچە ۋوگزالدا كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئەگەر بىرەر پو-يىزدىن مال چۈشۈرۈۋاتقانلىقنى كۆرۈپ قالسا ھەممىسى خۇددى ئادەم-گە تاشلانغان چىلبۆرىدەك پويىزغا قاراپ ئېتىلاتتى. مانا ئۇنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا 35 كۈن بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالى ۋېلسىپىتقا مەر-كەزلەشكەن، يۈرۈكى سودا ئىشقىدا كۆيۈۋاتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ بىچارە ئاپىسى، جاپاكەش ئايالى، ئوماق بالىلىرى ئۇنىڭ يولىغا قاراشلىق، ئۇلار بىر ئايغىچىلىك ئىز ـ دېرىكىنى بەرمىگەن ئەخمەتتىن ئەنسىرەپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەنىدى.

— ئەخمەتتىن خەۋەر كەلدىمۇ، ئۇ ھازىر نەدە، ئۇ تىرىكمۇ؟— ئۇ-نىڭ ئاپىسى بىلەن ئايالى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ماگىزىن مەسئۇلى لاۋ يۈنى يەنە ئىزدەپ كەلدى. لېكىن، ئەخمەت ھازىرغىچىلىك شىركەت ياكى ماگىزىنغا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرمىگەنلىكتىن، لاۋ يۈمۇ ئېنىقراق بىر نەرسە دېيەلمە-دى. پەقەتلا ئۇ:

— ئۇنىڭدىن بىزگىمۇ خەۋەر كەلمىدى. بەلكى، باشقا جايلارغا مال ئۇقۇشقىلى كېتىپ قالغاندۇ، سىلەر بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭلار،— دېيە-لىدى. ۋۇجۇدىنى قايغۇرۇش، ئەنسىرەش، ئەندىشە ۋەھىمىسى چۇلغىۋال-غان ئانا ـ بالا ئامالسىز قايتىپ كېتىشتى.

ئارىدىن 40 كۈن ئۆتكەندە، ئەخمەت خۇددى غايىبتىن چۈشكەن-دەك، 30 تونىنا ۋېلسىپىت بېسىلغان بىر نەچچە ماشىنىنى باشلاپ ئاقسۇ-غا قايتىپ كەلدى. بۇ ئىش ھەممەيلەننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئوغلىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئەخمەتنىڭ قۇمۇلدىكى كۈنلىرى— چىدام بىلەن ئۆتكەزگەن ئاشۇ ئېغىر كۈنلەر، پۇتىنىڭ ئاغرىقى، ۋوگزالدا ئۆتكەن كېچىلەر، پىيادە باسقان يوللار، ئاچلىق، غېرىبلىق... ئاخىرى مېۋە بەر-گەنىدى. ۋېلسىپىت ماگىزىنغا سېلىنغاندا، سودا بىناسى باشقىچە ئاۋات-لىشىپ كەتتى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئەخمەت ئاپىسىنىڭ، ئايالىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇن، چاغانلىك مال يۆتكەش ئۈچۈن يەنە قارا ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭدى...

## خاتىمە

ھايات چەكلىك بولغىنى بىلەن، سۆيگۈ چەكسىز، ياشلىق سۆيگۈسى تېخىمۇ چەكسىز، تېخىمۇ ياڭقۇنلۇق بولىدۇ. ئەخمەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىق سۆيگۈسى ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتىگە بەرگەن ئۆزگىچە تۈسى بىلەن بۇ نۇقتىنى قايتا دەلىللەپ بەردى. ئۇنىڭ يول ئۈستىدە، دالىلاردا، مال ئارىسىدا قالغان ئەڭ نەۋقىران، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ئۆزگىچە خۇش پۇراق چاچتى. يېقىنقى ئۈچ يىرىم يىل ئىچىدە ئۇنىڭ باسقان مۇساپىسى ئاز دېگەندە 100 مىڭ كىلومېتىردىن، كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 16 مىليون يۈەندىن، تاۋار تۈرى 12 مىڭ خىلدىن ئاشتى. ئايلىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن، باج، پايدىسى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقان بۇ سودا بىناسى شىنجاڭدىكى مىللىيچە تاۋار تۈرى ئەڭ كۆپ، دائىرىسى ئەڭ چوڭ سودا ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شىركەت بويىچە يولغا قويۇلغان «ئالتۇن ئات»، «كۈمۈش ئات»، «مىس ئات» مۇسابىقىسىدە بۇ ئورۇن ھەر يىلى «ئالتۇن ئات» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن تاشقىرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا سىستېمىسى بويىچە پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى «ئىلغار ئورۇن»، «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» لار قاتارىدا كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئەخمەت پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سودا سىستېمىسىدىكى «قوش» نەمۇنىچى، ئۈزۈن سەپەر زەربىدارىغا ئايلاندى. ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ 20 قېتىم شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ھەر قېتىم خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ ھاياتقا، ئۆز كەسپىگە، كەلگۈسىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ چاغدا ھايات ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا، قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئارزۇ ـ ئارمانلارنى بالدۇرراق چېچەك ئاچقۇزۇشقا ئالدىرىتاتتى.

1992 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

# ئۆرۈك يۇرتىغا رىشتە

**كىشىلىك ھاياتنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ھەرگىز مەغلۇب بولـ غۇچى بولمايدۇ.**

ـــ خىدىرو

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالى چېتىگە جايلاشقان كەلپىن ناھىيىسى كىچىك ھەم نامرات ناھىيە بولۇپ، نامراتلىقتا داڭق چىقارغان. كەلپىن خەلقى ئۆزىنىڭ بۇنداق نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچارلىقى، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1986 ـ يىلىغا قەدەر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناچار بولۇپ كەلگەن، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يار ـ يۆلەك بولۇش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. ئىلگىرى بەزى كىشىلەر: «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، سۈيى قىس، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، دېھقانلار مەڭگۈ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، ھېچكىممۇ كەلپىننىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ...» دەپ ئېيتىشقانىدى. ئەمەلىيەتتە قىسقىغىنا بىر نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىسىدا، كەلپىن خەلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئالدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ سانائەت ـ قاتناش ۋە باشقا ساھەلىرى يۈكسەلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە %95.5 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تۇنجى قېتىم يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە 7 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇۋاھنامىسى» غا ئېرىشتى.

قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا «نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ» دەپ قارالغان بۇ نامرات ناھىيىدە قانداق قىلىپ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان بۇنداق ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى؟

كەلپىنلىكلەر بۇ ھەقتە توختالغاندا: «بۇ نەتىجە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چيەننەننىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىشلىگەن خىزمىتىدىن ئايرىلمايدۇ» دېيىشىدۇ.

ھايات بىر خىل جازا ۋە سىناق. 1987 ـ يىلى 39 ياشلىق لى چيەننەن كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەندە، مۇرەككەپ ھەم جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەم بولۇش، ئىگىلىكنىڭ يۇكسەلمەسلىكى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ نامرات بولۇشى... قاتارلىق باش قاتۇرىدىغان نۇرغۇن ئىش ئۇنىڭ بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئېغىر چىگىش ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالارمۇ؟

بەزى كىشىلەر ئۇنى: «بەك ياش ئىكەن. باشقۇرالىشى ناتايىن» دېسە، يەنە بەزى كىشىلەر: «ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: «ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىيەتنى كۆرەيلى» دېيىشتى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلار ھېلىقىدەك مۇلاھىزە قىلىشقان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىدى. لى چيەننەننىڭ رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ بەردى.

1966 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن لى چيەننەن قارىماققا پىششىپ يېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە باشقۇرۇش ئىلمىنى بىلەتتى. ئۇزاق مەزگىل ئاساسىي قاتلامدا رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە ئىدى.

ئادەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۇ خىزمەتكە چۈشكەن كۈندىن تارتىپ، بىر تەرەپتىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى ۋە كادىرلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالماشتۇرسا، يەنە

بىر تەرەپتىن، يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ناھايىتى تېزلا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋالىغا قارىتا «كەلپىننى گۈللەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئالدى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى تۇتۇش كېرەك» دەپ قارىدى. رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، لى چيەنەن دائىم ھەيئەتلەر بىلەن كەڭ دائىرىدە سىردىشىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش، «كونا خامانىنى سورىماسلىق» قا قايىل قىلدى. دائىمىي ھەيئەتلەر ئارىسىدا ئىككى خىل تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دائىمىي ھەيئەتلەرنى پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئەستە تۇتۇپ ۋە پارتىيىگە كىرىش قەسىمىنى يېڭىۋاشتىن قەتئىيلەشتۈرۈشكە، گۇرۇھۋازلىق، مەزھەپچىلىك، مەھەللىۋازلىق قىلىش قاتارلىق خاتا ئىدىيىلەرنى تۈگىتىشكە يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى نامرات ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى قوزغاپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىسىنى ناھىيىنى، خەلقنى بېيىتىش پىلانى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا،ناھىيىلىك پارتكومدىكى بىر بەن كىشىنىڭ ئىتتىپاقى ياخشىلاندى. بۇ ھال باشقىلارنىڭ ئىتتىپاقىغا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ناھايىتى راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى.

لى چيەنەن كەلپىن خەلقىنىڭ نامرات ھالىتىگە قاتتىق ئېچىنىپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. كەلپىن ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، ناھىيىدىكىلەرنىڭ ئۆزلۈك ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاختا ئىشلەپچىقىـ

رىش ۋە چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بۇ تەسەۋۋۇرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۇ-چۈن، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتتىكى بىر بەن كىشىنى ئوبدان تەشكىللىدى ۋە ماسلاشتۇردى. ئۇ ھەمىشە: «كەلپىننىڭ تېز يۈكسىلە-مەسلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەب پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن بولغان» دەيدۇ. شۇڭا ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتكە «پەن ـ تېخنىكىغا سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، كىشىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيە-لەش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش» توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپ قارار قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى يۈكسىلىپلا قالماي، باشقا خىزمەتلەرمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەندى. سىرتتىن خېلى كۆپ زىرا-ئەتنىڭ سۈپەتلىك سورتى ۋە يېڭى تېخنىكا كەلتۈرۈلۈپ يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. لى چيەنىەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلەپ، ساقلانغان قىيىنچى-لىق، مەسىلىلەرنى تۈرلۈك ئامالлар بىلەن ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. ما-لىيە ئىنتايىن قىس بولۇۋاتقاندىمۇ زۆرۈر مەبلەغنى ئاجرىتىپ، پەننى ئو-مۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي قوللىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، يېزىلاردا پەننى ئومۇملاش-تۇرۇش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

لى چيەنىەن يەنە ناھىيىدىكى سۇ قىس بولۇش ئەھۋالىغا ئاسا-سەن، سۇ باشقۇرۇشنى قاتتىق كۈچەيتىپ، سۇ مەنبەلىرىنى كەڭ ئې-چىپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەدبىرىنى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە ھەرخىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلىنىپ، ئەللىك نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئارقا

سېپى كۆچەيتىلدى.

كەلپىن ئۆرۈك يۇرتى. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە كىرىمى ئۆرۈكتىن كېلىدۇ. خۇشاللىقىمۇ ئۆرۈكتىن كېلىدۇ. لى چيەنىەن كەلپىنگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي چەت، قاقاسلىقتىكى ئاچال يېزىسىغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە، بۇ يېزىنىڭ تۇپرىقىنىڭ ئۇنۇمسىز، دېھقانلارنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ يېزىنى «ئالاقىلىشىش نۇقتىسى» قىلىپ بېكىتتى ۋە كادىر، تېخنىك خادىملارنى بۇ يېزىغا باشلاپ كىلىپ، يېزا، كەنت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. يېزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەدبىرىنى بېكىتتى. شۇنىڭدەك ھەريىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدىن قاۋۇل كادىرلارنى بۇ يېزىدا نۇقتىدا تۇرۇپ، بۇ يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپ تۇردى. نەتىجىدە 1990 ـ يىلى بۇ يېزىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 1985 ـ يىلىدىكى 1 مىليون 900 مىڭ كىلوگرامدىن 2 مىليون 180 مىڭ كىلوگرامغا؛ پاختا 60 مىڭ 135 كىلوگرامدىن 135 مىڭ كىلوگرامغا؛ چارۋا 17 مىڭ 500 تۇياقتىن 23 مىڭ 705 تۇياققا؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 241 يۈەندىن 342 يۈەنگە يەتتى. يېزا بويىچە نامرات 161 ئائىلىدىن ئۆتكەن يىل ئاخىرىدا 159 ئائىلە قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. يېزىدىكىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 98.6% كە يەتتى.

كىشىلىك ھايات خۇددى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا مېڭىشقا ئوخشايدۇ. ئالدىرىماسلىق كېرەك، لېكىن بەل قويۇۋەتمەسلىك لازىم. لى چيەنىەن ئاشۇنداق ئويلىدى. «كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا لى چيەنىەن يەنە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىنى دەرەخزارلىققا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. بىر نەچچە يىل تىرىشىش نەتىجىسىدە خېلى كۆپ قىسىم يەر ئورمان بىلەن قاپلىنىش ئۆلچىمىگە يې-

تىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. لى چيەننەننىڭ بىۋاستە يېتەكچىـ
لىك قىلىشى بىلەن، ئىلگىرى «گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن
ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قاقاس شورتاڭلىقتا 1988 ــ يىـ
لىدىن بۇيان «مازار ئېقىن كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» باشلاندى. ھەريىلى
ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە ــ ئورگانلاردىكى
كادىرلار، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشقا
سەپەرۋەر قىلىندى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە 500 مو يەر ئېچىـ
لىپ، ھەر يىلى كۆچەت تىكىلدى. ئەسلىدىكى قاقاس بۇ يەر ھازىر دەسـ
لەپكى قەدەمدىكى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇلدى ھەمدە بۇ يىل ئەتىيازدا
ۋىلايەت بويىچە كۆكەرتىشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. لى
چيەننەن يەنە ناھىيىنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى
يۈكسەلدۈرۈشكە يېقىندىن ئەھمىيەت بەردى. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئەمەـ
لىيىتىگە ئاساسەن، تاغلىق رايونلاردا چارۋا بېقىش بىلەن دېھقانچىلىق
رايونلىرىدا چارۋا بېقىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، يايلاق قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا
بېقىشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىـ
لىشى ئارقىسىدا، بۇ ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا بۆسۈش
خاراكتېرلىك تەرەققىيات بولدى. 1990 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە
ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 104 مىڭ
تۇياققا يېتىپ، 1985 ــ يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ،
ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. باغۋەنچىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشنى
پۈتۈن ناھىيىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك يول دەپ
قارىغان لى چيەننەن دېھقانلارنى پائال تەدبىر قوللىنىپ، ئۆرۈكلۈك بەرپا
قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. قالدۇرۇق يەرلەرگە ئۆرۈك تىكىشكە رۇخسەت
قىلىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى باغلارنى دېھقانلارغا ئۇزۇن مۇددەتـ
لىك ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيە
بويىچە باغ كۆلىمى 7500 مو ئەتراپىغا يەتكۈزۈلۈپ، ھەربىر دېھقان ئائىـ
لىسىدە 1.5 مودىن باغ بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

لى چيەننەن پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى كەلپىن خەلقىنىڭ تېزرەك

قەد كۆتۈرۈشكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە كەلپىن خەلقى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىدە قىممەتلىك «كەلپىن روھى» نى ياراتتى. بۇ روھ «ئىتتىپاقلىشىپ ئەمەلىي ئىشلەش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىش، پىداكارلىق بىلەن تۆھپە قوشۇپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈش ئۈچۈن تىرىشىش» تىن ئىبارەت «كەلپىن روھى» تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر: «لى چيەنئەن تەشەببۇس قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن، نەمۇنىلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرغۇچى ۋە باشلامچى» دېيىشىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەلپىن ناھىيىسىدە ھەر يىلى دېگۈدەك ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى. لى چيەنئەن بۇنداق ئاپەتلەر ئالدىدا قىلچە قورقماي، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس ئۆتكەك قىزغىنلىق بىلەن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سەپىدە ئاممىنى يېتەكلەپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، پارتىيە مېھرىنى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈردى.

1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا 495 كىشى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇ چاغدا لى چيەنئەن ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش، ئادەمنى قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ياخشى قوماندانلىق قىلدى. ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، كۈندۈزى يېزىلارغا چۈشۈپ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلسا، ئاخشىمى يىغىن ئېچىپ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ جەرياندا تۈزۈكرەك ئارام ئالمىغانلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى قارىداپ ئورۇقلاپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى كۆپرەك ئارام ئېلىشقا، سالامەتلىكىنى ئاسراشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «خەلق ئېغىر ئەھۋالدا تۇرسا، مەن قانداق ئارام ئالالايمەن» دەپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇنداق زور تىرىشچانلىقى ناھىيىدىكى كىشىلەرگە ئىلھام بەردى. ھەممەيلەن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كېسەللىككە قارشى كۈرەش قىلدى. يېزىلاردىكى بارلىق كۈللەر قاشاغا ئېلىنىپ، ئادەم بىلەن چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ئايرىۋېتىلدى. يېزىلاردا تويى ـ

تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا تازىلىق قاتتىق تەكىتلەندى. ھەممە كىشى مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرغۇزدى. ئەنە شۇنداق جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق، بۇ كېسەللىك ئاخىرى خەلق تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، ئادەم ئۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، كەلپىندە تارىختا كۆرۈلمىگەن ئېغىر دەرىجىدىكى مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، دېھقانچىلىققا ئېغىر تەھدىت سالدى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 6.5 بال قاتتىق يەر تەۋرەپ، ناھىيە بويىچە 289 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 2800 نەچچە ئېغىزلىق ئۆي چاك كېتىپ، خەتەرلىك بولۇپ قالدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. لى چيەننەن مۇشۇنداق تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن كۈنلەردە بىرەر كۈنمۇ قانغۇدەك ئۇخلاپ باقمىدى. كۈندۈزلىرى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردىكى ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلسا، كېچىلىرى يىغىن ئېچىپ خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ۋەھىمە ئىچىدە قالغان كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈردى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قېتىم تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقماي قالدى. ئىككى پۇتى ئىششىپ، قاپارتقۇلار ئۆرلەپ، ئاياغ كىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندىمۇ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. تۈن يېرىملىرىدىمۇ سىرتتا قالغان كىشىلەرنى يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئاشۇنداق چاغلاردا، بولۇپمۇ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ ياكى خەتەرلىك ھالەتكە كېلىپ قېلىپ، كېچىسى سوغۇقتا سىرتتا قالغان كىشىلەرنى يوقلىغان چاغلاردا ۋە كادىرلار يىغىنى ئاچقان چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نەچچە قېتىم ياش ئەگىگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر، ئۇنىڭ ھەقىقىي «خەلقنىڭ چاكىرى» ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن قايىل بولۇشتى. يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يولداشلار لى چيەننەننى دەرھال بېرىپ ئانىسىنى يوقلاپ كېلىشكە ئۈندىگەندە، ئۇ «ئاپەتكە قارشى كۈرەش تۈگىمىگىچە ھېچيەرگە بارالمايمەن» دەپ ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. لى چيەننەننىڭ پىداكارلىق بىلەن تىرىش-

چانلىق كۆرستىشى ۋە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى ئارقىسىدا، بىرمۇ ئادەم ئۆلمىدى. زىياننىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈلدى. بۇ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بۇ ناھىيىدە مەخسۇس يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، كەلگۈسىدە ناھىيىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

كىشىلىك ھايات بىر دەممۇ توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لى چيەننەن بۇ ناھىيىگە كېلىپ خىزمەت قىلغان تۆت يىلدا تۆت چوڭ قەدەم تاشلىنىپ، «قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش» ئىشىدا زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 10 مىليون 85 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1985 ـ يىلىدىكى 7 مىليون 700 مىڭ كىلوگرامدىن 23.6% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 377 كىلوگرامغا يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋا 4 تۇياققا يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1985 ـ يىلىدىكى 7 مىليون 850 مىڭ يۈەندىن 11 مىليون 925 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 34% ئاشتى. ناھىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 90.5% كە يېتىپ، «كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق» بولۇش نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە يېپيېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى. كەلپىن خەلقى يېڭى شۇجىنىڭ خىزمەتلىرىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى «لى شۇجى بىزنىڭ ھايات جاۋ يۇلۇيىمىز» دېيىشمەكتە.

1991 ـ يىل سېنتەبىر، كەلپىن

**ئىزاھات:** لى چيەننەن خىزمەتتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىسىگە ئاساسەن، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

# يىراق سەھرادىكى ئىشلار

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈزاقتا سوزۇلغان شۇرغان ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، يەر يۈزىدىكى قېلىن قار ـ مۇزلار ئېرىشكە، تەبىئەت قوينىدىن تارالغان ئىللىق باھار ھىدلىرى كۆنسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىغان كۈنلەر ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئايباغ يېزىسىدا كۆتۈ ـ رۈلگەن مەھەللىۋى ئوغۇت توپلاش قىزغىنلىقى پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىگە پۇر كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شىۇڭ خۇيىن ئالاھىدە ئاۋاتقا كېلىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يېزىدا توپلانغان دۆۋە ـ دۆۋە ئوغۇتلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە يېزا رەھبەرلىرىنىڭ خىزمىتى، دېھقانلارنىڭ غەيرىتىگە يۇقىرى باھا بەر ـ دى. بولۇپمۇ بۇ يېزىدىكى ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتىنىڭ 50 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن توپلاش، سېتىۋېلىش ئارقىلىق، 22 مىڭ كۇب مېتىر ئوغۇت توپلاپ، ھەر مو يەر ئۈچۈن توغرا كېلىد ـ غان ئوغۇتنى بەش كۇب مېتىرغا يەتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەمدە مۇخبىرلارغا بۇ ئىشنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدى. ئىككىنچى كۈنى بىز بىر قانچە ئاخبارات ئورنىنىڭ مۇخبىرلى ـ رى ھاكىم مەتىمىن شاھىدىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئايباغ يېزىسىنىڭ ئو ـ غۇت توپلاش ئەھۋالىنى مەخسۇس زىيارەت قىلدۇق. زىيارەت داۋامىدا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئەڭ كۆپ تارتقىنى يەنىلا ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتىنىڭ يېڭىلىقلىرى بولدى.

— بۇ كەنت يېزىمىزنىڭ سەردارى. كەنتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارا ـ ئىتى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلىرى يېزا بويىچە ھەممى ـ نىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇلتۇر كەنت ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 118 كىلوگرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمنى

1338 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ناھىيە تەرىپىدىن بىر دانە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور ۋە بىر يۈرۈش چاتما سايمان بىلەن مۇكاپاتلانـدى،— دېـدى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى رۇستەم ئوسمان بىزگە ئەھۋال تـونـۇش- تۇرۇپ، بۇ كەنتتە ئۆتكەن يىلى 2700 مودىن ئارتۇق كېۋەز تېرىلغـان. بۇ يىل كېۋەز كۆلىمىنى بىراقلا 3400 موغا كۆپەيتتى،— دېدى ئۇ يەنە. ئارقىدىنلا،— ئاۋۇ كىشى مۇشۇ كەنتنىڭ شۇجىسى موللامەت بـولـىدۇ. بۇ مۇشۇ شۇجىنىڭ كارامىتى دەڭلا،— دېدى، يېزا باشلىقى يېنىمـىزدا تۇرغان ئېگىز بوي، قارامتۇل كەلگەن، تەمبەل بىر كىشىنى كۆرسىتىـپ تۇرۇپ.

— يېزا دېگەندە مۇشۇنداق قاتتىق قول، تەدبىرلىـك شـۇجـى كـەم بولسا بولمايدۇ، دېھقانلارغا نۆۋەتتى كەلگەندە ياخشى گەپتىن يامان گـەپ بەكرەك ئەسقاتىدۇ،— زەيدۇن شاڭجاڭنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تـەڭ ھاكىم گەپ قىستۇردى.

— ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىـشـتـىكـى باشلامچى كەنتنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. كەنتنىڭ يېزا ئىگىلىكـى ئـا- ساسەن ماشىنىلىشىپ بولدى. بۇلار تېخى ئۆز مەبلىغى بىلەن بىر قانچـە كارخانا قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا بۇ كەنتنى ئـايـرىـم زىيارەت قىلساڭلار سىلەرگە يارىغۇدەك ماتېرىيال چىقىدۇ.

*　　　　*　　　　*

ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئـا- ساس قىلىدىغان بىر تەبىئىي يېزا ئىگىلىك كەنتى بولۇپ، بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 1700 دىن ئارتۇق ئاھالە، 358 نەپەر ئەمگەك كۈچى، 4737 مو تېرىلغۇ يەر بار. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانـدىـن بـۇيـان، بـۇ كەنت ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش يو- لىدا ئىزدىنىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىـلـغـان 2 ـ، 3 ـ كـە- سىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ كىرىمىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتتى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى كونىلىققا يېپىشىۋالماي، ئىقتى- سادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولغان قالاق ئىدىيىۋى قاراشـنـى ۋە كونا ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تېرىقچىلىق

قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشىدى. سىياسەتكە، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، پاختىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇشتەك تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتتى. 1993 ـ يىلى كەنت ئاشلىققا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، كېۋەز كۆلىمىنى 2737 موغا كۆپەيتىپ، ئۈنۈم ۋە مەھسۇلات جەھەتتە يېڭى بىر پەللىگە ئۆرلىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى 28 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. ھەيدەش، تېرىش، باشقۇرۇش، يىغىشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى «بەشتە بىر تۇتاش» بولۇشنى يولغا قويۇپ، مول ھوسۇلنىڭ مول پېتى يىغىۋېلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. خىمىيىلىك ئۇسۇلدا كونترول قىلىش ۋە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىلغار پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىشقا، دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يىغىپ تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش، ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇش، ئۈلگە كۆرسىتىش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. پەقەت ئۆتكەن بىر يىلدىلا ئالتە قارار پەن ـ تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 1300 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. دېھقانلارنىڭ مەبلەغ جەھەتتە قىينىلىپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كەنت 300 مىڭ يۈەننى ئايلانما مەبلەغ قىلىپ ئاجرىتىپ، دېھقانلارغا ئەتىيازدا قەرز بېرىپ، كۈزدە يىغىۋېلىش چارىسىنى قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ بانكىغا قەرز سوراپ بېرىش ئەھۋالى تۈگەپ، خاتىرجەم تېرىقچىلىق قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. 1993 ـ يىلى دېھقانلار ھەر مو كېۋەز يېرى ئۈچۈن 120 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلىتىشنى يۈرەكلىك ھالدا تەجرىبە قىلىپ ئىشلىدى ۋە كېڭەيتتى.

ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق خەلقى يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش يولىغا مېڭىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. كوللېكتىپتىن تارتىپ شەخسلەرگىچە يېزا ئىگىد-

لىك ماشىنا ــ سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا بەل باغلاپ، بۇ جەھەتتە زور قەدەملەرنى تاشلىدى. نۆۋەتتە، كەنتتە ئىككى دانە چوڭ تراكتور، 76 كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور ۋە 200 دانىدىن ئارتۇق يۈرۈشلەشكەن ماشىنا ــ سايمان بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ئاساسەن ماشىنىلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆ- تۈرۈلدى. ئۆتكەن يىلى تېرىلغان 2000 مو بۇغداي، قوناقنىڭ ئومۇمي مەھسۇلاتى 1 مىليون 252 مىڭ كىلوگرامغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 626 كىلوگرامغا يەتتى. ساپ پاختىنىڭ ئومۇمي مەھسۇلاتى 356 مىڭ 250 كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 119 كىلوگرامغا يېتىپ، 1992 ــ يىلىدىكىدىن 35 مىڭ كىلوگرام ئېشىپ كەتتى.

بازار ئىگىلىكى دولقۇنى ئەلەمقۇدۇق دېھقانلىرىنى تېخىمۇ بەك قەد كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى 2 ــ، 3 ــ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، چارۋىچىلىقنى گۈللەند- دۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كېڭەيتىش، پىلىچىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش، ترانسپورت، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىپ، دېھقانلارنى بېيىشقا رىغبەتلەند- دۈردى. كەنت 1992 ــ يىلى ئارىسال ۋاقتتىن پايدىلىنىپ، 600 مو قا- قاسلىقنى ئېچىپ، 10 كۈن ئىچىدە بۇ يەرنى سالالاشتۇرۇپ، شۇ يىلى بۇغداي تېرىپ، 18 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى ھەمدە ھەر مو يەرنى 140 يۈەندىن ھۆددىگە بېرىپ، كەنتنىڭ كوللېكتىپ جۇغلانمىسىنى كۆپەيت- تى. ھازىر بۇ يەردىن يىلىغا 75 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ. كەنت يەنە ئۆتكەن يىلىدىن باشلاپ ئەسلىدىكى 100 مو باغنى يېڭىلاش ئاساسىدا يەنە 400 مو باغنى يېڭىدىن ئاچتى ھەمدە بۇنى ئاساسەن ھۆددىلەشتۈ- رۈپ بولدى. ھازىر كەنتنىڭ كوللېكتىپ مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئايباغ يېزىسى بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. دېھ- قانلارمۇ يىلمۇ يىل بېيىدى. ھازىر كەنت بويىچە 6000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا، 28 موتسىكلىت، 215 تېلېۋىزور، 315 دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، 415 دانە ۋېلىسىپىت بار شۇنداقلا قاتناش ــ ترانسپورت ئائىلىسىدىن 6 سى، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ئائىلىسىدىن 4 ى، باقمىچىلىق ئائىلىسىدىن 78

ى بارلىققا كەلدى. 180 ئائىلە كونا تاملىرىنى چېقىپ، زامانىۋى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقتى. كەنتتە بىرمۇ نامرات ئائىلە قالمىدى.

*   *   *

ئەمەلىيەت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. بىز ئۇستۇنكى ئەلەمقۇدۇقنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشلىرىدىن چەكسىز مەمنۇن بولدۇق. لېكىن كاللىمىزدا بۇ كەنتنىڭ ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي ئاساسى قانداق بولغىيتتى، دېگەن يەنە بىر سوئال پەيدا بولۇپ قالدى. بىز بۇنى موللامەتتىن سورىدۇق.

— كەنتىمىز تېخى بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا باشقا جايلارغا ئوخشاشلا نامرات ئىدى. 80 ـ يىللاردىكى تېرىلغۇ كۆلىمىمىز ھازىرمۇ كۆپەيمىدى. شۇ چاغلاردا ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 450 مىڭ كىلوگرامدىن، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 35 كىلوگرامدىن ئاشمايتتى. كېيىن بىز پەن ـ تېخنىكىغا، مەبلەغ سېلىشقا تايىنىپ، كۆلەمنى كۆپەيتمەي، ھۆجۈمنى بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا قارىتىپ، ھازىرقى سەۋىيىنى ياراتتۇق،— دېدى موللامەت شۇجى يىرىك، يوغان قوللىرى بىلەن بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ سالماق تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— بىز ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلىدۇق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 65 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 22 ئورۇنغا زاكو، 2 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا 2 تاناپ سۇ سىڭمەس ئېرىقى ياسىدۇق. 36 پارچە سالا ئېتىز بەرپا قىلىپ، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق. ئېتىز ـ ئېرىق، يول بويلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى30% كە يەتكۈزدۇق.

موللامەت شۇجىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىزنىڭ بۇ كەنتكە بولغان قايىللىقىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— بىز تەبىئىي ئەۋزەللىكىمىزگە، ھازىر بار بولغان مەبلىغىمىزگە تايىنىپ، كەنتتە بىر مۇسەللەس زاۋۇتى ۋە خىش زاۋۇتى قۇرماقچى بولۇۋاتىمىز ...

1994 ـ يىل ماي، ئاۋات

## ئەلەمقۇدۇقتىكى ئاقىل يولباشچى

بىر ئورۇننىڭ قالاق قىياپىتى، ناچار مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس. لېكىن ئۇلۇغ غايە، مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئىش قىلغاندا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىنمۇ ئەمەس. ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئايباغ يېزىسىنىڭ ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ پېشقەدەم شۇجىسى موللامەت شەمشىنى دەل مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى دېيىشكە ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، يۈرەك قېنى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى كەنتنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىپ، كەنت قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتىنى ئايباغ يېزىسى بويىچە ئەڭ ئىلغار كەنتكە، ناھىيە بويىچە ئالدىن بېيىغان كەنتلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۆزى ۋىلايەت بويىچە ئۇدا ئىككى يىل ئىلغار كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

*  *  *

ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتىنىڭ ھاۋا، تۇپراق شارائىتى باشقا كەنتلەردىن پەرقلەنمەيتتى. دېھقانلار يىل بويى ئېتىزدا ئىشلىسىمۇ مەھسۇلات زادىلا ئاشمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نەدە؟ 1980 ـ يىلى كەنتكە ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا شۇجى بولۇپ كەلگەن موللامەت گۇرۇپپا باشلىقلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى كەنت ئىشخانىسىغا يىغىپ، ئۇدا بىر ھەپتە كېچىلەپ يىغىپ ئاچتى. «كەنتىمىزنىڭ نېمىسى يامان، دېھقانلار شۇنچە ئىشلىسىمۇ مەھسۇلات نېمىشقا ئاشمايدۇ؛ بىزدە «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دېگەن گەپ بار. مېنىڭچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار قانداق بولساق، كەنتنىڭ ئىستىقبالىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز ئەمدى قاراپ تۇرمايلى، يەنە كۆتۈپ تۇرمايلى.» موللامەت شۇجىنىڭ قەتئىي، ئەمما دانە ـ دانە سۆزلىرى باشقىلارنىمۇ ئىلھاملاندۇردى. ئۇلارنىڭ تىلى ئەمەس، دىلىمۇ گەپكە كەلدى.

— شۇنداق قىلايلى، موللامەت شۇجى توغرا ئېيتتى. ھازىر ھەممە جايدا مەھسۇلات، يەر دېگەنلەر ھۆددىگە بېرىلدى. ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بىز دەۋرگە ماسلىشىپ، كەنتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارمىساق، چىقىش يولىمىزنى ئەمدى تاپالمايمىز...

— كۆپچىلىك ناھايىتى توغرا ئېيتتى. ھازىر يېزا ئىسلاھاتى شامىلى ھەممىلا يەرگە يېتىپ كەلدى. بىزمۇ كەنتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ، دېھقانلىرىمىزنىڭ تېرىقچىلىق شەكلىدە ئۆزگىرىش ياسىشىمىز كېرەك. ئەمدىكى گەپ ئىشنى قەيەردىن باشلاشتا،— موللامەت شۇجى كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلىدى. كەنتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ئاخىرى ئاياغلاشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ گورۇپپا باشلىقلىرى ھەم 20 نەپەر پارتىيە ئەزاسى دائىرىلەر بويىچە تېخنىكا ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئۇستۇنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتى ناھىيە بازىرى بىلەن مول ھوسۇللۇق 3 ـ مەيدان ئارىلىقىدىكى چوڭ يولنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتناش ۋە تۇرلۇك ئىشلىرى قولايلىق شارائىتقا ئىگە ئىدى. موللامەت شۇجى كەنتتىكى 4700 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى يەنە بىر قېتىم پىلانغا ئېلىپ، ئۇنى تەكشى گويخۇالاپ، ئەتراپىغا ئورمان بىنا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى بىلەن چوڭقۇر سىردىشىپ، ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇنداقلا ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن بۇ ئىشنى قىلدى. ئۇ ھەر يىلى ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، يەر ھەيدەش، تېرىش، باشقۇرۇش، يىغىش ئارىلىقىدىكى تېخنىكىلىق ھالقىلار ھەققىدە دەرس ئۆتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈردى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى بىر مەزگىل دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى. موللامەت شۇجى بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، پايدىسى ھەققىدە قايتا ـ قايتا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇنى سىناق قىلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. ئەينى چاغدا تېرىلىپ

كىلوۋاتقان 1000 مو كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى 35 كىلوگرام ئەتراپىدا ئىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان 2 ـ يىلى 70 كىلوگرامغا يەتتى. خىمىيىۋى ئوغۇت، ئورگانىك ئوغۇت، مەھەللىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق نسبەتتە يەرگە ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى يەرنى كۆچلەندۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار بۇ خىل تېخنىكىغا ناھايىتى تېزلا قىزىقىپ قالدى. موللامەت شۇجى كەنتتىكى يولداشلار بىلەن ئەستايىدىل مەسلىھەتلىشىپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسنى تەڭشەشنى، دېھقانلارغا زور نەپ يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان پاختا كۆلىمنى يىلمۇ يىل كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن يىلغا كەلگەندە كېۋەز كۆلىمى 2737 موغا يەتكۈزۈلۈپ، ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى 118 كىلوگرامغا يەتتى.

1990 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىدە ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى. بۇ ئاپەتتە بۇ كەنتنىڭ 3 ـ، 4 ـ گۇرۇپپىلىرى تەۋەسىدىكى كېۋەز ۋە باشقا زىرائەتلەر ئاساسەن ۋەيران بولۇپ، دېھقانلارغا مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە زىيان سالدى. موللامەتنىڭمۇ18 مو يەردىكى كېۋىزى نابۇت بولدى. بۇ چاغدا موللامەت شۇجى ناھىيە ۋە يېزىنىڭ قۇتقۇزۇشىغا، ياردەم بېرىشىگە قاراپ تۇرماي، دېھقانلارنى تەشكىللەپ قايتا تېرىش دولقۇنىنى قوزغىدى شۇنداقلا ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن 300 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە كەنت مۇدىرى مۇھەممەت ئەيسا 200 يۈەن، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىمۇ ئاز دېگەندە 100 يۈەندىن ئىئانە توپلاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كېرەكلىك بۇيۇملارنى تەقلەپ، قايتا تېرىشنى تاماملاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شۇ يىللىق مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇ بۇ يىل پۈتۈن كەنت بويىچە ھەر مو يەرگە 5 كۇب مېتىردىن مەھەللىۋى ئوغۇت توپلاشنى چاقىرىق قىلىپ، كەنت بويىچە 22 مىڭ كۇب مېتىر ئوغۇت تەييارلاتقۇزدى. كېۋەز تېرىلغۇ مەزگىلىدە نەق مەيداندا تۇرۇپ، ناھىيە ئورۇنلاشتۇرغان تېخنىكىلىق تەلەپنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى تۆمۈر يۈزلۈك بىلەن تەنقىد قىلىپ، قايتا تېرىتتى.

كەنت تەۋەسىدە 18 نەپەر نامرات ئائىلە بار ئىدى. 1987 ـ يىلى موللامەت شۇجى پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ، بۇ ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش بويىچە ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1 ـ ئىشلەپ- چىقىرىش گۇرۇپپىسىدىكى ماموت قۇربان، ئەمەر قۇۋانىيازلار نامى بار نامراتلار ئىدى. موللامەت شۇجى ھەر يىلى بۇلارنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى ئۆزىنىڭ تراكتورى بىلەن ھەيدەپ بەرگەندىن باشقا، 500 يۈەن ئەترا- پىدا چىقىم قىلىپ، ئۇرۇق، ئوغۇت، يوپۇقلارنىمۇ ئۆزى ھەل قىلىپ بەر- دى. ئەمىر ئەمەرنىڭ بىرلا ئېتى بار ئىدى. بۇ ئات تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ تېرىقچىلىق قىلىشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قال- دى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان موللامەت شەمشى ئۆزىنىڭ بىر كالىسىنى نېسىگە سېتىپ، پۇلنى ئىككى يىلدىن كېيىن قايتۇرۇۋالدى. ئۈچ يىل مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، يۇقىرىقى ئۈچ ئائىلە مەھسۇلاتنى ئاشۇ- رۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھاللاندى. بىر نەچچە تۇياقتىن ئات، كالا باققاندىن سىرت، تېلېۋىزور سېتىۋالدى. كەنت مۇدىرى مۇھەممەت ئەي- سا ھۆددىگە ئالغان ماموت روزى، سەمەت ماموت، ئىمىن تۆمۈر قاتارلىق نامراتلار ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن ھاللىق ئائىلىلەر قاتارىغا كىردى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىسى يوق روزەك ئىمىن ھازىر كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور سېتىۋالدى. 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە، كەنتتە نامراتلار پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1338 يۈەنگە يەتتى. 28 دېھقان موتسىكلىت سېتىۋالدى.

موللامەت شەمشى سېپى ئۆزىدىن دېھقان، ئۇ 18 يېشىدىلا ئىشلەپچى- قىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا پارتى- يىگە كىرگەن. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئاز كەم 40 يىل يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى ھەم ئەلەمقۇدۇق كەنتىنى بېيىتتى. كەنتنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زورايتتى. دېھقانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقى- رىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، يىراق سەھرادىكى بۇ خىلۋەت ماكاندا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

1994 ـ يىل ماي، ئاۋات

## ئەلەمقۇدۇقتىكى ھۆرمەت ئىگىسى

كىشىلىك ھاياتتا ھەمىشە ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. پاكارغىنە، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن ئابدۇراخمان نۇرمۇ ئۆزىنىڭ ئاقسۇدا دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. تەقدىر ئۇنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە دۇچار قىلىپ كېسەل كارىۋىتىغا چىقىرىپ قويدى. بۇ 2001 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى ئىش ئىدى. مەلۇم بىر كۈنى كەچتە ئابدۇراخمان نۇر كەنتتىن موتسىكلىت بىلەن يېزىغا يىغىنغا كېتىۋېتىپ، ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋەقەگە ئۇچراپ ئاقسۇغا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئۇستۇنكى ئەلەمقۇدۇققا تارقالدى. كەنت خەلقى بۇ شۇم خەۋەردىن تەۋرەپ كەتتى. كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ يولباشچىسىنىڭ، شەپقەتچىسىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەشتى.

«ئابدۇراخمان دادۇيجاڭ قانداقراق يېتىپتۇ، يارىسى ئېغىرمىكەن». مانا بۇ ئەلەمقۇدۇق كىشىلىرىنىڭ شۇ مەزگىلدە ئەڭ كۆپ دېيىشىدىغان ئادەت سۆزىگە، مۇھىم پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. كىشىلەر توپ ـ توپقا، تۈركۈم ـ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئاقسۇغا بېرىپ ئابدۇراخمان نۇرنى يوقلىدى. كېسەللەر ياتىقى ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. بەزىدە ئىشىك ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇشقا توغرا كەلدى. بەزىلەر گۆش، پۇل، توخۇ ۋە ھەر خىل قۇۋۋەت تالقانلىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. بەزىلەر بىر ـ ئىككى گىردە نان كۆتۈرۈپ كەلدى. ھەممەيلەن ئوخشاش بىر سوئالنى، ئوخشاش بىر ئۈمىدنى تەكرارلايتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئورتاق بىر ئارزۇ بار ئىدى.

«ئابدۇراخمان دادۇيجاڭ، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بىز سىزنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز سىزگە موھتاج، ئەلەمقۇدۇق سىزگە موھتاج!» ... بۇ سۆزلەر ئابدۇراخمان نۇرنى ھاياجانغا سالدى، تەسىرلەندى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىغا ئەمەس، بەلكى كەنت خەلقىنىڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتىدىن، ئىشەنچىسىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

— ئادەم ئۈچۈن خەلقنىڭ ھۆرمىتىدىن ئارتۇق مۇكاپات بولمايدىكەن، ئادەم بىرەر دىشۋار چىلىققا ئۇچرىماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنىمۇ ھېس قىلالمايدىكەن،— دېدى ئابدۇراخمان نۇر ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ.

ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن ئاقسۇدا ئۈچ ئاي داۋالىنىش جەريانىدا، خەلقنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا 3 ئاي 3 كۈندەك بىلىندى. مەن ھېسابلاپ باقسام، شۇ مەزگىلدە كەنت بويىچە پەقەت 12 ئادەم مېنى يوقلاپ بارالماپتۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ ئىككى قېتىمدىن بېرىپتۇ. مەن كىشىلەرنى بۇنچىۋالا تەۋرەپ كېتەر، دەپ ئويلىماپتىمەن. كەنت خەلقىگە رەھمەت، قېرىنداشلارغا رەھمەت! ...

ئابدۇراخمان نۇرنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى، ھاياجاندىن قەلبى تىترىدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياخشى ئىشلىگەن ئادەمنى تەشكىلمۇ بىلىدىكەن، مەن ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىپ ئائىلىدە بىر مەزگىل داۋالاندىم. تېخى ئورنۇمدىن تۇرالمايۋاتقان ئەھۋالدا تەشكىل مېنى كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. مەن تېخىمۇ ھاياجانلاندىم، قانلىرىم ئۆركەشلەپ، غەيرەت ـ شىجائىتىم ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇزاق ئۆتمەي مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇردۇم.

1970 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئابدۇراخمان نۇر ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقان بولدى. ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، زىرائەت تېرىش، پەرۋىش قىلىشتا ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەدى. شۇڭا ئۇ دېھقانلار ئارىسىدا تېزلا كۆزگە كۆرۈندى، ئاما ئۇنى بىزنىڭ تېخنىك خادىمىمىز دېيىشتى. 1981 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۇ ئامىنىنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئەترەت باشلىقى بولدى. ئەترەت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلىدى. 1985 ـ يىلى ئۇ شەرەپ بىلەن

پارتىيىگە كىردى. ئۇ ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدى. ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. 1995 ـ يىلى كەنت كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا، ئۇ تولۇق ئاۋاز بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى، 2001 ـ يىل 12 ـ ئايدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

ئابدۇراخمان نۇر ئەترەت باشلىقى بولغاندىن تارتىپ، تاكى ھازىر ـ غىچە بارلىقىنى كوللېكتىپقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىزلىرى چوڭ بولۇپ ياتلىق قىلىندى. ئوغۇللىرى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ مۇشۇ كەنتتە تۇردى. ئو-غۇللىرىنىڭمۇ مەسئۇلىيەت ئېتىزى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى ياخشى باشقۇرغاندىن سىرت، ئوغۇللىرىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزىنىمۇ ياخشى باشقۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، يەردىن مول ھوسۇل ئېلىپ، ئائىلە ئىقتىسادىنى خېلىلا ياخشىلى-دى. بىراق كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ يەر تېرىش، پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىنى ئايالى ۋە ئوغۇللى-رىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى كەنت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. بىر يىلنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك سىرتتا ئۆتكۈزدى. ئۇستۈنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ناچار، نوپۇسى كۆپ، يېرى ئاز، ئاساسى ئا-جىز ئىدى. ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ئابدۇراخمان نۇر ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى خىمىيۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇقلارنى نامرات، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. تېرىقچى-لىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئائىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلدى. ئائىلىسىدىكى ماددىي ئەشيالارنى ئۇلارغا بېرىۋەتتى. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ 100 مو تېرىلغۇ يېرىگە كېرەكلىك ماددىي ئەشيا يېتىشمەي قالاتتى. ئايالى ئوغۇللىرىنىڭ ئۆيىدىن ئۇرۇق، ئوغۇت ئېلىپ يەر تېرىش-قا مەجبۇر بولاتتى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئابدۇراخمان نۇر ئايالى بىلەن كۆپ قېتىم تەگىشىپ قالدى. تېرىلغۇ ئاياغلاشقاندا ئابدۇراخمان نۇر سەۋرچانلىق بىلەن ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ: مەن كەنت كادىرى، يەنە

كېلىپ كومپارتىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئازراق زىيان تارتساق نېمە بولىدۇ، سەن بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭ، مېنى قوللىشىڭ لازىم، دېدى. ئايالى ئاخىرى ئۇنىڭ بۇ مەجەزىگە كۆندى. 1998 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئايباغ يېزىسىدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق بوران ئاپىتى يۈز بەردى. ئەتراپنى قۇم ـ بوران بېسىپ، يەر ـ زېمىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. ئابدۇراخمان نۇر تولىمۇ ئازابلاندى. تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا تېرىلغان كېۋەزلەر، يېپىلغان سۇلياۋ يوپۇقلار ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قۇم ـ بورانغا قارىماي، پارتىيە ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، دېھقانلارنى سۇلياۋ يوپۇقلارنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى. ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىلغاچقا، زىيان ئەڭ تۆۋەن چەك ئىچىدە تىزگىنلەندى. ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە ئايالى ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ دەرھال ئېتىزلىققا باردى. ئۆزىنىڭ كېۋەزلىكى تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانىدى. شۇ تاپتا ئايالى ۋە ئوغۇللىرى كەتمەن بىلەن ئېچىلىپ قالغان يەرلەرنى كۆمۈۋاتاتتى. ئۇ خىجالەت ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ئالدىنقى يىلى 8 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەنتتە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. بىر نەچچە سائەت توختىماي ياغقان يامغۇر ئابدۇراخمان نۇرنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشتىن ئۇ چۆچۈدى. «مېنىڭ ئۆيۈمدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتسە، نامراتلارنىڭ ئۆيى قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟» ئابدۇراخمان نۇرنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. ئۇ رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىپ، يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۇدۇل بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، نامرات ئائىلىلەرگە باردى. 2 ـ ئەترەتتىكى بىر بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى يامغۇر سۈيى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالغانىدى. ئابدۇراخمان نۇر دەرھال ئۆگزىگە چىقىپ تۆشۈكنى ئەتتى. يامغۇر سۈيىنى پەسكە ئاقتۇردى. ئۇنىڭ كىيىملىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشكىنىگە قارىماي ئۇ يەنە باشقا ئائىلىلەرگە كىردى. ئەخمەتنىڭ تۆت ئېغىزلىق ئۆيى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى. ئالتە جان ئادەم 10 كۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان بىر ئېغىزلىق قازناق ئۆيگە كىرىۋالغا-

نىدى. ئابدۇراخمان نۇر ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن ئۇلارغا تېزدىن تۇرالغۇ جاي تېپىپ بەردى. شۇنىڭغا ئوخشاش خەتەر ئىچىدە قالغان يەنە ئىككى ئائىلىنىمۇ دەرھال بىخەتەر جايغا يۆتكىدى. ئۇلار كۆچۈپ تۇرۇشىغا ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئەخمەت قاتارلىقلار تەسىرلىنىپ: «ئەگەر ئابدۇراخمان نۇر كەلمىگەن بولسا، بىز تامنىڭ ئاستىدا ئۆلگەن بولاتتۇق، ئابدۇراخمان ھەقىقەتەن تەدبىرلىك ئادەم ئىكەن» دېيىشتى.

ئابدۇراخمان نۇر ياچېيكا شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، پاختىچىلىقنى نۇقتىلىق تۇتۇش بىلەن بىرگە، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتتى. ساپ پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 1995 ـ يىلىدىكى 95 كىلوگىرامدىن 120 كىلوگىرامغا يەتكۈزدى. ھەر بىر ئائىلە 50 تىن توخۇ، 100 دىن ئارتۇق كەپتەر بېقىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى يىل ئىچىدە كەنت بويىچە كەپتەرنى 90 مىڭغا، توخۇنى 60 مىڭغا يەتكۈزدى. ھەر بىر ئائىلىدە 2 پۇڭدىن 3 پۇڭغىچە كۆكتات تېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1995 ـ يىلدىن باشلاپ باغ كۆلىمىنى زەربىدارلىق بىلەن كېڭەيتتى. بىر نەچچە يىلدا باغ كۆلىمىنى 700 موغا يەتكۈزدى. ھازىر 200 مو باغ مېۋىگە كىردى. 90 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەنت بويىچە 2 ـ 3 كىچە باقمىچىلىق كەسىپىي ئائىلىسى بار ئىدى. كىشىلەر باقمىچىلىققا ئانچە قىزىقمايتتى، ئابدۇراخمان نۇر باقمىچىلىقنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزىغا ئايلاندۇردى ھەمدە يېزىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ھازىر كەنت بويىچە باقمىچىلىق كەسىپىي ئائىلىسى 25 كە، چارۋا 4500 تۇياققا يەتتى.

ئۇستۇنكى ئەلەمقۇدۇق كەنتى ئايباغ يېزىسى، جۇملىدىن ئاۋات ناھىيىسى بويىچە نام چىقارغان كەنت بولۇپ، كەنتتە 1220 نوپۇس، 230 ئائىلە، 4400 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئابدۇراخمان نۇر ياچېيكا ھەيئەتلىرى ۋە كەنت كادىرلىرىنى نامراتلارنى ھۆددىگە ئې-

لىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ، 2 ـ ئەترەتتىكى بۇۋخاننى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، دائىم ياردەم قىلدى. ئۆي سالغۇزۇپ بەردى. كەنتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ ئۆزلىرى ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئابدۇراخمان نۇر ياچېيكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت، ئۆگىنىش تۈزۈملىرىنى چىڭىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ياچېيكا خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلدى، ئاممىغا پايدىلىق ئىشنى دادىل سىناپ كۆردى. مائارىپقا كۆڭۈل بۆلدى. كەنت تەۋەسىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغانلارغا 500 يۈەن، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا 2000 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كەنت مالىيەسىدىن قاپلاپ بېرىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 10 نەچچە يىل جەريانىدا ئۇ قىيىنچىلىقى بار توققۇز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئۆز يېنىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن 12 نەپەر كەنت كادىرىنى 8 نەپەرگە قىسقارتتى ھەمدە ھەر بىر كادىرغا قوش ۋەزىپە يۈكلەپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. بۇ ئىش دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئەجىر كۆكلەيدۇ ھەتتا چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. ئابدۇراخمان نۇر كەنتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان 1995 ـ يىلدىن كېيىن ئۈستۈنكى ئەلەمقۇدۇقتا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 2001 ـ يىلى كىشى بېشى كىرىمى 2700 يۈەنگە، 2002 ـ يىلى 2850 يۈەنگە يېتىپ، 1995 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى زورايدى. كەنت كۆپ قېتىم ناھىيە، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تەقدىرلەندى. ئابدۇراخمان نۇرمۇ يېزا، ناھىيە تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ يىل 7 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن ۋىلايەت بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

2003 ـ يىل نويابىر، ئاۋات

# ئۈرۈق مەستانىسى ۋە 25 يىل

(ئەدەبىي ئاخبارات)

«ئۈرۈق— ئۇ مۇقەددەستۇر، ھەر بىر تال ئۈرۈقتا بىزنىڭ ئىسسىق مېھرىمىز ۋە مېھنىتىمىز سىڭگەن».

— ئابدۇۋېلى ئېزىزنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن

* * *

بۇ 1980ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى ئىشلار. بۇ بىر يىگىتنىڭ خىزمەت ھاياتىدىكى دەسلەپكى مەزگىللەر ئىدى...

يەنە شۇ پايانسىز ئېتىز، توپىلىق يول، پىژغىرىم ئاپتاپ... ئۈرۈق، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت يەنە ئېتىز بېشىدا پەيدا بولدى. ئۈچ ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ قىزىللىق كەتمەيدىغان ئاق يۈزى قارىداپ، ئويناپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئېگىز ئۆسكەن قوناق شاخلىرى خۇددى ئۇنىڭغا سالام بەرمەكچى بولغاندەك، يەڭگىل تەۋرىنىپ قوياتتى. ئۇ ئەتراپقا تەكشى قارىدى. ھەممىلا يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن ئىدى. ئۇ ئېتىزلىققا كىرىپ، ئۆزى پەرۋىش قىلىپ كەلگەن ئۈرۈقلۇق باشاقلارنى سىلىدى. قاتقان دانلارنى چىشلەپ تەمىنى تېتىدى. بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئېلىپ پۇراپ كۆردى. تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى. باشقا ئېتىزدىكى قوناقلارغىمۇ نەزەر تاشلىدى. كۆڭلىدە: بۇ يىل يامان ئەمەس، سىناق چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ. ئىش مۇشۇنداقلا بولىدىكەن، كۆممىقوناقنىڭ تاق شالغۇتى مېۋە بەرگۈدەك، دەپ ئويلىدى ھەم باشاقلارنى خالتىغا قاچىلاپ، تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كەتتى. ئۈرۈق ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن بۇ يىگىت ئەتىسى ئېتىزلىققا يەنە كەلدى، ئۆگۈنىمۇ كەلدى. بۇنداق ئىش كۈندە تەكرارلاندى. ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى. ئۇ سىناق قىلىۋاتقان قوناق سورتلىرى دېھقانلارنىڭ قولىشىغا ئېرىشىشكە باشلىدى. قوناقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى تۆت يىلدا

53.5 كىلوگرام ئۆرلىدى. بۇ يىگىتنىڭ جاپالىق ئىشلەش روھى، مەسئۇلىيەتچانلىق ئىستىلى، خىزمەتتە ئۇنۇم ھاسىل قىلىش ئىرادىسى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈردى. تەشكىلمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى. بۇ يىگىت زادى كىم؟ ئۇ ئابدۇۋېلى ئېزىز ئىدى. ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىغا تەقسىم قىلىنغان 1981- يىلىدىن باشلاپ، ئەنە شۇنداق بېرىلىپ ئىشلەپ كەلدى. 1981- يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كۆممىقوناقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئاران 143 كىلوگرام ئەتراپىدا ئىدى. يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش، رايونلاشتۇرۇپ سىناق قىلىش ۋە كېڭەيتىش نەتىجىسىدە، 1985- يىلىغا كەلگەندە، بىرلىك مەھسۇلات 196.5 كىلوگرامغا يەتتى. 1985- يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى يۇگوسلاۋىيىدىن SC-704 كۆممىقوناق شالغۇت سورتىنى كىرگۈزدى. ئابدۇۋېلى ئېزىز يەنە سورت يەڭگۈشلەش، كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. ئەينى چاغدا قاتناش قۇلايسىز، خىزمەت شارائىتى ناچار ئىدى. ئابدۇۋېلى ئېزىز ھەممىگە تېزلا كۆنۈپ كەتتى. توقسۇ، شايار، كۇچا، باي ناھىيىلىرىنىڭ يېزىلىرىدا ئايلاپ-ئايلاپ تۇردى. كۆندە ئېتىزلىقتا كەلدى. تەجرىبىخانىدا كېچىلەپ سىناق قىلدى. جايلارنىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان سورتلارنى كېڭەيتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. نەتىجىدە، SC-704 سورتىمۇ تېز كېڭەيدى. ئومۇمىي مەھسۇلات، بىرلىك مەھسۇلات ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ مەزگىلدە ئابدۇۋېلى بالدۇر پىشىدىغان كۈزگى بۇغداي سورتى — «تاڭشەن 6898»، بالدۇر پىشىدىغان تاق شالغۇتلۇق كۆممىقوناق سورتى — «مۇدەن 8621» ۋە «خېبەن 1-» نى سىناق قىلىش، كېڭەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى...

ئۇرۇق — ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى، سۇسىز يېشىللىق بولمىغاندەك، ئۇرۇقسىزمۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئابدۇۋېلى ئېزىز 25 يىلنى ئۇرۇق ئىشقىدا ئۆتكۈزدى. ئۇرۇق بىلەن تەڭ پىشىپ يېتىلدى، ئۇنىڭ خۇشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ ئۇرۇققا سىڭىپ كەتتى. ئۇرۇققا بولغان ئوتتەك مۇھەببەت ئۇنى ئاددىي تېخنىكا خادىمىدىن ئالىي ئاگرونوملۇق ئورنىغا شۇنداقلا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ھەتتا مەم-

لىكەتنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىققتى. ئۇ كۆپ قېتىم ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئې-رىشتى. ئۇ ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتى شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇ-رۇقچىلىق ساھەسىدىكى نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك شەخسىنىڭ بىرى بو-لۇپ قالدى.

يەرگە سېلىنغان ئۇرۇق تەدرىجىي ئۈنۈپ چىققاندەك، ئابدۇۋېلى ئېزىزمۇ ئۇرۇقچىلىق ساھەسىدە پەيدىنپەي چوڭ بولدى ۋە ئالغا باستى. ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئاگرونوملۇق كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئابدۇۋېلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىغا تەقسىم قىلىندى. يول بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئاينىيدۇ. دەۋرەقە، ئابدۇۋېلى ئېزىز كۆمە-مقوناق شالغۇت ئۇرۇقلىرىنى سىناق قىلىش، كېڭەيتىش، يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق خىزمەتلەر بىلەن ناھايىتى تېزلا تونۇشتى ھەمدە يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ، كۆممقوناق ۋە بۇغداي سورتلىرىنى سىناق قىلىش، كېڭەيتىش خىزمىتىگە بىۋاستە قاتناشتى. تەشكىل ئۇنى دائىم ناھىيە، يېزىلارغا ئەۋەتتى. بەزىدە ئۇ 3-2 ئايغىـ-چىلىك ئائىلىسىگە قايتىپ كېلەلمەيتتى. كېڭەيتىشكە تېگىشلىك يېڭى ئۇرۇق سورتلىرىنى كېڭەيتىپ بولغىچە، ئېتىز بېشىدا تۇراتتى. ئۇ ھەر يىلى ئۇرۇقلۇق قوناق كۆلىمىنىڭ 10 مىڭ مودىن، ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 2500 توننىدىن كەم بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باشقا تېخنىكلار بىلەن ھارماي ئىزدەندى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ كۆممقو-ناق شالغۇت ئۇرۇقىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تېگىشلىك كۈچ چىقاردى. كۆممقوناق شالغۇت ئۇرۇقلىرىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى ئىـ-دى. 1982- يىلى باي، ئۈچتۇرپان، كۇچا ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۇرۇقلۇق قوناق كۆلىمى 13 مىڭ 634 موغا، مەھسۇلاتى 2519 توننىغا يەتتى. بۇ خىل سورتى كېڭەيتىلگەن كۆلەم 430 مىڭ 399 موغا يې-تىپ، شۇ مەزگىلدىكى قوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 92% تىنى تەشكىل قىلدى. 1992-، 1993-، 1994- ۋە 1995- يىللىرى ئاقسۇنىڭ كۆمـ-مقونىقىنىڭ 1- ئەۋلاد شالغۇت ئۇرۇقىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى قېتىم 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بىر قېتىم 2- دەرىجە-

لىك مۇكاپاتىغا، يەنە بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇرۇق ياخشى بولسا مەھسۇلات ئاشىدۇ. ئابدۇۋېلى ئىبرىز باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇق سورتلىرىنى كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش خىزمىتىگە يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆممىقوناق، بۇغداي، شال، مايلىق دان قاتارلىق زىرائەت تۈرلىرىنىڭ نەچچە ئون خىل يېڭى سورتلىرىنى سىناق قىلىش، كېڭەيتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمىدىن گۈل ئۈنۈپ چىقتى. 1986 ـ يىلى ئۇ شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇرۇقچىلىق كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇردى. ئۈچ يىل جەريانىدا، ئۇ ئۇرۇقچىلىق كەسپىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن تېخىمۇ پىششىق تونۇشتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ئۇرۇقچىلىق ساھەسىدە ئۆز ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

ئۇرۇقچىلىق پونكىتى يېڭى ئۇرۇق سورتلىرىنى كىرگۈزۈش، يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ئەزەلدىن ئۇرۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان ئىدى. بازار ئىگىلىكى شاملى چىقىۋاتقان 1989 ـ يىلى ئابدۇۋېلى ئىبرىز پونكىت رەھبەرلىكىگە ئۇرۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تەكلىپىنى بەردى ھەم رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تۇنجى قېتىم ئۇرۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ، دېھقانلار بىلەن دىگۋار تۈزدى. كۆممىقوناق شالغۇت ئۇرۇقلىرىنى ماناس، قۇتۇبىدىن يۆتكەپ كەلدى ھەم تېرىشىپ ئىشلەپ، تۇنجى يىلدا پونكىتقا 18 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن پونكىتتا بازار ئىگىلىكىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى. ئابدۇۋېلى ئىبرىز 1991 ـ يىلى ئۇرۇق تىجارىتىنى يىلىغا 70 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۈچ يىللىق ھۆددىگە ئالدى. ئۇ ئۇرۇقنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلىدى. دېھقانلارنى سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. دېھقانلار بىلەن كەڭ ۋە قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تىجارىتى روناق تېپىپ، يى-

لىغا 150 مىڭ يۈەندىن پايدا يارىتىپ، تەشكىلنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1993 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاگرانوملۇق كەسپىگە يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر كادىرلار سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. 1995 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇنى ئۈرۈمچىلىق پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى.

كەسىپ ئەھلى ئۆزى قىزغىن سۆيگەن كەسىپنى تاشلىمايدۇ. بەلكى، تېخىمۇ زور ئىجتىھاد بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدۇ. ئابدۇۋېلىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈق سىناق قىلىش، كېڭەيتىش، سورت ياشارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون يولىغا قويغان نۇقتىلىق پەن ـ تەتقىقات تۈر قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە قاتناشتى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ «863» تۈرىگە بىۋاستە قاتناشقاندىن سىرت، كېۋەز يېڭى سورتىنى رايونلارغا ئايرىپ سىناق قىلىش خىزمىتى، «مول ھوسۇل پىلانى»، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئاقسۇنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا تايانچلىق رول ئوينىدى. ئىلگىرى ئاقسۇ رايونىدا «ئارمىيە 1 ـ» كېۋەز سورتى تېرىلىپ كەلگەن ئىدى. ئابدۇۋېلى ئېزىز ئاۋات، شايار قاتارلىق پاختىچىلىق چوڭ ناھىيىلىرىگە بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. بۇ جەرياندا، بۇ خىل سورتنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، «جۇڭمىيەن 12 ـ» سورتىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مەھسۇلاتىنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى. بۇ سورت ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشتى ۋە ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون 500 مو يەرگە كېڭەيتىلدى. ئابدۇۋېلى ئېزىز باشقا تېخنىكلار بىلەن بىرلىشىپ «جۇڭمىيەن تۈردىكى 12، 16، 24، 35، 41 ـ» سورتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى مەھسۇلات بېرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ خىل سورت ئىشلىتىلگەن يەرلەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 50 كىلوگرامدىن بىراقلا 130 كىلوگرامغا يەتتى. ئاقسۇ دېھ-

قانلىرىنىڭ قەلبى مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمدى. ئاقسۇنىڭ بۇ خىل تەجرىبىسى قەشقەر، كورلىغىچە كېڭەيتىلدى. ئابدۇۋېلى ئېزىز «ئىككى بالدۇر» سورتىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، تونىنلىق ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇرۇقنىڭ پەن-تېخنىكا تەركىبىنى ئاشۇرۇش، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ۋە ساغلام دان تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇرۇق پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. 1995- يىلدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر يىلى 400 مىڭ مو كۆلەمدىكى ئېتىزنىڭ ئۇرۇقلىرىنى قول سېلىپ تەكشۈردى. 60 تونىنا ئەتراپىدىكى ئۇرۇقنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون يولغا قويغان شال سورتلىرىنى رايونلاشتۇرۇپ سىناق قىلىش، 9- بەش يىللىق پىلاندىكى ئاشلىق پەن-تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەتقىقات تۈرى قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يولغا قويغان «ئۇرۇقنى ئوراش» تۈرى، كېۋەز سورتلىرىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش تۈرى، دۆلەت پەن- تېخنىكا كومىتېتى يولغا قويغان «ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كېۋەز سورتلىرىنى كېڭەيتىش» تۈرى ھەمدە غەربىي شىمالدىكى قۇرۇقلۇق پاختىسىنىڭ 7- تۈركۈمدىكى سورتلىرىنى رايونلاشتۇرۇپ سىناق قىلىش قاتارلىق زور بىر تۈركۈم قۇرۇلۇشلىرىغا قاتناشتى ۋە بۇ خىزمەتنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالدى.

1999- يىلى ئابدۇۋېلى ئېزىز پونكىتتىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ «مول ھوسۇل» 2- مەيدانىدا 13 مىڭ 800 مو بوزيەر ئاچتى. بۇ ئارقىلىق، ۋىلايەتتە ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇشقا ئاساس سالدى. 2000- يىلى ئۇرۇقچىلىق شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ قوشۇمچە شىركەتنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى.

يول— ئاچقۇچىلارغا، نەتىجە— ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ. قانداق يول تۇتۇش شۇ كىشىنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق. ئەزەلدىن جاپالىق ئىشقا ئۆزىنى ئۇرىدىغان ئابدۇۋېلى بازار رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان قىيىن شارائىتتا، ئالدى بىلەن توغرا تىجارەت ئىدىيىسىنى تىكلەپ، بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىنى، تىجارەت سەنئىتىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەندى. بازار-

نى ئىنچىكە كۆزەتتى ۋە تەتقىق قىلدى. شەھەر ئىچىنى مەركەز قىلغان ھالدا يېزا-بازارلاردا ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. دېھقانلارنى سۈپەتلىك ئۇرۇق، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتتى. نەتىجىدە، شىركەتنىڭ تىجارىتى روناق تاپتى. ئۇ ھەر يىلى شىركەتكە 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا يارىتىپ بەردى. تۆت يىلدا بىر دۇكاننى سەككىز گە، ئەسلىدىكى 10 ئادەمنى 36 گە، 500 مىڭ يۈەننى 14 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. تەشكىل ئۇنىڭ پەم-پاراستىگە، ئىرادىسىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى. بۇ جەرياندا، گېرمانىيە، فرانسىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، ليۇكسۇمبورگ، ئىتالىيە، ئاۋسترىيە، روسىيە، ئۆزبېكىستان، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۆگىنىش ۋە ئېكسكورسىيىدە بولدى. 1997- يىلى ئالىي ئاگرانوم ئۇنۋانىغا ئېرىشتى ھەمدە ئۇرۇقچىلىق تېخنىكىسىغا ئائىت 26 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون ئىچى-سىرتىدا چىقىدىغان نوپۇزلۇق كەسپىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى.

* * *

2004- يىل 8- ئايدا ئابدۇۋېلى ئىبزىزنىڭ خىزمەت ھاياتىدا يەنە بىر بۇرۇلۇش بولدى. ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇنجى پاي تۈزۈمىدىكى شىركەت — ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك نەنجياڭ (جەنۇبىي شىنجاڭ) ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئابدۇۋېلى ئىبزىز قوشۇمچە بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى.

«جاپالىق ئىش بولسىلا سەن ئۇتتۇرىغا چىقامسەن، خىزمەتكە چىققىلى شۇنچە ئۇزۇن يىل بولدى. جاپانىمۇ ئاز تارتمىدىڭ، ئەمدى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ خەقتەك خاتىرجەم خىزمەت قىلساڭ بولماسمىدى...» مانا بۇ ئابدۇۋېلىغا دېيىلگەن ۋەز-نەسىھەت سۆزلىرى ئىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى ئابدۇۋېلىغا خېلىلا كايىپ باقتى. بىراق، جاپا-مۇشەققەتكە كۆنۈپ كەتكەن ئابدۇۋېلى ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە ئۇلۇغۋار ئارزۇ بىلەن ئۇچتۇرپانغا كەلدى. ئۇچتۇرپان ناھىيىسى دۆ-

لەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ، ھازىرغىچە ئۈرۈقنى ئاساسەن سىرتتىن كىرگۈزەتتى. ئۈرۈقچىلىق پونكىتى ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. ئابدۇۋېلى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، خادىملارنى تەربىيىلەپ، شىركەتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى تېزدىن تەرتىپكە سېلىپ، شىركەت نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. خىزمەتلەرنى جانلاندۇرۇش، راۋان، مۇكەممەل بولغان ئۈرۈق تىجارىتى مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، خادىملارنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىدى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدىن پېشقەدەم ئۈرۈق مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنى كۆپەيتىپ، شىركەتنىڭ تېخنىك كۈچىنى زورايتتى. 270 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئىشخانىلارنى ئومۇميۈزلۈك زىننەتلەپ، يېڭى مۇھىت بەرپا قىلدى ھەم شىركەتكە بىر دانە پىكاپ سېتىۋېلىپ، خىزمەتكە قۇلايلىق شارائىت ياراتتى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىركەتكە 8000 مو ئەلا سۈپەتلىك ئۈرۈق يېتىشتۈرۈش بازىسى ھەل قىلدى ھەم كۆپلەپ ئۈرۈق ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. 2004- يىل 8- ئايدىن 12- ئايغىچە ئۈچتۇرپان تارىخىدا تۇنجى قېتىم 364 توننا سۈپەتلىك بۇغداي ئۈرۈقى سېتىپ چىقىرىپ، دېھقانلارنى خۇش قىلدى. يول ماڭغانسېرى ئېچىلدى. 2005- يىلى شىركەت يەنە 1300 توننا بۇغداي ئۈرۈقى سېتىپ چىقاردى. ئىلگىرى ئۈچتۇرپان دېھقانلىرى ھەر مو بۇغداي ئېتىزى ئۈچۈن 25 كىلوگرام ئەتراپىدا ئۈرۈق ئىشلىتەتتى. بۇنداق يەرنىڭ ھەر مو سىدىن ئاران 300 كىلوگرام ئەتراپىدا ھوسۇل چىقاتتى. بۇ ھەقىقەتەن ئورۇنسىز چىقىم ئىدى. بۇ نامراتلىقنىڭ كۆرۈنمەس مەنبەسى ئىدى. ئابدۇۋېلى ئاز مىقداردا ئۈرۈق ئىشلىتىپ، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدەندى ھەمدە «شىشىن — 4185» تىپىدىكى ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئۈرۈقىنى كىرگۈزدى ۋە بۇنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ خىل ئۈرۈقتىن بىر مو يەرگە سەككىز كىلوگرام ئىشلەتسىلا كۇپايە قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۈچتۇرپان دېھقانلىرى بىر مو يەرگە سەككىز كىلوگرام ئۈرۈق ئىشلىتىپلا 550 ـ 600 كىلوگرامغى-

چە ھوسۇل ئالدى. مۇشۇ بىر تۈردىنلا نۇرغۇن چىقىم تېجىلىپ قالدى. دېھقانلار ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى. ئابدۇۋېلى ئېزىز ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىشنى يەنە بىر قېتىم دەلىللەپ چىقتى ھەم بۇ تېخنىكىنى 60 مىڭ مو يەرگە كېڭەيتتى. بۇ يىل ناھىيە بويىچە 200 مىڭ مو، ۋىلايەت بويىچە 500 مىڭ مو يەرگە كېڭەيتىشنى پىلانلىدى. ئىلگىرى يېزىلاردا ئۇرۇق سېتىش دۇكانلىرى بولمىغاچقا، دېھقانلار نۇرغۇن چىقىم تارتىپ، ناھىيە بازىرىغا ئۇرۇق سېتىۋالغىلى كېلەتتى. ئابدۇۋېلى ئېزىز شىركەتتىكىلەر بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، 2005 ـ يىلى ئاقيار، ئاچىتاغ، ياكۆۋرۈك، ئىماملىرىم، ئوتبېشى يېزىلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇق سېتىۋېلىش نۇقتىسى قۇرۇپ چىقتى. 2005 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن 120 توننا كېۋەز ئۇرۇقى، 140 توننا كۆممىقوناق ئۇرۇقى، 4000 كىلوگرام شال ئۇرۇقى، 3000 كىلوگرام پۇرچاق ئۇرۇقى، 500 كىلوگرام قوغۇن ـ تاۋۇز ئۇرۇقى سېتىپ چىقاردى. ئاقيار، ئاچىتاغ، ياكۆۋرۈك، ئاقتوقاي قاتارلىق تۆت يېزىدا 2600 مو كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئېتىزى بەرپا قىلدى ۋە قوناق ئۇرۇقى تېرىغان دېھقانلارغا 320 مىڭ يۈەنلىك خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق ۋە قەرز پۇل ھەل قىلىپ بەردى ۋە ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىگە بولغان تۈرلۈك مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 2005 ـ يىلى شىركەت «شىشىن ـ 4185» سورتىدىكى ئۇرۇقتىن 510 توننا، «خەنىدەن ـ 5316» سورتىدىكى ئۇرۇقتىن 700 توننا سېتىۋالدى. شىركەت تاللىغان ئۇرۇقلارنىڭ ئوراپ ـ قاچىلىنىشى، سۈپىتىنى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى ۋە ھەممىنى تولۇق سېتىپ چىقىرىپ، كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقى بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش خىزمىتى جەھەتتە شىنجاڭدىكى ناھىيىلەر ئىچىدە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. ناھىيە بويىچە 815 ئۇرۇقچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ بۇغداي ئۇرۇقىدىن قىلغان كىرىمىلا 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ئاقيار يېزىسىنىڭ 7 ـ كەنتىدىكى ئۇرۇق ئىشلەپچىقارغان دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 1200 يۈەنگە يەتتى.

ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ «نەنجياڭ» ماركىلىق كۆممىقوناق ئۇرۇقى شۆھرەت قازاندى. بۇ خىل ئۇرۇق ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرغاندىن سىرت، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ھەتتا لياۋنىڭ، سىچۇەن ئۆلكىلىرىگە سېتىپ چىقىرىلدى. پەقەت 2005- يىل 12- ئايدا 400 توننا كۆممىقوناق ئۇرۇقىلا لياۋنىڭ بىلەن سىچۇەن ئۆلكىسىگە توشۇلدى. 2006- يىلى شىركەت 20 مىڭ مو يەرگە كۆممىقوناق ئۇرۇقى تېرىپ، بۇ ئىككى ئۆلكىگە 6000 توننا ئۇرۇق سېتىپ بېرىشنى پىلانىغا ئالدى.

جاپالىق ئۆتكەن ھايات مەنىگە تولغان بولىدۇ. ئابدۇۋېلى ئېزىزنىڭ 25 يىللىق ھاياتى ھەقىقەتەن مەنىگە تولدى. ئۇ مەيلى كۆممىقوناق شال-غۇت ئۇرۇقلىرىنى سىناق قىلىش، كېڭەيتىش جەھەتتە بولسۇن ياكى ئۇرۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا بولسۇن ۋە ياكى ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك «نەنجياڭ» ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدە خىزمەت قىلغاندا بولسۇن، ھەممىسىدە نەتىجە قازىنىپ، تەشكىلنى رازى قىلدى. دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ھازىر ۋىلايەتتىكى 1 مىليون 700 مىڭ دېھقاننىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى تونۇيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

* * *

ئابدۇۋېلى ئېزىز دەرۋەقە بىر ئۇرۇق مەستانىسىغا، ئۇرۇق پەرۋانىسىغا ئايلاندى. ئۇ ئۈچتۇرپانغا كەلگەن 15 ئايدا ئۈچتۇرپاننىڭ ئۇرۇقچىلىق تارىخىدا مۇنداق يەتتە «مۆجىزە» بارلىققا كەلدى. بىرىنچى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تۇنجى قېتىم 2600 مو يەرگە كۆممىقوناق ئۇرۇقى تېرىپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى 400 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئىككىنچى، ئۈچتۇرپان تارىخىدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك بۇغداي تېرىش ئۇچۇن بىر تۇتاش ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى ۋە تەمىنلەنگەن ئۇرۇق مىقدارىنى 1000 توننىدىن ئاشۇرۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك تەمىنلىگەن ئۇرۇق مىقدارى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى. ئۈچىنچى، بۇغداي تېرىشتا ئاز مىقداردا ئۇرۇق ئىشلىتىپ، كۆپ ھوسۇل ئېلىشتەك يېڭى رېكورتنى ياراتتى ھەم بۇ تەجرىبە پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتىلدى. تۆتىنچى، بۇغداي ئېتىزلىرىدا ئۇرۇقنىڭ بىرلىك

مەھسۇلاتى تۇنجى قېتىم 650 كىلوگىرامغا يەتتى. بەشىنچى، ئۈچتۇرپان تارىخىدا ئۈرۈك تېرىغان دېھقانلارنىڭ مو بېشىدىن ياراتقان كىرىمى تۇنجى قېتىم 1000 يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئالتىنچى، ئۈچتۇرپان ئۈرۈكچىلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئۈرۈكچىلىق بازىسى بولۇش نىشانى رېئاللىققا ئايلاندى. يەتتىنچى، تۇنجى قېتىم مىرزىگۈل تېرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شىركەت يول تاپتى، پۇل تاپتى ۋە ئىناۋەت تاپتى. 2005ـ يىل 2ـ ئايدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىدا قاتتىق يەر تەۋرىدى. 7ـ كەنتتىكى راخمان ياقۇپنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ، 54 تۇياق قوي، ئۆچكىسى، 13 تونىنا ئاشلىقى ۋە يەم ـ خەشەكلىرى كۆيۈپ كەتتى. ئابدۇۋېلى ئېزىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شىركەتتىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇ دېھقانغا 7000 يۈەن قىممىتىدە 16 تۇياق قوي ئېلىپ بەردى ھەم ئۇنىڭغا زىرائەت ئۈرۈكى ئېلىپ بەردى. ناھىيىلىك مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتىدىكى بىر خىزمەتچىنىڭ قىزى ئالىي مەكتەپكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالمىغاندا، شىركەت تەرەپ ئۇنىڭغا 1500 يۈەن ياردەم قىلدى. 2004ـ يىل 8ـ ئايدىن 2005ـ يىلى يىل ئاخىرغىچە شىركەت ھەر خىل خەيرـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا 30 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ئىئانە قىلدى. شىركەتنىڭ نامى مۆلجەرتاغ باغرىدىن ھالقىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغىچە تارالدى.

15 ئاي ھەم جاپالىق، ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئابدۇۋېلى ئېزىز ئاقسۇ بىلەن ئۈچتۇرپان ئارىلىقىدا، يېزا بىلەن يېزا ئارىلىقىدا، ئېتىز بىلەن ئېتىز ئارىلىقىدا تىنىمسىز چېپىپ يۈردى. جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن چىدام ـ غەيرەت ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولدى. ئەمما، قولغا كەلگەن نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپ ئابدۇۋېلى ئېزىزغا ئىلگىرىكى جاپالىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلدى.

توغرا، ئۈرۈك ــ ھەقىقەتەن ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى. ھەممە نەرسىنىڭ يىلتىزى. ھاۋاسىز جانلىق، سۇسىز يېشىللىق بولمىغاندەك، ئۈرۈكسىزمۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئۈرۈكنى تېنى، قېنى، جېنى، دەپ قارىغان بۇ يىگىت ئۈرۈكچىلىق سېپىدە زور ئۇتۇقلارنى قازاندى. بىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!

# «بەشئېرىقتىن كەتكۈم يوق»

«ئىتتىپاقلىقتا ئەقىل ـ پاراسەت قوشۇلسا تەڭداشسىز كۈچكە ئايلىنىدۇ.»

«بەشئېرىقتىن كەتكۈم يوق. چۈنكى مەن بۇ يۇرتنى سۆيىمەن، خەلقىمنى سۆيىمەن، مائارىپنى تېخىمۇ سۆيىمەن». مانا بۇ بەشئېرىقتا يىلتىز تارتقان ئۈچ نەپەر مائارىپچىنىڭ يۈرەك سۆزى. ئۇنىڭ بىرى توخسۇن تۇنىياز، پاكار، چۇش چىراي ئادەم. يەنە بىرى مۇسا ئىمامىنىياز، ئورۇق، خۇش پېئىل كىشى. ھازىر بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى. ئۈچىنچى كىشى تۇرسۇن مەممەت، ئېگىز، تەمبەل، مەكتەپنىڭ مۇدىرى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ ئۈچ كىشى قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، ئايانماي مېھنەت سىڭدۈرگەچكە، بەشئېرىق بازىرىنىڭ مىللىي مائارىپىدىكى يۈكسىلىشلەر ئاۋات ناھىيىسىدىلا ئەمەس، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ھەتتا ئاپتونوم رايون بويىچە نام چىقاردى. بۇ ئۈچ كىشىمۇ ئەل ئېتىراپ قىلغان تۆھپىكارغا ئايلاندى. ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ نەزىرىڭىز تۆۋەندىكى قۇرلاردا بولسۇن:

## توخسۇن تۇنىيازنىڭ ئىسلاھات يولى

1952 ـ يىلى دۆڭقىشلاقتا تۇغۇلغان توخسۇن تۇنىياز ئىنچىكە ئوقۇتقۇچى بولۇشنى قەلبىگە پۈككەن ئىدى. كۈچلۈك ئەقىدە ۋە تىرىشچانلىق ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزدى. 1968 ـ يىلى ئۇنسۇ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، دۆڭقىشلاق باشلانغۇچ مەكتەپكە كېلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئوقۇتقۇچى، سىنىپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. 1987 ـ يىلى شەرەپ بىلەن كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى ھەمدە بەشئېرىق بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆت-

كەلدى. ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن توخسۇن تۇنىياز تېخىمۇ شىجائەت بىلەن ئىشلىدى. تەشكىل قايسى ئىشقا قويسا، شۇ ئىشتا نەتىجە ھاسىل قىلدى. ئۇ مەسئۇل بولغان ئىتتىپاق خىزمىتى، پىئونېرلار خىزمىتى، مالىيە خىزمىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى كۆپ قېتىم ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغارلىققا ئېرىشتى. تەشكىل توخسۇن تۇنىيازغا ئۈمىد بىلەن قارىدى. 2000 ـ يىل 9 ـ ئايدا بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭغا ئارتتى.

لۇغەتتە «ئىرادە»، «خىزمەت»، «سەۋرچانلىق» دېگەن ئۈچ سۆز بار، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئىرادىسىنى مۇشۇ ئۇل ئۈستىگە قۇرۇش كېرەك.

ـــ مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك،ــــ دېدى توخسۇن تۇنىياز بىر قېتىملىق مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا. شۇنىڭدىن باشلاپ توخسۇن تۇنىياز مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنى بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۆزى كەنتلەرگە بېرىپ، مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك قۇرۇلۇشلىرىنى يېڭىلاش خىزمىتىگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. بازار مەركىزىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىماپاشا باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئايدا ئاز دېگەندىمۇ 5 ـ 6 قېتىملاپ باردى. ئىككى يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە قۇمئېرىق، دۆڭبويى، ئىماپاشا قاتارلىق 10 كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ، ياتاقلىرى يېڭىلاپ سېلىندى. تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، تەنتەربىيە ۋە ئەمگەك ـ تېخنىكا ئۈسكۈنىسى سەپلەندى. 15 مەكتەپكە ئۆلچەملىك تەجرىبىخانا سېلىندى. 2003 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگۈچە، بازاردىكى 19 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش شارائىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى. ئىلگىرى مەكتەپلەرنىڭ 210 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. توخسۇن تۇنىياز بازار ۋە ھەر قايسى كەنتلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى قايتا ـ

قايتا ئىزدەش ئارقىلىق، تېرىلغۇ يەرنى 400 موغا، باغنى 53 موغا يەتكۈزدى. ھازىر ھەربىر سىنىپقا توغرا كەلگەن ئەمگەك بازىسى 2.8 موغا يەتتى. 2003 ـ يىلى كەنتلەرنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئاجراتقان پۇلى 100 مىڭ يۈەندىن، مەكتەپلەرنىڭ ئۆچ يىلدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتىدىن مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئاجراتقىنى 3 مىليون 155 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 2003 ـ يىلى بازار بويىچە مائارىپقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليون 734 مىڭ 473 يۈەنگە يەتتى.

توخسۇن تۇنىياز ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىدى. تۈرلۈك ئۇسۇل، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، بىر نەچچە يىلدا بازاردىكى 389 ئوقۇتقۇچىنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلەپ چىقتى. ھازىر ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 37 گە، مەخسۇس كۇرس سەۋىيىسىدىكىلەر 134 كە، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 191 نەپەرگە يەتتى. ئۇ مەكتەپ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشتا قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئىلمىي مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ تەكلىپ بىلەن ئىش ئورنىغا چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى. بازاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ناھىيە بويىچە ئۇدا 1 ـ لىككە ئېرىشىپ كەلدى. بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 25 ئوقۇغۇچى ئىچكىرى جايلاردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا، بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن 5 ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى شىنجاڭ تولۇقسىز سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىندى. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «باغۋەنلەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، بەشئېرىققا شەرەپ كەلتۈردى. توخسۇن تۇنىياز كۆپ قېتىم ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، بەشئېرىق بازىرى ۋە مائارىپ سىستېمىسى بويىچە «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «ئىككى ئاساسەن خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى.

تەشكىل ئۇنى يۇقىرىغا يۆتكىمەكچى بولغاندا، ئۇ «بەشئېرىقتىن كەتكۈم يوق» دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

مۇسا ئىمامنىياز «چولپان» غا ئايلاندى

بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپى 2003 ــ يىل 10 ــ ئايدا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە شەرەپ بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. مەكتەپ ئوقۇغۇچى سانى، ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇتۇش مېتودى، مەكتەپ شارائىتى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتى جەھەتتىكى ئىلغار ئىش ــ ئىزلىرىنى بەس ــ بەستە تەشۋىق قىلدى. گېزىت ــ ژۇرنال، رادىئو ــ تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇسا ئىمامنىياز دېگەن ئىسىم ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى.

ئەگەر كىمكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدىكەن، ئىرادىنى دوست، تەجرىبىنى مەسلىھەتچى، ئېھتىياتچانلىقنى قېرىنداش، ئۈمىدنى قاراۋۇل قىلىشى كېرەك. مۇسا ئىمامنىياز 1977 ــ يىلى مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى ۋە مەكتەپ قوينىدا پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلدى. ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئاشۇردى. 1995 ــ يىلى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 2000 ــ يىلى مۇسا ئىمامنىياز كۆرۈنەرلىك نەتىجىسىگە ئاساسەن، مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئانا مەكتەپنىڭ ئېغىر يۈكى ۋە ئۈمىدى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇ تەشكىلنىڭ قوللىشى بىلەن دادىل ئىزدىنىپ، يۈرەكلىك خىزمەت قىلدى. ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش، تەلىم ــ تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تۈزۈملىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جانلىق، ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى. كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، بىرنەچچە يىلدا ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. تەربىيىلىنىشكە قاتناش-

قانالىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى مەكتەپ مالىيىسىدىن ئاجرىتىپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلارنى ھەر يىلى تۈركۈمگە بۆلۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ باردى. 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ كىرىم يوللىرىنى كېڭەيتتى. 90 ـ يىللاردا مەكتەپ يىلىغا 150 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلاتتى. مۇسا ئىمامنىياز مەكتەپنىڭ 350 مو ئەمگەك تېخنىكا بازىسىنى ياخشى باشقۇرغاندىن سىرت، مەكتەپكە 170 مو باغ سېتىۋالدى. 40 مو ئورمانچىلىق بازىسى قۇرۇپ چىقتى. مەكتەپ ئالدىغا 12 ئېغىزلىق تىجارەت ئۆيى سالدۇردى. بۇ ئارقىلىق كىرىمنى يىلمۇ يىل زورايتتى. 2002 ـ يىلى ئومۇمىي كىرىمنى 1 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئىلگىرىكىدىن 10 ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. باشقا يىللىرىمۇ يىللىق كىرىم 800 مىڭ يۈەندىن چۈشۈپ كەتمىدى. ئۇ بۇ پۇللارنى مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى. مەكتەپ مەيدانىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ، تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىدى. گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ قورۇسىنى يېشىللىققا پۈركىدى. 30 ئائىلىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئۆيى سالدۇردى. ھەريىلى 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلىدى. 400 ئوقۇغۇچى بىرلا ۋاقىتتا غىزالىنالايدىغان زامانىۋى تۈسكە ئىگە ئاشخانا سالدۇردى. «سەككىزنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ناھىيىدىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

جاسارەت ئىقتىدارغا ئوخشايدۇ. ئۇ مەقسەتكە قاراپ ماڭىدىغان يولنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. مۇسا ئىمامنىياز ئىچكى باشقۇرۇش، جانلاندۇرۇش مېخانىزمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم داڭلىق، يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ۋە مەكتەپنى گۈللەنگەن، ئىلغار، مەدەنىي مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزدى. مەكتەپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە ناھىيە بويىچە بايراقدار مەكتەپ بولۇپ قالدى. مۇسا ئىمامنىياز مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئۇدا ئۈچ قېتىم «مۇنەۋۋەر باغۋەن»، «ئىلغار

مەكتەپ مۇدىرى» بولۇپ تەقدىرلەندى. مۇسا ئىمامنىياز ۋە بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ نامى تارىم دەرياسى ۋادىسىغا تارالدى.

پەرەز رېئاللىققا ئايلاندى. يېقىندا مۇخبىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىن مۇنداق بىر خۇش خەۋەرگە ئېرىشتى: مۇسا ئىمامنىياز 2005 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە «100 چولپان مۇدىر» نىڭ بىرى دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن ھەم پايتەختىمىز بېيجىڭغا بېرىپ مۇكاپات بۇيۇمى تاپشۇرۇپ ئالغان.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، مەملىكەت بويىچە «چولپان مۇدىر» لارنى باھالاش، بېكىتىش خىزمىتىنى مەركەز مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، مەركەزدە چىقىدىغان «يېڭى مائارىپ» ژۇرنىلى، دۇنيا خۋاشىيا تالانت ئىگىلىرى، بېيجىڭ مەدەنىيەت مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئېلىپ بارغان. شىنجاڭدىن بەش نەپەر مەكتەپ مۇدىرى بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشكەن.

«شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، شىنجاڭ «مائارىپ گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى مەكتەپ ۋە مۇسا ئىمامنىيازنى يەنە تەشۋىق قىلدى. «شىنجاڭ مائارىپ» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 4 ـ سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا مۇسا ئىمامنىيازنىڭ بېيجىڭدا چۈشكەن سۈرىتى بېسىلدى. مۇسا ئىمامنىياز ھەقىقەتەن چولپانغا ئايلاندى.

## تۇرسۇن مەممەت بوش كەلمىدى

تۇرسۇن مەممەتنىڭ بوش ئەمەسلىكى 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىسپاتلاندى. ئۇ مۇدىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان بەشئېرىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن بەش ئوقۇغۇچى بىراقلا شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىنىپ، ناھىيە بويىچە نام چىقىرىۋەتتى. ئاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرى بۇ مەكتەپ ۋە مۇدىر تۇرسۇن مەممەتكە ئاپىرىن ئوقۇدى.

ۋۇجۇدىدىن شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تۇرسۇن مەممەت ئەسلىي تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تاللىق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى، 11 ـ تۈەن مەكتىپى، بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپى، بەشئېرىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. 1999 ـ يىل 1 ـ ئايدا يۇقىرىقى بەشئېرىق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا، 2004 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. قەيەردىلا ئىشلىسە، شۇ يەرنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇردى. بولۇپمۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز كەسپىدە لاياقەتلىك بولۇش، سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىدە لاياقەتلىك بولۇش، كەسپىي ئەخلاقتا لاياقەتلىك بولۇشقا يېتەكلىدى. ئوچۇق دەرس، تەجرىبىلىك دەرس، كۆرسەتمىلىك دەرس ئۆتۈشنى مۇنتىزىملاشتۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تەييارلاش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش ئەھۋالى، خىزمەت قوللانمىسىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى ئايمۇ ئاي تەكشۈرۈپ تۇردى. ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە مۇھاكىمىگە ئۇيۇشتۇردى. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش، ئارقىدا قالغانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىشىنى ۋە دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ ئارقىلىق ئالدىنقى ئوقۇش يىلىدا ئارقىدا قالغان 21 ئوقۇغۇچىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزدى ۋە 95% ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپتىن كۆچۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. تۇرسۇن مەممەت يەنە ئالاھىدە يەنلەر ئوقۇتۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە ئۇسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدى. تەجرىبە سىنىپى ئاچتى. شۇڭا بۇ مەكتەپ بازار بويىچە بايراقدار مەكتەپ بولۇپ قالدى.

2005 ـ يىل مارت، ئاۋات

# بانكىدا ياشارغان قەلب

قىزغىنلىق ئادەمنى ئالغا ئۈندەيدۇ، جاسارەتكە، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدا- رىنى قېزىپ چىقىدۇ. ئىمىر ھەمەر 1974 ـ يىلى بەشئىبرىق يېزا 5 ـ ئىشلەپچىقىرىش كەنتىنىڭ بوغالتىرى ئىدى. شۇ يىل كۆزدە ئۇ، ياشلار- غا خاس سەزگۈر تەپەككۇرى، بوغالتىرلىق جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا تايى- نىپ، يېزىدا تۇرۇشلۇق بانكا تىجارەت پونكىتىنىڭ بوغالتىرلىقىغا ئو- رۇنلاشتى. ۋۇجۇدىدا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كەسپىي قىزغىنلىق، قەلبى- گە ئورناپ كەتكەن ئۇلۇغ ئارزۇلار ئىمىر ھەمەرنى ناھايىتى تېز ئالغا ئۈندىدى. يېشى ئەمدىلا 30 نىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ يىگىت بىر نەچچە يىلدىن كېيىنلا ھەر جەھەتتىن تەشكىلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئارزۇ- سى ۋە غايىسى ئۇلۇغ ئادەمنىڭ قەلبى مەڭگۈ يېنىپ ھەم ياشىرىپ تۇرى- دۇ. پۇل مۇئامىلە سېپىگە چوڭقۇر رىشتە باغلىغان ئىمىر ھەمەر بۇ سەپتە ئوبدانلا كۆچىنىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بۈيۈك ئارزۇلارغا تولغان قەلبى يېزا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە يىلتىز تارتىشقا، بىخ سۈرۈشكە، ئاخىرىدا باراقسانلىشىپ ياشىرىشقا باشلىدى. كەسپكە بولغان قىزغىنلىق ئۇنىڭغا جاسارەت ۋە كۈچ ئاتا قىلسا، خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۇنى تېخىمۇ سالماق ئادەم بولۇشقا ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1980 ـ يىلى شەرەپ بىلەن كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى ھەمدە 1981 ـ يىلى نا- ھىيىلىك بانكىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، 1987 ـ يىلىغىچە بوغالتىر، بوغال- تىرلار يېتەكچىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىدى. ئىز- دىنىش كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، نەتىجە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئىشەنچ كىشىنى ئالغا ئۈندەيدۇ، ئالقىش ۋە ھۆرمەت كىشىنى بەخت ھەم شادلىق

تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ، توغرا بېسىلغان قەدەمدىن گۈللەر ئۈنىدۇ. قابىلىيەت بىلەن ئەخلاقنى، ئىرىشچانلىق بىلەن پەزىلەتنى، يۇقىرى ئۆرلەش بىلەن كەمتەرلىكنى بىرلەشتۈرەلىگەن ئادەمنىڭ قەدىر ــ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئاساسەن ئۇدا ئۈچ يىل ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەرىپىدىن، بىرنەچچە قېتىم ناھىيىلىك بانكا تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى. 1987 ــ يىل 11 ــ ئايدا 35 ياشلىق ئىمىر ھەمەر ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئاۋات ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. رەھبەرلىك قاتلىمىغا چىقىش ياخشى ئىش. ئۇ تەشكىلنىڭ شۇ كىشىگە ئىشەنگىنى، شۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنى. دەرۋەقە، بۇ ئىش ئىمىر ھەمەرنى ھاياجانغا سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇپ، ۋۇجۇدى تىترىدى. قەلبى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ كەتتى. مەن بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالارمەنمۇ، دېگەن بىر ئەندىشىمۇ غىل ــ پال ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ يەنە روھلىنىپ قالدى. «تەشكىل ماڭا ئىشەنگەن ئىكەن، مەن نېمىدىن غەم قىلاتتىم، مەن مۇشۇ كەسپتىن يېتىشىپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ياخشى تونۇشۇم كېرەك». ئىمىر ھەمەر قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. تېخىمۇ كۆچىنىپ ئىشلەشكە بەل باغلىدى. ئۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئامانەت، كرېدىت، پىلان قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش، يېزا ــ بازار كارخانىلىرىغا يار ــ يۆلەك بولۇش جەھەتتە زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. 1990 ــ يىل 7 ــ ئايدا ئاۋات ناھىيىسى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر مۆلدۈر، يامغۇر ئاپىتى يۈز بەردى. بۇ قۇربان ھېيت مەزگىلى بولغاچقا، ئىمىر ھەمەر بەشئېرىق يېزىسىدا ئاتا ــ ئانىسى بىلەن بىرگە ئىدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ كېچىلەپ ناھىيىگە يېتىپ كېلىپ، خادىملارنى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە ھەر قايسى يېزا ــ مەيدانلارغا يېتىپ باردى. زىيان ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى. ئۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ

ئۆسۈم نورمىسىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بېكىتىش، مۇددىتىنى ئۇزار-تىش، تۇراقسىز ئۆسۈمنى قوشماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، 7 مىليون يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەر-دى. بۇنىڭ بىلەن نابۇت بولغان زىرائەتلەرنى قايتا تېرىش، ماددىي ئەشـ-يالارنى ۋاقتىدا يۆتكەش، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. ئارىلىقتا 13 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئىمىر ھەمەر ئائىلىسىگىمۇ قايتماي، دېھقانلار بىلەن بىرگە بو-لۇپ، دېھقانلارنىڭ مول ھوسۇل ئېلىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، غەيرى-تىنى ئۇرغۇتتى. نەتىجىدە شۇ يىلى ئاۋات ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىدىن يەنە مول ھوسۇل ئالدى.

ۋاقىت ناھايىتى شەپقەتسىز، شۇنداقلا بەكمۇ رەھىمدىل. ۋاقىت بىزنى نۇرغۇن نەرسىدىن مەھرۇم قىلىدۇ شۇنداقلا بىزنى نۇرغۇن نەر-سىگە ئىگە قىلىدۇ. يىللار ئىمىر ھەمەرگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىل-دى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئەقىل، تەجرىبە ئۆگەتتى. ئۇنى پىشقان رەھ-بەرگە ئايلاندۇردى. 1990 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىمىر ھەمەر مەسئۇل مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىقىغا قويۇلۇپ، ئومۇمىي خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قى-لىشقا باشلىدى. ئۇ بانكىدا ساقلىنىپ كەلگەن داشقازان تامىقىنى يېيىش ئۇسۇلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بانكىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بويىچە ھۆددىگە بېرىپ، پايدىنى بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق شۇنداقلا مالىيە باش-قۇرۇش، تەشكىلىي ئىنتىزام جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ھەم تەرتىپكە سېلىشقا قول سالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يا-چېيكا يىغىنى، مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى، پېشقەدەملەر سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ناتوغرا ئىستىللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئانا-لىز قىلدى ھەمدە بۇنى تۈزىتىشنىڭ تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ چىقتى. بىر ياخشى تۈزۈم بىر ياخشى كاپالەت، بىر ياخشى رەھبەر پۈتمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت. چۈنكى، ياخشى تەدبىردىن ياخشى نەتىجە، بىر ياخشى رەھبەر-دىن يېڭى پىكىرلەر تۇغۇلىدۇ. ھەممەت ئىشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ھەر تەرەپنىڭ ئىجادچانلىقىنى تەڭ قوزغاش ئۈچۈن، ئىمىر ھەمەر ئالدى بى-لەن ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، تۈر-

لۈك قانۇنلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن ـ
تۈزۈم ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى شۇنداقلا كىرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈ-
مى، بوغالتىرلىق ـ كاسسا تۈزۈمى، ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش تۈزۈمى، بىخەتەرلىك قوغداش تۈزۈمى قاتارلىق بىر قاتار جانلىق
تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. مەخسۇس ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش گۇ-
رۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپ، 1990 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يۈز بېرىپ پاش
بولماي كەلگەن تۆت كىشىنىڭ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىيانەتچى-
لىك، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ چىق-
تى. يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن 480 مىڭ يۈەنلىك ھېسابات
خاتالىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ تۈزەتتى. ئۇزۇندىن بۇيان بانكا خادىملىرى
ئىگىلەپ ئىشلىتىۋاتقان 32 خىل مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ چىقىپ بىر
تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بانكىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى
قانۇن ـ تۈزۈم يولىغا سېلىندى. 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا
ئىگىلىك بانكىسى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تەربىيىلەش، ئېنىقلاش، تەرتىپكە
سېلىش تەجرىبىسىنى ئۇدا ئۈچ قېتىم پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتتى. شۇ
يىلى ئۇ بانكا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇشۇ تۈردە ئىلغار ئورۇن، ئىمىر
ھەمەر ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى. 1990 ـ يىلىدىن كېيىن
بۇ بانكىدا ھېچقانداق ئىقتىسادىي مەسىلە كۆرۈلمىدى.

ئارزۇلار چېچەكلەيدۇ، تۆھپە تۆرگە باشلايدۇ، ھاياتلىق بولىدى-
كەن ئىزدىنىش ھامان مېۋە بېرىدۇ. ئىمىر ھەمەرنىڭ ھەربىر قەدىمىدىن
گۈل ئۈندى. ئۇنىڭ تەلەپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بانكىدا يېتى-
لىپ، بانكىدا چېچەك ئاچتى. ئىمىر ھەمەر 1992 ـ يىل 5 ـ ئايدا بانكا
باشلىقلىقىغا، بانكا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن
كېيىن، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق تونۇپ يېتىپ، چوڭقۇر تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بانكىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىدە يېڭى يۈكسى-
لىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەر ئايدا ئون نەچچە كۈن تۆۋەنگە چۈ-
شۈپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ ناھى-
يىنىڭ تامتوغراق، يېڭىئېرىق يېزىلىرىدىكى بۇغدايلارغا ھال، كېۋەزلەر-
گە پىت چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىمىر ھەمەر دەرھال ئا-

پەتنىڭ دەرىجىسىنى ئېنىقلاپ، شۇ كۈنىلا بۇ ئىككى يېزىغا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. ئۇ ھەر يىلى 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدە تۆۋەنگە چۈشۈپ، قەرز قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى شۇنداقلا ئالدىن مەبلەغ سالىدىغان تۈر-لەرنى ئېنىقلاپ چىقتى. دۇنيا بىر ئەينەك. ئۇ ھەربىر كىشىگە ئۆز تەسەۋ-ۋۇرىنى تەكرار كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆزىنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇ-رۇشقا ئادەتلەنگەن ئىمىر ھەمەر ھەر ئىككىلا قولىدا قاتتىق بولۇپ، ئۆزد-گە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنىڭ باشلامچىسى بو-لۇپ قالدى. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان قىلمىشلارغا باشلامچىلىق بىلەن قارشى تۇردى. بانكىدا ياشارغان قەلبد-گە كىر قوندۇرمىدى. ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. بولۇپمۇ، كرېدىت مەبلىغىنى تارقىتىش، ئاساسىي قۇ-رۇلۇش ئېلىپ بېرىش، مال ـ مۈلۈك سېتىۋېلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىش، ئۆستۈرۈش پەيتلىرىدە بەكمۇ سەزگۈر بولدى. پارىخورلۇق ھادىسىلىرى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھوقۇقىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈۋالماي، مەخسۇس رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەر قانداق ئىشنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نازارىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلدى. باشقىلارنىڭمۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ سوۋغا ئېلىشىغا يول قويمىدى. قەرز پۇل تارقىتىش، تەستىقلاش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتى ھەم بانكىدىن تارتىپ يېزىلاردىكى تىجارەت پونكىتلىرىغىچە، بانكا باشلىقىدىن تارتىپ ئادەت-تىكى كرېدىت خادىملىرىغىچە يېڭى تۈزۈم بەلگىلىدى. ۋەزىپە، مەسئۇل-يەت، ھوقۇق چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىدى ۋە قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، تۈرلۈك يوچۇقلارنى ئۈنۈملۈك ئەتتى.

پىكىر ئۇلۇغ نەرسە. ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى پىكىر قىلىشتىن ۋۇجۇدقا كې-لىدۇ. مەن ئىمىر ھەمەرنىڭ تۆۋەندىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ شەخسىيەتسىز خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىغا تېخىمۇ قايىل بولدۇم:

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاۋات ناھىيىلىك تارماق بانكد-

سى 1980 ـ يىلى ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان، بىر قولدا كەسپنى، يەنە بىر قولدا تەرەققىياتنى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئاكتىپ مەدەت بېرىپ، 158 مىڭ ئاھالىغا ئىگە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

بۇ بانكا قارمىقىدا 10 تىجارەت پونكىتى، 10 ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى، 15 شۆبە ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى بار. ئومۇمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 200 گە يېتىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بانكىنىڭ تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرى مۇكەممەللىشىپ، مۇلازىمەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتى، بولۇپمۇ مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بانكا كرېدىت خىزمىتى جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خادىملارنى ياخشى تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر مەزگىللىك مەشغۇلاتى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئۈچۈن ئىنچىكە، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلدى، كەسپىي ئائىلىلەر، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا پائال يار ـ يۆلەك بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى، كىرىمنىڭ كۆپىيىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يىلمۇ يىل ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈردى. يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى ئوبدان باشقۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈۋرۈك بولۇپ بېرىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى مەدەتكار ئورۇنغا ئايلاندى.

بانكا تەربىيىلەش، ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىخەتەرلىك قوغداش تەدبىرلىرىنى مۇستەھكەملەپ، خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا قاتتىق بولۇپ، ئىش ئۈنۈمى بىلەن ئىش ھەققىنى چېتىشتۇرۇپ، ۋەزىپىنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى.

بۇنىڭ بىلەن بانكىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرى ئايمۇ ئاي، يىلمۇ يىل يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. 1989 ـ يىلى تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى

32 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1992 ـ يىلى 74 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۈچ يىلدا بىر يېرىم ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. تارقاتقان قەرز پۇل مىقدارى 1989 ـ يىلىدىكى 51 مىليوندىن 1992 ـ يىلى 170 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. پايدا 1989 ـ يىلىدىكى 240 مىڭ يۈەندىن 1992 ـ يىلى 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئامانەت ـ قەرز سالمىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز بولدى.

بانكا ئاپپارات ئىسلاھاتىنى دادىل ئېلىپ بېرىپ، ئىلگىرىكى 11 بۆلۈمچىنى 4 بۆلۈمگە قىسقارتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەربىيىلەش، ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويۇش ئارقىلىق ھەم خىزمەت ئۈنۈمىنى، ھەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈردى. يېقىندا بانكا قوشۇمچە كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، بانكىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 99 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ 2000 يۈەندىن پاي قوشۇشى بىلەن «جىڭيىن» مۇلازىمەت شىركىتىدىن ئىبارەت بىر ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇپ چىقتى.

ماكسىم گوركىي «تالانت ئۆزۈڭگە، ئۆز كۈچۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭدۇر» دەپ كۆرسەتكەن، دەرۋەقە، ئادەم بۈيۈك ئىشلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ياشىشى، توختىماي ئىزدىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئىزدەنگۈچىلەرگە ھايات دائىم كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ، دۇنيامۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئىمىر ھەمەر ئاۋات ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن بىر قانچە يىلدا دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش، قابىلىيەتلىك بانكا باشلىقىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بانكىمۇ كۆپ خىل شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. 1993 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىمىر ھەمەر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

ياشاش ھەرىكەت دېمەكتۇر. تىنىمسىز ھەرىكەتتىن يېڭى مەنزىللەر ئېچىلىدۇ. يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن ئادەم ھامان يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلەيدۇ. ئىمىر ھەمەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا كەلگەندىن

كېيىن بىر ياخشى رەھبەر بولۇش يولىدا تېخىمۇ تىرىشتى، ئۆگەندى، ئىزدەندى. چۈنكى، ناھىيە بىلەن ۋىلايەتنىڭ پەرقى بار ئىدى. دەرىجىگە يارىشا بىلىم تېخىمۇ مول، رەھبەرلىك سەنئىتى يەنىمۇ يۇقىرى بولمىسا بولمايتتى. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىمىر ھەمەر دائىم ناھىيە، يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. زامانىۋى بانكا باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگەندى. خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندى. ئۆزى مەسئۇل بولغان ئېغىزلارنىڭ خىزمىتىگە دائىر نەزەرىيىلەرنى ئۆگەندى. ئۇ بانكىنىڭ ئامانەت ـ قەرز خىزمىتى، بىخەتەرلىك ـ قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاساسلىق زېھنىنى بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتكە مەركەزلەشتۈردى. خىزمەتكە پايدىلىق تەدبىرلەرنى دادىل تۈزۈپ چىقىپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئامانەت ـ قەرز خىزمىتىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ئەقىل ـ پاراستى ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى ھەم ئامانەت پۇل مىقدارىنىڭ ئايمۇ ئاي ئېشىشىنى قولغا كەلتۈردى. 1993 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە توپلانغان يېزا پۇل ئامانەت قالدۇقى 224 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1992 ـ يىلدىكىدىن 34 مىليون يۈەن ئاشتى. قەرز پۇلنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش سالمىقى زورايتىلدى، پايدا نىسبىتى ئاشتى. سۈپەتسىز قەرز پۇل نىسبىتى تۆۋەنلىدى، كونا، قالدۇق قەرز پۇللارنى يىغىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى ئامانەت ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەربىر ھالقىدىكى خىزمەتتە يۈكسىلىش بولسىلا، ئىمىر ھەمەرنىڭ قەلبى قەيتىدىن باشىرىپ قالغاندەك بولاتتى.

1994 ـ يىلى ئىيۇل. ئاقسۇ

**ئىزاھات:**

1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قۇرۇلغاندا، ئىمىر ھەمەر شۇ بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ چىققان. ھازىرغىچە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

# خۇشناۋا «تۇغدى»

خۇشناۋا «تۇغدى» دېسەم ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى ئاقسۇدا خۇشناۋا راستىنلا «تۇغدى».

خۇشناۋا ــ شاد ـ خۇراملىقنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ، ئىناقلىقـ نىڭ، تەنتەنىنىڭ بەلگىسى، گۈزەللىكنىڭ ئەلچىسى. ئىنسان خۇشاللىققا مۇھتاج. چۈنكى، خۇشناۋالىق ھايات مەڭگۈ قېرىماس، مەڭگۈ توزۇماس ھاياتتۇر. بۇنداق ھايات ئەبەدىلئەبەد نۇر چېچىپ، باھار نوتىلىرىدەك ياشناپ، ئىنسان مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، ئادەمگە چەكسىز كۈچ، مەنە ۋە لەززەت بېغىشلايدۇ. چاڭقىغان دىللارنى يايرىتىدۇ، بۇلبۇلدەك سايرىتىـ دۇ. بۇ جەھەتتىكى ئارزۇ ـ ئىستىكنى ھېس قىلغان لۇتپۇللا راخمان ئاـ يالى ئىبادەت بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاسۇق كوچىسىدا زامانىۋى تۇس ۋە قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە 20 شىرەلىك «خۇشناۋا» رېستورانىنى ئاچقانىدى. ئۇلار رىـ قابەتلىك بازار دولقۇنىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. مۇلازىمەتنى، سۈپەتنى، ئىناۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قوـ يۇپ، تاماق ۋە قورۇمىلارنىڭ پۇرىقى، تەمى، رەڭگىگە كۈچ سەرپ قىـ لىپ، ئۆزگىچە بولغان خۇشناۋا تائاملىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. يېتىلگەن ناخشىچى، مۇزىكانتلارنى تەكلىپ قىلىپ، چارچىغان، ھارغان كۆڭۈلـ لەرگە شادلىق، ھۇزۇر ئاتا قىلدى. رېستوراننىڭ خېرىدارلىرى كۈندىن كۈنگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆپەيدى. ئوبوروت تېزلىشىپ، سودا جانلاندى. قاينام ـ تاشقىنلىق، مول مەزمۇنلۇق خۇشناۋا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. رېستوران كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېـ رىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. خەتنە توي ئىگىلىرى مېھـ مانلىرىنى پاتقۇزالماي كەتتى. شىرە ئاز، مېھمان كۆپ بولۇش زىددىيىتى

تەدرىجىي روشەنلەشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئالغا يەنىلا لۇتپۇللا بىلەن ئىبادەت جاۋاب بېرىشكە تىرىشتى. سودىنى كىچىك ئىشتىن باشلاپ، بۇ ساھەدە خېلىلا پىشىپ قالغان بۇ بىر جۈپ ياش ئەر ـ ئايال نەزىرىنى ئەتراپقا سالدى. مۇۋاپىق جاي ئىزدىدى. خىلمۇخىل، قاتمۇقات ئېھتىماللىقلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. خىيمخەتەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە خېرىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا، ئۇلارنىڭ قەلب ئاسمىنىدا ئىشەنچ نۇرلىرى پارلىدى. ئۇلار ئىشەنچىنىڭ تۈرتكىسى، ئۈرۈق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئاخىرى بېلىنى چىڭ باغلاپ، لەنگەر يولىدا ھەشەمەتلىك، زور كۆلەملىك، زامانىۋى ئۇسلۇبلۇق رېستوراندىن يەنە بىرنى ئاچتى. بۇ رېستوراننىڭ ئىسمى «يېڭى خۇشناۋا». بۇ ئەسلىدىكى خۇشناۋانىڭ «بالىسى» ئىدى.

لۇتپۇللا ئەپەندىنىڭ تەسراتى: مەن بېيجىڭغا داۋالانغىلى بارغىنىمدا بىر كاۋاپچى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ ھەر كۈنى نەچچە مىڭ يۈەن سودا قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئەسلىمۇ ھۆكۈمەت كادىرى. بىراق سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا كۆپ يىل داۋالىنىپ كەتتىم. پۇلدىنمۇ قىسىلىپ كەتتۇق. مەن كاۋاپچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «ئۇ قىلغان ئىشنى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن» دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن 1992 ـ يىلى تەۋەككۈل قىلىپ، ئويبازاردا كاۋاپخانا ئاچتىم. بۇ ماڭا نىسبەتەن يېڭى كەسىپ بولغاچقا، دەسلەپتە تەمتىرىدىم، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ كەتتىم. سودامۇ ئېقىپ قالدى. ئىشىم ئوڭغا تارتتى. خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالدىم. ئادەمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغۇسى كېلىدىكەن. پۇلنى تېخىمۇ كۆپ تاپسام دەيدىكەنمىز. مەن شۇ چاغدا پۇلدىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىگە ئېرىشتىم. ئۇ بولسىمۇ ئەقىل ۋە ئىرادە. 1996 ـ يىلى مەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاشخانىسىنى ھۆددىگە ئالدىم ھەم ئۇنى «مەرھابا» رېستورانىغا ئۆزگەرتىپ چىقتىم. بۇ مەزگىللەردە ئاقسۇدا رېستوران بازارلىرى ئانچە جانلىق ئەمەس ئىدى. لېكىن، مېنىڭ تىجارىتىم روناق تاپتى. مەن بۇ كەسىپكە تەدرىجىي ھەۋەس قىلىپ قالدىم. تەجرىبە ھاسىل قىلدىم. خېرىدارلارنى رازى قىلىش—

سودىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلدىم. ئايالىم ئىبادەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1998 ـ يىل 6 ـ ئايدا خۇشناۋا رېستورانىنى، بۇ يىل 2 ـ ئايدا يېڭى خۇشناۋا رېستورانىنى ئاچتۇق...

ئىبادەت خانىمنىڭ ئېيتقانلىرى:

مەن ئەسلىدە خەلق سارىيى 4 ـ قەۋەتنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتىم. 20 نەچچە يىل خىزمەت قىلىش تارىخىمدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئىدىم. كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، بەشتە ياخشى خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندىم. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا سودا ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدا تەشكىلمۇ ماڭا زور شان ـ شەرەپلەرنى بەرگەن. بىراق، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەندە خىزمەتتىن چېكىنىپ مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ئىستىكى پەيدا بولدى. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەمدە بىر ئۇلۇغۋار ئارزۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن 1997 ـ يىلى ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارلىقى، تەشكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقتىم. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن كارخانىنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغۇچىلارغا ئۇلگە تىكلەپ بېرىش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن يولدۇشۇم لۇتپۇللابىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دەسلەپتە ئىشنى كىچىك سودىدىن باشلىدۇق. كېيىنچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇق. ھەر قانداق ئىشنى يېڭى باشلىغاندا ئادەمدە تەمتىرەش، گاڭگىراش بولىدىكەن. ئەينى چاغدا مەندىمۇ شۇنداق تۇيغۇ بولغان. بىراق، ئادەمدە ئىرادىلا بولسا ھەر قانداق ئىشتا نەتىجە قازانغىلى بولىدىكەن. مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ئىشەندىم. قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. ھەقىقەتەن يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدىكەن. تەجرىبىمۇ ئاستا ـ ئاستا توپلىنىدىكەن. مەن باشتىن ـ ئاخىر يولدىشىمنىڭ قوللىشى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى، قىزغىن مەدەت بېرىش ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ

چۈشىنىشكە ئېرىشتىم. 1998 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ، بىز «خۇشناۋا» رېستورانىنى ئېچىپ، مول تەجرىبىگە ئېرىشتۇق. سودىدا باھا ئاملى، سۈپەت ئاملى، مۇلازىمەت ئاملى ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئاز پايدا ئېلىپ، كۆپ خېرىدار جەلپ قىلىش يولىدا مېڭىپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، رېستوراننىڭ گۈللىنىشىگە، بازار رىقابىتىدە مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. بۇ جەرياندا دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئاكتىپ بويسۇنۇپ، ھەريىلى دۆلەتكە 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج ۋە تۈرلۈك رەسمىيەت ھەققى تاپشۇرۇپ كەلدۇق. جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان، ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان 30 نەچچە ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقاندا، بىز «خۇشناۋا» رېستورانىنى كېڭەيتمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ قوللىشى بىلەن 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، ھازىرقى «يېڭى خۇشناۋا» رېستورانىنى ئاچتۇق. 55 شىرەلىك بۇ رېستوراننىڭ كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئايرىمخانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە VCD، ئاۋاز ياڭراتقۇ، تېلېۋىزور قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن، قويۇق مىللىي پۇراق ۋە زامانىۋى تۈسكە ئىگە. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن سودا ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتىدۇ. بىز تاماق ۋە قورۇمىلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن بەش نەپەر دۆلەت دەرىجىلىك ئاشپەز تەكلىپ قىلدۇق. ھازىر ئىككى رېستوراندا 80 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ، ئىش ئورنىدىن قالغانلارمۇ بار. كۈتكۈچىلەرنىمۇ مەخسۇس تەربىيىلىدۇق.

مېنىڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، ئىش ئورنىدىن قېلىش قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى تىرىشماسلىق. سودىدا جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. «جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق» ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلىدىكى ئىناقلىقمۇ بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىز ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىمىزگە ئىشىنىپ، مەسلە ۋە قىيىنچىلىقنى

مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلدۇق. بىر ـ بىرىمىزنى قوللىدۇق. مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ئىش ئورنىدىن قالغان ھەدە ـ سىڭىللارنىڭ ئۈمىدسىزلەنـ مەي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىنى كۈچەيتىشىنى، ئۆزىنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنى قىزغىن قوللىغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە كونا ـ يېڭى خېرىدارلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن.

2001 ـ يىل مارت، ئاقسۇ

# قارا يۇلغۇندىكى يالقۇنلۇق قەلب

قەدىمىي يۇرت — قارايۇلغۇن شەرقتىن ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىدىغان يول بوغۇزى. دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىگە، ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بۇ يۇرت يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسى 5 - تۇەن قارمىقىدىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىر گەۋدىلەشكەن، ئۇيغۇرلار ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللىي مەيدان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ يۇرتتىكى خەلق بىر كىشىنىڭ خىزمىتىدىن مىننەتدار بولماقتا. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇنى پەخرىمىز، يۆلەنچۈكىمىز، شاپائەتچىمىز، يولباشچىمىز دېيىشمەكتە. ئۇنىڭغا بارغانچە چوڭقۇر مۇھەببەت، ئەقىدە باغلىماقتا. ئۇ كىشىمۇ خەلق بىلەن ھەمنەپەس، قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ، ياشلىق باھارى ۋە يۈرەك قېنىنى يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، بەخت - سائادەت يارىتىشتەك ئۇلۇغۋار ئىشقا سەرپ قىلىپ كەلمەكتە. ھەربىر ھەرىكىتى، ھەربىر سۆزىدە خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلىمەكتە. خەلقنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىرادىسىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتىپ بارماقتا. خەلق ئىشەنگەن، خەلقنى ئويلىغان بۇ كىشى كىم؟ ئۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى سادىق داۋۇت. ھازىر ئۇ يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسى 5 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە قارايۇلغۇن مىللىي مەيدانىنىڭ باشلىقى.

قارايۇلغۇن مىللىي مەيدانى ئەسلىدە بىر مىللىي لىيەن بولۇپ، 1988 - يىل 4 - ئايدا رەسمىي مىللىي مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان. سادىق داۋۇت مۇشۇ مەيدانىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى باشلىقى. ئۇ 13 يىللىق رەھبەرلىك ھاياتىدا قارايۇلغۇن خەلقىنى قەلبىگە پۈكۈپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ، مەيدانىنى كىچىكلىكتىن زورايتىش، ئاجىزلىقتىن كۈچەيتىش،

يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى. 20 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىنى قارايۇلغۇننىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، كىشىلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ دىياردا ئۆسۈپ يېتىلگەن، مۇشۇ تۇپراقنىڭ نېنىنى يېگەن ئىدى. ئۇ 1978 ـ يىلى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، يەنە مۇشۇ يۇرتقا قايتىپ كەلدى. تېخنىك، تراكتورچى بولدى. دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە يەر تېرىدى. ئۇلارغا تېخنىكا، بىلىم ئۆگەتتى. 1985 ـ يىلى دېھقانلار ئۇنى مۇئاۋىن لېيەنجاڭلىققا سايلىۋالدى. 1986 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى شەرەپ بىلەن كومپارتىيىگە قوبۇل قىلدى. 1988 ـ يىلى مەيدان قۇرۇلغاندا سادىق داۋۇت مەيدان باشلىقلىقىغا سايلاندى.

ئۇزۇن سەپەر تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. سادىق داۋۇت بۇ نامرات يۇرتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ قۇرۇلۇشىنى تۈزۈشتىن باشلىدى. ئەينى چاغدا سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر بولۇپ، بەزى يەرلەرگە سۇ باشلاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. تۇپراق شورلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ئاپەت يۈز بېرىپ تۇراتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن خەلق غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مەبلەغ يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ سادىق داۋۇت مەيدان باشلىقى بولۇپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىدى. بىر كۈنى ئۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ بىر مۇئاۋىن سىياسىي كومىسارىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، موتسىكلىت بىلەن كېچىلەپ ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەيداننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە پىلانىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى، يۈرەكلىك ھالدا ئۇنى مەيدانىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئاخىرى بۇ رەھبەر سادىق داۋۇتنىڭ جۈرئىتىگە قايىل بولۇپ، ئەتىسى مەيدانغا كەلدى، ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق سۇ قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ناچارلىقىنى بىلىپ، نەق مەيداندا 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. سادىق داۋۇت ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. سادىق داۋۇت ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى توپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتتى. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئۇ ھەر تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ،

ئۆزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىپ، يىلىغا 2 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭگە ياساپ، 8 يىلدا جەمئىي 16 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىپ چىقتى.

قارايۇلغۇن مىللىي مەيدانى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇن بولۇپ، 3000 دىن ئارتۇق نوپۇسى، 8 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، بىر ماشىنا ئەترىتى، بىر چارۋىچىلىق ئەترىتى، بىر قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەترىتى بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14 مىڭ مو. بۇنىڭدىن تېرىلغۇ كۆلىمى 8400 مونى ئىگىلەيدۇ. سادىق داۋۇت ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتى. بۇ يەردىكى خەلق ئىچىملىك سۇ ئىچىشتە ئىنتايىن قىينىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئائىلىلەرگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈپ بەردى. 1999 ـ يىلى يەنە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1800 مېتىر ئۆزۈنلۇقتا پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تۇرۇبىسى ياساتتى. دېھقانلار ھەر قېتىم تۇرۇبا سۈيى ئىچكەندە «ئەگەر سادىق داۋۇت بولمىغان بولسا بىزنىڭ بۇنداق سۇ ئىچىشىمىز راستتىنلا تەسكە توختايتتى» دېيىشتى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، باغۋەنچىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش سادىق داۋۇت كۈچەپ تۇتقان خىزمەتنىڭ بىرى. ئۇ ھەريىلى 50 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، كەڭ ئاممىنى قوزغاپ، 7 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، 1997 ـ يىلى ئېتىز ـ ئېرىق، يول بويلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى 100% كە يەتكۈزۈپ، ئۆلچەملىك يېشىل سېپىل بەرپا قىلدى. مېۋە سورتلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، باغ كۆلىمىنى 2700 موغا يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەرپا قىلىنغان ئەلا سورتلۇق ئۆرۈكلۈك باغ 700 موغا، قىزىل پوستلۇق ئالمىلىق (خۇڭفۇشى) باغ 2000 موغا يەتتى. ئومۇمىي ئورمانلىق 900 مودىن ئاشتى.

1988 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بۇ مەيداندا بۇغداي بىلەن قوناقلا تېرىلاتتى. يەرلىك دېھقانلار كېۋەز تېرىشقا قىزىقمايتتى، ئۇ قوشنا لىيەن ـ دۈيلەردىكى خەنزۇ تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا كېۋەز تېرىشنى ئۆگەتتى. دەسلەپتە كېۋەز تېرىش بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆت-

مدى. كېيىن پاختىنىڭ بازارلىق مەھسۇلات بولۇپ قالغانلىقىنى كۆر-
گەن دېھقانلار بەس ـ بەس بىلەن كېۋەز تېرىدى. 1989 ـ يىلى مەيدان
بويىچە پەقەت 200 مو كېۋەز تېرىلغان. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە 7000
موغا كېڭەيتىلدى. سادىق داۋۇت ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە نۇقۇل
پىلان چۈشۈرمەي، دېھقانلارنى بازار ئۆچۈرىغا ئاساسەن، ھەرىيلى زىرا-
ئەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە يېتەكلىدى. مەھسۇلاتنى، ئۈنۈمنى ئاشۇ-
رۇشتا تېخنىك كۈچىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن،
مەيدان مالىيىسىدىن 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 1995 ـ يىلدىن باشلاپ
ئىلگىرى ـ كېيىن 20 دېھقاننى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئەۋە-
تىپ، 2 يىلدىن تەربىيىلىدى. ھازىر ئۇلار ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش
ئەترىتىنىڭ تايانچ كۈچلىرىدىن بولۇپ قالدى. كېۋەز كۆلىمىنىڭ كۆپە-
يىشى، ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى نەتىجىسىدە، 1995 ـ يىلى
سادىق داۋۇت 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، مەيدانغا بىر
پاختا زاۋۇتى ۋە چىگىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقتى. مەيداننىڭ
ئىگىلىكى يىلمۇ يىل ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى، بىراق «خۇشاللىقنىڭ
يىغىسى بار» دېگەندەك، 1993 ـ يىل 7 ـ ئايدا 2700 مو يەردىكى كې-
ۋەز مۆلدۈر ئاپىتىدە بىراقلا نابۇت بولدى، دېھقانلار يىغلىدى. سادىق
داۋۇتمۇ تەڭ ياش تۆكتى. لېكىن، كۆز يېشى بىلەن ئىش تۈگىمەيتتى.
سادىق داۋۇت بۇ يەرلەرگە تېزلىك بىلەن قوناق تېرىتتى. لېكىن قارايۇل-
غۇننىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولغاچقا، بۇ خىل قوناق سورتى بۇ يەر-
نىڭ تۇپرىقىغا ماس كەلمىدى، قوناق پىشمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟
سادىق داۋۇت ئۇزۇن ئويلاندى. باشقا رەھبەرلەر بىلەن پىكىرلەشتى.
كېچىلىرىمۇ كىرپىك قاقماي خىيال سۈردى. «دېھقانلار ئەمدى زىيان
تارتسا ئاسانلىقچە ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. شۇڭا چارە ئىزدەپ ئۇلارنى زى-
ياندىن ساقلاپ قېلىش كېرەك» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
مەيداندا جىددىي يىغىن ئېچىپ، قوناقنى يۇلۇپ تاشلاشنى، بېشىنى
مەيداندىن سېتىۋېلىپ، شادىسىنى يېشىل ئوغۇت قىلىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئارقىدىنلا غۇلجىدىن 150 تۇياق كالا سېتىۋېلىپ، قوناقنى يەم ـ
خەشەك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارمۇ، مەيدانمۇ زىيان تارتمىدى.

شۇ يىلى مەيدان دېھقانلارغا 50 توننا ئۇن تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ قىشلىق ئاشلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. دېھقانلار زىيانغا ئۇچرىمىغاچقا كېيىنكى يىلى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئالدى. سادىق داۋۇت 2000 - يىلى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچ كەلدى. چۈنكى، ئەتىيازدا مەيداندا قاتتىق قار - شىۋىرغان ئاپىتى يۈز بەردى. 5 - ئايدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، كېۋەزلەر پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. زىرائەتلەر ئاپەتتىن ۋەيران بولدى. كىشى بېشى كىرىمى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ، 330 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. بىراق ئۇ ئاپەت بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئۈندەپ، بىر تەرەپتىن يۇقىرى - تۆۋەننىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ھەربىر مو يەرگە بىر خالتىدىن ئۇن توغرىلاپ، مەيدان بويىچە 250 مىڭ يۈەنلىك ئۇن تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قىشتىن بىخەتەر ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ يۇقىرىنىڭ ياردىمىدە مەيدانغا 200 ئائىلىلىك خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بەردى. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ھەل قىلىشقا بىۋاستە ئارىلىشىپ تېرىلغۇنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 2001 - يىلى كىشى بېشى كىرىمى 1673 يۈەنگە، ئەمگەك كۈچى كىرىمى 3737 يۈەنگە يەتتى.

چارۋىچىلىق مىللىي مەيداننىڭ ئەنئەنىۋى شۇنداقلا باشلامچى كەسپى. سادىق داۋۇت ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا چارۋىچىلىقنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ بوسۇش نۇقتىسى قىلدى ھەمدە ھەممە ئائىلىدە بىر نەچچە تۇياقتىن چارۋا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1988 - يىلى مەيدان بويىچە چارۋا سانى 1200 تۇياقتىن ئاشاتتى. 2001 - يىلى كوللېكتىپنىڭ چارۋىسى 3000 تۇياقتىن، شەخسلەرنىڭ چارۋىسى 8000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. سادىق داۋۇت مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن ئېتىبارەن بىز ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ھەل قىلىپ، ھەربىر ئائىلىدە 2 تۇياقتىن سېغىن ئىنەك بولۇش، 3 - 5 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بەزى ئائىلىلەردە 50 تىن يۇقىرى كالا بېقىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىمىز. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئوت - چۆپ تېرىپ، يەم - خەشەك مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، مەيداندا كۆلەملىك باقمىچىلىق بازىسى بەرپا قىلىمىز.

سادىق داۋۇت خىزمىتى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مەيداندىكى مەكتەپنىڭ تاملىرى كونىراپ، خەتەرلىك ئەھۋالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قاتراپ، 2000 ـ يىلى جەمئىي 2 مىليون 200 يۈەن مەبلەغ توپلاپ، كۆلىمى 2260 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك مەكتەپ سالدۇردى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىناغا كۆچۈپ كىرگەندە، سادىق داۋۇتنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

«ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم ـ يېسىرلارغىمۇ تۇرىدىغان ماكان، يەيدىغان تاماق بولۇش كېرەك» . مانا بۇ سادىق داۋۇت ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز. ئۇ 1997 ـ يىلى مەيداندا بىر «بەخت» ساناتورىيىسى سالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن يېتىم ـ يېسىرلار، ئاجىز ـ ئورۇقلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسى بار بولدى.

مىللىي مەيدان 5 ـ تۇەننىڭ ليەن ـ دۈيلىرى بىلەن چېگرىداش ئىدى. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. سادىق داۋۇت بارغانلا يېرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ تۇردى. خەنزۇ دېھقانلار كۆكتاتلىرىنى سۇغىرالماي، كۆكتاتلار قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، سۇ ھەل قىلىپ بەردى. كۈزدە خەنزۇ دېھقانلار قۇلماق تېرىغاندا، ئۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشلاپ بېرىپ ياردەملەشتى. خەنزۇ دېھقانلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ زىرائەت ئۆستۈرۈش، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەملەشتى. 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى بىر قانچە يىل ئىچىدە مەيدانغا 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ياردەم قىلدى.

سادىق داۋۇت يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى بىلەن تەشكىل ۋە خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ھەم ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. 1998 ـ يىل 9 ـ ئايدا 5 ـ تۇەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ مىللىي مەيداننىڭ خىزمىتىدىن باشقا، 5 ـ تۇەننىڭ بىرلىكسەپ، مىللىي، دىنىي ئىشلار، خەلق ئىشلار ۋە چارۋىچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل، يەنە كېلىپ 12 ـ لىيەننىڭ خىزمىتىنى

بىۋاسىتە تۇتۇشقا بەلگىلەندى. مۇشۇنداق ئېغىر بېسىم ئالدىدا، ئۇ قىلچە ۋايىسىمىدى. ھەر كۈنى 5 ـ تۈەن بىلەن مىللىي مەيدان ئارىلىقىدا قا-تىراپ، ھەممە ئىشقا تەڭ كۆڭۈل بۆلدى. نەدە ئىش بولسا شۇ يەردە پەيدا بولدى. 12 ـ ليەندە بىر نامرات خەنزۇ ئائىلىسى بار ئىدى. سادىق داۋۇت بۇلتۇر 3 ـ ئايدا ئۆز يېنىدىن 180 يۈەن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بىر ئوغلاقلىق ئۆچكە ئېلىپ بەردى. 8 ـ ئايدا يەنە 700 يۈەن چىقىرىپ 2 تراكتور مە-ھەللىۋى ئوغۇت ئېلىپ بەردى. بۇ يىل بۇ ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

سادىق داۋۇت رەھبەرلىك ھاياتىدا كۆپ قېتىم شەرەپ مۇنبىرى-گە چىقتى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى-نىڭ ۋەكىلى، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك بىڭتۇەن پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇل-تىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. 1998 ـ يىل 9 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە مىل-لەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن پايتەختتى-مىز بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەندى. ئۇ جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. قەلبى ھاياجان تۇيغۇسىغا چۆمدى. ۋۇجۇدى تىترىدى. ئۇ پار-تىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدەك بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىغا بۇنداق زور كاتتا شان ـ شەرەپ ئاتا قىلغانلىقىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

2002 ـ يىل فېۋرال، قارايۇلغۇن

**ئىزاھات:**

سادىق داۋۇت ھازىر ئالار شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى.

# دىرېكتورلۇقنى تاشلاپ دېھقان بولۇش

(ئەدەبىي ئاخبارات)

بۇ بىر مۆجىزە، بۇ بىر يېڭىلىق ئىدى...

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان چاتقاللار، ئازگاللار، ئىگىز ـ پەس دۆڭلەر بىلەن قاپلانغان بىر قاقاسلىق بولۇپ، بۇ ئاقسۇ شەھىرىدىن 21 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەنى تارىم يولىدىكى كۆكئاش كۆكەرتىش رايونىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا جايلاشقان ئۇزاقتا سوزۇلغان چۆللۈك ئويتېتىر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەلمىساقتىن تاشلىنىپ قالغان بۇ جاي بىردىنلا جانلىنىپ، ھاياتلىق مېلودىيىسى جاراڭلايدىغان بىر پارچە گۆھەر زېمىنغا ئايلاندى. باھار شامىلى ئەتراپنى سىيپاپ ئۆتتى. ھازىر بۇ يەردە 4300 مو بوز يەر ئېچىلدى، يول، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ياسىلىپ، دەل ـ دەرەخلەر تىكىلدى. باغۋاران بەرپا قىلىندى. چىرايلىق، ئازادە، رەتلىك ئۆيلەر سېلىندى. ئادەملەر ماكانلاشتى. يېشىللىققا پۈركەلگەن بۇ زېمىن قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، پايانسىز گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئالتۇن رەڭگىدە تاۋلانغان بۇغداي، شال مايسىلىرى، كۆمۈشتەك يالتىرىغان زۇمرەت ئېقىن ئۇيقۇدا ياتقان بۇ زېمىنغا جانلىق، قايناق ھاياتلىق ئۈمىدى بېغىشلىدى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى، كارخانىچىلار قاقاسلىقتا يارىتىلغان بۇ «مۆجىزە» گە ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىنىڭ تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ تېز بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. بۇ يەرنى ئېچىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن ئەزىمەتنىڭ ئىرادىسى، شىجائىتى ۋە پەم ـ پاراسىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. كىشىلەر

مۇسا سابىرنىڭ نامىنى سۆيۈنۈپ، ئىپتىخارلىنىش، قىزىقىش بىلەن تىلغا ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى تارىم دەرياسى بويىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

* * *

مۇسا سابىر ئەسلى بىر دۆلەتمۇ بار، سۆلەتمۇ بار، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان، ئىقتىدارلىق دىرېكتور ئىدى. لېكىن، ئۇ تۇرۇپلا بەخت ۋە راھەتنى جاپاغا تېگىشتى. قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتنى يۈلغا سېتىۋالدى. تەقدىر بىر كېچىدىلا ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگۈزۈپ، تارىمغا بىرىپ بوز يەر ئېچىش ئىستىكىگە سالدى. ئۇنىڭ قەلبى ئەمەلىي ئىشلەپ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش ئۈمىدى بىلەن تولدى. بۇ گەرچە ئۇ ئۆزى تاللىغان يول بولسىمۇ، بىراق تەقدىرنىڭ بىر چاقچىقى بىلەن ئۆزىنىڭ تولىمۇ تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك، باياشات ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىدا بۇنداق تېز، بۇنداق زور ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. بىرخىل غايە، بىرخىل ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ گۈزەل ئۈرۈمچىنى، مۇھىمى مېھرىبان ئايىسىنى، كۆيۈمچان ئاكىسىنى، ئامراق ئايالىنى، ئوماق قىزلىرى ۋە سىرداش دوستلىرىنى تاشلاپ، 1000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەكلىماكان باغرىغا، تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى قاغجىراپ ياتقان چۆل ـ جەزىرىگە كېلىپ يەر ئېچىپ، ئىگىلىك تىكلەش جېڭىگە ئاتلاندى.

چۆل ـ جەزىرىدە يەر ئېچىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك، تاشتىن گۆھەر ئالغاندەك بىر ئىش. لېكىن ئادەمدە ئىرادىلا بولىدىكەن، ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇزلارنى ئۈزۈۋېلىشى، ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇرەككەپ تۈگۈنلەرنىمۇ يېشىۋېتىشى مۇمكىن. مۇسا قارىي قەلبىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنى چېچەكلىتىش، ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كۈچ ۋە ئەقلىنى قېزىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئېچىش خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى پىششىق بىلەتتى. 1970 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇرتى كەلپىن ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق قىلغان. قىيىنچىلىق ۋە غورىگىل تۇرمۇشنىڭ تەمىنى

يەتكۈچە تارتقان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، تەجرىبىسى موللىشىپ، سودا ـ سېتىق كەسپىگە بولغان ھەۋىسى، مۇھەببىتى كۈچەيدى. خېلى كۆپ پۇلمۇ تاپتى، شۇڭا ئۇ بازار ئىگىلىگىگە ئاتلىنىپ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشتەك بىر ئۇلۇغۋار ئىشقا تېخىمۇ چوڭقۇر ئەقىدە باغلىدى. ئاخىرقى مەقسىتى دۆلەتكە تۆھپە قوشۇش، خەلققە بەخت يارىتىش، ھاياتىنى بىر گۈزەل مەنىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1994 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى مۇساقارىينىڭ بۇ پىلانى، ئارزۇسى، ئىرادىسىنى قىزغىن قوللىدى. ئۇنىڭغا پائال، ئاكتىپ مەدەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى بىر چۆللۈكتە يەر ئېچىش قارارىغا كەلدى ھەمدە توقاي يېزىسى بىلەن 8000 مو يەر ئېچىش توغرىسىدا توختامنامە ئىمزالىدى. بۇ مۇساقارىينىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدە بۇرۇلۇش ياسايدىغان ھالقىلىق چاغلار بولۇپ، تەقدىرىنىڭ كارامىتى دەل مۇشۇ ۋاقىتتىن، مۇشۇ جايدىن باشلاندى.

مۇساقارىي بۇ چۆللۈككە نەزەر تاشلىدى. ئۇيىقۇدا ياتقان بۇ كەڭرى دالا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۆز يەتكۈسىز جەزىرە، قۇم ئارىلاش تۇپراق، شامالدا تەۋرىنىپ تۇرغان ياۋا ئوت ـ چۆپلەر خۇددى بۇ زېمىندىن بىزار بولغاندەك، ئىنساننىڭ تېزرەك كېلىشىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە يامىشاتتى، قۇم ئاياغ ئىچىگە قاراپ ئاقاتتى، ئادەمنىڭ باش ـ كۆزى چاڭ ـ توزان سەۋەبىدىن تۇنۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالاتتى. ئىگىز ـ پەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن بۇ جەزىرە تولىمۇ سۇرلۇك، تولىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەتنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ يەرنى ئېچىشنىڭ نەقەدەر قىيىن، نەقەدەر مۇشەققەتلىك، نەقەدەر جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بۇنداق جاي ياز كۈنلىرى تونۇردەك قىزىپ، ئادەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا ئاچچىق سوغۇق نەشتىرىنى سانجىپ، ئادەمنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ...

مۇساقارىي يەر ئېچىشنىڭ پىلانى، قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى تۈزۈپ

چىقتى. مەبلەغ، تېخنىكا، ئادەم كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇ چۆلدە داغدۇغىلىق ئىش باشلىۋەتتى. ئالدى بىلەن 1 مىلليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىپ، 4 دانە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، 4 دانە چوڭ ـ كىچىك تراكتور ھەمدە يەر تۈزلەش ماشىنىسى، قىر چىقىرىش ماشىنىسى، ئېرىق چېپىش ماشىنىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن چاتما سايمانلارنى سېتىۋالدى. يەرلەرنى گۈيخۇا قىلىش، ئېتىزلارنى رەتلەش، قىر چىقىرىش، يول ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكى ئارقا ـ ئارقىدىن باشلىنىپ كەتتى. تەرەپتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ھە ـ ھۇ ساداسى، تراكتورلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بۇ زېمىننى لەرزىگە سالدى. توپىلار توزۇپ، غايەت زور بوران دېڭىزى ھاسىل قىلغاندى. مۇسا قارىي قۇرۇلۇش ئورنىدا جەڭگە قوماندانلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەر بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا كۈندە نەچچە رەت قاتناپ، كەم نەرسىلەرنى تولۇقلاپ ئەكەلدى. تەجرىبىلىك يەر ھۆددىگەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ قانۇنىي ئىگىسى بولغاچقا، ھەممە ئىشقا ئۆزى مېڭىشى، ئۆزى باش قاتۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ باش تاتىلىغۇچىلىك، كىيىم يەڭگۈشلىگىچىلىكمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئېغىر ئەمگەك، جاپالىق مۇھىت، ناچار شارائىت ئۇنى قاتتىق چارچىتىۋەتتى. جاپا ـ مۇشەققەت ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۇنىڭ ئىرادىسىگە جەڭ ئېلان قىلاتتى، تەھدىت سالاتتى. تەقدىر بەزىدە ئادەمنى شۇنداق تېز ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. مانا، مۇساقارىينىڭ ياشاش شەكلىدە، ھاياتقا بولغان قارىشىدا ئۆزگىرىش بولماقتا ئىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ راھەتبەخش، گۈزەل، قايناق ھاياتىغا ئەمدى جاپا ـ مۇشەققەت شېرىك بولدى. پېتى بۇزۇلمايدىغان كىيىم ـ كېچىكى توپىغا مىلەندى. پارقىراپ تۇرىدىغان شىبلىتى، كۈندە بىر پاكىز قىرىلىپ تۇرىدىغان يۈزى ئەمدى چاڭ ـ توزان تەپتىدىن پارقىرىماس بولۇپ قالدى. باش ـ كۆزى ۋە كىشىگە يىل بويى ئېتىز بېشىدىن نېرى بولمايدىغان دېھقانلارنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى ئەسلىتەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ «دېھقان» بولغانىدى... لېكىن مۇساقارى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنمىدى، زارلانمىدى، ۋايسىمىدى، پۇشايمانمۇ قىلمىدى،

بەلمۇ قويۇۋاتمىدى. دۇم يېتىپ، دۇم قوپىدىغان، تاماقنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە يەيدىغان بۇ خىل تۇرمۇشقا ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالدى. كۆپ ھاللاردا ئۇ قىزىلكۆۋرۈكتىكى ئۆيىگە بەك كەچ قايتىپ كېلەتتى. قىش كۈنلىرى ئۆي سوغۇق بولغاچقا، چارچىغىنىدىن ئوتمۇ قالىماي، كىيىملىرى بىلەنلا ئۇخلاپ قالدى، سەھەردە يوتقان ـ كۆرپىسىنى يىغىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي چىقىپ كەتتى...

ئادەم قىيىنچىلىققا، جاپا ـ مۇشەققەتكە يولۇققاندا ئىختىيارسىز ئائىلىسىنى، خوتۇن ـ بالىلىرىنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ قالىدۇ. مۇساقارىيىمۇ بەزىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە گۈزەل ئۈرۈمچىنى، بەختلىك ئائىلىسىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇنىڭ بىنادىكى ھەشەمەتلىك، ئازادە ئۆيى ھەر ۋاقىت باھاردەك ئىللىق ئىدى. قىشمۇ ياز ئىسسىق سۇ ئۈزۈلمەيتتى، ھەممە نەرسە تەل ئىدى. كۆڭۈللۈك خىزمەت، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ھەر زامان ئۇنىڭ ھاياتىنى گۈزەل مەنىلىرگە تولدۇراتتى. بالىلىرىنىڭ ئوماق كۈلكىسى، شوخ ـ شوخ ئەركىلەشلىرى بۇ ئائىلىنى دائىم شاد ـ خۇراملىق كەيپىياتىغا چۆمۈلدۈرەتتى. ئىنسان ئۈچۈن بەخت دېگەن شۇ ـ دە... مۇھىمى ئۇنىڭ ئاپىسى ياشىنىپ قالغان بولۇپ، سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ئوبدان كۈتۈنۈشكە، داۋالىنىشقا موھتاج ئىدى. ئوغلىنىڭ ئۈرۈمچىنى تاشلاپ ئاقسۇغا بېرىپ يەر ئاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئاپىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— بالام، ئادەم نەدىلا ياشىسا بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئانا بولغان ئادەم بالىسى بىلەن بىرلىكتە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەن قېرىپ قالدىم، سالامەتلىكىمۇ ناچار، سەن كەتسەڭ مەن خاتىرجەم بولالمايمەن. سەن كەتمىگىن، مەندىن ئايرىلمىغىن، نىيىتىڭدىن يانغىن، ئوبدان بالام، ماقۇلمۇ؟ — دېگەنىدى. ئايالى ۋە قىزلىرىنىڭ كۆزلىرىمۇ تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر مۇساقارىينىڭ يەر ھۆددىگە ئېلىشىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى توسۇپ قالالمىدى. ئاخىرى ئۇلار ئاچچىقىدا چىدىماي:

— ھازىر نۇرغۇن ئادەم يېزىدىن شەھەرگە كېلىشنى ئويلاۋاتسا، سىز ئۈرۈمچىنى تاشلاپ يېزىغا بارامسىز؟ خەق راھەت قوغلاشسا، سىز

جاپا قوغلىشىدىغان ئەخمەق ئىكەنسىز، جاھاندا سىزدەكمۇ ئەخمەق ئادەم بولامدۇ، ئۇيلاپ باقتىڭىزمۇ، بىزنى تاشلاپ كەتسىڭىز بىزگىمۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ جاپا ئەمەسمۇ؟ ۋاي ئىست! — دېدى.

ئۈنىڭ خىزمىتىگە، پەم ـ پاراسىتىگە ھەۋەس قىلىدىغان بىر نەچچە يېقىن دوستى بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ:

— بۇ ئىشقا ئەقىدە باغلاپسەن، ھەر قانچە قىلساقمۇ نىيىتىڭدىن يانمىغۇدەكسەن، بىراق شۇنى ئويلاپ قويغىنكى، جاپا تارتساڭ ئۆزۈڭ تارتىسەن، بىز سېنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئوتقا كىرىشىڭگە يول قويمايمىز، ئەڭ ياخشىسى نىيىتىڭدىن يانغىن، ھازىرقى تۇرمۇشۇڭنى قەدىرلە، — دېيىشكەنىدى. لېكىن مۇساقارىي ئاپىسى، خوتۇن ـ بالىلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى. چۈنكى بۇ ئىشلارنى ئۇ قىياس قىلغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن دېگىنىنى قىلىپ كەلگەن، كۆڭلىگە پۈككەن ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغىچە بولدى قىلماي كەلگەن ئەزىمەت ئىدى.

*   *   *

ھەش ـ پەش دېگۈچە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ قاقاس، شورلۇق تۈپراقتا ئاخىرى «مۆجىزە» يارىتىلدى. قان ـ تەر ۋە جاپالىق ئەمگەك بۇ زېمىندا مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي 3 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك، 6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىلىپ، 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىن سۇ باشلاپ كېلىندى. 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چوڭ ـ كىچىك يول ياسالدى. 4300 مو كۆلەمدە يەر ئېچىلىپ، 1996 ـ يىلدىن ئېتىبارەن زىرائەت تېرىلىشقا باشلىدى. 200 مو باغ بىنا قىلىندى، ئېتىز ـ ئېرىق، يول بويلىرىغا 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق سۆگەت، جىگدە، تېرەك كۆچىتى تىكىلدى. 60 ئېغىزلىق خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىندى. چوڭ تىپتىكى بورداقچىلىق بازىسى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1996 ـ يىلى تۇنجى قېتىم 800 مو شال، 200 مو كېۋەز تېرىلىپ، خېلى يۇقىرى ھوسۇل ئېلىندى. 1000 تۇياقتىن ئارتۇق كالا، قوي بورداپ، تاكى ئۆتكەن يىلغا قەدەر شەھەرنى

يىلىغا 50 توننا ئەلا سۈپەتلىك گۆش بىلەن تەمىنلىدى. زىرائەت تۈ-
رى، كۆلىمى كېڭەيدى. 1999 ـ يىلى 1200 مو شال، 500 مو قوناق،
250 مو بۇغداي، 150 مو قوغۇن ـ تاۋۇز، 160 مو زاراڭزا تېرىلدى.
گۈرۈچنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 400 كىلوگرامدىن، قوناقنىڭ 350
كىلوگرامدىن، بۇغداينىڭ 250 كىلوگرامدىن، زاراڭزىنىڭ 180 كى-
لوگرامدىن ئاشتى. بۇ يىل 300 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرەك كۆچىتى،
100 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق جىگدە كۆچىتى، 20 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق
سۆگەت كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. 4500 تال ئۈزۈم قەلەمچىسى تەي-
يارلاندى. يېقىندا يەنە ئاتۇشتىن 150 مىڭ تۈپ مۇناقى ئۈزۈم قەلەمچى-
سى يۆتكەپ كېلىندى. ھازىر بۇ مەيداندا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئىشچى ـ
دېھقان ئائىلىسىدىن 25 ى بار. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشسىزلار،
نامراتلار ئىدى. ھازىر مۇقىم مائاش ئېلىپ ئىشلەيدۇ. يېقىندا بۇ يەرگە
«تەكلىماكان كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» دەپ ۋىۋىسكا
ئېسىلدى.

بىزدە «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپ بار.
ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى جې-
لىل ئابلىزمۇ بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ بېقىش توغرىسىدا بىزگە كۆپ قې-
تىم تەكلىپ بەرگەنىدى. يېقىندا بىز مۇساقارىينىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ
مەيداننى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. رېئاللىقنى ئېتىراپ قىل-
ماي بولمايتتى. كۆز ئالدىمىزدىكى پولاتتەك پاكىت بىزنى ھەيران قال-
دۇردى. داغدام يول، سالا ئېتىز، جانلىق مەنزىرە ئادەمگە ئازادە، يېڭى،
گۈزەل تۇيغۇلارنى بېرەتتى. تېخىچە ئورۇپ بولۇنمىغان ئېتىزدىكى
شاللار قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ كۆرۈنەتتى. پايانسىز ئېتىزلار-
نىڭ ئۇچىغا كۆز يەتمەيتتى. ئېرىقتىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ شىل-
دىرلاپ ئاقاتتى. تەبىئەت ئالىقاچان قىش لىباسىنى كىيگەن بولسىمۇ،
بىز بۇ يەردە خۇددى باش باھارنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدۇق.
شۇ تاپتا ھەممە نەرسە بىزگە يېڭىچە تۇيۇلۇپ،قەلبىمىزگە سىڭىپ كىر-
مەكتە، بىزنى سۆيۈندۈرمەكتە ئىدى.

— بۇ قۇملۇقنىڭ كۆلىمى 1000 مو ئەتراپىدا كېلىدۇ، بۇ بىزگە

بىر ئاپەت بولدى. كېلەر يىلى ئەتىيازدا بىز جەڭ قىلىپ، قۇمنى تىزگىنـ
لەپ، يېشىللىق بىنا قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز،— دېدى مۇساقارىي
بىزگە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز قۇم دۆۋىسىنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ،— بۇنىڭغا ھۆكۈمەت 1 مىليون يۈەن ئۆسۈمسىز
قەرز بەرمەكچى، مەنمۇ داۋاملىق تىرىشىۋاتىمەن...

مۇساقارىي ماشىنا بىلەن بىزنى خېلى كۆپ ئايلاندۇردى. بەزى
ئىشلارنى ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. بىز تولىمۇ قايىللىق
ھېسسىياتىمىز بىلەن ئۇنىڭغا قارىدۇق. ئۇنىڭ قاۋۇل، تەمبەل بەستىدىن
كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆزىدە ئىشەنچ، ئۈمىد نۇرلىرى چاقـ
نايتتى. ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىن ئىرادە، شجائەت، ئىنتىلىش ھىدى كېـ
لەتتى.

بۇ مەيداننىڭ شىمالى ئېگەرچى يېزىسى بىلەن، غەربى بەشتوگمەن
يېزىسى بىلەن، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا توقاي
يېزىسىنىڭ 7 ـ ئەترىتى ھەم يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ 6 ـ تۇەنى
بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ جاينىڭ يەرلىرى، يوللىرى، ئېرىقلىرى بىر ـ
بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. مۇساقارىي بوز يەر ئېچىش، ئىگىلىك
تىكلەش داۋامىدا قوشنا ئورۇنلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى،
تراكتورلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەپ بەردى. يازـ
لىق، كۈزلۈك يىغىملىرىغا ياردەملەشتى. بۇ يەردە 13 كىلومېتىر ئۇزۇنـ
لۇقتا بىر يول بولۇپ، بۇ جايدىكى ئورۇنلارغا ئورتاق تەۋە ئىدى. يول
بەزىدە بۇزۇلۇپ، قاتناشقا ئېغىر توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى.
مۇساقارىي ئۆزلۈكىدىن ئادەم ۋە ماشىنا ئاجرىتىپ، بۇ يولنى يىلدا ئىككى ـ
ئۈچ قېتىم رېمونت قىلىپ كەلدى. قىش كۈنلىرى بۇ يەردە سۇ تاپقىلى
بولمايتتى. ئۇ مەيدانغا چوڭلۇقى 400 كۋادرات مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 3
مېتىر كېلىدىغان بىر كۆل قېزىپ بەردى. يەنە قۇدۇقمۇ قازدى. بۇنىڭ
بىلەن بۇ يەردىكى ئاممىنىڭ قىشتىكى ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى.
خەلق مۇساقارىينىڭ بۇ خىل ساۋابلىق ئىشىدىن چەكسىز مىننەتدار بوـ
لۇشتى.

بىز ئېتىز ۋە باغلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بورداقچىلىق باـ

زىسى، ئىسكىلات ۋە مەيدان ئىشخانىلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. ھەممە نەرسىدىن بىر خىل يېڭىلىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. بىردەمدىلا بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ يېنىمىزغا توپلاشتى. بەلكى ئۇلار بىزگە ھەيران قالغان بولۇشى مۇمكىن. بىز بىر تەرەپتىن قوتاندىكى ئات، كالا، قويلارغا نەزەر سالغاچ مەيدان باشلىقى بىلەن پاراڭلاشتۇق.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— مۇھەممەت ئابلا.

— بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟

— 1995 ـ يىل 3 ـ ئايدا.

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— كەلپىندىن.

— ئايلىق كىرىمىڭىز قانچىلىك؟

— ئايدا 700 يۈەن ئىش ھەققى ئالىمەن.

— ئىلگىرى تۇرمۇشىڭىز قانداقتى، ھازىر قانداق؟

— ئۇ بېشىنى قاشلىغاچ گېلىنى قىرىپ قويىدى ۋە بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— كەلپىندىكى چېغىمىزدا جاننى ئاران باقاتتۇق، ئاشلىقىمىز يېتىشمەيتتى، تۆزلۈك پۇلمۇ كۆرمەيتتۇق، ھازىر كىرىمىمىز مۇقىم، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمىز. مۇساقارىي ئۇن، ياغ، سەي ـ كۆكتات، ئوتۇن ـ كۆمۈرگىچە ئەكىلىپ بېرىدۇ،— دېدى ۋە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىزگە قىسقىچە تونۇشتۇردى،— ھازىر بۇ يەردە ئاقسۇ، كەلپىن، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 50 تەك ئادەم بار، ئەرلەر 500 يۈەندىن، ئاياللار 300 يۈەندىن ئىش ھەققى ئالىدۇ، ئۆيلىرىمىزمۇ ئازادە، توكىمىزمۇ بار، تېلېۋىزور كۆرەلەيمىز...

بىز پاكار بويلۇق، ساقاللىق بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇنىڭ ئىسمى ھوشۇر كەن، ئۇ بۇ يىل 60 مو باغنى ھۆددىگە ئېلىپ، 2000 يۈەن كىرىم قىپتۇ، قوشۇمچە چارۋىغا قاراپ، ئايدا 500 يۈەن ئىش ھەققى ئالىدىكەن، ئۇ:

— ئىلگىرى كۈنۈم بەك تەستە ئۆتەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن، بىزدەك ئاجىز، نامراتلارنىڭ بېشىنى سىلىغان مۇساقارىي ياشاپ كەتسۇن،— دېدى.

ئەمەت ئىبراھىم ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، كىيىملىرىمۇ رەتلىك، ئىلمىي ئادەم ئىكەن. ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدىن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ كۆكەرتىش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئاپتۇ. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئۈچ يىل ئىچىدە باغنىڭ مېۋىگە كىرىش نىسبىتىنى ئاران 20% گە يەتكۈزەلىسەم، بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخ ئۈچۈن 4 يۈەندىن ئىش ھەققى ئالىمەن، تېرەك ۋە جىگدە كۆچىتىنى ئىككى يىل ئىچىدە تۇتقۇزالىسام، ھەر بىر تۈپى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2.20 يۈەن ۋە 0.50 يۈەندىن ھەق ئالىمەن. تۇتقۇزالمىسام تۆلەيمەن. بۇ يىل 300 مىڭ تۈپ تېرەك قەلەمچىسى سالدۇردۇم، كېلەر يىلى چوقۇم نۇرغۇن جاي كۆكىرىپ كېتىدۇ.

بىز زىيارەت داۋامىدا بۇ يەردىكى ئىشچىلارنىڭ 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمى بويىچە ئىشلەيدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمگە، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغانلىقى، ھېيت ـ بايرام ۋە ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇرىدىغانلىقى، تۇرمۇشنىڭ تولىمۇ مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتۇق.

— مەيدانىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى چوقۇم پارلاق بولىدۇ،— دەپ گەپ باشلىدى مۇساقارىي بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ،— تېرىقچىلىقنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشتە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ مايلىق دان، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىمىز، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرىمىز، كېلەر يىلى ئەتىيازدا 300 مو باغ، 50 مو يەردە ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىمىز. كېيىنچە بىر ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىمىز. 100 مو كۆلەمدە كۆچەتزارلىق بىنا قىلىپ، ھەر خىل كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ بازارغا سالىمىز.

مۇساقارىي تولىمۇ سالماق بولۇپ، گەپ قىلغاندا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلاتتى. چوڭقۇر، ئەتراپلىق، مېغىزلىق سۆزلەيتتى. ئۇ بىر تال تا-

ماكا تۇتاشتۇرۇپ كۆچەپ بىر شورىدى ـ دە، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مەيدانىمىزنىڭ كۆلىمى چوڭ، بۇنى داۋاملىق كېڭەيتىمىز. ئەسلىي توختامدا بۇ يەرنىڭ مۇددىتى 30 يىللىق ئىدى. يىراق كەلگۈسىنى ئويلىغاندا بۇنى يەنە 20 يىل ئۇزارتىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. چۈنكى يەنە نۇرغۇن ئۇلۇغۋار پىلانلار بار، بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. كېلەر يىلىدىن باشلاپ كالىچىلىقنى راۋاجلاندۇرىمەن. سورتلۇق ئىنەكلەرنى كۆپلەپ كىرگۈزىمەن، يەم ـ خەشەك زاپىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 500 مو يەرگە بېدە تېرىشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. بۇ ئارقىلىق شەھەر خەلقىنى ئەلا سۈپەتلىك گۆش، سۈت بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىمەن...

مۇساقارىينىڭ قايناق ھېسسىياتقا، چوڭقۇر مەنىگە تولغان جاراڭلىق سۆزلىرى ۋۇجۇدىمىزنى تىترەتكەندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ھاياتقا، زېمىنغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بۇ ئەزىمەت قەلب تۆرىمىزدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا ئىدى.

1999 ـ يىل دېكابىر، ئاقسۇ

# ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا

بىز ئولتۇرغان پىكاپ ئاۋات ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ 50 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، قويۇق توغراقزارلىق ئارىسىغا جايلاشقان بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى چوڭ ئۈجمىنىڭ سايىسىدا توختىدى.

— كەلدۇق، موتسىكلىتنىڭ تۇرغانلىقىغا قارىغاندا، كېرىمكام ئۆيدە بار ئوخشايدۇ، — دېدى شوپۇر يىگىت ئەنۋەر بىزگە ئىشىك ئالدىدا توختاقلىق موتسىكلىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ئاڭغىچە يان تەرەپتىكى ئۆيدىن ئەترەك شلەپە كىيگەن 45 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويي بىر كىشى چىقىپ بىز بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— بۇ كىشى سىلەر كۆرۈشمەكچى بولغان غوروچۆل يېزا چارۋىچىلىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى كېرەم زاكىر بولىدۇ.

— بۇ ئىككى مۇخبىرنى ئابلەت ھاكىم سىلەرنىڭ چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شارائىتىغا ئىگە قىلىش جەھەتتىكى ئەھۋالىڭلارنى ئىگىلەپ كۆرۈشكە ئەۋەتتى. شۇڭا يېزىغىمۇ كىرمەي ئۇدۇل ئۆيلىرىڭلا باشلاپ كەلدىم، — ئەنۋەر بىزنى ئۆزئارا تونۇشتۇرغاچ كېلىش مەقسىتىمىزنىمۇ ئۇقتۇرۇپ بولدى.

— ياخشى بوپتۇ، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەن گەپ بار، — دېدى كېرەم شۇجى بىزگە چاي تۇتقاچ، — ئاش پىشقىچە نەق مەيداننى كۆرۈپ كېلەيلى.

شۇنداق قىلىپ بىز 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تومۇزنىڭ ئىسسىقىغا قارىماي يەنە ماشىنىغا چىقتۇق. ماشىنا يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان قۇم بارخانلىرى ۋە قەدىمىي توغراقلارنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئىچ-

كىرىشكە قاراپ ماڭدى. بىز ئىلگىرىگەنسېرى تېخىمۇ چۆل ـ باياۋانغا كىرىپ قالىمىزغۇ دەپ ئويلىغان ئىدۇق. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا كۆز ئالدىمىزدا ياپيېشىل قومۇشزارلىق ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزىل، كۆك خىش بىلەن تارقاق، ئەمما رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەر نامايان بولۇشقا باشلىدى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ... جەمئىي قانچە ئائىلىلىك؟

— مۇشۇ ئەتراپتىكىسى 16 ئائىلىلىك، جاڭگالدىكىدىن قوشقاندا جەمئىي 56 ئائىلىلىك.

— ئۆيلەر نېمانچە تارقاق؟

— چۈنكى ھەربىر ئائىلە ئۆز ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى 450 مو ئوتلاققا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىنىڭ كەڭلىكى 150 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

— پۇلنى چارۋىچىلار ئۆزى چىقىرىپ سالغانمۇ؟

— ئۆزى چىقارغىنىمۇ، دۆلەت، كوللېكتىپ ياردەم قىلغانلىرىمۇ بار.

بىز ئۇدۇل كەلگەن بىر ئۆيگە كىردۇق. ئەپسۇسكى ئائىلە باشلىقى يۇسەن تاغا كەنتتىكى باشقا ئەر ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن بىللە كوللېكتىپ بوز يەر ئاچقىلى كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنىڭ تارتىنچاق كەمپىرىدىن بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق: يۇسەن تاغا 1984 ـ يىلى چارۋا ـ مال باھاغا سۇندۇرۇپ سېتىش بېرىلگەندە، كەنتنىڭ 280 تۇياق قوي ـ ئۆچكىسىنى ھەر تۇياق چارۋا ئۈچۈن كوللېكتىپقا 1 كىلوگرام تىرىك چارۋا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن (كەنت بويىچە ئوخشاش) سېتىۋالغانىكەن. شۇندىن بۇيان ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىش، نەسىللەندۈرۈش، زاپاس، ئوت ـ چۆپ توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋا مېلىنى 700 تۇياقتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپتۇ. بولۇپمۇ ئۇ بۇ يىلقى ئۆيگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن مۇقىم ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بازىسىغا ئىگە بولۇپ، ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بوپتۇ. ئەتراپتىن بوز يەر ئېچىپ كېۋەز تېرىپ، كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتىپتۇ. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن بۇ

كەنتتىكى چارۋىچىلار ئىچىدىن ئۆز خىراجىتى بىلەن ھەج قىلىپ كەلگەن تۇنجى ھاجى بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇ موتسىكلىت بىلەن چارۋا باقىدىغان، مۇقىم ئولتۇراق ئۆيگە، 450 مو ئوتلاققا، بىر چوڭ تراكتورغا ئىگە، ئومۇمىي ئىقتىسادى 100 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىدىغان بايغا ئايلىنىپتۇ.

بىز يۈسەن ھاجىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، كەنت بورداقچىلىق پونكىتى ۋە باشقا بىر نەچچە چارۋىچىنىڭ ئۆيىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە كېرەم زاكىرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇردى.

ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان غوروچۆل چارۋىچىلىق كەنتىدە 860 نەچچە نوپۇس، 151 ئائىلە بولۇپ، بۇنىڭدىن 110 ئائىلە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئۇلار نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن ھالەتتە ياشاپ كەپتۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، يەكەن، خوتەن دەريالىرىنىڭ باش ئېقىنى تىزگىنلىنىپ، بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ ئازىيىپ، يايلاقلار ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەچكە، بەزى چارۋىچىلار مەھەللىدىن 200 ـ 300 كىلومېتىر يىراقلىققا بېرىپ چارۋا بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. گەرچە پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بۇ كەنت چارۋا ـ ماللارنى باھاغا سۇندۇرۇپ شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەتكە تايىنىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋا بېقىش ھالىتىدىن قۇتۇلالمىغاچقا، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئانچە چوڭ بولماپتۇ. ئولتۇراق ئۆي، ئېغىل ـ قوتان قۇرۇلۇشى ناچار، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، 1986 ـ يىلى كۆرۈلگەن بىر قېتىملىق قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر ئاپىتىدىلا كەنت بويىچە 5000 تۇياقتىن كۆپرەك چارۋا ـ مال ئۆلۈپ تۈگەپتۇ.

—— ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت ۋە يۇقىرىنىڭ ئەدەپ ئاچچىق ساۋاقلار بىزگە چارۋىچىلىقنى ھەقىقىي تۈردە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يايلاق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلارنى مۇقىم ئول-

تۇراق ئۆيگە ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتتى،— دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كېرەم زاكىر،— شۇڭا 1987 ـ يىلىدىن باشلاپ چارۋىچىلىقتا مۇھىم نۇقتىنى چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا، ئوتلاق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن ئېغىل ـ قوتان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە قاراتتۇق. ھازىرغىچە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپ ماسلىششى ئارقىلىق، جەمئىي 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، يەكەن دەرياسىغا 42 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 5 كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان قوغاش ياساپ، ھېلىقى سىلەر كۆرگەن قاراتوغراق دېگەن يەرگە سۇ باشلاپ، 30 مىڭ مو ئۆلگىلىك ئوتلاق بارىسى ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراق رايونىنى قۇرۇپ چىقتۇق. يەكەن، خوتەن دەريا ۋادىلىرىدا 15 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىپ، ئۇ يەردىمۇ بىر قىسىم چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇردۇق. يەنە 15 ئورۇندا سۇ تارتىش پونكىتى قۇرۇپ، كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ، يىلىغا 100 مىڭ مو يايلاقنى سۇغاردۇق. قاراتوغراقنى كۆكەرتىش ئۈچۈنلا بىز 19 كىلومېتىر غول ئۆستەڭ، 37 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىقى، 19 كىلومېتىر يول، 37 كىلومېتىر ئورمان بەلۋېغى ياسىدۇق. ھازىر بۇ 30 مىڭ مو ئۆلگىلىك ئوتلاقتىن باشقا، يىراق ـ يېقىندىكى قاغجىراپ كەتكەن 18 مىڭ مو توغراقلىقنى ياشارتىپ، يېڭىدىن 5000 مو توغراق ئۆستۈرۈپ، ئورمانلىق يايلاق بىنا قىلدۇق.

كېرەم زاكىرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كەنتنىڭ چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ كەپتۇ. دۆلەت ۋە سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى بۇ كىچىككىنە كەنتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى، 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىلىق پارتكوم 3500 ئەمگەك كۈچىنى يىلىغا بىر ئايدىن چارۋىچىلىق كەنتىنىڭ يايلاق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشتۈرۈپتۇ. ناھىيىدىكى ئورگان كادىرلىرىدىن نەچچە يۈز كىشى ئۇدا ئىككى يىل ئەتىيازدا بۇ يەرگە كېلىپ قاراتوغراقتىكى ئوتلاق بازىسىغا 145 مىڭ تۈپ ھەرخىل كۆچەت تىكىپ بېرىپتۇ. ھەر تەرەپنىڭ ياردىمى ۋە بۇ كەنتتىكى چارۋىچىلارنىڭ

جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ئورۇننىڭ چارۋىسى تېز كۆپىيىپ، بۇ يىل 6 ـ ئايغا كەلگەندە 25 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 11 مىڭ تۇياق ئېشىپتۇ. بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 630 يۈەنگە يېتىپ، 10 يىل ئىچىدە ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپتۇ. سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلانغاچقا، كەنت بويىچە بۇ يىل چارۋىچىلار تېرىغان ئاشلىق كۆلىمى 1200 موغا، كېۋەز 860 موغا يېتىپتۇ. 30 مىڭ مو ئۈلگىلىك ئوتلاق ۋە 1800 مو بېدىلىكنىڭ بۇ يىلقى 1 ـ ئورۇمىدىنلا 200 مىڭ باغدىن كۆپرەك ئوت ـ چۆپ يىغىۋېلىنىپتۇ. ھازىر بۇ كەنت ناھىيە بازىرىنى يىلىغا 4500 تۇياق تاۋار چارۋا بىلەن تەمىنلىيەلەيدىكەن. ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كەنت بورداقچىلىق پونكىتىدا بورداپ سېتىلىدىكەن. چارۋىچىلىقنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى مۇستەھكەملىنىپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. بۇ يىل 7 ـ ئايغا قەدەر كەنتتە 32 ئائىلە موتسىكلىت، 18 ئائىلە چوڭ تراكتور، 6 ئائىلە قول تراكتور، 18 ئائىلە تېلېۋىزور سېتىۋاپتۇ. كەنت ئىگىلىكىدە بىر چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى، ئىككى چوڭ تراكتور، بىر دېزىل ماتورلۇق گېنېراتور بار ئىكەن. ئۇ 110 ئائىلىنى توك بىلەن تەمىنلىيەلەيدىكەن.

كېرەم زاكىر ئاخىرىدا بىزگە بۇندىن كېيىنكى 5 يىل ئىچىدە كەنت بويىچە ھەممە چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراق ئۆي، يۇرۇشلەشكەن ئېغىل ـ قوتان، ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بازىسىغا ئىگە قىلىدىغانلىقنى ئېيتتى. بىز غوروچۆل چارۋىچىلىق كەنتىدە 4 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئۇنىڭ سۆزىگە تولۇق ئىشەندۇق ھەمدە چارۋىچىلارنىڭ ئەتىكى پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرگەندەك بولدۇق.

1991 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاۋات

# مۇزات ئوغلىنىڭ ئارزۇسى

«ئاماما نەپكە ئېرىشسە مەن خۇش بولىمەن، ھەممىمىز خۇش بولىمىز، ئاماما تېخىمۇ خۇش بولىدۇ. دەرۋەقە، مېنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىممۇ ئۇنىباش دېھقانلىرىنى بېيىتىش، ئاممىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش» . مانا بۇ باي ناھىيىسى ئۇنىباش يېزىسىنىڭ باشلىقى تۇرغۇن توختىنىڭ يۈرەك سۆزى ھەم ئارزۇسى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ دېھقانلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولدى. ئاممىنىڭ غېمىنى يېدى. بىز تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ باقايلى :

**1ـ مىسال:** بۇلتۇر 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا 12 ـ كەنتلىك بىر چارۋىچى تۇرغۇن توختىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېفون قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى تۇرغۇن توختىنى مېھمان قىلىش، ئۇنىڭغا ئوبدان رەھمەت ئېيتىۋېلىش ئىدى. ئۇ ئاخىرى تۇرغۇن توختىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇنى بىر ۋاخ تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ «مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق، مەن پەقەت سىلىنىڭ شەپقەتلىرىگە، سىلىنىڭ دانالىقلىرىغا رەھمەت ئېيتماقچى. چۈنكى، سىلە مېنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردىلا » دېدى.

بۇ چارۋىچى نېمە ئۈچۈن شۇنچە چىڭ تۇرۇۋالدۇ ؟

باي ناھىيىسى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان نەنجىڭ يۇڭ يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلتۇر تۇرغۇن توختىمۇ بۇ يەرمەنكىگە دېھقانلارنىڭ ئىنچىكە قوي يۇڭىنى ئېلىپ بارماقچى ئىدى. ئۇ ئائىلىمۇ ئائىلە كىرىپ ئىنچىكە يۇڭلارنى ئېنىقلىدى. بەزىلەر يۇڭلىرىنىڭ تۆۋەن باھادا سېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. مۇشۇ چارۋىچىمۇ يۇڭىنى بەرگىلى ئۇنىمىغان ئىدى. تۇرغۇن توختى ئاخىرى «سىلە ئەخمەقلىق قىلمىسىلا، ماڭا ئىشەنسىلە، ھازىر يۇڭنىڭ بازىرى ئىتتىك،

يۇقىلىرى چوقۇم يۇقىرى باھادا سېتىلىدۇ. ماڭا ئىشەنسىلە » دەپ خىز-
مەت ئىشلىدى. بىراق بۇ چارۋىچى يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىرى
تۇرغۇن توختى ئۇنىڭغا بىر كىلوگرام يۇڭنىڭ 15 يۈەندىن تۆۋەن بو-
لۇپ قالمايدىغانلىقى، ئەگەر ئەشۇنداق بولۇپ قالغاندا زىيانىنى ئۆزى تۆ-
لەپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا ھۆججەت يېزىپ بەردى. بۇنىڭ بى-
لەن بۇ دېھقان 400 كىلوگرام يۇڭنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەمەلىيەتتە يەر-
مەنكىدە بۇ يۇڭنىڭ ھەر كىلوگرامى 35 يۈەندىن سېتىلدى. يەرمەنكە
بۇ چارۋىچىغا ئامەت ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ئۇ بۇگۈن ھەم خىجىل، ھەم
خۇشال بولغان ھالدا يېزا باشلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتماقچى ئىدى.
بۇلتۇر يېزا بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 12 تونىنا ئىنچىكە يۇڭنىڭ ھەممىسى
يۇقىرى باھادا سېتىلدى. نەتىجىدە بۇ يىل دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆزلى-
رىنىڭ ئىنچىكە يۇڭلىرىنى بەس ـ بەستە يېزىغا تاپشۇردى. تۇرغۇن
توختى 15 تونىنا يۇڭنى ئېلىپ يېقىندا يەنە نەنجىڭگە يەرمەنكىگە قاتنى-
شىشقا ماڭدى.

**2 ـ مىسال:** ئۇرۇقلۇق قوناق تېرىش دەسلەپتە تۇرغۇن دېھقانىنىڭ
ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى. 2 ـ كەنتتىكى بىر دېھقانمۇ 5 مو يېرىگە ئادەت-
تىكى قوناق تېرىۋالدى. تۇرغۇن توختى ئۇنىڭغا ئۇرۇقلۇق قوناقنىڭ
پايدىسىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى. بىراق، بۇ دېھقان قايىل بولمى-
دى. ئاخىرى تۇرغۇن «بولدى، ئەگەر سىز ئىشەنمىسىڭىز مەن 1000
يۈەن تۆلەم بېرىمەن» دەپ ئۇنىڭغا ھۆججەت يېزىپ بەردى. كېيىن بۇ
دېھقان ئۇرۇقلۇق قوناق تېرىپ بىر مو يەردىن 600 كىلوگرام ھوسۇل
ئالدى ھەم تۇرغۇن توختىنىڭ پەم ـ پاراستىگە قايىل بولدى. بۇ ئەمە-
لىي تەجرىبە تۇرغۇن دېھقانىنى قىزىقتۇردى. 2001 ـ يىلىدىن ئىلگىرى
يېزا بويىچە ئۇرۇقلۇق قوناق كۆلىمى 300 مو، بىرلىك مەھسۇلات 400
كىلوگرام ئەتراپىدا ئىدى. ھازىر كۆلەم 2000 مودىن، بىرلىك مەھ-
سۇلات 600 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى. دېھقانلار ئەمەلىي نەپكە ئې-
رىشتى. ئۇنىۋاشتىكى دېھقانلار ئىلگىرى شالنى ئۇرۇق چېچىش ئۇسۇلى
ئارقىلىق تېرىيتتى. شۇڭا مەھسۇلات تۆۋەن ئىدى. تۇرغۇن توختى ئام-
مىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاپ، شالنى مايسا ئۆستۈرۈپ تىكىپ تېرىش تېخ-

نىكسىنى يولغا قويۇشنى ئېيتتى. بۇ تېخنىكىمۇ دەسلەپتە دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى. تۇرغۇن توختى 14 كەنتتە 100 نەچچە مو يەردە بۇ تېخنىكىنى سىناق قىلدۇردى. ئۆزى نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلدى. كېيىنكى يىلى بۇ تېخنىكا ئۈنۈم بەردى. بىرلىك مەھسۇلات 500 كىلوگرامدىن ئېشىپ، ئىلگىرىكىدىن 150 كىلوگرام كۆپەيدى. بۇ تېخنىكىدىن رازى بولغان دېھقانلار بەس ـ بەستە شال تېرىدى. ھازىر يېزا بويىچە شال كۆلىمى 3000 موغا يېتىپ، 2001 ـ يىلىدىكىدىن 4 ھەسسە، مەھسۇلاتى بىر ھەسسە ئاشتى. دېھقانلار «بىز ئەينى چاغدا ھەقىقەتەن ئەخمەقلىق قىپتۇق. تۇرغۇن توختىنىڭ گېپى توغرا ئىكەن ئەمەسمۇ. ئەمدى شالنى چېچىپ تېرىغىلا دېسىمۇ بىز ئۇنىمايمىز. يېڭى تېخنىكا ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن» دېيىشتى.

**3 ـ مىسال:** بۈلتۈر تۇرغۇن توختى ئۆز يېنىدىن 5000 يۈەن چىقىرىپ ئۆزى يۆلەپ كېلىۋاتقان 9 ـ كەنت 1 ـ گۇرۇپپىدىكى بىر مېيىپ نامراتقا ئۆي سېلىپ بەردى.

پارتىيىنىڭ كادىرى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدۇ. خەلق ئۇچۇن سۆزلەيدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تۇرغۇن توختى ئاممىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كەلدى. كادىرلارغا يۇقىرى تەلەپ قويدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بىر بەن ئادەمنىڭ زېھنىنى تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە مۇجەسسەملىدى. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن جۇنجىيېنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى.

ئونباش يېزىسى مۇزات دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز ئىدى. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ يېزىدا 15 كەنت، بىر چارۋىچىلىق مەيدانى، 15 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار. تۇرغۇن توختى 2000 ـ يىل 12 ـ ئايدا بۇ يېزىغا كەلدى. 2001 ـ يىل 2 ـ ئايدا رەسمىي يېزا باشلىقلىقىغا سايلاندى. شۇ چاغدا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئەھۋالى ناچار، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. دېھقانلار قارى-

غۇلارچە تېرىقچىلىق قىلاتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىتتىپاقسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق خاھىشى مەۋجۇت ئىدى. ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالغان تۇرغۇن توختى ئىشنى قائىدە ـ تۈزۈمنى چىڭىتىش، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بېكىتىشتىن باشلىدى. ئىقتىساد باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قاتلاممۇ قاتلام نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئورناتتى. ئىنتىزام جەھەتتىكى يوچۇقنى ئەتتى. يېزا ـ كەنت ئىقتىسادىنى زورايتىش، كىرىمنى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. كادىرلار ۋە ئامما بىلەن سىرداشتى. تېخنىك خادىملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى. ھەممە تەرەپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەڭ ئىشقا سالدى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، بىر قىسىم كەنتلەردە شال ئۆستۈرۈش، ئوتتۇرا قىسىمدىكى 10 كەنتتە كېۋەز تېرىش، كېۋەز تېرىشقا ماس كەلمەيدىغان كەنتلەردە قىزىلچا، ئۇرۇقلۇق قوناق تېرىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەم بۇنى پەيدىنپەي يولغا قويۇپ كېڭەيتتى. تېخنىكا جەھەتتە ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتتى. ناھىيە، ۋىلايەتتىن تېخنىك تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزدى. ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش، سېلىنمىنى كۆپەيتىش، سورتلارنى ئەلالاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى دېھقانچىلىقنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە تۇتتى. بارغانلا يېرىدە دېھقانلار بىلەن كىرىمنى كۆپەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلەشتى. زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىشى، ئۆسۈشىنى كۆزەتتى. ھەربىر كىچىك ھالقىغىچە ئىنچىكە، ئەتراپلىق بولۇشنى تەلەپ قىلدى. يىلمۇ يىل سورت ياشارتىش، سورت يەڭگۈشلەشنى تەكىتلىدى. قوناق، بۇغداي، كېۋەز، قىزىلچا، مايلىق دان قۇرۇلمىسىنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىدى. ئەنئەنىۋى، قوپال تېرىقچىلىق قىلىشنى تۈجۈپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتتى. نەتىجىدە مەھسۇلات يىلمۇ يىل ئاشتى. بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 360 كىلوگرامدىن 425 كىلوگرامغا، قوناقنىڭ 700 كىلوگرامدىن بىر توننىغا، پاختىنىڭ 60 كىلوگرامدىن 90 كىلوگرامغا ئۆرلىدى. قىزىلچا مەھسۇلاتىمۇ بىر يېرىم ھەسسە كۆپەيدى. ئۇنباش يېزىسى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا مول ئوت ـ چۆپ بايلىقىغا ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە.

ئۈنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇن توختى تارىم يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمىي سىستېمىسىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىنى يۈكسەلدۈرگەن. شۇڭا ئۇ، چارۋىچىلىقنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى كۆپەيتىشكە زور كۈچ سەرپ قىلدى. تېخنىكلارنى قوي، كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، بېقىش ـ باشقۇرۇش، تول ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا ئىلھاملاندۇردى. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلىدى. يۇلتۇزنىڭ ئاخىرىدا چارۋا قوتان قالدۇقى 67 مىڭ 600 تۇياققا، بۇنىڭدىن سىمىنتال كالىسى 5200 تۇياققا يەتتى. 42 مىڭ تۇياق قوينىڭ 60% ىنى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي تەشكىل قىلدى. تىۋىتلىق ئۆچكىمۇ تېز كۆپەيدى. تۇرغۇن توختى كالىچىلىقنى مەركەز قىلغان باقمىچىلىقتا ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ھەربىر كەنتتە 7 دىن 12 گىچە باقمىچىلىق ئۈلگىلىك ئائىلىسى بەرپا قىلىش، ھەربىر ئائىلىدە 10 تۇياقتىن يۇقىرى كالا، 40 تۇياقتىن يۇقىرى قوي بېقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىر نەچچە يىلدا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، باقمىچىلىق رايونلىرىنىڭ قورۇ ـ قوتان شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى. نەتىجىدە، دېھقانلارنىڭ باقمىچىلىق قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چارۋا تېز كۆپەيدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋا 5 تۇياققا يەتتى. چارۋىچىلىق كىرىمى دېھقانلار ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 30% ىنى تەشكىل قىلدى.

باغ ـ ئورمانچىلىق نۆۋەتتە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ قالدى. تۇرغۇن توختى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىش داۋامىدا، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. بولۇپمۇ، ئۇ ياڭاقچىلىقنى نۇقتىلىق تۇتتى. 2002 ـ يىلدىن بۇ يىلغىچە 22 مىڭ مو يەرگە ياڭاق تىكتۈردى. بۇ ھەربىر ئائىلىگە 1.5 مودىن توغرا كەلدى. تۇتۇش نىسبىتى 98% كە يەتتى. ئۇ ياڭاقنى ئۇلاشنى تەكىتلىدى. بىراق، ئۇلاش يەنە بەزى دېھقانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 9 ـ كەنتنىڭ 3 ـ گۇرۇپپىسىدىكى دېھقانلار 150 مو يەردىكى يا-

گاقنى ئۆلاشقا قوشۇلمىغاندا، تۇرغۇن توختى يېزىدىن 1000 يۈەن چىقىرىپ ئۆزى تېخنىك تەكلىپ قىلىپ ئۆلەتتى. 2004 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆلىغان ياڭاقلار بۇ يىل مېۋىگە كىردى. بۇ يىلغىچە 18 مىڭ مو يەردىكى ياڭاقلار پۈتۈنلەي ئۆلىنىپ بولدى. 2004 ـ يىلى يەنە 2000 مو ئۆرۈكلۈك بەرپا قىلىندى. 14 ـ، 15 ـ كەنتتە 500 مو ئۈزۈم يېتىشتۈرۈلدى. يېزا بويىچە 14 مىڭ مو كونا باغ ئۆزگەرتىلدى. ھازىر ئومۇمىي باغ كۆلىمى 40 مىڭ موغا يەتتى. باغۋەنچىلىك كىرىمى دېھقانلار كىرىمىنىڭ 12% نى ئىگىلىدى. تۇرغۇن توختى كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش، يۇرتنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بىلەن قارىدى. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە كادىرلار ۋە ئاممىنى قوزغاپ، بىرنەچچە يىلدا 12 مىڭ مويەردە ئورمان بىنا قىلدى. ھازىر ئۇنباشنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30% كە يەتتى.

بىر ئورۇننىڭ رەھبىرى شۇ ئورۇندىكى خەلقنىڭ ئاتىسى. ئاتا ھەممە ئادەمگە تەكشى مۇئامىلە قىلىشى، ھەممە ئىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشى كېرەك. تۇرغۇن توختى دەل شۇنداق قىلدى. خىزمىتى ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ كەنتتىكى نامراتلارنى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 3 يىلدا 320 نامرات ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بەردى. بۇ يىل 800 ئائىلىگە يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىشنى پىلانغا ئالدى. خەلق ئىشلىرى كادىرلىرىنى نامراتلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، بىرمۇ ئادەمنىڭ ئاچ قالماسلىقى، توڭلاپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. تېرىلغۇ مەزگىلىدە ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن نامراتلارغا ئوغۇت، ئۇرۇق، يوپۇق ئېلىپ بەردى. ئالاھىدە قىيىنلىقى بار ئائىلىلەردىن ھال سوراپ تۇردى. 3 يىلدا 9 كەنتنىڭ ئىشخانىسىنى يېڭىلاپ سالدى. 17 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەنت يولىنى ئاسفالتلاشتۇردى. يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 80 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى. بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە دەرۋازا ئورنىتىپ قاشا تام سالدۇرۇپ بەردى. 3 يىلدا 700 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىدى. 3 كەنتكە شىپاخانا سالدۇردى. 2002 ـ يىلى-

دىن باشلاپ كەنت مالىيىسىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئىقتىسادىي ئېتىبارلارنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىش ھالىتىنى ئوڭشىدى. چېچىلاڭغۇ، ئاجىز كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەر- تىپكە سالدى. ھازىر كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى زورايدى. دېھ- قانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. 2004 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3191 يۈەنگە يېتىپ، 2001 ـ يىلدىكىدىن 1000 يۈەن- گە يېقىن كۆپەيدى. قەرزدارلار ئازايدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت باي ناھىيىسى بويىچە «خەلق رازى بولغان خەلق ھۆكۈمىتى» بولۇپ باھالاندى. ئۇن- باشنىڭ خىزمەتلىرى ناھىيە بويىچە يىللىق باھالاشتا ئۇدا 3 يىل 1 ـ لىككە ئېرىشتى. يېزا تۈرلۈك خىزمەتلەردە بايدىكى قىزىل بايراقدار يېزا بولۇپ قالدى. تۇرغۇن توختىمۇ كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ نامى مۇزات دەرياسى ۋادىسىغا تارالدى. خەلقنى بېيىتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئارزۇسى ئاخىرىدا رېئاللىققا ئايلاندى.

2005 ـ يىل ئاۋغۇست، باي

# دېھقانلار لېكسىيە ئۆمىكى دېھقانلار ئارىسىدا

«كەنتىمىزگە دېھقانلار لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى كەلگۈدەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېيىش ماھىرلىرىمىش»!

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مۇزات دەريا ۋادىسىدىكى نۇقتىلىق 21 نامرات كەنتكە تارقالدى. دېھقانلار بۇ يېڭى ئىشقا ھەم قىزىقتى، ھەم ھەيران قېلىشتى. بۇلۇڭ يېزىسىنىڭ 11 ـ كەنتىدىكى دېھقانلار «ئىلگىرى كەنتىمىزگە لېكسىيە سۆزلەشكە كادىرلار كېلەتتى. بۇ قېتىم دېھقانلا كېلىدىكەن. بۇلارنىڭ قانداق كارامىتى باركىن، بىر كۆرۈپ باقايلىچۇ» دېيىشتى ھەمدە ئىلگىرى يىغىن دېسە بېشى ئاغرىيدىغانلارمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ يىغىن زالىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

بىر پەستىن كېيىن لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ مەيدىسىگە قىزىل شەلپەر ئاسقان بەش نەپەر ئەزاسى يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. يىغىن زالىدا ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. دېھقانلار ئۇلارنىڭ گەپ باشلىشىنى تەققەززالىق بىلەن كۈتتى. باي ناھىيىلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۈلنىسا روزى بۇ بېيىش ماھىرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ ماھىرلار ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپقان، سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ بېيىغان ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقانلار ئىدى. كانچى يېزىسىنىڭ ئۇرۇقچىلىق ئەترىتىدىن كەلگەن پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش ماھىرى خەيرىنگۈل ھېزىمنىڭ لېكسىيىسى مۇنداق باشلاندى: «ئىلگىرى يەر تېرىغان بولساقمۇ تۇرمۇشىمىزدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىغان. 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ 3 پۈڭ يەرنى پارنىك قىلىپ كۆكتات ئۆستۈردۈم، دەسلەپكى يىلى 6000 يۈەن ساپ كىرىم قىلدىم. 3 پۈڭ پارنىكنى 3 يىل تېرىغاندىن كېيىن 1000 مولۇق پارنىك

بازىسدىن 2 پارنىكنى ھۆددىگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن يىللىق كىرىمىم 13 مىڭ يۈەندىن 15 مىڭ يۈەنگىچە يەتتى. ھازىر تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشىلىنىپ كەتتى» . خەيرىنگۈل ھېزىم كەرەپشە (چىڭسەي)، پەمىدۇر، تەرخەمەك ئۆستۈرۈشتە قوللانغان ئۇسۇلى، تېخنىكىسى، سورت تاللاش جەريانى، پەرۋىش قىلىش، يىغىۋېلىش، سېتىش تەجرىبىسى ھەم بۇ جەھەتتە تارتقان جەبىر ـ جاپالىرى، كۆرگەن راھەت ـ پاراغەتلىرىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ كاۋىغا تەرخەمەك ئۇلىغانلىقى لېكسىيە ئاڭلاشقا كەلگەن دېھقانلارنى ھەيران قالدۇردى.

«مېنىڭ ئىسمىم مولنىياز تۇراپ، 32 ياش. ياتۇر يېزىسىنىڭ 13 ـ كەنتىدىن. ئىلگىرى تۇرمۇشىمىز ياخشى بولمىغانلىقتىن، تۇرپانغا بېرىپ 11 يىل ئىشلەپ ئانچە ـ مۇنچە پۇل تاپتىم. 1985 ـ يىل 2 ـ ئايدا يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ 41 مو يەرنى ھۆددىگە ئالدىم. بۇنىڭ 27 موسىغا ئۈزۈملۈك باغ بىنا قىلدى. باغ مېۋە بەرگەندىن كېيىن، مەن يەنە ئاقسۇ، قەشقەر، كۇچا ۋە باي قاتارلىق جايلاردىن باغ سېتىۋالدىم. ئۈزۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى بېيجىڭ، تيەنجىن، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل تاپتىم. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن تەجرىبە توپلىدىم. ئاستا ـ ئاستا باغلارنى ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم ھەم تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە پەرۋىش قىلدىم. ھازىر ھەر مو يېرىمدىن 1000 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە كىرىم قىلىمەن. يەنە قوشۇمچە قەلەمچە تىكتىم. ھەر مو يەردىن 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم» ... مولنىياز تۇراپنىڭ لېكسىيىسى ئاممىنى جەلپ قىلدى. ئۇ «ھازىر شىنجاڭدا ياڭاق، ئۈرۈك مېغىزى قىس بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا كاللا ئىشلىتىش كېرەك» دېدى ھەمدە ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن نۇرغۇن كارخانىچىلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى، دېھقانلارنىڭمۇ تىرىشسا، ئاشۇلاردەك باي بولالايدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سۆزلىدى. ئۇ يەنە «ھازىر مېنىڭ ھەر يىلى باغدىن قىلغان كىرىمىم 450 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىقتىن قىلغان كىرىمىم 20 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. ھازىر ئائىلەمدە 60 نەچچە تۇياق كالا، قوي، ماشىنا،

تراكتور، موتسىكلىت ۋە ياغ تارتىش، ئۇن تارتىش ماشىنىسى بار. ئۆي-يۈز زامانىۋى، ئۆي سايمانلىرىم تولۇق، ھېچنەرسىدىن غېمىم يوق» دېدى.

سايرام بازىرىنىڭ 6 ـ كەنتىدىن كەلگەن باقمىچىلىق ماھىرى ئەھەت نىياز ئۆزىنىڭ باقمىچىلىق تەجرىبىسىنى، 2005 ـ يىلى 250 تۇياق قوي بورداپ باققانلىقىنى ھەم بىر گۆش دۇكىنى ئېچىپ، قوينى سويۇپ ھەر بىر قويدىن 100 يۈەندىن جەمئىي 25 مىڭ يۈەن پايدا ئالغانلىقىنى، ھازىر ئائىلىسىدىكى 9 جان ئادەمنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ھازىر پىكاپ، تراكتور سېتىۋالغانلىقىنى، چارۋىلىرىنى بېقىپ باشقۇرۇپ بېرىدىغان 20 ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، لېكسىيە ئاڭلىغىلى كەلگەن ئاممىنى ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ دەسلەپتە 5 تۇياق قوي، 1 تۇياق ئۆچكە باققانلىقى، ھازىر ئۇنى كۆپەيتىپ 1100 تۇياققا يەتكۈزگەنلىكى، قوي ـ ئۆچكىلەرگە چاپان كىيدۈرۈپ يۈك ۋە تۈۋەت مەھسۇلاتىنى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى ئاممىنىڭ قايىللىقىنى ۋە مايىللىقىنى قوزغىدى.

ئارقىدىن ئېگىز بويلۇق، قىزىل يۈزلۈك، چىرايلىق بىر چوكان گەپ باشلىدى: «يولداشلار! ياخشىمۇ سىلەر، مەن بۈگۈن سىلەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈزلىنىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىمنى ئورتاقلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن.

مېنىڭ ئىسمىم مەرىيەم دابىت، ئۇيغۇر، 45 ياش، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، مىچىغ يېزا 6 ـ كەنت 2 ـ گۇرۇپپىدىن. ئائىلەمدە ھازىر 5 نوپۇس، 50 مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ يەرگە ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇق بۇغداي، ئەلا سورتلۇق قوناق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيمىز. 2 مو بېغىمىز بار. 15 تۇياق چوڭ چارۋام، 60 تۇياق كىچىك چارۋام، 60 دانە تۇخام بار. كەپتە 300 گە يېتىدۇ. ئائىلەمدە بىر دانە 17 تىپلىق تراكتور، بىر دانە موتسىكلىت، ئىككى دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، VCD ئاپپاراتى، توڭلاتقۇ، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، تېلېفون قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر ئۆي سايمانلىرى تولۇق. 130 كۋادرات مېترلىق ئىككى يۈرۈش خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سالغان. 2005 ـ يىلى يەر

تەۋرەشكە چىداملىق 105 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى يۈرۈش ئۆي سالدىم. ھازىر جەمئىي 235 كۋادرات مېتىرلىق خىش قۇرۇلمىلىق تۆت يۈرۈش ئولتۇراق ئۆيىمىز بار.

بۇ تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپالارنى باشتىن كەچۈردۈم. بۇرۇن مېنىڭ ئائىلەم نامرات ئىدى. يولدىشىم ئىككىمىز توي قىلغان ۋاقىتتا ئۆيىمىز بىر ئېغىزلىق توپا قۇرۇلمىلىق كونا ئۆي ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ، «جاپاغا چىداپ تىرىشسام، چوقۇم ياخشى كۈنگە ئېرىشەلەيمەنغۇ» دېگەن ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تىرىشىپ ئىشلىدىم.

پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى يىلمۇ يىل ياخشىلىنىپ ئائىلەمنىڭ بۇرۇنقى نامرات ھالىتىدە تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولدى، بىرسى ئىككى بولدى. ھال ـ ئوقىتىمىز خېلى ياخشىلاندى. ئىلگىرى 25 مو تېرىلغۇ يېرىمىزدىن بىر يىلدا ئاران 3000 كىلوگرام ئاشلىق ئالاتتۇق. يىللىق كىرىمىمىز 2000 يۈەندىن ئازراق ئاشاتتى. ھازىر پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئەلا سورتنى تاللاپ تېرىش، تېخنىكا ـ تەلەپ بويىچە دېھقانچىلىق قىلىش ئارقىلىق يىلدىن ـ يىلغا كۆپلەپ مول ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇق. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇغداي سورتىنى ئۆزگەرتىپ مەخسۇس ئۇرۇقلۇق بۇغداي تېرىش ئارقىلىق ھەر مو يەردىن 500 كىلوگرام بۇغداي، 1000 كىلوگرام قوناق مەھسۇلات ئېلىپ جەمئىي 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتۇق. چارۋىچىلىق جەھەتتە خېلى ئىزدەندۇق، بۇرۇن ئىككى ـ ئۈچ تۇياقلا چارۋىمىز بار ئىدى، شۇ چاغدا چارۋىنىڭ نەسلى بىلەن كارىمىز بولماي، قارىغۇلارچە باققان ئىكەنمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دەسلەپكى 3 تۇياق چارۋىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇق بېرىش، تېخنىكا تەلەپ بويىچە بېقىش، مەخسۇس ياسالغان يەم ـ خەشەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق چارۋىدىن يىلىغا 5000 يۈەن كىرىم قىلدىم. يەنە بىر جەھەتتىن كالىلارنى سېغىپ سۈت، قېتىق، قايماق چىقىرىپ مەھەللىلەرنى تەمىنلەپ، ئۇنىڭدىنمۇ مەلۇم نىسبەتتە كىرىم قىلدىم.

ھەرىيلى يەنە چۈجە سېتىۋېلىپ، كۆپلەپ ئەي قىلىپ، بەلگىلىك

ئىقتىسادىي كىرىم ياراتتىم ھەمدە كەپتەرلەرنىمۇ ياخشى پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق يىلغا 500 يۈەن ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىپ كەلدىم. يەنە بىر تەرەپتىن 2 مو باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىغا سەي ـ كۆكتاتلارنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئارقىلىق مۇئەييەن ئىقتىسادىي كىرىم ياراتتىم.

بىر مو كۆلەمدىكى ئۈزۈمنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ يىلدا 1000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلدىم. يەنە 12 مو يەردە ياڭاق ئۆستۈردۈم. بۇ يىل مېۋىگە كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ياڭاق ئارىسىغا ھەر يىلى قوش يۇپۇقلۇق قوغۇن ـ تاۋۇز، سەي ـ كۆكتات تېرىپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي كىرىم ياراتتىم.

ھازىر ئائىلەمنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 40 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 8 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت تۆت ئۆز تەربىيىسىنى ئىزچىل قىبلىنامە قىلىپ، ئاياللار پەقەت بالا تۇغۇپلا، قازان بېشىدا ئاش ئېتىش بىلەن ئۆمرى ئۆتىدىغان خاتا خۇراپىي خاھىشلارغا قەتئىي خاتىمە بېرىپ، ئائىلىدە ياخشى ئايال، ياخشى ئانا، ياخشى كېلىن، ياخشى قېينانا بولۇش، سىرتتا ئەرلەر بىلەن تەڭ مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ ئىشلەش روھىنى ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ كەلدىم»...

مەريەم دابىتىنىڭ بېيىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى، ئىرادىسى، تەجرىبىسى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈردى.

ئەڭ ئاخىرىدا لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ياشلىق ئەزاسى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل ۋە يول تاپقان بېيىش ماھىرى تۇرسۇنخاننىڭ لېكسىيىسى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ يىل 55 ياشقا كىرگەن تۇرسۇنخان ئىلگىرى ئىنتايىن نامرات ئۆتكەن، يولدىشى كېسەلچان ئىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ يازدا كىشىلەرنىڭ بېغىدا ئۆرۈك تەردى. كورلىغا بېرىپ نەشپۈت تەردى. پاختا ئېچىلغاندا قوشنا ناھىيىلەرگە بېرىپ پاختا چويلىدى. قىش كۈنلىرى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى بولدى. مەينەتچىلىك ۋە جاپادىن

قورقمىدى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى پۇل ھەم يول تاپتى. ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تېلېۋىزور، VCD ئاپپاراتى، توڭلاتقۇ قاتارلىق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى. چارۋىسىمۇ ئاينىدى. تېخى ئوغلى تراكتور سېتىۋالدى...

لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ لېكسىيىسى دېھقانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بېيىشقا بولغان ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى. كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئىستىكى ۋە غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئۇرغۇتتى. ئونباش يېزىسىنىڭ يېڭى ئۆستەڭ كەنتىدىكى دېھقانلار مۇنداق دېيىشتى: «ئادەمدە ئىرادە ۋە پەم ـ پاراسەت بولسىلا چوقۇم بېيىغىلى بولىدىكەن. مۇشۇلارمۇ بىز گە ئوخشاش ئادەم، بۇلار ھەقىقەتەن تىرىشپتۇ. ئاخىرى بېيىپتۇ، بىز بۇ ماھىرلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىشى، تاللىشىغا ئاساسەن يول تۇتۇپ، نامرات تۇرمۇشىمىزغا خاتىمە بېرىشىمىز، ھالال ئەمگىكىمىز بىلەن پۇل تېپىپ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا بەخت يارىتىشىمىز لازىم».

لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ لېكسىيىسى بارغانلا يەردە قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ياقىئېرىقتىن قېيىرغىچە، چوڭ كۆۋرۈكتىن بۇلۇڭغىچە، توخسۇندىن قاراباغقىچە، ئونباشتىن توخسۇن ۋە قىزىلغىچە تارقىدى. بۇ بېيىش ئۈلگىلىرى ناھىيىلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ھاشىم ياسىن، مۇئاۋىن مۇدىرى گۈلنىسا روزىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئارامۇ ئالماي ناھىيىدىكى 21 نۇقتىلىق نامرات كەنتكە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى. گەرچە، ئۇلار ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر، ئۈلگىلىك ئائىلىلەر، ھەممىسى تەل ئائىلىلەر بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بېيىش تەجرىبىسىنى، تېخنىكىسىنى نامراتلارغا ئايىماي سۆزلەپ بەردى. ناھىيە بازىرىغا ئەڭ يىراق بولغان قارا باغ يېزىسىنىڭ 6 ـ كەنتىدىكى، قېيىر يېزىسىنىڭ 1 ـ، 2 ـ كەنتىدىكى نامرات دېھقانلار «پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىزگە ھەقىقەتەن غەمخورلۇق قىلىپتۇ. بىزگە نەزەرىيە ئەمەس، ئەمەلىي ئەسقاتىدىغان تېخنىكا، بىلىم ئەۋەتىپتۇ. بىز بۇلارنىڭ لېكسىيىسىدىن ھەقىقىي

نەپكە، يېڭى بېيىش يولىغا ئېرىشكەندەك بولدۇق. بىز بۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، چوقۇم نامراتلىق بىلەن خوشلىشىشقا تىرىشىمىز » دېيىشتى.

باي ناھىيىلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ھاشىم ياسىن مۇنداق دېدى: بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىز نامراتلارنى ماددىي جەھەتتىن، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن يۆلىدۇق، بۇ قېتىم ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بۇ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنى تەشكىللىدۇق. بۇنىڭ بۇنداق زور ئۈنۈم ۋە داغدۇغا قوزغىشىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇنداق پائالىيەتنى پات ـ پات تەشكىللەپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

باي ناھىيىلىك سابىق ئۆي كۆچۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رېشىت ئاكا ئونباش يېزا بوستان كەنتىدىكى قايناق مەنزىرىنى كۆرۈپ: ئەينى چاغدا بىز قىزىل سۇ ئامبىرى رايونىدىن كۆچۈرگەن كەنتلەرنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بوپتۇ. نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى تەشكىللىگەن بۇ لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئاممىغا ھەقىقەتەن بىر ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈپتۇ، دېدى.

2006 ـ يىل فېۋرال، باي

# ئۈمىد ئۇچقۇنى

(ئوچېرك)

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاچچىق سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. يەر ـ جاھان تۇمان ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 2 ئەتراپىدا باي ناھىيىسىنىڭ توخسۇن يېزىسىدا بەش ياشلىق بىر بالىنى ماشىنا سوقۇۋەتتى. قاتناش ۋەقەسى ھەقىقەتەنمۇ رەھىمسىز، دەھشەتلىك بولىدۇ. ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن، يېقىن ـ يىراقتىكى ئادەملەر بۇ يەرگە توپلاشتى. ئەتراپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. يول بويىدا ھوشسىز ياتقان بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى.

— ھەي، كىمكەن؟ كىمنىڭ بالىسى ئىكەن؟! تېخى كىچىك مەسۇمە، نوتىكەن ئەمەسمۇ، نەپسىمۇ توختاپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھايات قېلىشى ناتايىن، دەرھال ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر قىلايلى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقسۇن،— دېيىشتى.

خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يەتكۈزۈلدى. كۆپ ھاللاردا قاتناش ۋەقەسى توغرىسىدىكى خەۋەر شۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىدىنمۇ قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك بولىدۇ. ئارزۇلۇق بالىسىنىڭ ۋەقەگە يولۇققانلىقىنى ئۇققان ياش ئاتا ـ ئانا خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئادەتتە ئانىنىڭ كۆڭلى دادىنىڭ كۆڭلىدىنمۇ يۇمشاق بولىدۇ، ئوغلىنىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرگەن ئانا ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى:

— بالام ئابدۇسالام، قوزام ئابدۇسالام، ساڭا نېمە بولدى؟ ساڭا نېمە قازا كەلدى؟ كۆزۈڭنى ئاچقىن بالام، مېنى قورقۇتما، مېنى تاشلاپ كەتمە... ئاھ خۇدا، بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن،— دەپ داد ـ پەرياد كۆتۈرگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئەتراپنى يىغا قاپلىدى. مۇڭ ـ زار

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزەتتى.

ئۇلار ئابدۇسالامنى ماشىنا بىلەن تېزلىكتە يېزىلىق دوختۇرخانى-
غا، ئارقىدىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بىراق، ئۇسكۇنى-
لەرنىڭ كەمچىل، قالاق بولۇشى تۈپەيلىدىن ھەر ئىككىلا دوختۇرخانا
كېسەلگە كېسىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئۆلۈم كۆلەڭگىسى بارغانچە يې-
قىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بەزىلەر ئەمدى بالىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا
تەييارلىق قىلىشنى ئېيتتى. لېكىن بالىنىڭ تۇغقانلىرى دوختۇرنىڭ يار-
دىمىدە شۇ زامان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسى نېرۋا
تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلاشتى. چۈنكى، ۋىلا-
يەتلىك 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، سەرخىل ۋە زامانى-
ۋى ئىكەنلىكىنى، تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، خېلى مۇرەك-
كەپ، قىيىن، خەتەرلىك كېسەللەرنىمۇ داۋالاپ ساقايتقانلىقىنى، ھەتتا
قەشقەر، خوتەندىنمۇ بۇ يەرگە كېلىپ داۋالىنىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى
خېلى كۆپ كىشىلەر بىلەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ
داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات مەركىزى بولغان بۇ دوختۇرخا-
نىدا داۋالاش ئىقتىدارى ئۈستۈن ئىختىساس ئىگىلىرى تۈركۈم ـ تۈر-
كۈملەپ يېتىشىپ چىقىۋاتاتتى. دوختۇرخانىنىڭ تۈرلۈك شارائىتىمۇ
كۈنسايىن ياخشىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاڭخەي خۇاشەن دوخ-
تۇرخانىسىنىڭ دوكتورى، دوتسېنت جاڭ يىمۇ چېگرا رايونغا ياردەم بې-
رىش ئىستىكى بىلەن بۇ دوختۇرخانىنىڭ نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر بۆ-
لۈمىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئىلگىرى نېرۋا، كۆكرەك، سۈيدۈك يولى زەخىملە-
نىش خاراكتېرلىك تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى ئىنتايىن
تۆۋەن بولۇپ، 10 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيتتى. ئۆلۈش نىسبىتى ھەقىقەتەن
يۇقىرى ئىدى. جاڭ يى كەلگەندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش
تېخنىكىسىغا كۈچ قوشۇلدى. بۇ خىلدىكى كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىس-
بىتى بىراقلا 80 پىرسەنتكە يەتتى. ئۇ ئىشلىگەن ئوپېراتسىيەلەرنىڭ مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن يۇقىرىراق سەۋىيىگە
يېتىپلا قالماي، ئوپېراتسىيىگە سەرپ بولىدىغان ۋاقىتمۇ كۆرۈنەرلىك
قىسقاردى. ئۇ 1999 ـ يىلى باھاردىن كېيىن، مېڭىسى قاتتىق زەخىملە-

نىپ ئۈزاق ۋاقىت ھوشسىز ياتقان 10 نەچچە بىمارنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئاقسۇدا زور داغدۇغا پەيدا قىلغان ھەم ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ خىل بوشلۇقنى تولدۇرغان ئىدى. بۇ چاغدا بۆلۈم مۇدىرى ليۇ جيەنجۈن ئالدىراپ، ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېزلىكتە دوختۇرخانىغا قايتىپ كەلدى ھەم بىر نەچچە قاۋۇل دوختۇر ـ سېستىرانى چاقىرىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئالدىن تەھلىل قىلدى ھەم زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلىپ، كېسەلنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە. مۇزات دەرياسى ۋادىسىدىن قوزغالغان ماشىنا تېز سۈرئەتتە ئاقسۇغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى جان ئەزرائىل بىلەن تىركىشىپ ئېلىشماقتا ئىدى. دوختۇر ـ سېستىرالار خۇددى يىراقتىن كېلىدىغان يېقىن تۇغقىنىنى ساقلاۋاتقاندەك ئىنتايىن جىددىي، تەقەززالىق ھېسسىياتى بىلەن بىمارنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە...

كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. كەچ سائەت 9 دىن ئاشقاندا بىمار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. دوختۇر ـ سېستىرالار پايىپېتەك بولۇشۇپ كەتتى. بىمارنى تېزلىكتە تەكشۈرۈش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئىنچىكە، تەپسىلىي تەكشۈردى. مېڭىسىنى CT ئاپپاراتىغا سالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ مېڭە بىغىشى ئېغىر زەخىملەنگەن، ئادەتتە بۇ خىلدىكى كېسەلنىڭ ساقىيىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى، ساقايغان ھالەتتىمۇ بەزىلىرى مېيىپ بولۇپ قالاتتى. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن تىرىشىش كېرەك. دوختۇرلار ئۇنى ياتاققا قوبۇل قىلدى، بىراق ئۇ ھوشسىز ياتاتتى. دوختۇرلار ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى، بەدىنىنى سۈرتۈپ، نەملىكنى، زەھەرنى يوقاتتى. زور مىقداردا قۇۋۋەتلىك ئوكۇللارنى ئۇردى. خىلمۇخىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. گەرچە ئارىدىن 22 كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، بالا يەنىلا ھوشىغا كەلمىدى. يۈرەكنىڭ سوقۇش رىتىمى ئاستا، نەپسىمۇ زەئىپ ئىدى. بالىسىنىڭ ساقىيىشىغا تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئاتا ـ ئانا يەنە ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. لېكىن دوختۇرلار بەل قويۇۋەتمىدى. بولۇپمۇ ليۇ مۇدىر بۇ كېسەلدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىدى. چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن

مۇ ئۈزۈن ھوشسىز ياتقان كېسەلنىمۇ داۋالاپ ساقايتقان ئىدى. بىر يىل ئىلگىرىكى باھار پەسلىدە 8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇدۇق سۇپىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، مېڭىسى ئېغىر زەخىملەنگەن بىر نېفىت ئىشچىسى بۇ بۆلۈمگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، توپتوغرا 48 كۈن ھوشسىز ياتقان. لىيۇ مۇدىر، نيۇ گاڭ، قاسىم قاتارلىق دوختۇرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئاخىرى ئۇنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان ئىدى. بۇ ئىش دوختۇرخانىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتكىمۇ داستان بولۇپ تارالغان ئىدى. دېمەك مېڭە زەخىمسى خاراكتېرلىك كېسەللەرنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە، كۆزىتىشكە، پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. دەرۋەقە ئويلىغاندەك بولدى. 24 كۈن ئۆتكەندە ئابدۇسالام كۆزىنى ئاچتى. ئۇ خۇنۇك كۆزى بىلەن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئاتا ــ ئانىسىنى كۆردى، دوختۇر ــ سېسترالارنى كۆردى. ئاتا ــ ئانىسىنىڭ بۇ چاغدىكى خۇشاللىقى يۈرىكىگە سىغماي قالدى. ئۈمىد نۇرى قايتا ئۇچقۇندىغان ئىدى. ئۇلار دوختۇرلارنىڭ پەرىشتىلىكىگە، ئەۋلىيالىقىغا تېخىمۇ بەك ئىشەندى، قول قويدى. 50 نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئابدۇسالام كارىۋاتتىن چۈشتى، مېيىپمۇ بولۇپ قالمىدى، ئىلگىرىكى بىجىرىم ھالىتىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى دوختۇر ــ سېسترالارغا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇلارنى ئىچ ــ ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كەتتى. دادا دوختۇرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ:

—— سىلەرگە، سىلەردەك پەرىشتە ئەۋلىيالارغا رەھمەت، سىلەر بولمىغان بولساڭلار بالىمىز ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتەتتى، سىلەر ئۇنى گۆر ئېغىزىدىن تارتىپ چىقتىڭلار، ئۆلگەن ئادەمگە جان كىرگۈزدىڭلار، تىرىلدۈردۈڭلار. سىلەر بولغاچقىلا بالىمىزنىڭ ھايات شامى قايتا ياندى، سولغان غۇنچىسى ئېچىلدى. مەن يەنە بىر قېتىم كومپارتىيىگە، خەلقنىڭ دوختۇرلىرىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن،—— دېدى.

2001 ــ يىل ئاپرېل، باي ــ ئاقسۇ

# قېيىردىكى خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش

قىش كۈنلىرى سەپەرگە چىقىش قىيىن ئىش. يەنە كېلىپ سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىغان، يولى ئادەمنى قىينايدىغان قېيىردەك چەت، نامرات، تاغلىق يۇرتقا بىر قېتىم بېرىپ ـ كېلىش كىشىگە خېلىلا مۈشكۈل تۇيۇلىدۇ. ئەمما بۇنداق سەپەرگە كۆنۈپ كەتكەن، تېخى 2 كۈننىڭ ئالدىدا قېيىرغا بېرىپ كەلگەن باي ناھىيىلىك نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ھاشىم ياسىن بۈگۈن مېنى قېيىرغا ئاپارماقچى بولدى. بۈگۈن يەكشەنبە، ئۈنىڭ ئۈستىگە ھاۋا شۇنداق سوغۇق ئىدى. تالادا ئۇچقۇنداپ قار چۈشۈۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قېيىرغا تازا بارغۇم يوق ئىدى. چۈنكى، مەن ئىلگىرى قېيىرغا بىرنەچچە قېتىم بارغان. ھەر قېتىم بېرىپ ـ كەلگۈچە خېلى كۆپ جاپالارنى تارتقان ئىدىم. يولنىڭ ناچارلىقى، سۇ، توكنىڭ نورمالسىزلىقى، تېلېفوننىڭ يوقلۇقى... ھېلىھەم يادىمدا ئىدى. ھاشىم ياسىن خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالغاندەك :

— ئەنسىرىمەڭ، ھازىرقى قېيىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. يول راۋان، ئىشلار ئاسان بولۇپ كەتتى. تېلېفونمۇ تارتىلدى. يانفون بىمالال ئىشلەيدۇ. يۈرۈڭ، زەيلىك قۇرۇلۇشنى كۆرۈپ بولۇپ، كەچتە چوقۇم قايتىپ كېلىمىز، — دېدى مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ. بىر ئاساسىي قاتلام كادىرى جاپادىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمايۋاتسا، مەن نېمىدىن قورقاتتىم. تېخى ھاشىم ياسىننىڭ خوتۇنى بالنىستتا يېتىۋېتىپتۇ. ئۇ مۇنداق پەيتتە يەنە ئاممىنىڭ غېمىنى يەۋەتسا... مەن شۇلارنى ئويلاپ بىردىنلا غەيرەتكە كەلدىم. بىزنىڭ سەپىرىمىزنىڭ مەقسىتى قېيىردىكى «خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش» — زەيلىك قۇرۇلۇشنى كۆرۈش، تەشۋىق قىلىش ئىدى. مەن ئاقسۇدىن دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بايغا كەلگەن ئى-

دىم.

بىز چۈشلۈك تاماقنى يەپلا يولغا چىقتۇق. تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن كەلگەن ئاچچىق سوغۇق كىشىگە نەشتىرىنى سانجىيتتى. بىز ئولتۇرغان پىكاپ باي ناھىيە بازىرىدىن شەرققە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قويۇق ئورمانلىق ئاق لىباس كىيگەنىدى. يىلاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاسفالت يول، مۈكىدەك تىنىمسىز ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللار كىشىگە باي ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ھېس قىلدۇراتتى. پىكاپ كانچى، توخسۇن، سايرام يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ، قىزىل يېزىسى چېگراسىغا كەلدى ۋە قېيىر تەرەپكە قايرىلدى. خېلى بىر بەرگىچىلىك پىكاپ يەنە ئاسفالت يولدا ماڭدى. كېيىن توپىلىق يولغا كىردى. بۇ توپىلىق يول ئىلگىرىكىدەك ئەسكى، جاھىل توپىلىق يول ئەمەس ئىدى. يول شۇنداق سىلىق، كاتاڭلىرى ئاساسەن يوق ئىدى... پىكاپتا ھاشىم ياسىن ئىككىمىزدىن باشقا يەنە نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۈلنىسا روزى، كاسسىرى ئارزۇگۈللەرمۇ بار ئىدى. توپىلىق يولدا چايقىلىق كېتىۋاتقان پىكاپ كىشىگە شېرىن ئۇيقۇ بېغىشلايتتى. بىزنى ئىختىيارسىز مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. يول بويى قېيىرغا چېپىلغان زەيلىكنىڭ گېپىنى قىلىپ كەلگەن ھاشىم ياسىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— نامرات دېھقانلارغا ئۇن، ياغ، گۈرۈچ قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىش تازا ياخشى چارە ئەمەسكەن. ئۇ ۋاقىتلىق ئۈنۈم بەرگەندەك قىلغان بىلەن مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلالمايدىكەن. بۇ چارە نامراتلارنى «كۆتۈپ تۇرۇش، قول سوزۇش» قا ئادەتلەندۈرۈپ قويىدىكەن. بىز بىر نەچچە يىلدىن بۇيان نامرات ئائىلىلەرگە قوي ـ كالا ئېلىپ بېرىش، زەيلىك، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ چېپىپ بېرىش، پەن ـ تېخنىكا ئۆگىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندۇق. بۇ نامراتلارغا ئۇزۇن مۇددەت ئەسقاتىدىغان چارە ئىكەن. قېيىردىكى مۇشۇ زەيلىكمۇ نۇرغۇن دېھقانىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئامىغا نەپ ئېلىپ كەلدى.

— توغرا، ھاشىم مۇدىر توغرا ئېيتتى،— دېدى گۈلنىسا گەپ

قىستۇرۇپ، ـــ بۇ يىل ۋىلايەت ناھىيىمىزگە 1100 ئائىلە، 5500 نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرگەن. ئەمەلىيەتتە 1205 ئائىلە، 6500 نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇلار ۋاقىتلىق ياردەم ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بايا ھاشىم مۇدىر ئېيتقان ئۇسۇل ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشتا ئۆز ـ ئۆزىنى «قان ئىشلەپچىقىرىش» قا يېتەكلەش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىكەن. «قان بېرىش» نامراتلارنى تېخىمۇ ھورۇنلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئۇسۇل ئىكەن.

پىكاپ ئاغىل ـ تاغىل ياردائلىقتىن ئۆتكەندە بىر كۆجۈم مەھەللە كۆزگە كۆرۈندى.

ـــ كەپقالدۇق. قېيىر دېگەن مانا شۇ، ـــ دېدى ھاشىم ياسىن يانفونىنى قولىغا ئېلىپ. دەرۋەقە ئارىلىقتا 1 يېرىم سائەتمۇ ئۆتمىگەن ئىدى.

ـــ ئالدى بىلەن مىڭبۇلاق كەنتىدىكى زەيلىكنى كۆرۈپ باقايلى. يېزىدىكىلەرمۇ مۇشۇ يەرگىلا كەلسۇن، ـــ دېدى ۋە بىر سىگە تېلېفون قىلىپ، ھەممەيلەننىڭ مىڭبۇلاققا كېلىشىنى ئېيتتى. مىڭبۇلاق قېيىر يېزىسىنىڭ «بوغۇزى» ئىدى. بىز كەنت كومىتېتىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇق. چارەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېزا، كەنت ۋە سۇ پونكىتىنىڭ مەسئۇللىرى يېتىپ كەلدى.

ـــ مانا، بىز دېگەن زەيلىكنىڭ بىرى شۇ، ـــ دېدى ھاشىم ياسىن بىزنى مىڭبۇلاق كەنتىگە يېقىندىن چېپىلغان كەڭ ۋە چوڭقۇر زەيلىكنىڭ بېشىغا باشلاپ كېلىپ.

ـــ ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تېخى يېقىندىلا پۈتتى. بۇنىڭغا 120 مىڭ يۈەن كەتتى، ـــ ھاشىم ياسىننىڭ تونۇشتۇرۇشى تۈگىمەستىنلا، يېزىلىق سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى تىلۋالدى گەپ باشلىدى، ـــ ناھىيە 3 يىلدا يېزىمىزغا جەمئىي 17.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 19 تاناپ زەيلىك چېپىپ بەردى. نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ھەقىقەتەن كارامەت ئىش قىلىۋەتتى. قېيىر خەلقى بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى.

مەن زەيلىككە قارىدىم. زەيلىكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3.5 مېتىر،

كەڭلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىكەن. شۇ تاپتا ئەتراپ قاتتىق سو-غۇق ئىدى. تاغ شامىلى كۆزلەردىن ياش چىقىرىپ، مېڭىنى زىڭىلداتات-تى.

— بۇ زەيلىك چېپىلىشتىن بۇرۇن ئېتىزلىققا كىرگىلى بولمايتتى. ھەممىلا يەر سۇ بىلەن تولۇپ كەتكەن بولغاچقا، دېھقانچىلىق قىلىش تو-لىمۇ تەسكە چۈشەتتى. قوناق، بۇغدايلار ئېتىزدا سېسىپ كېتەتتى. يەر-دىن چىققان ھوسۇل دۆلەتنىڭ باج سېلىقىغىمۇ يارىمايتتى. ئەمدى ياخ-شى بولدى، ھەقىقەتەن چوڭ ئىش بولدى،— دېدى مېڭىبۇلاق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن نىياز تەسىراتىنى بايان قى-لىپ. ئۇ قىزىرىپ كەتكەن بۇرنىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ قويۇپ، گې-پىنى داۋاملاشتۇردى،— ھەتتا بىر مو يەردىن 150 كىلوگراممۇ قوناق ئالالمىدۇق. سۇ ھەتتا كىشىلەرنىڭ كۆكتات ساقلايدىغان گەمىلىرىگە-چىلىك كىرىپ كەتتى. زەيلىك چېپىلغاندىن كېيىن سۇ ئورنى تېز سۇرئەتتە تۆۋەنلىدى.

ئۆچكە ساقال كەلگەن راشىدىن كېرەم ئىلگىرى مۇشۇ كەنتكە مۇدىر بولغان ئىكەن. ئۇ زەيلىكنىڭ ئۇستۈنكى قىسمىدىكى ئېتىزلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئىلگىرى مەن مۇشۇ ئېتىزلارغا قوناق تېرىغان، قوناقنى 12 ـ ئايدا ئاران يىغالىدىم. چۈنكى، شەلۋەرەپ كەتكەن ئېتىزلىققا كىرەلمە-دىم. ئوغلۇممۇ 10 مو يەرگە زىغىر تېرىغان ئىدى. زىغىرلىق خۇددى شال ئېتىزلىرىدەك سۇ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنى ئورۇۋالالماي ئېتىزدا سېسىپ كەتتى. ھەتتا، نۇرغۇن ئائىلە كۈزگى بۇغداي تېرىشقىمۇ ئامالسىز قالغان ئىدى. بۇ زەيلىك چېپىلىپ 7 ـ 8 كۈندىن كېيىن يەرلەر، ئېتىزلار قۇ-رۇپ باشقىچە بولۇپ كەتتى،— دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، 60 ـ يىللار-دىن كېيىن بۇ يەرگە ئادەم كۈچى بىلەن بىرنەچچە قېتىم زەيلىك چېپىل-غان بولسىمۇ، بىراق ئۈنۈمى بولمىغان ئىكەن.

بىز زەيلىكنى تەپسىلىي ئايلىنىپ كۆردۇق. زەيلىكنىڭ ئوتتۇر-سىدا ئاز مىقداردىكى سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. توساتتىن قارا قۇلاقچا كىيگەن بىر كىشى ئېغىز ئاچتى:

ـــ ئوغلۇمغا 3 يىلنىڭ ئالدىدا قورۇ ـ قوتان سېلىپ بەرگەن ئىدىم. سۇ كىرىپ كېتىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاس قالغان. ھەتتا دەرەخنىڭ يىلتىزىمۇ چىرىپ كەتكەن ئىدى. قېيىر دېگەن بۇ يەردە بەزىدە سۇ تاپقىلى بولمايدۇ، بەزىدە سۇنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ، ئەمدى بىز بۇ جەھەتتە غەم قىلمايدىغان بولدۇق،ـــ دېدى. بۇ كىشى ئىلگىرى مۇشۇ كەنتكە ئۇزۇن يىل شۇجى بولغان ئابلا ھوشۇر ئىكەن. ئۇ، يەنە بۇ قۇرۇلۇش ھەققىدە «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى بولدى، دېدى

قېيىر يېزىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان چەت، تاغلىق يېزا. ئۇنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 110 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ھاۋا كىلىماتىنىڭ تېز ئۆزگىرىشى، سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى قېيىرنىڭ دېھقانچىلىق تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چۈشەپ كەلگەن. بولۇپمۇ، تېرىقچىلىق مەزگىلى، يازلىق، كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە ئېتىزلىقنى سۇ قاپلاپ كېتىپ، نورمال دېھقانچىلىق قىلىش مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. بۇ ئىش باي ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىغان، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جياڭ خۇي ھاشىم ياسىن بىلەن بىرلىكتە كۆپ قېتىم قېيىرغا كېلىپ مەخسۇس مۇشۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ھەم مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرغان. ناھىيىلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىكى رەھبەرلەر دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، 2003 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا جەمئىي 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، بۇ زەيلىكنى چاپتۇرۇپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن زەيلىك ئەتراپىدىكى 7000 مو تېرىلغۇ يەر، 386 ئائىلە، 4500 مو ئوتلاق زەي ھۇجۇمىنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلغان. يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاشقان.

ـــ ھازىر بۇ زەيلىك قېيىرنىڭ قوش قەۋەتلىك ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغىمۇ نەپ يەتكۈزدى. زەيلىك سۇ بارمايدىغان يەرلەرگە سۇ يەتكۈزۈپ بەرگەچكە، دېھقانلار تۆۋەنكى تەرەپتە 1000 مو يەرگە جىگدە دەرىخى يېتىشتۈردى،ـــ دېدى قېيىر يېزىسىنىڭ مۇۋەققەت باش-

لىقى جۇمە ئىدرىس زەيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر پايدىسىنى تىلغا ئې- لىپ. يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇاڭ ۋە ھاشىم ياسىن، گۈلنىسالار ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى. ھاشىم ياسىن كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ناھىيە ئەسلىي قېيىرغا كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇ- شى قىلىشنى پىلانلىغان. بىز مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قايتا ـ قايتا يول مېڭىش ئارقىلىق، 3 يىلدا 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ بۇ زەيلىك قۇرۇلۇشىنى قىلدۇق. 2003 ـ، 2004 ـ يىلى قازانچى، قارغول كەنتلىرىگە زەيلىك چېپىلغان. ھازىر ئۇلار ئاساسەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇ يىل مىڭبۇلاق كەنتىگە بۇ زەي- لىكنى چاپتۇردۇق. كېلەر يىلى بۇلارمۇ ئاساسەن نامراتلىقتىن قۇتۇلى- دۇ. بىز 2007 ـ يىلىغىچە قېيىردىكى زەيلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى 25 كى- لومېتىرغا يەتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چالدى. ھاۋا شۇنداق سوغۇق بولسىمۇ، خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش ھەققىدىكى بۇ گەپ كۆپچىلىكنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى.

2005 ـ يىل دېكابىر، باي

# قىممىتىنى ھېس قىلغان ئادەم

1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، يەكشەنبە، ئۆرۈك چېچەكلىگەن چاغ، باھار ئاپتىپى زېمىننى خېلىلا ئىللىتقانىدى. ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى داۋۇت ماموت ئادىتى بويىچە سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ناشتىمۇ قىلماي يەنە ئىشقا ماڭدى. مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئۇ بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاش، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەكلا ئالدىراش بولۇپ، تۈزۈكرەك ئاراممۇ ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قارامتۇل، گۆشلۈك يۈزى خېلىلا يادىغانىدەك كۆرۈنەتتى. ھەر كۈنى قاق سەھەردە ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران قايتىپ كېلەتتى. بارلىق ئىشقا، ھەتتا قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىشكىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ ئارىلا شمىسا بولمايتتى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان يەلكىسىنى بېسىپ كەلگەن بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ئۇنى جاپالىق ئىشلەشكە ئادەتلەندۈرۈپ قويغانىدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولسىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلدى. بۇ مەيدانغا كۈندە بىر قېتىم كەلمىسە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. چۈنكى بۇ مەيدانغا ئۇنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن. داۋۇت ماموت مەيداننى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن غالدىر باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان بولغان قۇرۇلۇش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى. مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قۇرۇلۇش لايىھىسى ھەققىدە پىكىرلەشتى. قۇرۇلۇش ئورنىنى بىر نەچچە رەت ئارىلاپ چىقتى، خەتەرلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ چېقىلىپ، سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ يېڭىلاپ سېلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن خۇشال بولدى. بىراق، شۇ ئەسنادا كۈتۈلمىگەن

بىر ئىش يۈز بەردى. داۋۇت مامۇت مەيدىسىگە يوغان بىر نەرسە كەپلە-شىپ قالغاندەك قاتتىق بىئارام بولدى ـ دە، گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى.

— داۋۇت شوجاڭ، ھەي داۋۇت شوجاڭ، سىلىگە نېمە بولدى...؟— ئوقۇتقۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى يۆلىدى. داۋۇت مامۇت ھوشسىز ياتاتتى. ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى پەملىگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى تېزلىكتە ماشىنىغا يۆلەپ چىقاردى.

— بولۇڭلار، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

داۋۇت مامۇت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قاتتىق چارچاش تۈپەيلىدىن ئېغىر يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئاغرىپ باقمىغانىدى. ئۆزىنىڭ تېنىنى ئىنتايىن ساغلام دەپ ھېسابلايتتى. بەدىنىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بۇنداق كېسەلنىڭ بىراقلا قوزغىلىپ، ئۆزىنى يىقىتىدىغانلىقىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگە-نىدى. «توۋا،— دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ،— مەن زادى نېمە بولدۇم» . ئۇ خىيالغا پاتتى، ئۆتمۈشنى ئويلىدى، سەبىي چاغلىرى، مائا-رىپ بېغىغا يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن خۇشاللىق مىنۇتلىرى، قايناق مەكتەپ ھاياتى، قىسقىسى ئاللىقاچان تارىخقا ئايلانغان ھايات مۇساپىسى-نى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

داۋۇت مامۇت قاراتالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىچىكىدىنلا ئوقۇت-قۇچىلىق كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغانىدى. 1968 ـ يىلى تولۇقسىز ئوت-تۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئارزۇسى ۋە تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن مائارىپ سېپىگە قوشۇلدى. ئوقۇتقۇچى بولۇش ئار-زۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن خۇشال بولغان داۋۇت مامۇت بۇ كەسپىنى قەدىرلىدى، تىرىشىپ ئىشلىدى. شۇڭا ئۇ مەيلى قاراتال بازار-لىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، مەيلى تووۇرىچى مەكتەپنىڭ مۇدى-رى بولغاندا بولسۇن، ياكى دېھقانچىلىق مەيدانى مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە بولسۇن، خىزمەتتە ئوخشاشلا نەتىجە قازىنىپ، تەشكىل ۋە كەسىپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسى، ھۆر-مىتى ھەم ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. 1982 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى بازارلىق

مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆتكەپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئۇ نەگە بارسا، شۇ يەرنىڭ خىزمىتى جانلىنىدى. 1985 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقى، قوشۇمچە مائارىپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈردى. شەرەپ-لىك، ئەمما جاپالىق يۈك ۋە مەسئۇلىيەت ئۇنىڭغا يۈكلەندى. ئۇ زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يېڭى جەڭگە، يېڭى بىر نىشانغا، يېڭى بىر مەنزىلگە ئات سالدى.

قاراتال بازىرى ئاقسۇ شەھىرىدىكى چوڭ يېزا ـ بازارلارنىڭ بى-رى. بازار بويىچە 22 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، 352 ئوقۇتقۇچى، 8400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. ئەينى چاغدا مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى ناچار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى ئاز، ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، مائارىپ خىزمىتىدە تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئوقۇشقا سۇس مۇ-ئامىلە قىلىش ئېغىر بولغاچقا، ساۋاتسىزلار سانىمۇ كۆپ ئىدى. ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 5 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 27 مىڭ يۈەن قەرزى بار ئىدى. قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ۋە دۆۋە ـ دۆۋە ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئىشنى قەيەردىن باشلاش كې-رەك؟ داۋۇت ماموت ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چەكتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن قول سالدى. ئوقۇتقۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئو-مۇملاشتۇرۇش ھەققىدە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاتا ـ ئانىلار بى-لەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنى مائارىپنى چۈشىنىشكە، بالىلىرىنى ئوقۇ-تۇشقا ئىلھاملاندۇردى، مەكتەپلەرگە بىرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇ-قىرى كۆتۈرۈش، خەتەرلىك ئۆيلەرنى يېڭىلاش، دېھقانچىلىق مەيدانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش... پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. پىلان چوڭ، ئارزۇمۇ چوڭ ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن بولاتتى. مەبلەغ بولمىسا بولمايتتى.

يول— مېڭىشتىن ھاسىل بولىدۇ. نەتىجە جاپالىق ئەجىردىن كې-

لىدۇ. داۋۇت مامۇت بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى، شەھەر-لىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن جەمئىيەتنى مائارىپنى قوللاشقا مۇراجىئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇ-رۇپ، بازار رەھبەرلىرى، كەنت - مەھەللە مەسئۇللىرى ۋە پۈتۈن جەم-ئىيەتنىڭ مەكتەپ خىزمىتىنى چۈشىنىشى ھەم زور كۈچ بىلەن قوللىشى-نى قولغا كەلتۈردى. مەكتەپلەرنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىك-لەشكە سەپەرۋەر قىلدى. مەيداننىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولۇپ، ئۇ مەك-تەپ شارائىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى بولالايتتى. مەيداننىڭ دائىرىسى چوڭ بولسىمۇ، پايدىلىنىش كۆلىمى ئاز، باشقۇرۇ-لۇشى ياخشى بولماي كەلگەنىدى. داۋۇت مامۇت بۇ يەرنى «ئەڭگۈشتەر، گۆھەر زېمىن» دەپ قارايتتى. ئۇ تەتىل مەزگىلىدە ئۆزى باش بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قۇم دۆۋىلىرىنى يۆت-كەپ، يانتاق، ئازغان، چاتقاللارنى يۇلۇپ، زور كۆلەمدە بوز يەر ئاچتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، تىجارەتكە سالدى. ياغاچچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ، پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىپ ساتتى. بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق بازىسى قۇردى. باغ بىنا قىلدى. يەرلەرنى ھۆددىگە بەردى. پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇردى. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، مەيداننىڭ قەرزىنى قايتۇردى. يىللارنىڭ ئۆ-تۈشى بىلەن مەيداندا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. مەيداننىڭ يەر كۆلىمى كېڭىيىپ 900 موغا يېتىپ، دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىك بىر گەۋدىلەشكەن، سەيلە - ساياھەت قىلىشقا بولىدىغان يۇقىرى ئۈنۈم-لۈك، مۇھىتى گۈزەل بىر باغچىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم بۇ مەيدانغا يۇقىرى باھا بەردى.

داۋۇت مامۇتنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، قاراتالنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەلدى. مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك قۇرۇلۇشلىرىنى پەيدىن-پەي يېڭىلاپ، باغچىلاشقان مەكتەپ بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ سۈرئى-تىنى تېزلەتتى. 1989 - يىلدىن 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي

9 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 21 مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى يېڭىلىدى. ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىدى. تەجرىبىخانا سالدۇردى. مەكتەپ مۇھىتىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بولۇپمۇ 3 مىليون 106 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 4800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۆت قەۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن ئوقۇتۇش بىناسى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ھازىر بازار بويىچە بەش مەكتەپ باغچىلاشقان مەكتەپ قاتارىغا كىردى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش— مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. داۋۇت ماموت ھەرخىل يوللار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئىختىساسلىقلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 30 ئوقۇتقۇچى ئالىي دەرىجىلىك، 114 ئوقۇتقۇچى 1 ـ دەرىجىلىك، 70 ئوقۇتقۇچى 2 ـ دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى. ئوقۇتقۇچىلار ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 32 پىرسەنتكە يەتتى.

داۋۇت ماموت ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنى مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزدى. كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ، ھەريىلى 3 ـ 4 قارار كۇرس ئېچىپ، ئۆزى دەرس ئۆتتى. 15 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان نىسبىتى 99.4 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇردى ھەمدە ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بازارنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئۆتكەن يىلى 7 ـ ئايدا يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

داۋۇت ماموت ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، مەكتەپلەرگە بېرىپ

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى توختىتىپ قويىمىدى. 1985 ـ يىلى مەكتەپلەرنىڭ پەقەت 63 مو تەجرىبە ئېتىزى، 25 مو بېغى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىزدىنىشى، كەنتلەرنىڭ مائارىپنى قوللاش تۈيغۇسىنى كۈچەيتىشى ئارقىسىدا مەكتەپلەرنىڭ تېرىلغۇ يېرى 194 موغا، بېغى 89 موغا كۆپەيدى. 1998 ـ يىلى 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، بازار ئىچىدە «گۈل غۇنچە» مائارىپ رېستورانى سالدۇردى ھەمدە يىللىقىنى 40 مىڭ يۈەنگە ھۆددىگە بەردى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. پاراۋانلىق ئىشلىرى گۈللەندى. ئاقسۇ شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى قاراتالنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ماختىدى ھەم ئۇنى پۈتۈن شەھەرگە كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

داۋۇت مامۇتنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، تەلەپچانلىقى جەمئىيەت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغىدى. تەشكىل بىر نەچچە قېتىم ئۇنى شەھەرگە يۆتكەش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بىراق ئۇ تەكلىپنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، قاراتالدا بىر ئۆمۈر ئىشلەش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

داۋۇت مامۇتنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئۇنىڭغا زور شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. مۇشۇ نەچچە يىلدا قاراتال بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە شەھەر بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ»، «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر مائارىپ ئىشلىرى خىزمەتچىسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. خەلق ئۇنىڭغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە زور مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى.

2001 ـ يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

## قۇم بارخانلىرى «گۆھەر» گە ئايلاندى

بىز كەڭ كەتكەن پايانسىز يېشىللىق ۋە تەكشى ئېتىزلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدۇق. ھۇپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت چېچەكلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىز يېقىندىن ياسالغان ئۈزۈم باراڭلىرىنى ئايلىنىپ، ئەمدىلا تېرىلغان كېۋەزلىككە زىيارەت قىلدۇق. ھاۋا ئىسسىق بولسىمۇ، ئەتراپتا ئەمگەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. بىزنى باشلاپ ماڭغان ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى داۋۇت ماموت بىر پەستىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— بۇ يەرلەر ئەسلىي قۇم دېڭىزى ئىدى. شامال چىقسا كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. بىز نەچچە يىل تىرىشىپ مەيداننى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈردۇق.

— مەيدان قاچاندىن ئېتىبارەن ئېچىلىشقا باشلىغان، ھازىرقى كۆلىمى قانچىلىك؟

— مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2800 مو كېلىدۇ. بۇنى 1976 ـ يىلى ئېچىشقا باشلىغان، — دېدى داۋۇت ماموت سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىپ، — شۇ چاغدا 140 مو يەر بار ئىدى. ھازىر بىز دەسسەپ تۇرۇۋاتقان يەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇم دۆۋىلىرى بولۇپ، يول مېڭىشمۇ تەسكە توختايتتى. بىز تەتىل مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، يىلمۇ يىل تىرىشىپ، ھازىرغىچە ئەمەلىي پايدىلىنىدىغان كۆلەمنى 900 موغا يەتكۈزدۇق. بۇنىڭدىن 200 موسى باغ، يەتتە خىل ئۈزۈم سورتى، تۆت خىل چىلان سورتى ۋە بىر نەچچە خىل ئۆرۈك، نەشپۈت، ئالما سورتلىرى بار. ياز كۈنلىرى بۇ يەر بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. سەيلە ـ سايەھەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

— ماۋۇ، — دېدى داۋۇت ماموت يېقىندىن سېلىنىۋاتقان خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ ئۆيلەرنى ئارام ئېلىش، يىغىن ئېچىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن سالدۇق. كۆلىمى 260 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 92 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدۇق. مەيداندا 8 ئائى-

لىلىك ئادەم بار، ئۇلار يەر ۋە باغقا قارايدۇ. ئۇلارغا مەھسۇلات يېرى ئاجرىتىپ بەردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىگىلىشىمىزچە، ئۇلار بۇ يىل 486 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆزئۆم كارىدورى ياسىغان، يەنە 155 مو كۆلەمدە باغ بىنا قىلىشنى پىلانلىغان، ئالدىدىن جىگدە، توغراق قاتارلىق ئېھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلغان. 711 مو تېرىلغۇ يەرگە كېۋەز، بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىكەن، مەيداندىن يىلىغا 65 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم بولىدىكەن.

بىز زىيارەت قىلغان بۇ مەيدان قاراتال بازارلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مائارىپ دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، بۇ مەيدان مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىپتۇ.

مەن بىلەن بىرگە بارغان ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى، كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئوسمانجان تۇرسۇن مۇنداق دېدى:

ـــ مەيدانغا مەنمۇ بىر نەچچە قېتىم كەلگەن، ياز كۈنلىرى بۇ يەر ھەقىقەتەن سەيلە ـ ساياھەت ماكانىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە شەھەر رەھبەرلىرىمۇ كۆپ قېتىم بۇ يەرگە كەلگەن ھەم بۇ يەرنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئارقىدىنلا داۋۇت مامۇت ئېغىز ئېچىپ:

ـــ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ھېچقانداق بىر مائارىپ ئورنىنىڭ بۇنداق مەيدانى يوق. بۇ يېزىدىكى بىر بايلىق، بىر گۆھەر، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق بازىسى قۇردۇق. باغ بىنا قىلدۇق، ئۈچ يىل تىرىشىپ مەيداننىڭ قەرزىنى قايتۇرغاندىن سىرت، ئىككى دانە يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ كۆمۈر توشۇشقا سالدۇق. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەيداندا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ھازىرمۇ 200 تۇياقتەك چارۋىمىز بار. باقمىچىلىقنى داۋاملىق كېڭەيتىمىز...

بىز مەيداندىكى چىغىر يولنى بويلاپ، يېڭىدىن تىكىلگەن ئەنجۈر، ئانارزارلىققا كەلدۇق.

داۋۇت مامۇت مۇنداق دېدى:

— بىز بۇ يىل 400 تۇپ ئەنجۈر، ئانار كۆچىتى تىكتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن باغنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، سورتلارنى سەرخىللاشتۇرىمىز. كۆلەمنى داۋاملىق كېڭەيتىمىز.

بىز مەيداننى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن: بۇ يەر ھەقىقەتەن «گۆھەر زېمىن» غا ئايلىنىپتۇ. بۇ يەرنىڭ ئىستىقبالى راستتىنلا پارلاق ئىكەن، دېيىشتۇق.

2001 ـ يىل ماي، ئاقسۇ

تىل مۇھىم قورال. دۆلەت تىلى ھېسابلىنىدىغان خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش چەت، نامرات جايدىكى ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن ئوڭاي ئەمەس. ئەمما، قۇربان نىياز قۇرغان دۆلەت تىلى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان 270 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر پەرزەنتى خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئىنتايىن ياخشى ئۆگەندى. كىشىلەر بالىلارنىڭ ھازىرقى پەم-پاراستىدىن ئۇلارنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى.

# قارىڭلار، بۇ بالىلارغا...

— بالامنىڭ بۇنچىلىك كۆپ نەرسە ئۆگىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، بەك ھاياجانلاندىم. بالامنى بۇ مەكتەپكە بەرگىنىمدىن رازى بولدۇم،— دېدى يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ سۇرگۈن كەنتىدىن ئالاھىتەن 6 ياشلىق ئوغلى ئەنۋەرجاننىڭ ئويۇنىنى كۆرگىلى كەلگەن راخمان ئوسمان ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا،— گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر خەنزۇچە بىلمىسە بولمايدۇ. بالام مۇشۇ يەردە يېتىپ ئوقۇيدۇ. ئۆيگە ھەپتىدە بىر قېتىم قايتىدۇ. ھازىرقى نەتىجىسى ياخشى ئىكەن. خېلى سەمرىپمۇ قاپتۇ. بىز بەك خۇشال بولدۇق، خاتىرجەم بولدۇق.

راخمان ئوسماننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ ساقاللىق كەلگەن قەھرىمان نىياز گەپ باشلىدى:

— نەۋرەم بىلالجان بۇ يىل 5 ياشقا كىردى. ئۈچ ئاي جەريانىدا خۇددى چوڭ ئادەمدەك خاراكتېر يېتىلدۈرۈپتۇ. قۇربان مۇئەللىم قۇرغان بۇ مەكتەپ قالتىس ئىكەن. ھەقىقەتەن قايىل بولدۇق. كەنتىمىزدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇش بولۇپ كېتىشتى...

بىز ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى راست. بۇ گەپنى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار بۇگۈنكى

دوكلات ئويۇننى كۆرۈپ، ئىماملىرىم يېزىلىق دۆلەت تىلى مەكتىپىگە ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولۇشۇپتۇ. بۇگۈن تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ئويۇننى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ھەيران قېلىشقان ئىدى.

*　　　*　　　*

5- ئاينىڭ 28- كۈنى ھاۋا ئۇچۇق ئىدى. قۇياش نۇرى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى ئىماملىرىم يېزىلىق خەنزۇتىلى مەكتىپىگە ھارارەت بېغىشلىغان ئىدى. بۇ كۈنى مەكتەپنىڭ ئىچى-تېشى بايرام تۈسىگە كىرگەن بولۇپ، مەكتەپ قورۇسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆمۈر رېشاتكىغا قادالغان رەڭگارەڭ بايراقلار توختىماي لەپىلدەيتتى. مەكتەپ قورۇسىدىكى قويۇق ياشاق دەرىخى، كۆككە ئېسىپ قويۇلغان رەڭلىك بايراقچىلار، يەرگە سېلىنغان يېشىل پايانداز مەكتەپتە ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدى. بۈگۈن دۆلەت تىلى مەكتىپى ۋە بالىلار يەسلىسى «1- ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن دوكلات ئويۇنى قويماقچى ئىدى. ئاتا-ئانىلار ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى ئويۇننى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 10 دا ئويۇن دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. يەسلىدىكى كىچىك بالىلارنىڭ چەبدەس، يېنىك ھەرىكىتى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. خەنزۇچە ناخشىلار، ئۇسسۇللار بىر-بىرىدىن يېقىملىق، چىرايلىق، تەيجى گۇمپىسى ئورۇنلىغان كىچىك ماھىرلارنىڭ ھەرىكىتى خۇددى چوڭ ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىدەك تېز ھەم رىتىملىك ئىدى. كىچىك يىللىق سىنىپتىكى «ئارتىسلار» ئورۇنلىغان «تاڭ شېئىرلىرى دېكلاماتسىيەسى»، ئوتتۇرا يىللىق سىنىپتىكى «ئارتىسلار» ئورۇندىغان «ھەسەن- ھۈسەن»، چوڭ يىللىق سىنىپتىكى «ئارتىسلار» ئورۇندىغان «تېز دوسكا»، تەييارلىق سىنىپتىكى «ئارتىسلار» ئورۇندىغان «كېپىنەك گۈل»... مەيداندا قىزغىن ئالقىش پەيدا قىلدى. بىر-بىرىدىن پەرقلەندىغان، بىر-بىرىدىن يارىشىملىق كىيىملەر، يۈز- كۆزلىرىگە قىلىنغان

قىينىق گىرىملەر بۇ ئۇيغۇر باللىرىنى رەسمىي ئارتىس قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى. بىر يېرىم سائەت جەريانىدا 25 نومۇر ئورۇنلىنىپ بولدى. ئاخىرىدا قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە مودېللار ھەرىكىتىنى دورىدى. بۇ چاغدا كەيپىيات تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇگۈنكى پائالىيەتكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان شاڭخەي، خېنەندىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن قىسمەن كادىرلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، ئىماملىرىم يېزىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى نىڭ چىڭجياڭ قىزغىن سۆز قىلىپ، بۇ كىچىك ئارتىسلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلىدى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئىز باسارلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. شاڭخەيدىن كەلگەن مائارىپ مۇتەخەسسىسى خۇاڭ خېنىم «بۇ كارامەت ئويۇن بولدى، باللار بەك ئەقىللىق ئىكەن. مۇشۇنداق تەربىيەلەنسە، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ» دېدى ۋە مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى قۇربان نىيازنىڭ غەيرەت-شىجائىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئۇنى شاڭخەيىنى ئېكسكورسىيە قىلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ خىل مەدھىيە سۆزلىرى، ياخشى تىلەكلەر قۇربان نىيازنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇ پائالىيەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تۈزۈكرەك ئۇخلاپ باقمىغان قۇربان نىياز بۈگۈن ئۆزىنى باشقىچە يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن: «مەن يېقىندا بۇ باللارنى ئاقسۇ شەھىرىگە ئويۇن قويۇشقا ئېلىپ بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن» دېدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە. ئىماملىرىم يېزىسى بۇ نامرات ناھىيىدىكى نامرات يېزا بولۇپ، بۇ يەردە ئەزەلدىن خەنزۇچە مەكتەپ يوق ئىدى. بىر قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلار باللىرىنى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇسى بولسىمۇ، ئامالسىز قالغان ئىدى. بۇ نۇق-

تىنى چۈشەنگەن قۇربان نىياز 2003ـ يىل 6ـ ئايدا ناھىيە، يېزىنىڭ قوللىشى بىلەن 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۆيىقۇدا ياتقان بۇ زېمىنغا دۆلەت تىلى مەكتىپى ۋە باللار يەسلىسىدىن ئىبارەت بۇ مۇنتىزىم ياتاقلىق مەرىپەت بۆشۈكىنى ئاپىرىدە قىلدى. شۇ يىلى 9ـ ئايدا 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كېيىنكى يىلى ئوقۇغۇچى سانى 170 كە، ھازىر 280 گە يەتتى. مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشنى خالىغۇچىلار ئىمامىلدىرىمدىن ھالقىپ، يېڭىئاۋات يېزىسى، ئاچىتاغ يېزىسى، ئۈچتۇرپان بازىرى ھەتتا ئاقچى ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىغىچە كېڭەيدى. ھازىر مەكتەپتە باللار يەسلىسى ۋە باشلانغۇچ مائارىپى سىنىپىدىن 6 سى بار ئىكەن. 180 ئوقۇغۇچى يېتىپ ئوقۇيدىكەن. 14 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىكەن. ياتاق، ئاشخانا، ئىشخانا، دەرسخانا شارائىتى ياخشى ئىكەن.

ـــ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 720 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سىنىپ، ئىشخانىلارغا ئومۇميۈزلۈك تېلېۋىزور، VCD سەپلەندى. ھازىر شارائىتىمىز تولۇق،ـــ دېدى قۇربان نىياز خۇشاللىق بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

قۇربان نىياز ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئايالى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. بىر نەچچە يىل جەرياندا، ئۇ ئايالىغا ماگىزىن، ئاشخانا، دورا دۇكىنى ئېچىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئازراق پۇل تاپقان ئىدى. ئۇ پۇل تاپقاندا راھەتكە بېرىلمىدى. يۇرتىغا، قېرىنداشلىرىغا پايدىلىق بىرەر ساخاۋەتلىك، ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىش ئىستىكىدە، بۇ مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتى.

ـــ ئاسان ئەمەسكەن، ئاسان ئەمەسكەن،ـــ دېدى قۇربان نىياز مەكتەپنى قۇرۇش جەريانىدا يولۇققان بەزى قىيىنچىلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ،ـــ لېكىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت مېنى بەك قوللىدى. بولۇپمۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇمېڭ، يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ جيې، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى لىيەنشېڭ كۆپ قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. يەر قاتارلىق بەزى ئەمەلىي مەسىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ

قوللىشى بولمىغان بولسا، مەكتەپنىڭمۇ بۈگۈنى بولمايتتى. مەن ئۇلاردىن بەك مىننەتدار، جەمئىيەتتىن مىننەتدار...

قۇربان نىياز بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئىشەنچ، ئۈمىد نۇرى چاقنايتتى. ھەر بىر سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ھازىر پەرزەنتلىرىمىز خەنزۇچە ئۆگەنمىسە بولمايدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق نامرات جايدا مائارىپ چىڭ تۇتۇلمىسا، مەڭگۈ چىقىش يولى تاپقىلى بولمايدۇ. خەنزۇچە ئۆگەنمەي تۇرۇپ، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ھەرگىز ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ئىشنى قىلدىم. ئەمەلىيەتتە مەندە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغۇدەك پۇل يوق. لېكىن پۇشايمان قىلمايمەن. جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلالىغان ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. ھازىر مەن جەمئىيەتنىڭ، قېرىنداشلىرىمنىڭ، تەشكىلنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتىم. ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت يوق...

ئىگىلىشىمىزچە، قۇربان نىياز تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن ھەر بىر ئوقۇتقۇچىغا ئايدا 800 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە مائاش تارقىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ تاماق، ياتىقى ھەقسىز ئىكەن. يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەكتەپنى ئۆز ئائىلىسىدەك قەدىرلەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن دەرس ئۆتىدىكەن. 2004 ـ يىلى بۇ مەكتەپ ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ تەقدىرلىنىپتۇ. مەكتەپنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى ئىكەن. قۇربان نىياز يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپتۇ. يەنە بەزى ساخاۋەتلىك ئىشلارنىمۇ قىلىپتۇ. 1 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەقسىز ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىپتۇ.

بىز قۇربان نىيازغا ئەگىشىپ ياتاق، سىنىپ، ئىشخانىلارنى كۆردۇق. ئازادە، ساپ مۇھىت، يېڭى، ئۆلچەملىك پارتا ـ ئورۇندۇق، مۇنتىزىم ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايتتى. ياتاقتىكى رەتلىك كارىۋاتلار، ئاشخانىدىكى تاماق قوراللىرى بۇ مەرىپەت بۆشۈكى-

ىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىسپاتلاپ تۇرسا، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىدىكى تامغا يېپىشتۇرۇلغان «دۆلەت تىلى مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 10 تۈرلۈك مەجبۇرىيىتى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى» مەكتەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنىڭ ئىلمىيلىشىشقا، مۇنتىزەملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. بىز قۇربان نىيازغا قايىل بولدۇق، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمىز ئاشتى.

ئەل سۆيگەننى ئەل قەدىرلەيدۇ. قۇربان نىيازنىڭ بۇ چەت، خىلۋەت ماكاندا قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشى خەلقنىڭ ئالقىشىغا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خەن يۇڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى خۇ چاڭئەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جۇ چاڭجيې، جارۇللا ھېسامىدىن، جىن شىخۇا، جاڭ شياۋپىڭ، مەمتىمىن شاھىدىن قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بۇ مەكتەپكە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى. قۇربان نىيازنىڭ مائارىپنى سۆيۈش، مائارىپنى قوللاش روھى ۋە ئىرادىسىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەم مەكتەپكە سوۋغا تەقدىم قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى مەكتەپ ۋە قۇربان نىيازنى بەس-بەستە خەۋەر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى يېزا دەرىجىلىك بۇ دۆلەت تىلى مەكتىپى ۋە قۇربان نىيازنىڭ نامى ئەل ئارىسىغا، رايون ئىچى-سىرتىغا كەڭ تارالدى.

— كەلگۈسىدە مۇشۇ باللار ئىچىدىن نۇرغۇن ئالىم، يازغۇچى، ئارتىس، رەھبەرلەر يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن،— دېيىشتۇق بىز خوشلىشىش ئالدىدا قۇربان نىيازنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

# تۇمشۇقتاغ باغرىدىكى سەيلىگاھ — قازانبۇلاق

بۈگۈن 14 ـ ماي، شەنبە. ھاۋا تۇتۇق ئىدى. گېزىتخانىدىكى تەھرىر ـ مۇخبىرلار نامىنى كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما تېخىچە بىرىپ باقمىغان «قازانبۇلاق» داچا ئارامگاھىغا ماڭغىنىمىزدىن تولىمۇ خۇشال ئىدۇق. ئۇچتۇرپاننىڭ سەھەردىكى ساپ، سالقىن ھاۋاسى كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. يول بويىدىكى تەكشى ئورمان، ئېتىزدىكى يېشىل مايسا، ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ بۇ خاسىيەتلىك زېمىننىڭ بەرىكىتىنى نامايان قىلاتتى. بىز ئولتۇرغان ھاۋارەڭلىك مىنىبۇس بىر يېرىم سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان تۇمشۇقتاغقا يېتىپ كەلدى ھەم ناھىيە بازىرىغا كىرمەيلا جەنۇبقا بۇرۇلدى. بىز تۇمشۇقتاغ بازىرىدىكى كەنت ـ مەھەللە يولىنى ئارىلاپ يەنە غەربكە بۇرۇلدۇق. پايانسىز بوستانلىق ئىچىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇمشۇقتاغ يەنە كۆزىمىزگە چېلىقتى. نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك تاغ، نېمىدېگەن چىرايلىق مەنزىرە ـ ھە! تۇمشۇقتاغ ئۇچتۇرپاندىكى مۆلچەرتاغ، ئاچچىتاغ، جايتاغقا ئوخشاش مەشھۇر تاغلارنىڭ بىرى ئىدى. ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ نۇرغۇن كەنت ـ مەھەللىلىرى، ئادەملىرى مانا مۇشۇ تاغ بازىرىدا گۈللەپ ياشىغان، بەرىكەتكە ئېرىشكەندى. مىنىبۇس 2 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن بىر باراقسان، كۆجۈم مەھەللىگە كىردى ھەم بىر تۆمۈر دەرۋازا تەرەپكە قايرىلدى. كۆزىمىزگە «قازانبۇلاق داچا ئارامگاھى» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك خەت چۈشۈرۈلگەن قارا تاش ۋىۋىسكا كۆرۈنۈشى بىلەن بىز كۆپ ئارزۇ قىلغان بۇ «جەننەت ماكان» غا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۇق. ئارامگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا «قازانبۇلاق» قايناۋاتاتتى. ئىككى تەرەپتىكى چىملىق، ياۋروپاچە ۋە مىللىي پوسۇندىكى ئىمارەت، سۇ ئۈستى راۋىقى

كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. بىز نەپەس بېزەلگەن ئايرىمخانىلار، ياتاقلىق ئۆيلەر، سۇ ئۈستى راۋىقىنى كۆردۇق. پەلەمپەي بىلەن تاغ ئۈستىدىكى راۋاققا چىقتۇق. ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ، كۆڭلىمىز شادلىنىپ كەتتى. بۇ ھەشەمەتلىك مۇلازىمەت سورۇنىدا ھەممە نەرسە تەل، ھەممە نەرسە ئۆزگىچە ئىدى. داچا ـساراي ئۆيلىرىگە توڭلاتقۇ، گاز ئوچاق، ئالىي دەرىجىلىك ساپا، ئىسسىنىش، يۇيۇنۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر يۇرۇش ئۆي گويا بايۋەچچىلەرنىڭ ئالتۇن قەسىرىگە ئوخشايتتى. ھەيۋەتلىك تاغ، زۇمرەت ئېقىن، ئورمان، چىمەنزارلىق گىرەلىشىپ كەتكەن ساپ ھاۋالىق بۇ سەيلە ـ ساياھەت ماكانىنى «جەننەت» دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى.

— بۇ ئارامگاھىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 988 كۋادرات مېتىر، بىنا قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ھازىر بۇ يەردە ئۇنىۋېرسال داچا بىناسى، ساراي، ياتاق، زىياپەت زالى، سۇ ئۈستى ئايرىمخانىسى، تاغ ئۈستى سەيلە راۋىقى قاتارلىق مۇلازىمەت سورۇنلىرى بار. بۇ يەرگە كەلگەن مېھمانلار ئارامبەخش ئائىلىۋى تۇرمۇش شارائىتىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ. بۇ يىل خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇدىن كېلىۋاتقانلار كۆندىن ـ كۆنگە كۆپىيىۋاتىدۇ،— دېدى بىزنى قىزغىن قارشى ئالغان ئابلەت توختىياز بىزگە ئارامگاھنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ. ئۇ باللارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بۇ ئارامگاھنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ئارامگاھقا مەبلەغ سالغۇچى بولسا باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى مەردانجان ئىكەن. ئۇ بېيجىڭدا خىزمەت قىلىدىكەن. ئابلەت گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ ئارامگاھتىكى «ھىلال ئاي» سارىيى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر مىمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى داچىنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئانام تۇغۇلغان ۋە ئۆسمۈرلۈك ـ باللىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئۆي— قورۇنىڭ ئۆزى ئىدى. كەنجى ئىنىم مەردانجان مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 2002 ـ يىلى بۇ قورۇ ـ جاي ئورنىغا قوشۇپ كەنتتىن ۋە دېھقانلاردىن بىر نەچچە پارچە يەر ئورنىنى سېتىۋېلىپ، مەرھۇم ئانىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن داچا سېلىشنى پىلانلاپ، 2003 ـ يىلىدىن

باشلاپ ئىش باشلىغان. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 3 داچا بىناسى، بىر كىشىلىك، قوش كىشىلىك، 3 كىشىلىك ساراي - ياتاق، زىياپەت زالى، ئايرىمخانا، تاغ ئۈستى ساياھەت راۋىقى، باش مۇلازىمەت مەركىزى، پار تەمىنلەش ئورنى قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 1 - ئۆكتەبىردە ئارامگاھنى ئاممىغا ئېچىۋەتتۇق. داچا - سارايلارغا 41 كارىۋات سەپلەنگەن. رېستوران - ئايرىمخانىلار ھەرخىل ياش، ھەرخىل قاتلامدىكى خېرىدارلارنىڭ قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجىغا ماس ھالدا لايىھىلەنگەن. ھازىر بىز بىرلا ۋاقىتتا 300 مېھماننى كۈتۈۋالالايمىز.

تاغ باغرىدىكى غۇر - غۇر شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. بىز بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئازراق تونۇشۇۋالغاندىن كېيىن زىنىنەت بايراقچىلىرى لەپىلدەپ تۇرغان ئۇزۇم كارىدورى ئىچىدە مېڭىپ بىنالار ئارىسىدىكى بوشلۇقنى قاپلىغان چىملىق - چىمەنزارلىقنى سەيلە قىلدۇق. «قازانبۇلاق» فونتانى ئالدىدا، چىملىقتا، مەجنۇنتاللار ئارىسىدا، «ھىلال ئاي سارىيى»، «ۋىناس» سارىيى، «مۆلجەرتاغ» سارىيى قاتارلىق داچىلار ئالدىدا تاغ ۋە زۇمرەت ئېقىن باغرىدا سۈرەتكە چۈشتۇق. داچا - ساراي، ئايرىمخانىلارنى زىيارەت قىلدۇق. ئارامگاھنىڭ مەمۇرىي ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە، ئىشخانىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا بېكىتىلگەن «جەمەت شەجەرىسى» دىققىتىمنى تارتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئائىلىدىكى 8 ئوغۇل - قىز پەرزەنتىنىڭ مەرھۇم ئاتا - ئانىسى، ئەجدادلىرى ۋە 8 پەرزەنتىنىڭ رەسمىي ستېرېئولۇق قىياپەتتە چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ئاتا - ئانا ۋە ئەجدادلارنىڭ ھايات يىلنامىسىدىن باشقا مۇنداق شېئىر بار ئىكەن:

يىلتىزىمىز قازانبۇلاقتا، بىز ئۇنىڭدىن كۆكلىگەن چىنار،
سەجدىگاھى ئەۋلادىمىزنىڭ ئانا يۇرتى بۇ ئەزىز دىيار.
روھى ھەمراھ قوياشقا - ئايغا سۇلتانىمىز - ئەجدادىمىزنىڭ،
نۇرى بىلەن گۈل - چېچەك ئاچار گۈلستانى ھاياتىمىزنىڭ.
ئەۋلادلىرىم بولسا مەردانە، مۇراد تاپسا ئەجداد ئارمىنى،
تۇغ - بايرىقى ئۆچمەس مەڭگۈگە جەمەتىمىز - ئاستانىمىزنىڭ.

ئۇقۇشۇمچە، بۇ شېئىرنى باللارنىڭ چوڭى تۇرسۇنجان توختىياز

يازغان ئىكەن. ئۇ ماڭا تونۇشلۇق ئادەم. ئۇ ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدا ئۇزۇن يىل رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. لېكىن ئۇ ـ نىڭ «قازانبۇلاق» لىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. باللارنىڭ ئىككىنچى ـ سى ئابلىمىت توختىنىياز ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىدە ئىشلەيدىكەن. باللارنىڭ تۆتىنچىسى ئامىنەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن پېنسىيە ـ گە چىقىپتۇ. بەشىنچىسى ئاسىيەم ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىلىق دوخ ـ تۇرخانىدا ئىشلەيدىكەن. تۇرغۇن، مەۋلان ئاكا ـ ئۇكىلار ئاقسۇدا ئىش ئورنى ـ دىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىكەن. كەنجى ئوغۇل مەردانجان ئەسلىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دورا شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، 1997 ـ يىلى بېيجىڭدىكى بىر ساياھەتچىلىك شىركىتىگە يۆتكىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، خەنزۇ تىلى بىلىشتەك ئالاھىدىلىكى، زېرەك، پائالىيەتچانلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كەسپتە خېلى مۇ ـ ۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ ھەمدە روسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆپ قېتىم بېرىپتۇ. بولۇپمۇ، روسىيەدە 6 يىل سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپتۇ. ھا ـ زىر ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە بىر شىركىتى بار ئىكەن. يۈز ۋە پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۇ ئانا يۇرتىدا بىر ساخاۋەتلىك، ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشنى ئويلاپ، ئاخىرى بۇ داچا ئارامگاھىنى قۇرۇپ چىقىپتۇ. پاھ، قالتىس ئىكەن ــ دەپ ئويلۇدىم مەن كۆڭلۈمدە مەردانجانغا قايىل بولۇپ ــ بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۆڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ، دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!

ئارامگاھنىڭ قانۇنىي ئىگىسى مەردانجان توختىنىياز بېيجىڭدىن ماي بايرىمى ھارپىسىدا كەلگەن بولۇپ، بۈگۈن مۇھىم ئىش بىلەن ئاقسۇ شەھىرىگە كەتكەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قىزغىنلىقى، كەمتەرلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە بۈگۈن قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئار ـ زۇسىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن ئىشى تۈگىمەي قالغانلىقىنى دەپ ئۆزرىخاھ ـ لىق ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ ئارامگاھ ئورۇنلاشقان ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ ئاقتوقاي كەنتى بىز سەككىز پەرزەنتنى بېجىرىم قاتارغا قوشقان قەدىردان ئانىمىزنىڭ كىند ـ

دىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرت. بۇنىڭدىن 37 يىل مۇقەددەم قەدىردان ئا-تىمىز توختنىياز ناسىرى ئاقسۇدا ئالەمدىن ئۆتتى. مېھرىبان ئانىمىز ھاۋاخان قاسىمى 2001 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭغا قەدەر بولغان 33 يىل مابەينىدە جاپاكەش، مېھرىبان ئانىمىز قەلبىمىز ئاسمىنىدا ھەم قۇياش، ھەم ئاي بولۇپ، ئاتا مېھرىگە قانمىغان ھاياتلىق گۈلزارىمىزنى ياشناتتى. ئانا مېھرى ئالدىدىكى قەرزدارلىق تۇيغۇسىنىڭ رىغبىتى بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ جەمئىي 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، ئانام تۇغۇلغان ھەم ئۆسمۈرلۈك ـ باللىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ ماكانغا «قازانبۇلاق» داچا ئارامگاھىنى بىنا قىلدىم. بۇ بىزنىڭ پەر-زەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمىزنى نامايان قىلىش يولىدىكى ئازراق ئىزدىنىشىمىز. مەن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ ئارامگاھنى يەنىمۇ كېڭەيتىمەن. سۇ ئۈزۈش كۆلى، باللار باغچىسى، ياشانغانلار ساناتورىيىسى قاتارلىق مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمەن. بۇنى خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈر قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىمەن. يېقىندا بۇ ئارامگاھنى «ساياھەت ـ سودا مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» قىلىپ قۇرۇشنىڭ تەييارلىقنى ئىشلەۋاتىمىز.

مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ تۇرۇشۇمغا، يەنە بىر تامغا ئېسىلغان جازىدىكى مۇنۇ قۇرلارغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ مەردانىجاننىڭ يۈرەك سۆزى، قەلب ئىزھارى ئىكەن. «ئىنسان باللىسىنىڭ بۇرچى— ئۆزىنىڭ چەكلىك ھايات مۇساپىسىدە ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شەپقىتىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت. مەن قەدىردان ئاتامدىن ئىككى يېشىمدا ئايرىلدىم. 2001 ـ يىلغىچە مېھرىبان، جاپاكەش ئانامنىڭ ئىللىق قانىتى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. ئانامنى مەككە ـ مەدىنىگە يەتتە قېتىم يۆلەپ ئاپارساممۇ ئازلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك مېھر ـ شەپقىتى ئالدىدا مېنىڭ بۇ قىلغىنىم ھېچ گەپ ئەمەس. ئەپسۇس، مەن بىر پۇرسەت تېپىپ، ۋاپادارلىقىمنى ئادا قىلغۇچە ئانام بۇ دۇنياغا كەتتى. مەن

مىليونىر ئەمەس. لېكىن، ئازدۇر ـ كۆپتۇر پۇل ۋە ئەقىل تاپقانىدا، قەدىردان ئاتام، سۆيۈملۈك ئانام يوق. «قازانبۇلاق» داچا ئارامگاھى مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتى ۋە شەرىپىگە بېغىشلانغان ئابىدىدۇر. ئۇلارنىڭ روھى بۇ زەررىچە ئىزھارىمىزنى قوبۇل ئەتسە كۆڭلىمىز ئەمىن تاپقان بولاتتى...»

نېمىدېگەن تەسىرلىك، نېمىدېگەن پاساھەتلىك سۆزلەر ـ بۇ!

مەن بۇ ۋاپادار ئوغلاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۆز يۇرتىغا بولغان ساداقىتىگە قايىل بولدۇم. 8 ئوغۇل ـ قىزنى بېجىرىم چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان ئانىغا قايىل بولدۇم. ئانا، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ سۆز ـ ھە! دەرۋەقە، ئانا بولمايدىكەن، دۇنيا بولمايدۇ. ئانا بولمايدىكەن ھېچنەرسىمىز بولمايدۇ!

چۈشكە يېقىن سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىز يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈپ ياغاچ بىلەن سېلىنغان بىر زىياپەت زالىدىكى چوڭ يۇمىلاق ئۈستەلدە ئولتۇردۇق. تاماق ۋە قورۇمىلار تارتىلماقتا ئىدى. مەززىلىك پۇراقلار دىماغقا ئۇرۇلدى. تاماق رىسالىسىدىكى داڭلىق غىزا ـ قورۇمىلار، ئىچىملىكلەر ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلار ئادەمنىڭ كەيپىنى كۆتۈرەتتى. بىز ئۇسسۇل، ناخشىغا چۈشتۇق. تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان زىياپەت زالى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. ئابدۇرېھىم سىدىق تەمبۇر چالغاندا خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار، ياشلار بىلەن قېرىلار بەس ـ بەستە ئۇسسۇل ئويىنىدى. ئارقىدىن بىر نەچچە كىشى كاراOK ناخشىسى ئېيتتى. كىشىلەر قەلبى لەرزىگە كەلدى. تاغ باغرىدىكى بۇ زېمىنمۇ لەرزىگە كەلگەندەك قىلاتتى. كۆپچىلىكنىڭ قەلبى ھەقىقەتەن شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئادەتتە سىرتقا ئاز چىقىدىغان جاپاكەش مۇھەررىرلەر، تەرجىمان، كوررېكتورلار بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. پېنسىيىگە چىققىلى ئۇزۇن يىل بولۇپ كەتكەن بۇۋنىيازخان، گۆھەر، ۋاڭ جۈنجىلەر ئۆزلىرىنىڭ خېلىدىن بۇيان بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. باش مۇھەررىر چيۇپىنخۇا، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەزىز سۇلايمان، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاپپار ئابلىمىتلار كۆپچىلىك بىلەن بەس ـ بەستە ئۇس-

سۇل، تانسىغا چۈشتى. بۇ كۈنى ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى باتۇر رەھمىتۇللانىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنتايىن تېتىك، روھلۇق ئولتۇردى. كۆپچىلىكنى قانغۇچە ئوييناشقا ئىلھاملاندۇردى.

— بۇ يەر ھەقىقەتەن جەننەت ئىكەن. بۈگۈن باشقىچە ھۇزۇرلاندۇق. مۇمكىن بولسا مۇشۇنداق پائالىيەتنى پات ــ پات ئۆتكۈزۈپ تۇرايلى،— دېيىشتى ھەممەيلەن.

— كۆپچىلىك بۇ يەرگە كەلمىگىلى ئاسان ئەمەس. نېمىگە كۆڭۈلۈڭلار تارتسا تارتىنماي دەڭلار!— تۇرسۇنجان توخنىياز، ئابلەت توخنىيازلار سورۇن ئەھلىگە پات ــ پات شۇنداق دەپ تۇردى. مۇلازىمەتچى قىزلارمۇ پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىشتى. ھەممەيلەن ياخشى مۇلازىمەتتىن تەسىرلەندى. ھاردۇقى چىققىچە ئويىندى...

مەن زىياپەت زالىدىن سىرتقا چىقتىم. سىم ــ سىم يامغۇردا ئارامگاھدىكى چىمەنلىكلەر، چىملىقلار تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. تۇمشۇقتاغ يامغۇردا پارقىراپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئابلەت توخنىياز مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— ئارامگاھىمىزدا ھازىر ياتاق مۇلازىمەت بۆلۈمى، يېمەك ــ ئىچمەك مۇلازىمەت بۆلۈمى، باش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە بىر ئىشخانا بار. بىز 18 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالغانلاردىن 3 ى، مېيىپ ياشتىن 3 ى، خەنزۇدىن 4 ى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆز خىزمىتىنى قەدىرلەيدۇ.

مەن ئابلەتكە ئەگىشىپ باش مۇلازىمەت ئورنىغا كىردىم. باش مۇلازىمەت سۇپىسى تەرەپتىكى تامغا نيۇيورك، توكيو، موسكۋا، لوندون، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىدىغان سائەتلەر، يان تەرەپتىكى تامغا ئارامگاھنىڭ ئېچىلغانلىقىغا سوۋغا قىلىنغان ھەرخىل مەنزىرە جاھازىسى، ماي بوياق رەسىملەر ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. بىز بۇ يەردىن چىقىپ ۋىناس، ھىلال ئاي، مۆلجەر تاغ سارىيى، يېشىل قىيا، زۇمرەت ئېقىن ئارامگاھلىرىنى يەنە ئارىلىدۇق. كۆرگەنچە كۆرگۈم كېلەتتى.

چۈشتىن كېيىن يامغۇر توختاپ قۇياش پارلىدى. كۆپچىلىكىمۇ ئويناپ ھارغان ئىدى. بىز بۇ جەننەت ماكاندىن ئايرىلىپ «توققۇز بۇلاق» باغچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئىچىمىزدە «بۇ يەر بولىدىكەن، كىشىگە ياقىدىكەن، ھەقىقەتەن جەننەت ئىكەن» دېيىشتۇق.

2005 ـ يىل ماي، ئۈچتۇرپان

# ئەلگە سادىق ئەزىمەت

ئەلگە سادىق ئادەمنى ئەلمۇ ئۇلۇغلايدۇ، قەدىرلەيدۇ ۋە مەڭگۈ ئۇنۇ-
تۇمايدۇ. توقسۇلۇقلار ئارىسىدا مۇھەممەت ئېلىنى تونۇمايدىغانلار يوق
دېيەرلىك. مەيلى يېزا ـ كەنتتىكى دېھقانلار بولسۇن، مەيلى مائارىپ سې-
پىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن ۋە ياكى شەھەر ـ بازارلاردىكى كادىرلار،
ئىشچىلار، زىيالىيلار، تىجارەتچىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل.
ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھى، قىلىمەن دېگەن ئىشنى
قىلمىغىچە بولدى قىلماسلىق ئىرادىسى ھەممەيلەنگە ئايان. دەرۋەقە تۆھ-
پە ئەمەلىي ئىشلەشتىن، ھۆرمەت كىشلەرگە بولغان ساداقەتتىن كېلى-
دۇ. قۇرۇق گەپتىن، خۇشامەتتىن، سۆلەتۋازلىقتىن ھېچنىمىگە ئېرىش-
كىلى بولمايدۇ. مۇھەممەت ئېلى زادى قانداق قىلىپ ھۆرمەتكە ئېرىش-
تى؟

مۇھەممەت ئېلى ئاددىي بىر كومپارتىيە ئەزاسى، ھازىر توقسۇ نا-
ھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ خەلق ئىشلىرى ئىدا-
رىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بەش يىلدىن بۇيان، ئەمەلىي
ئىشلەيدىغان خىزمەت ئىستىلىنى ئازراقمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، بەلكى
ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، پارتىيە، خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇر-
چىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشتى. بارغانلا يېرىدە خەلق مەنپەئىتىنى
ئويلىدى، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ غېمىنى يېدى، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ
بېشىنى سىيلىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ دىل
رىشتىسىنى تۇتاشتۇردى، قەلبلەر بىلەن قەلبلەرنى باغلىدى.

مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش ئادىتى ئۇ ياش چاغلىرىدا
يېتىلگەن ئىدى. ئۇ 1968 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيە
ئۆگەن يېزىسىنىڭ توغرائېرىق كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالدى. 1973 ـ يى-

لى 9 ـ ئايدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر كەسپكە ھەۋىسى، مۇھەببىتى بولىدۇ. مۇھەممەت ئېلى تەنتەربىيىگە بەك قىزىقاتتى. 1975 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ خىل ھەۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە توقسۇغا كېلىپ، يۇلتۇزباغ ئوتتۇرا مەكتەپ، تاشئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە 10 نەچچە يىل تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. 1985 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ، نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەنتەربىيە جەھەتتىكى تالانتى يەنىمۇ نامايان بولۇشقا باشلىدى. 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۇ تۆھپىسى، ئىقتىدارى ۋە تەشكىلىنىڭ تاللاپ بېكىتىشى بىلەن ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تىرېنېرى بولدى ھەمدە ۋالىبول تۈرى بويىچە دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك رېپىرى، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك رېپىرى، ۋاسكىتبول تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك رېپىرى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. 1991 ـ يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 1995 ـ يىلى مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى ۋە شەرەپ بىلەن كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى. بۇ يىللاردا مۇھەممەت ئېلى ئىنتايىن روھلىنىپ كەتتى، جاسارىتى قايناپ تاشتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى توقسۇنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىغا سەرپ قىلىپ، ياشلىق باھارى ۋە يۈرەك قېنى بەدىلىگە توقسۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ئابىدىسىنى تىكلىدى. ناھىيىدە ئۆلچەملىك تەنتەربىيە مەيدانى ياساپ، ئەسلىھەلەرنى تولۇقلىدى. كۆپلىگەن تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ 3 قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى توقسۇدا ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، توقسۇ ناھىيىسىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

1998 ـ يىل 3 ـ ئايدا مۇھەممەت ئېلىنىڭ خىزمەت ھاياتى ۋە خىزمەت مۇھىتىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تەشكىلنىڭ قارارى

غا ئاساسەن، ئۇ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تە-يىنلەندى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە خەلق ئىشلىرى خىزمىتى مۇھەممەت ئې-لىدەك ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، تەشكىل ۋە خەلقنى رازى قىلالايدىغان، تە-لەپچان، ئىرادىلىك رەھبەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇراتتى. مۇھەممەت ئېلى يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە نېمە قىلىشنى، ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى، خەلق ئىشلىرى ساھەسى ئۇنىڭغا يات ساھە ئىدى. ئەمما مۇھەممەت ئېلى كۆتۈپ تۇرماي ناھايىتى تېزلا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، خىزمەت ئەھۋالى، ئىدارىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇ-شۇ-قاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئاساسىي قاتلام خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈ-رۈپ تەتقىق قىلدى. خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ھەقىقەتەن پارتىيە، ھۆ-كۈمەتنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋا-ستە ئۇچرىشىدىغان، خەلققە ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدىغان مۇھىم خىز-مەت. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، سىياسەتنى پۇختا ئىگە-لەشكە، سىياسەت بويىچە ئىش قىلىشقا، سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلىش-قا، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن باش تارتماسلىق روھى-نى يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەينى يىللاردا توقسۇنىڭ خلەق ئىش-لىرى خىزمىتى گەرچە يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش كۆ-رۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا پارتىيە، ھۆكۈ-مەتنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئىسلاھات روھى كەم-چىل بولغانلىقتىن، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدە ھېچقانداق يېڭىلىق يارى-تىلمىغان ئىدى. بۇ ئىشلار مۇھەممەت ئېلىنى ئەپسۇسلاندۇردى، ئىرادى-سىنى چىڭىتتى. خەلق ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن تونۇشقانسېرى ئۇنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان مۇھەببىتى كۈچەيدى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدى. ھەر كۈنى تۆۋەنگە بېرىپ ئام-ما بىلەن ئۇچراشتى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى يوقلىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى، يېتىم ـ يېسىرلار، مې-يىپلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنىڭ ئائىلە

تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. يېزا ـ كەنت كادىرلىرى بىلەن پىكىر-لەشتى، مۇڭداشتى، دەردمەنلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى تىڭشىدى. سەھەر قوپۇپ، كەچ ئۇخلىدى، نامراتلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئۈستىدە ئويلاندى، ئىزدەندى. ئىچكى قىسىمدا تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئايرىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىزمەتلەرنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلىشىش، مۇنتىزىملىشىش ئىزىغا سالدى. نەدە ئاپەت بولسا، ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولدى، كىم قىيىنچىلىققا يولۇقسا دەرھال ئۇنىڭغا يار-دەم بەردى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى تۆۋەنگە ۋاقتىدا يەتكۈزدى، ئىزچىللاشتۇردى ھەم توغرا ئىجرا قىلدى. خىزمەتلەرنى ناھىيە رەھبەر-لىرىگە قەرەللىك دوكلات قىلىپ، ئۇلارنى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى چۈشىنىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ قول-لىشىنى قولغا كەلتۈردى. كۈن، ئاي، يىللار ئۆتتۈۋەردى. مۇھەممەت ئې-لىمۇ ۋاقىت بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى. ئۇ دائىم «مەن بۇ ئورۇنغا چىقتىم، چوقۇم تېزدىن بىر نەچچە يېڭى ئىش قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلايتتى. ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن «ئادەمدە ئىرادىلا بولىدىكەن، ئاس-ماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزنىمۇ ئۈزۈپ ئالالايدۇ، مەندىمۇ ئىرادە بارغۇ، مەن نېمىشقا بۇ ساھەدە يېڭىلىق يارىتالمىغۇدەكمەن» دەيتتى. كۆپ ھاللاردا ئۈمىد ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ئىشەنچتىن ئىرادە ھاسىل بو-لىدۇ، قان ـ تەردىن مۆجىزە بارلىققا كېلىدۇ. مۇھەممەت ئېلى ئەلۋەتتە بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنەتتى.

ئىلگىرى توقسۇ ناھىيە بازىرىدا پاراۋانلىق ساناتورىيىسى يوق ئى-دى. مۇھەممەت ئېلى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە رەھبەر-لىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، 1999 ـ يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن يەر ھەل قىلدى ۋە يۇقىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەل-تۈرۈپ، 2000 ـ يىلى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان نا-ھىيىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئەس-لىھەلەرنى تولۇقلاپ، ساناتورىيىنى ئىگىلىك ئاساسى پۇختا، گۈزەل مۇ-

ھىتلىق، ساپ ھاۋالىق، كۆكۈللۈك ئورۇنغا ئايلاندۇردى. ئىلگىرى قۇ-رۇلغان بەش يېزىدىكى ساناتورىيىدە بېقىلىۋاتقانلارنى بۇ يەرگە يىغىپ، ئۇلارنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىق مېھرىدىن، بەخت ۋە شاد خۇرام تۇرمۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلدى ھەمدە ساناتورىيىنى «10 دا ياخشى ساناتورىيە» ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

خەلق بىلەن قەلبداش ئادەم خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ، خەلق ئۈچۈن سۆزلەيدۇ. ئەسلىدىكى توقسۇ ناھىيىلىك مىللىي بۇيۇملار زاۋۇ-تى بازار دولقۇنىدا ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنى تاشلىنىپ قالغانىدى. مۇھەممەت ئېلى بۇ يەرگە كۆز تىكىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىدىن بۇ يەرنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەھەللە ئىجتىمائىي رايون مۇلازى-مەت مەركىزى قىلىشقا ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ يەرنى زاۋۇتنىڭ بىر قىسىم ئا-دەملىرى بىلەن قوشۇپ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە بۇيى-رۇپ بەردى. مۇھەممەت ئېلى بۇ تاشلاندۇق يەرنى «گۆھەر» دەپ تو-نۇدى ھەمدە جىددىي تۇتۇش قىلىپ، يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ، 10 مو كۆلەمدىكى بۇ يەرنىڭ ئۆيلىرىنى زىننەتلەپ، چىرايلىق تۈسكە كىر-گۈزدى. ئىجتىمائىي رايون قارمىقىدىكى ئالتە مۇلازىمەت پونكىتى، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورنى ۋە خەلق ئىشلار قارمىقىدىكى بىر قىسىم ئو-رۇنلارنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەشنى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە سورۇنى قۇ-رۇشنى، تىجارەت ئۆيلىرىنى كۆپەيتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلى-رىنى يولغا قويۇشنى بېكىتتى. ھازىر بۇ يەردە بىر رېستوران قۇرۇلۇپ ھۆددىگە بېرىلدى. يېقىندا يەنە بىر سىمۇ ھۆددىگە بېرىلدى. ئىگىلىنىد-شىچە، بۇ ئورۇن رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، يىلغا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ساپ كىرىم قىلغىلى بولىدىكەن. مۇھەممەت ئېلى «بۇ يەرنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، بۇ يەر كەلگۈسىدە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى-نىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى، بايلىق ماكانى بولۇپ قالىدۇ» دېدى. ھا-زىر بۇ قۇرۇلۇشنى زىننەتلەش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى، پات

ئارىدا ئومۇمىيۈزلۈك تىجارەت باشلايدۇ.

— مانا بۇ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە قاراشلىق يىغىپ قايتۇرۇش ئورنى،— دېدى مۇھەممەت ئېلى مېنى «توقسۇ سودا بازىرى» نىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان بىر ئۇزۇنچاق ئورۇنغا باشلاپ كېلىپ،— بۇ يەرمۇ تاشلىنىپ قالغان ئىكەن، نۇرغۇن يەرلەرنى شەخسلەر خالىغانچە ئىگىلەپ ئۆي سېلىۋاپتىكەن. قاراڭ، ھازىر خىش بىلەن بۇ قاشا تاملارنى سالدۇق، ھويلىلارنى رەتلەپ، ئۆيلەرنى رېمونت قىلدۇق، كونا تاملارنى چېقىپ، 20 ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ ئىجارىگە بەردۇق. شەخسلەر ئىگىلىۋالغان يەنە بىر قىسىم يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، پات ئارىدا مۇنتىزىم دەرۋازا ئورنىتىپ باشقۇرۇشنى كۆچەيتىمىز. بۇ يەرنى تېخىمۇ گۈللەندۈرىمىز...

بىز بۇ يەردىن ئايرىلىپ شەرققە قايرىلىپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، بىر چوڭ باغقا يېتىپ كەلدۇق. باغنىڭ ئالدى ئىشىك تەرىپىگە ئۆي سېلىۋاتقان ئىكەن، باغ ئىچى چوڭ بولۇپ، ئۇ چېتى ئۆستەڭگە تۇتىشاتتى. بولۇق ئۆسكەن بۇغدايلار، مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرى باغ ئىچىنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. مۇھەممەت ئېلى مېنى باشلاپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەرنىڭ كۆلىمى 25 مو كېلىدۇ، ھەممىسى ئېگىز ـ پەس زەيلىك يەر ئىدى. بۇ يىلدىن باشلاپ بۇ يەرنى ئېچىشقا باشلىدۇق. 11 ـ ئايدا بۇغداي تېرىدۇق، ئۆرۈك، ئەنجۈر، نەشپۈت، چىلان، ئانار، ئەينۇلا كۆچىتى سالدۇق. 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلدۇق. ھازىر بۇ يەر دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، كەلگۈسىدە بىز بۇ يەرنى باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، ساياھەتچىلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىمىز...

مەن مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولدۇم. ئۇ بۇ يەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، نەچچە ئون كۈن تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ، يەرلەرنى تۈزلەپ، قاقاسلىقتا «مۆجىزە» يارىتىپتۇ. ئارقا تەرەپتىكى ئۆستەڭدىن سۇ پومپىسى ئارقىلىق سۇ تارتىپ چىقىپتۇ. بۇ يەر ھازىر كىشلەر قىزىقىدىغان، كەل-

گۈسىدە خەلققە نەپ بېرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپتۇ ھەم ھۆددىگە بېرىلىپتۇ.
خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق كارخانىسى مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. پاراۋانلىق مېھمانخانىسى ھۆددىگە بېرىلدى، بازار رىقابىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان پاراۋانلىق زاۋۇتى مۇھەممەت ئېلىنىڭ باش قاتۇرۇشى، ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىشى بىلەن ھۆددىگە بېرىلىپ، قايتىدىن جانلىنىش يولىنى تاپتى ھەمدە زاۋۇتتىكى 41 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن مېيىپلارمۇ خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.
مۇھەممەت ئېلى بارغانلا يېرىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىقلىقىنى، نېمىدىن بەك غەم قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ تۇردى. بىر كۈنى ئۇ مەلۇم بىر كەنتتە خىزمەت تەكشۈرۈۋېتىپ، بىر دېھقانىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا يەر تېرىيالمايۋاتقانلىقىنى، كەنت ـ مەھەللە كادىرلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئۇقتى ۋە دەرھال يېنىدىن 200 يۈەن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. دېھقان ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كەتتى. بۇنداق ئىشلار مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئالدىغا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ «مەن خەلقنىڭ چاكىرى، شۇڭا نامراتلارنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېيىشىم، ئۇلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ناھىيە بويىچە 532 نامرات ئائىلىگە يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىلدى، ئۇ 23 نەپەر نامرات بالىغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بەردى، 30 تىن ئارتۇق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بەردى. تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئوبيېكتلىرى ئارىسىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 415 كىشىنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن مالىيىدىن پۇل ھەل قىلىپ، ھەر بىرىگە 400 يۈەندىن تارقىتىپ بەردى. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە 400 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئېغىر قىيىنچىلىقى بار 7200 ئادەم، بەشتە كاپالەتلىك 253 ئائىلىگە ھەر ۋاقىت پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ

تۇردى. ئۇلارنىڭ ئاچقان يېرىگە نان، ئۇسسىغان يېرىگە سۇ بەردى، دەردىگە يەتتى. ناھىيە تەۋەسىدىكى تارقاق ھەم يىغىپ بېقىلىۋاتقان بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ۋە 356 نوپۇسنىڭ دائىملىق تۇرمۇشىغا ھەقدىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە بىر قېتىممۇ ئاچ ــ يالىڭاچ قېلىش، توڭلاپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. پۇقرالارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىگە كاپالەتلىك قىلىش نىشانى ھەقىقىي ئىشقا ئاشتى.

مۇھەممەت ئېلى نۇرغۇن ئىگە ــ چاقىسىز، يېتىم ــ يېسىرلارغا باشپاناھ بولدى. بۇلتۇر پويىزدىن تاشلىۋېتىلگەن ئىككى خەنزۇ بالىنى ئۇ دائىملىق قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىشىغا بەردى، ئۆزى دائىم يوقلاپ تۇردى. ئۇنىڭ بىرىنى بۇ يىل مۇھەممەت ئېلى ئۆزى يول مېڭىپ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى، ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بېقىلىۋاتقان يەنە بىر مېيىپ بالىمۇ بۇ يىل 9 ياشقا كىردى. باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر خەنزۇ ئايال ۋە بىر بوۋايمۇ ئۇنىڭ ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى شۇ مىللەتنىڭ ئادىتى بويىچە دەپنە قىلدى.

ــ مۇھەممەت ئېلى بىزنىڭ تويىمىزنى قىلىپ قويدى، ــ دېدى ناھىيىلىك ساناتورىيىدە بېقىلىۋاتقان 72 ياشلىق باقى چۇرۇق خۇشاللىقىنى باسالماي. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ بوۋاي بۇلتۇر 12 ــ ئايدا مۇھەممەت ئېلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ساناتورىيىدە بىللە تۇرۇۋاتقان رابىيەم ئىسىملىك بىر تۇل ئايال بىلەن توي قىلغان. ھازىر ئۇلار ناھايىتى بەختلىك ئۆتۈۋېتىپتۇ.

بەش يىلدىن بۇيان، توقسۇنىڭ يېزا ــ قىشلاقلىرى، شەھەر ــ بازارلىرىدا مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن جاي قالمىدى، ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرى ساھەسىگە تۆككەن ئەجرى مول مېۋە بەردى. بىراق ھەددىدىن زىيادە چارچاش، تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمەسلىك تۈپەيلىدىن ئۇ ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتىنى توختىتىپ قويمىدى، بەلكى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۇ تەلەپچان، پاك، ئىنتىزامچان بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلى

بىلەن تەشكىل ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا ۋىلايەت بويىچە ئەڭ ئارقىدا تۇرۇپ كەلگەن توقسۇنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتى بۈلتۈر بىر سەكرەپ ئالدىنقى 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. مۇھەممەت ئېلىمۇ كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇنىڭ ئەلگە سادىق قەلبى باھار نوتىلىرىدەك بىخ سۈرۈپ، توقسۇ خەلقىگە چەكسىز ھارارەت بېغىشلىدى.

2002 ـ يىلى ئىيۇن، توقسۇ

## «رەھمەتنى پارتىيىگە دەڭلار»

*ئادىي جىددىي ئىشلاردا ئۆزىنى دادىل تۇتۇپ، ئوخشاش ئىشلاردا ئېسىل قىياپىتىنى نامايان قىلالايدۇ.*

*ــــ شامفۇر*

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تومۇز ئىسسىق كۈنلەر ئىدى. سەھەر. توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئىشخانىسى ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بىرسىنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىپ بولغىچىلىك، يەنە بىرسى ئېغىز ئاچاتتى. ھەممىسى دەردمەنلەر، قىيىنچىلىقى ئېغىر كىشىلەر ئىدى.

ــــ باشلىق، ئائىلەمدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولغاچقا ئاياللىمنى داۋالىتالمىدىم، ــــ دېدى نۇردۇن غوپۇر ئىسىملىك، ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان بىر ئادەم ئېغىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايى جۇدەڭگۈ بولۇپ، ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. گەپ ـ سۆزى ۋە تۇرقىدىن ئۇنىڭ نامراتلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھەقىقەتەن تەشكىلنىڭ يارىدىمىگە موھتاج ئىدى. مۇھەممەت ئېلى ئۇنىڭ گېپىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. يېزا ۋە تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى كۆردى. ئەزەلدىن خەلقنىڭ قايغۇسىنى تىڭشاپ، دەردىگە دەرمان بولۇپ كېلىۋاتـ

قان مۇھەممەت ئېلىنىڭ بىردىنلا ھېسداشلىقى قوزغالدى. ئۇ شۇ ھامان ئۇنىڭغا 500 يۈەن داۋالاش پۇلى تەستىقلاپ بەردى. بۇ دېھقان ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ئارقا ــ ئارقىدىن «رەھمەت باشلىق، رەھمەت باشلىق» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇھەممەت ئېلى «رەھمەتنى ماڭا دېمەي، پارتىيىگە دەڭلار» دېدى.

ــ ھە ئانا، سىلىنىڭ نېمە ئىشلىرى بار، تېز ئېيتسىلا،ــ دېدى مۇھەممەت ئېلى بەللىرى مۈكچەيگەن، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بىر موماي‌غا كۆز يۈگۈرتۈپ. موماي تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن «نەۋرەمنى ئوقۇتالماي قېلىۋاتىمەن، بۇلتۇر يېزىدىن 1000 يۈەن ياردەم قىلغان، بۇ يىل ئالالمىسىز قالدىم، يېزىدىن ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرۇپ بۇ خەتنى يېزىپ بەرگەن» دېدى ۋە بىر ۋاراق تامغا بېسىلغان قەغەزنى مۇھەممەت ئېلىغا بەردى. بۇ مومايىنىڭ ئىسمى ئىمانىخان بولۇپ، ئۇچقات يېزىسىنىڭ ئازنا بازار كەنتى 4 ــ مەھەللىسىدىن ئىكەن. نەۋرىسى روشەنگۈل بۇلتۇردىن بۇيان شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋېتىپتۇ. ئاتا ــ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان، ئۇنىڭ ھالىدىن ئىمانىرخان خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇ. ئىمانىخانىنىڭ يولدىشى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قاپتۇ. مۇھەممەت ئېلى دەسلەپتە بۇ ئىشنى يېزىدىن ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، مومايىنىڭ ھەر قانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ نەۋرىسىنى ئوقۇتقانلىقى ئۇنى تەسىرلەندۈردى بولغاي «ئانا ئىلتىماسىنى ماڭا بەرسىلە» دېدى ۋە ئىلتىماسنىڭ ئۈستىگە تەستىق سالدى. ئۇ بوغالتىرنى چاقىرتىپ «بۇ مومايغا ھازىرلا 1000 يۈەن ھەل قىلىپ بېرىڭلار، نەۋرىسىنى ۋاقتىدا ئوقۇشقا ماڭدۇرۇۋالسۇن» دەپ تاپىلىدى. موماي نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تارامىلاپ ياش تۆكتى. ئۇ «رەھمەت باشلىق، رەھمەت» دېگىنىچە مېڭىشقا تەمشەلدى. مۇھەممەت ئېلى يەنىلا «رەھمەتنى ماڭا دېمەي، پارتىيىگە دېسىلە، پارتىيە ھەر ۋاقىت سىلىدەك قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، بۇمۇ پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى» دېگەننى تەكرارلىدى. ئەتراپتىكىلەر مۇھەممەت ئېلىنىڭ خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان بۇ روھىدىن سۆيۈندى. مۇھەممەت ئېلى «خەلقنىڭ غېمى— بىزنىڭ غېمىمىز، بىز پۇلنى مۇشۇنداق نامرات، قىد-

يىنچىلىق بارلارغا ئىشلەتسەك، ھېچكىم بىزدىن نارازى بولمايدۇ، پۇلنىمۇ ئۆز جايىغا ئىشلەتكەن بولىمىز » دېدى.

2 يېرىم سائەت ئىچىدە مۇھەممەت ئېلى 9 ئادەمنىڭ دەردىنى تىڭشىدى. بەزىلەر ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغانلىقىنى، يەنە بەزىلەر باللىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ كەلگەنىدى. مۇھەممەت ئېلى ھەممىيلەننى ئۆز يولى بىلەن يولغا سالدى. نۇرغۇنلىغان پۇل، ئاشلىق ھەل قىلىپ بەردى. كۆپچىلىك رازى بولۇپ چىقىپ كېتىشتى.

مەن بۇيىل 5 ـ ئايدا بۇ ئىدارىدە مۇخبىرلىق قىلغان بىر نەچچە كۈن جەريانىدا، ھەر كۈنى بۇ ئىشخانىنىڭ بۇگۈنكىدەك ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. دەرۋەقە بۇ قېتىم يەنە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئىچىمدە «باشلىق بولماقمۇ تەس ئىكەن، مۇھەممەت ئېلى ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلەيدىكەن» دەپ ئويلىدىم. مۇھەممەت ئېلى ئىشخانىدىكى ئىشنى تۈگەتكەندە كۈن چۈش بولاي دېگەنىدى. بىراق ئۇ شۇ ۋاقىتقىچە ئەتىگەنلىك تاماق يېمىگەنىدى. بىر بىرگە تاماق يېدۇق. ئۇ، «يېزىدا ئازراق ئىش بار ئىدى، مەن شۇ يەرگە بېرىپ كېلەي، سىز بىلەن چۈشتىن كېيىن كۆرۈشەيلى،» دېدى ـ دە، ئالدىراش پەيشەنبە بازار يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئەستايىدىللىقىدىن تەسىرلەندىم. بەش يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە سىڭدۈرگەن ئەجرى كۆز ئالدىمدا قايتا گەۋدىلەندى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم ئاشتى.

— مۇھەممەت جۈيجاڭ دائىم مۇشۇنداق ئىشلەيدۇ، دەردى بارلارغا ئايىماي ياردەم قىلىدۇ. بەزىدە يانچۇقىدىكى پۇللىرىنىمۇ نامراتلارغا بېرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭلى يۇمشاق،— دېدى بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى رىسالەت بىلەن خانئايشەم مۇھەممەت ئېلىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ. مەنمۇ ئىلگىرى مۇھەممەت ئېلىنىڭ يېزىدا خىزمەت تەكشۈرۈۋاتقاندا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان بىر نەچچە نامرات دېھقانغا يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. مانا بۈگۈن بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. ئىگىلىشىمچە، نەدە ئاپەت بولسا، ئۇ دەرھال شۇ

يەرگە بارىدىكەن. كىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، شۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدىكەن. بۇلتۇر كۇچا بىلەن توقسۇ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن «10 ــ ئاۋغۇست» پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ۋەقەسىدە، ئۇ پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپتۇ. بۇ يىل 7 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىدە، ئۇ ھەپتىلەپ ئۆيىگە قايتماي، كادىرلارنى قوزغاپ، ئاپەت رايونىغا كېرەكلىك ئوزۇق ــ تۈلۈك، ئىچىملىك ۋە ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئامما بىلەن بىرلىكتە ئاپەتكە قارشى كۆرەش قىلىپتۇ. شۇڭا ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئاپەتكە قارشى تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلىگەچكە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىشلىرى قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپتۇ.

رىسالەت بىلەن خانئايشەم مۇنداق دېدى: مۇھەممەت جۇجاڭ ئىشنى كېسىپ قىلىدۇ، بۇ يىل ئەتىيازدىن ھازىرغىچە ئۇ 18 ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى نەق مەيداندا ھەل قىلىپ بەردى. ئۇلارغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىق مېھرىنى ھېس قىلدۇردى. شۇڭا كىشىلەر خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولۇپ كەلدى. كىشىلەر ھەر قېتىم «رەھمەت» دېگەندە، ئۇ «رەھمەتنى ماڭا دېمەي، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە دەڭلار» دېگەن گەپنى تەكرارلايدۇ.

2002 ــ يىل سېنتەبىر، توقسۇ

# باتۇرلۇق ناخشىسى

(ئاخبارات ئوچېركى)

1998 ـ يىل 10 ـ دېكابىر، قىش لىباسىنى كىيگەن كائىنات تۇمان ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا، ئۆز پېتىدە. پەقەت ئىرىكچىلىك يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئادەملەرلا تىنىمسىز، توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى. شەھەر سىرتىدىكى چوڭ تاشيولدا ماشىنا ـ تراكتورلار مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇق شامىلى كەڭ دالىدا ھۆكىرەيتتى. قاقشال بولۇپ قالغان يول بويىدىكى دەرەخلەر يەڭگىل تەۋرىنەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغان ئىدى. ئاقسۇ تاشيول ئۈچاستىكىسى جاكۆۋرۈك داۋبەنىنىڭ شوپۇرى باتۇر قادىر پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈۋەتتى ـ دە، رولنى مەھكەم تۇتقىنىچە 4 ـ قېتىم شېغىل ئەكىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق قارا كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلەتتى. ئۇ: مەن ياش، بۇنچىلىك ئىشلار ئېغىر كەلمەيدۇ، ۋەزىپىنى بىراقلا تۈگىتىپ، ئاندىن خاتىرجەم ئارام ئالايچۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ماشىنا ئىتتىك، ئەمما چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا جاكۆۋرۈكنىڭ غەربىدىكى خەنزۇ زاراتكارلىقى ئەتراپىغا كەلگەندە بىر ئازگالغا قاراپ بۇرۇلدى. شۇ ئەسنادا «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن بىر دەھشەتلىك ئاۋاز باتۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرى، ئۇنىڭ نېرۋىلىرى سەگەكلەشتى، قۇلاقلىرى دىرىلداپ كەتتى. ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ كۆزلىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئاغدۇردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى شېغىل مەيدانىنىڭ بىر چېتىدىكى ئازگالدا تۇرغان بىر «شيالى» ماشىنىنى كۆردى. ماشىنىنىڭ يېنىدا بىر خەنزۇ ئايالنى يەنە بىر خەنزۇ ئەر قاتتىق ئۇرۇۋاتاتتى. باتۇر ئىنتايىن جىددىيلەشتى، تېتىكلەشتى. كۆز ئالدىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق پاكىت چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىپ، مېڭىسىگە تەسىر

قىلدى. ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى، ئۇ ماشىنىنى تېزدىن تورمۇزلاپ كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئۇدۇل ئازگال تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. شۇ تاپتا باتۇرنىڭ كاللىسىدا «بۇزۇق، قارانىيەت ئادەملەرگە قەتئىي رەھىم قىلماسلىق كېرەك» دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قايناق شىجائەت، جاسارەت ۋە باتۇرلۇق روھىنى بېغىشلىغانىدى.

ــ توختا، قولۇڭنى تارت،ــ دېدى ئۇ لۈكچەككە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ. ئايال بۇ چاغدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان ئىدى. لۈكچەكنىڭ قولىدا يوغان كالتەك ھەم پىچاق بار ئىدى. پىچاقنىڭ بىسىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەك ھاۋادا پۇلاڭشىپ تۇراتتى. باتۇر يەنە بىر قېتىم كۈچەپ ۋارقىرىدى،ــ قولۇڭدىكى كالتەك بىلەن پىچاقنى تاشلا! بولمىسا ئەدىپىڭنى يەيسەن...

لۈكچەك باتۇرنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياۋۇزلۇق تېمىپ تۇرغان كۆزلىرى چەكچىيىپ، خۇددى ئوۋچىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. باتۇر قوغلىدى. ئۇ ھەربىي سەپكە قاتناشقان، ياش، چېۋەر بولغاچقا، ئايىغى ئىتتىك ئىدى. ئالاھىمزەل 800 مېتىرچە قوغلىغاندىن كېيىن، ئۇ لۈكچەككە يېقىنلاپ كەلدى. لۈكچەك باتۇرنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھەمدە ئۇنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىنى كۆرۈپ، قەدىمىنى توختىتىپ، پىچاق ۋە كالتەكنى دېۋەيلەپ باتۇرغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. باتۇر تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئارقىدىنلا كۈچ يىغىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە: «كالتەكنى تاشلا، پىچاقنى تاشلا» يەنە بىر قېتىم قاتتىق بۇيرۇق قىلدى. نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان لۈكچەك چىشلىرىنى چىقىرىپ تۈلكىدەك ھىجايىدى ۋە ئارقىدىنلا «ساڭا پۇل بېرەي، مېنى قويۇپ بەرگىن» دەپ يالۋۇردى. باتۇر كىچىكىدىنلا ئادالەتنى ياقلايتتى، ھاياتنى قەدىرلەيتتى، تىرىشىپ ئىشلەيتتى. شۇڭا ھەربىي سەپتە كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپ، شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىرگەنىدى. پۇل ـ دۇنيا، شۆھرەتپەرەسلىكنى جېنىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىدىيىگە ئۇ ئەزەلدىن قارشى ئىدى. پاك، سەممىي، ۋىجدانلىق، ھالال ياشاشنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى

دەپ ھېسابلايتتى. لۈكچەكنىڭ «پۇل بېرەي» دېگەن گېپى شۇ تاپتا ئۇ-نىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇردى. باتۇرنىڭ قېنى قىزىپ، گۈرەن تومۇرلىرى كۆپتى، مۇشتلىرى تۈگۈلدى. ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولغان سىرجاننىڭ قەيسىرانە ئىش ـ ئىزلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. «مەنمۇ پارتىيە تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم، ھازىرمۇ يەنە پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىۋاتىمەن، نېمە ئۈچۈن بۇ-زۇق ئادەملەر ئالدىدا تىز پۈككىدەكمەن...»

— ئاڭلاپ تۇر، سېنىڭ پۇلۇڭ ماڭا كېرەك ئەمەس، دەرھال قو-لۇڭدىكى كالتەكنى تاشلا! — دېگىنىچە باتۇر لۈكچەككە قاراپ ئېتىلدى. جاندىن تويغان لۈكچەكمۇ باتۇرغا تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ھېچكىم كۆرمەيدىغان بۇ ئازگالدا ئېلىشىش باشلاندى. باتۇر كالتەككە، پىچاققا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. ھەربىيلىكتە ئۆگەنگەن چەبدەسلىكى بىلەن پۇت-لىرىنى تېز ئىشقا سالدى. ئۇنىڭ قولىدا بۇلاڭچىغا تاقابىل تۇرىدىغان بىرەر نەرسە يوق ئىدى. پەقەتلا ئۇنىڭدا بۇلاڭچىغا قارشى تۇرىدىغان ئوتتەك قىزغىن يۈرەكلا بار ئىدى. ئىككىيلەن خېلى ئۇزاققىچە ئېلىشتى، ئاخىرى ئىككىلىسى ھاسىراپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى. باتۇر چوڭ-قۇر ئۇھ تارتىۋېتىپ قايتىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بەردى. چۈنكى، ئۇ ئازراقلا بەل قويۇۋەتسە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايت-تى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ مادارى يەتمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەك بىلەن پى-چاقنى تارتىۋالدى ۋە «يامان ئىش قىلساڭ ئەدىپىڭنى يەيسەن» دېدى. بۇلاڭچىنىڭ خۇنسىز كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان ئىدى. ئۇ يەنە بىر قې-تىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغا-نىدى. باتۇر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يىپىنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنى باغلاشقا تەمشىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا باتۇرنىڭ ماشىنى-سىدىكى باشقا خىزمەتداشلىرى يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار بۇلاڭچىنى باغلاپ زىيانلانغۇچىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى...

تاكسى شوپۇرى تېڭ فاخۇڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشنى يىغىپ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇراتتى. توساتتىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى

ئۇنىڭ ماشىنىسىنى تۇسۇپ جاكۆۋرۇككە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. تېلىڭ فاخۇڭ سەل ـ پەل دېلىغۇل بولۇپ قالدى. چۈنكى ئېرى بىلەن ئىسمىنا ئالمىشىدىغان ۋاقىتقا ئاز قالغانىدى. ئۇ «ھازىر كۈن تېخى بالدۇرغۇ، جاكۆۋرۇك ئانچە يىراق بولمىغاندىكىن ئاپارسام ئاپىرايچۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. ماشىنا جاكۆۋرۇككە يېتىپ كەلگەندە ئۇتتۇرا ياشلىق ئەر جا كۆۋرۇكنىڭ غەربىدىكى زاراتكارلىق ئەتراپىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئەر يەنە «مەن تۆمۈر يول ئىشچىسى، مېنىڭ ئىش ئورنىم زاراتكارلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىراق» دەپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مېڭىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. كۆڭلى يۇمشاق تېلىڭ فاخۇڭ ئارتۇقچە ئويلانمايلا تاشيولدىن پەس تەرەپكە قايرىلدى. 10 مېترچە ماڭغاندىن كېيىن، ماشىنا بىر ئازگالغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە تاشيولدىكى ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولسىمۇ، لېكىن ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قارانىيەت ئاخىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. تېلىڭ فاخۇڭ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ ماشىنىنى ئارقىغا ياندۇرماقچى بولدى. لېكىن ئېگىز ـ پەس ئازگاللىقتا ماشىنىنى ياندۇرالمىدى، قارانىيەت تېلىڭ فاخۇڭنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تارتىۋېلىپ ماتورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ بىسلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان 40 نەچچە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پىچاقنى چىقىرىپ تېلىڭ فاخۇڭغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. تېلىڭ فاخۇڭ قورقۇپ ھوشىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ يانچۇقىدىكى 150 يۈەننىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ قارانىيەتكە تەڭلىدى ھەمدە «ساڭا پۇل كېرەك بولسا پۇل، ماشىنا كېرەك بولسا ماشىنا بېرەي، لېكىن ماڭا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسەڭ» دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇ ۋارقىراشقا، ھەتتا ئېغىرراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. دېمىسىمۇ بىر ئاجىز ئايال مۇشۇنداق بىر ياۋۇز قاراقچى ئالدىدا نېمىمۇ قىلالىسۇن! قارانىيەت يىرىك، قوپال قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ماشىنا ئىچىدىكى قوغداش كالتىكىنى ئاختۇرۇپ تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېلىڭ فاخۇڭنىڭ بېشىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ،قان سىرغىپ چىقتى. تېلىڭ فاخۇڭ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇۋالدى. قارانىيەت تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، كالتەك بىلەن ئۇ-

نىڭ قولىغا يەنە قاتتىق ئۇردى. ئۇنىڭ بارماقلىرىمۇ زەخىملەندى. قارا-نىيەتنىڭ مۇشتلىرى خۇددى قار ـ يامغۇردەك تېلى فاخۇگىنىڭ باش ـ كۆزىگە توختىماي تېگىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇ «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇ-زۇڭلار» دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى...

باتۇر قارانىيەت بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىر ماشىنىدا كېتىۋاتقان يۇ شىنچېڭ، راخمان، رېھىم، ئابدۇسەمەت، ئەركىن ئىسلام، ئارزۇگۈل ئابلا، تۇرسۇن قادىر، ئايىم ساۋۇتلار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ نەق مەيدانغا يېتىپ كې-لىشتى. ئۇلار ھوشسىز ياتقان تېلى فاخۇگىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، جارا-ھەتنى تاڭدى. ئۇلار تېلى فاخۇگىنىڭ ئاقسۇ تاشيول ئۇچاستكىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى، پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى لىيۇ چاڭئېنىنىڭ كېلىنى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭ بىلەن تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قېرىنداشلىق مېھرى، ھېسداشلىق ئوتى تېخىمۇ كۈچەي-دى. قارانىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى. سوغۇق شامال ئېغىزلىكتىكى توپىلارنى ئازگالغا ئۇچۇرماقتا. چوڭ تاشيولدىكى ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا، تېلى فاخۇگىنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى. باتۇر ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرۈشكى-مۇ، كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىشقىمۇ ئۈلگىرەلمىدى. ئۇ دەرھال جا-كۆۋرۈككە يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى تېلېفون ئارقىلىق يېڭىبازار ساقچى-خانىسى بىلەن تېلى فاخۇگىنىڭ ئائىلىسىگە مەلۇم قىلدى. ساقچىلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ كېلىپ، قارانىيەتنىڭ قولىغا كويزا سالدى. باتۇر قاتارلىقلار تېلى فاخۇگىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىشكە ياردەملەشتى. دوختۇرنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق، تېلى فاخۇگىنىڭ ھاياتى خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا تەدرىجىي قان يۈگۈرۈپ، روھىي كەيپىياتى تۇراقلاشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئۇنىڭ دادىسى، يولدىشى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى ئاق-تى.

* * *

كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ خەۋەر تېزلىك بىلەن

شەھەرگە تارقالدى. تاشيول ئىشچىلىرى سەپدىشى ۋە خىزمەتدىشى باتۇرنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتتىشتەك قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆيۈنۈپ، ئىپتىخارلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشىۋاتقاندا، تېڭ فاخۇڭنىڭ دادىسى بىلەن يولدىشى قىزغىن مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە چوڭقۇر قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن يېزىلغان بىر پارچە رەھمەت خېتىنى ئېلىپ، ئاقسۇ تاشيول ئۇچاستىكىسىغا كەلدى. خەتتە باتۇر قادىر قاتارلىق 9 نەپەر تاشيول ئىشچىسىغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ خەت شۇ كۈنىلا ئۇچاستىكا ئالدىغا چاپلاپ قويۇلدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى، ئىشچىلار، كادىرلار، زىيالىيلار خەتنى ئوقۇپ، باتۇرنىڭ باتۇرلۇق روھىدىن تەسىرلەندى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئۇچاستىكىسى پارتكومى، ئاقسۇ شەھەرلىك تاشيول ئۇچاستىكىسى پارتىيە ياچېيكىسى باتۇرنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

1998 ـ يىل 31 ـ دېكابىر، ئاقسۇ تاشيول ئۇچاستىكىسى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، باتۇر قادىر ۋە ئۇنىڭ 8 نەپەر سەپدىشىنى تەقدىرلىدى. مەيدىسىگە قىزىل شەلپەر باغلىغان بۇ 9 پالۋان سەھنىگە چىققاندا، قايىللىق، سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش نۇرى چاقناپ تۇرغان نەچچىلىگەن جۈپ كۆز ئۇلارغا تىكىلدى. ئۇزاق، قىزغىن چاۋاك ساداسى يىغىن زالىنى لەرزىگە سالدى. كىشىلەر قەلبى ھاياجان كەيپىياتىغا تولدى. يېقىملىق مېلودىيە ساداسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئاقسۇ تاشيول باش ئۇچاستىكىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياڭ جېڭجاڭ تەقدىرلەش يىغىنىدا قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ «باتۇر ئاقسۇدىكى ھەر مىللەت تاشيولچىلىرىنىڭ پەخرى. ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان. ئۇ مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى جېنىدىن ئەلا بىلىپ، ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، قارانىيەت بىلەن ئېلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى باتۇرلۇق ناخشىسىنى ياڭراتتى. بۇ روھ ئىنتايىن قىممەتلىك» دېدى. ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، يېڭىبازار ج خ ساقچىخانىسى، يېڭىشەھەر ئىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سۆز قىلىپ «باتۇرنىڭ روھى چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ ئەزەلدىنلا ھەممەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت چوڭ ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئۇ مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى گۈلىنى تېخىمۇ پورەكلىتىپ ئېچىلدۇردى» دېيىشتى. تېڭ فا-
خۇڭنىڭ دادىسى سۆزگە چىقىپ، باتۇر قاتارلىقلارغا بولغان تەشەككۇ-
رىنى قايتا ئىزھار قىلدى. سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى باھار يام-
غۇرىدەك مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى. ھاياجانلانغانلىقىدىن تىلى گەپكە
كەلمەي قالدى. بۇ چاغدا زالنى تىمتاسلىق قاپلىدى. ئاخىرىدا 27 ياشلىق
باتۇر قادىر سەھنىگە چىقىپ، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش
جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ئەمە-
لىي، تەسىرلىك ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شۇ چاغدا ئۇچاستكا پارتىيە
ياچېيكىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، بۇزۇق ئادەملەرگە زەربە
بېرىش، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىسى ما-
ڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ئەڭ مۇھىمى بىر ئەرنىڭ بىر ئائىلىنى
خورلاپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقانلىقى تولىمۇ غەزىپىمنى كەلتۈردى.
ئادالەتنى، ھەقىقەتنى ياقلاش مېنىڭ شۇنداقلا ھەر قانداق بىر ئەركەك-
نىڭ بۇرچى...»

باتۇر توغرا ئېيتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىلا ئە-
مەس، بەلكى سۆزىمۇ باشقىلارنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇلۇغ روھ، ئۇ-
لۇغ ئىستەك كىشىلەر قەلبىدە قايتا بىخ سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

1999 - يىل يانۋار، ئاقسۇ

**يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى دېھقانلارنىڭ مەكتىپى، يېزا ياشلىرىنىڭ مەرىپەت بۆشۈكى، 20 يىلدىن بۇيان ئاقسۇدىكى يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى باشتىن ـ ئاخىر يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى نەچچە مىڭ دېھقاننىڭ قەلبىنى مەرىپەت كەۋسىرى بىلەن سۇغاردى.**

# دېھقانغا تۇتاشقان دىللار

كۇچا ناھىيە ئالاقاغۇ بازىرىنىڭ يېڭىسار 3 ـ كەنتىدىكى نۇرنىساخان غاپپار 1978 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقان. گەرچە ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخى هازىرلىغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۇ دېھقان بولۇپ كەتكەن. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن نۇرنىساخان قىلچە مەيۈسلەنمىگەن، بەلكى تىرىشىپ ئىشلەپ، تەشكىلنىڭ دىققىتىنى تارتقان ھەمدە كەنت بوغالتىرى، ئالاقاغۇ كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ ماددىي ئەشيا پرىيومچىسى بولغان. 1996 ـ يىل 7 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىرگەن. ئارقىدىنلا كەنتنىڭ ئاياللار، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى مۇدىرى بولغان. ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھەمدە كەنتنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىلىم ـ تېخنىكا ئىگىلەشنىڭ، يېڭى دەۋرگە خاس دېھقان، مەلۇماتلىق باشقۇرغۇچى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. ئاخىرى ئۇ ئۆز ئارزۇسى ۋە تەشكىلنىڭ كۆرسىتىش بىلەن 1998 ـ يىل 9 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى باشقۇرۇش كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئىككى يىل جەريا-

ندا ئۇ يېزا ـ كەنتلەرنى باشقۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش جەمەتتە نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان. كەنت ئاھالىلىرى، بولۇپمۇ ئاياللارنى ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئۆزى باشلامچى بولۇپ ھويلىسىدا قوي، توخۇ ـ كەپتەر بېقىپ خېلى كۆپ نەپكە ئېرىشكەن. ئۇ بېيىش تەجرىبىسىنى كەنتتىكى ئاياللارغا ئۆگەتكەن. تەكرار ـ تەكرار تەربىيە ئىشلەش ئارقىلىق ئۇلاردا ئويغىنىش، ئىشەنچ پەيدا قىلغان. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كەنتتىكى 312 نەپەر ئايالنى ئۈنۈملۈك باقمىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە مەخسۇس تەربىيىلىگەن. ئۇلارغا ئېرىشمەي ماھارەت ئۆگەتكەن. نەتىجىدە كەنت ئاياللىرى ئائىلە ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلانغان. نۇرنىساخاننىڭ بۇ خىل جانلىق روھى، ئەمەلىيەتچىل ئىستىلى بازار رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا، دېھقانلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. 2000 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ «دېھقان بولسىمۇ ساۋاتلىق، مەلۇماتلىق دېھقان بولۇش كېرەك» دەپ قارىغان ھەممە يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى ۋە پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلىگەن. بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇ ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ـ باشقۇرۇش، زىرائەت، كۆكتات ئۆستۈرۈش، مېۋە سورتلىرىنى ياخشىلاش، كېسەللىك ـ ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكىسى بويىچە 7184 ئادەم (قېتىم) نى نىشانلىق تەربىيىلىگەندىن سىرت، 15 نەپەر كەنت، گۇرۇپپا كادىرى ۋە مۇنەۋۋەر دېھقانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارى، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا بىلىمى ئۆسۈپ، دېھقان ـ چارۋى-

چىلارنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشقا يېتەكلەش رولى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇلغان. نەتىجىدە، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، كەنت بويىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 500 كىلوگرامغا، ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 120 كىلوگرامغا، سورتى يېڭىلانغان مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 80% كە، مېۋىلىك باغلارنىڭ مېۋە بېرىش نىسبىتى 90% كە يەتكەن. نۇرنىساخان كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە ئەلالاشتۇرۇپ، كېۋەز ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمىنى 1500 موغا، ئاشلىق كۆلىمىنى 500 موغا مۇقىملاشتۇرۇش، گىرەلەشمە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئەلا سورتلۇق چىلان، ياڭاق، نەشپۈتنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىكنى زورايتىش، ھەربىر ئائىلىدە 50 دانە توخۇ، 50 دانە كەپتەر، 15 تۇياق قوي، بىر تۇياقتىن سېغىن كالا، 9.5 مودىن باغ بولۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يېڭى يولىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، تۆت يىل ئىچىدە كەنت بويىچە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى باغنى 1260 موغا، چارۋىنى 2007 تۇياققا، ئۆي قۇشلىرىنى 3500 دانىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغان. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرغان. 2005 ـ يىلى كىشى بېشى كىرىمى 3400 يۈەنگە يېتىپ، 2000 ـ يىلدىكىدىن 17.6% كۆپەيگەن. 2005 ـ يىلى ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىكى ئىككى ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ 29.5 مو يەردىكى كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتىنى 125 كىلوگرامغا يەتكۈزگەن. 10 قوي، 50 توخۇ بورداپ ساتقان، بېغىنى ئوبدان باشقۇرغان. شۇنداق قىلىپ يىل ئاخىرىدا كىشى بېشى كىرىمىنى 21 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن. كونا ئۆيىنى چېقىپ يېڭىدىن خىش قۇرۇلمىلىق زامانىۋى ئۆي سالغان. 2000 ـ يىلى كەنت بويىچە 10 ئائىلىنىڭ ئۆيىلا خىش قۇرۇلمىلىق ئىدى. 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 86 ئائىلە خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بولدى. كەنت بويىچە چوڭ ـ كىچىك تراكتور سانى 29 غا، چاتما سايمان 15 كە، كومبايىن ئالتىگە، چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىل ئالتىگە يەتتى. تېلېۋىزور، موتسىكلىت ئاساسەن ئو-

مۇملاشتى. كەنت 2000 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىكى 400 مىڭ يۈەن كونا قەرزدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغاندىن سىرت، 2004 ـ يىلى 500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىشخانا ۋە مەدەنىي پائالىيەت سورۇنى سالدۇرغان. يەنە كوللېكتىپنىڭ بانكىدىكى ئامانىتىنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ، بازار بويىچە باي كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

نۇرنىساخان ئۆزى باي بولغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ بۇلتۇر 7 ـ ئايدا كەنتتە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىككى ئائىلىنى ئۆزى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۆز يېنىدىن 7200 يۈەن چىقىرىپ ئۇلارنى داۋالاتقان. 10 يىلدىن بۇيان ئۇ كەم قىيىنچىلىق تارتسا شۇنىڭغا ياردەم قىلغان. ئۇنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرىمۇ بىردىن نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالغان. بىر نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر كەنتتە نامراتلارنىڭ سانى ئازلىغان. كەنت ئالاقاغۇ بازىرى، كۇچا ناھىيىسى بويىچە ئىلغار كەنت قاتارىغا كىرگەن. نۇرنىساخان بازار، ناھىيە تەرىپىدىن «پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغان ئايال»، «ئىلغار كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل بازىرى ئۈستۈنكى تېگىن كەنتىدىكى ئۆمەر داۋۇت 1986 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقان ئىدى. ھەر قانداق ئادەمدە بىرخىل قىزىقىش بولىدۇ. ئۆمەر داۋۇت بۇرۇندىنلا باغۋەنچىلىككە قىزىقاتتى. مېۋىلىك دەرەخنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. 1988 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۇ ئاقسۇ شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئاچقان باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتى. كۇرستا ئۇ باغۋەنچىلىككە دائىر نۇرغۇن تېخنىكىنى ئۆگىنىۋالدى. كېيىن ئۇ يەنە باغۋەنچىلىككە ئائىت نۇرغۇن كىتاب سېتىۋالدى. كۆن، ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى كۆپەيدى. تېخنىكىسى ئۆستى، تەجرىبىسى بېيىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنى كۆچەتلىرىنى ئۇلاش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. بازارلىق ھۆكۈمەت ئۇنى

كەنتنىڭ باغۋەنچىلىك تېخنىكى قىلىپ تەيىنلىدى. 1997 ـ يىلى ئايكۆل بازىرى ئۇنىڭغا «پەن ـ تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

ئۆمەر داۋۇت باغۋەنچىلىكتە بىر مۇنچە تەجرىبە توپلىدى. ئەمما نەزەرىيە جەھەتتە بىلىمىنىڭ يەنىلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 2003 ـ يىلى ئۇ، ئاقسۇ شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ باغۋەنچىلىك كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپ ئۇنىڭ قەلبىنى مەرىپەت سۈيى بىلەن سۇغاردى. ھاياتىغا يېڭى ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مەكتەپتە سىنىپ باشلىقى، ئۆگىنىش ھەيئىتى بولدى. 2 ـ ئوقۇش يىلىدا ئۇ بەش نەپەر ساۋاقداشنى تەشكىللەپ، يېزىلاردا بىر ئاي ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ باردى. دېھقانلارنىڭ كۆچەتلىرىنى ئۇلاپ، باغ پەرۋىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئاخىرىدا 16 مىڭ 700 يۈەن كىرىم قىلىشتەك ئەمەلىي تۆھپىسى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

2004 ـ يىلى ئۆمەر داۋۇت ساۋاقداشلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، 15 كىشىلىك باغۋەنچىلىك مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ چىقتى. ئىككى يىل جەريانىدا بۇ مۇلازىمەت ئەترىتى 10 مىڭ تۈپ چىلان، 36 مىڭ تۈپ ياڭاق، 28 مىڭ تۈپ نەشپۈت، 32 مىڭ تۈپ ئۆرۈك، 30 مىڭ تۈپ ئۈجمە، 21 مىڭ تۈپ ئالما، 13 مىڭ تۈپ شاپتۇل كۆچىتىنى ئۇلاپ، 109 مىڭ 560 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قىش، ياز پەسلىدە ھەرخىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ شاخلىرىنى رەتلەش تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 106 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مېۋىلىك دەرەخلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى ھەمدە 2700 مو يەردىكى باغقا دورا چېچىپ، 94 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلدى. مۇلازىمەت ئەترىتىنىڭ بۇ ئىشىدىن دېھقانلار نەپكە ئېرىشتى. ئۆمەر داۋۇت قاتارلىقلارمۇ خېلى كۆپ نەپ ئالدى. ئۆمەر داۋۇت يەنە ئۆزىنىڭ 10 مو بېغىنى ياخشى باشقۇرۇپ، يىلدا 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئائىلىسىدە

توخۇ، كەپتەر باقتى، قوي بورداپ، چىلان كۆچىتى يېتىشتۈرۈپ ساتـ.
تى. شۇنداق قىلىپ يىللىق كىرىمىنى 54 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشى كىـ.
رىمىنى 10 مىڭ 800 يۈەنگە يەتكۈزدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ 36 مو كۆلـەم.
دىكى بېغىغا ھەقسىز دورا چېچىپ بەردى. 3720 يۈەن تېخنىكا مۇلازى.
مەت ھەققىنى ئالمىدى. 2005 ــ ، 2006 ــ يىلى ئايكۆل بازارلىق پارتـ.
كوم، ھۆكۈمەت ۋە ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئايرىم ــ
ئايرىم ھالدا «مۇنەۋۋەر دېھقان تېخنىك» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى
ھەم ئۇنى 500 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. كىشىلەر ئۆمەر
داۋۇتتىن قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ئۇستا تېخنىك بولۇپ يېتىشكەنلىكى.
نى سورىغاندا، ئۇ «بۇ يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە ئو.
قۇغانلىقىمنىڭ پايدىسى» دەپ جاۋاب بەردى.

......

يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتىپى دېھقانلارنىڭ مەكتە.
پى، يېزا ياشلىرىنىڭ مەرىپەت بۆشۈكى. 20 يىلدىن بۇيان ئاقسۇدىكى
رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى نۇرنىساخان غاپپار، ئۆمەر داۋۇتقا
ئوخشاش 10 مىڭدىن ئارتۇق دېھقاننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئايكۆل
بازىرىدىكى مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر تەشكىلات كادىرى» ئۆمەر ئە.
مىن، قۇمباش يېزىسىدىكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى مۇتەللىپ
غۇجامنىياز، قۇمباش يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ
دائىمىي رەئىسى ئابدۇخالىق ئەختەملەر مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ نام چىق.
قاردى ھەم ئاددىي دېھقاندىن «باي دېھقان» لىق ئورنىغا چىقتى.

دېھقانغا تۇتاشقا قەلبلەردىن نۇر چاقنايدۇ. يەر ــ زېمىن گۈل چېچە.
چەككە پۈركىنىدۇ. مەرىپەت سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان دىللار مەڭگۈلۈك
مېۋە بېرىدۇ. ئاقسۇدىكى رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى 20 يىللىق تا.
رىخىي مۇساپىسىدە شانلىق نەتىجە ياراتتى. كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئا.
جىزلىقتىن دېھقانلارغا بىلىم جەھەتتىن مەدەت بەردى. تالاي كىشىگە
تېخنىكا، ماھارەت ئۆگىتىپ «قانات» چىقاردى. يول ئېچىپ ئىلگىرىد.
لەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ

تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلغار مەكتەپكە ئايلاندى.

پۈيىزنىڭ تېز مېڭىشى پاراۋۇزغا، بىر ئورۇننىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى تەدبىرگە باغلىق. ئاقسۇدىكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىنىڭ 20 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە بىر كىشى ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلدى. بۇ بولسىمۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى دىلمۇرات تۇنىياز.

دىلمۇرات تۇنىياز 1983 ـ يىلى تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاگرانوملىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدا دېھقانچىلىق تېخنىكى ئىدى. 1985 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى دېھقانلار مائارىپى خىزمىتى سېپى بولغان يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىگە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يۈرەك قېنى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى بىلىملىك، يۇقىرى ساپالىق دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈش، يېزىلارغا ئەقىل جەھەتتىن مەدەت بېرىش خىزمىتىگە سەرپ قىلدى، يېزىلارغا، دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت مۇدىرى، گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى مەركەز قىلغان دېھقان باشلىرىنى بۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇردى. كۆپ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئاما ئارىسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى. دېھقانلارغا چوڭقۇر رىشتە باغلىدى. ئۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىسىگە ئاساسەن 1990 ـ يىلى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 2001 ـ يىلى مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، يۈكى ئېغىرلاشتى.

مەسئۇلىيەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. دىلمۇرات تۇنىياز ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەيتىش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تۇتتى. ئوقۇتقۇچى، كادىرلارنىڭ ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بېكىتتى. مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغاندا 34 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. دەسلەپتە شايار، باي ناھىيىسى ۋە قۇمتام دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. دىل-

مۇرات تۇنىياز ناھىيە (شەھەر) لەرگە بىرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىنى، دېھقانلار ئاممى-سىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى. مەكتەپنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋىلايەتتىكى سەك-كىز ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شارائىتى ياخشىلاندى. 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە مۇنتىزىم تەبىيىلەش تورى شەكىللىنىپ بولدى. دەسلەپتە قوبۇل قىلىن-غان دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچ يىل ئوقۇيتتى. 1998 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئىككى يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلدى. 2003 ـ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى بىر يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 2005 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يەنە ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرى ئېچىلدى. بۇ جەرياندا دىلمۇرات تۇنىياز ھەم مۇدىر، ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم تەشۋى-قاتچى، ھەم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغۇچى، ھەم كاتىپ بولدى. يېزا ئىگى-لىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «مەكتەپلەر ھەمكارلىشىش، قوش ئاۋازنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش» تەك مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. 2002 ـ يىلى تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس سى-نىپى ئېچىش داۋامىدا، ئۇ ئايلاپ ـ ئايلاپ يېزىلارغا ماڭدى، يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قاتىرىدى. ئاخىرى بۇ ئىش رېئاللىققا ئايلىنىپ، ھەر يىلى 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس سىنىپلىرىدا ئو-قۇيالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. دىلمۇرات تۇنىياز مەكتەپ باشقۇ-رۇش داۋامىدا ھەر دائىم بازارنى كۆزەتتى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى، يېزىلارنىڭ ئېھتىياجىنى، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلاشتى. جەمئى-يەتكە، دېھقانلارغا ئەسقاتىدىغان يېڭى كەسپلەرنى پائال ئاچتى. ھازىر-

غىچە باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، ھويلا ــ ئارام ئىگىلىكى، كەنتلەرنى ئۇنۋېرسال باشقۇرۇش، بوغالتىرلىق، مۇپەتتىشلىك، ئىگىلىك باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 30 نەچچە خىل كەسىپ ئېچىلدى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 10 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ــ چارۋىچى ئوقۇش پۈتتۈردى. ھەر يىلى 30 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ــ چارۋىچىنى قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا تەربىيىلەش ئىشقا ئاشتى. بۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردا تېخنىكا ماھىرى، بېيىش ماھىرى، «تۇپراق مۇتەخەسسىسى» بولۇپ قالدى. بەزىلىرى كەنت، يېزا (بازار) لارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىردى. ھازىر غىچە ۋىلايەتتىكى كەنت كادىرلىرىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيىلىنىپ بولدى. مەكتەپ يەنە مائارىپ تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەر يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان ياشلارنى يېزا ئىگىلىك پەن ــ تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈردى.

20 يىل ئۆتتى، دىلمۇرات تۇنىياز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى. خىزمەت داۋامىدا ئۆگىنىشنى، ئىزدىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ياخشى ئادەم، ياخشى رەھبەر، ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇشقا تىرىشتى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە «يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتىپى مۇدىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى توغرىسىدا»، «يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتىپى مۇدىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى توغرىسىدا»، «يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىدە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش ھەققىدە قاراشلىرىم»، «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش— مەكتەپنىڭ كۆلەملىشىشىنى ساقلاشنىڭ ياخشى كاپالىتى» قاتارلىق بەش پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى ۋە ئۇنى «شىنجاڭ يېزا پەن ــ تېخنىكىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردى.

يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلارغا يۈزلىنىش— يېزا ئىگىلىك رادىئو ــ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىنى نىشانى. 20 يىلدىن بۇيان، دىلمۇرات تۇنىياز مۇشۇ نىشاندا چىڭ تۇردى. شۇڭا، دائىم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ــ سېپىد.

گە، دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە، ئېتىز باشلىرىغا، باغ ـ لاپاسلارغا بېرىپ، يې-
زىلارنىڭ ئېھتىياجىنى، دېھقانلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىگىلىدى. ئام-
مىغا پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى يەتكۈزدى. بىلىم تارقاتتى. ئاممىنىڭ باق-
مىچىلىق، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئىلھام بەردى. ئۇ مەسئۇل
بولۇپ تۈزگەن «ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنى پەن ـ تېخنىكا
جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش قوللانمىسى» دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئال-
قىشىغا، دېھقىنچىلىق ئىدارىسى رەھبەرلىكىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئىزدىنىشتىن نەتىجە بارلىققا كېلىدۇ. دىلمۇرات تۇنىيازنىڭ بىر
نەچچە يىل تىرىشىشى ئارقىلىق، مەكتەپنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىدا
يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش،
دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدا ئومۇميۈز-
لۈك ئىلگىرىلەش بولدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوتتۇرا تېخنىكوم
كەسپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭدىن، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈر-
گەندىن كېيىن داۋاملىق تەربىيىلىنىشكە قاتناشقانلار 1000 دىن، قىسقا
مۇددەتلىك كۇرستا تەربىيىلەنگەنلەر 300 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ
كەتتى. 1000 غا يېقىن دېھقانچىلىق تېخنىكى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى-
مۇ مۇشۇ مەكتەپتە بىلىم ئالدى. دىلمۇرات تۇنىياز ھۆكۈمەت ۋە مالىيە تارماق-
لىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قى-
لىپ، ئوقۇتۇش ئۆسكۈنىلىرىنى، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى. 650 مىڭ
يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تەجرىبە، ئۈلگە كۆرستىش بازىسى قۇرۇپ چىقتى. تۆت
كەنتتە دېھقان، چارۋىچىلار پەن ـ تېخنىكا كىتاب ئۆيى بەرپا قىلدى.

ماڭغان يولىدىن گۈل ئۈندى. ئۇزۇن يوللاردا ئىز قالدى. بىر
قانچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەك-
تىپى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى تەرى-
پىدىن «مۇنەۋۋەر مەكتەپ» بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. بۇلتۇر مەكتەپ
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش، دېھقان، چارۋى-
چىلارنى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى
بايلىقى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۆت تۈرلۈك خىزمەتتە يەنە ئاپتونوم رايون

بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاقسۇ شەھىرى، باي، كۇچا، شايار، ئۈچتۇرپان، كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىمۇ يەككە تۈر بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. دىلمۇرات تۇنىياز ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرى»، «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. 2005 ـ يىلى مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى ئۇنىڭغا «يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىگە 20 يىل تۆھپە قوشقان شەخس» دېگەن شەرەپنى بەردى.

2006 ـ يىل ئاۋغۇست ئاقسۇ ـــ

# جەسۇر ئوغلاننىڭ خىسلىتى

غايىسىز ئادەم سۇسىز تۇگمەنگە ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ غايىسى قانچە يۈكسەك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن جىنايى ئىشلار ساقچىسى مۇتەللىپ مامۇت 15 يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا نۇرغۇن سىناقلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى گۈزەل مەنىلەرگە تولدۇردى. ئۇ كۆپ قېتىم زور، مۇرەككەپ دېلولارنى ۋاقتىدا پاش قىلىپ، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە، كەسىپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە ئاقسۇ شەھەرلىك خ خ ئىدارىسى رەھبەرلىكىنىڭ جىددىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇتەللىپ مامۇت بۇيرۇقنى دەرھال قوبۇل قىلدى ھەم ۋاقتىدا ھەرىكەت باشلىدى. ئاقسۇ شەھىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە زور تەسىر پەيدا قىلغان، ئاقىۋىتى يامان بولغان، دۆلەت يولى 314 ـ لىنىيىسىدە تەكرار يۈز بەرگەن بىر بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق شايكىسى مۇتەللىپ مامۇتنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ۋاقتىدا تامار قىلىندى. تەشكىل ئۇنىڭ جەسۇرلۇقىغا ۋە ساقچىغا خاس باتۇرلۇقىغا يۇقىرى باھا بەردى. كەسىپداشلىرى ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاقسۇ شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى ھەم ج خ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدى.

ھۆرمەت ھەقىقىي نەتىجىدىن پەيدا بولىدۇ. بىر ج خ ساقچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆرمەت — كەسىپكە بولغان قىزغىنلىق ۋە باتۇرلۇقتىن ھاسىل بولىدۇ. مۇتەللىپ مامۇتنىڭ كەسىپداشلار ئارىسىدا

بۇنداق زور ھۆرمەتكە ئېرىشىشكە تۆۋەندىكى دېلونىڭ ۋاقتىدا پاش قى-لىنىشى سەۋەب بولدى.

1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى-گىچە بولغان ئارىلىقتا 314 ـ نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ ئاقسۇ تەۋە-سىدە ئارقا ـ ئارقىدىن 11 قېتىم بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى. نۇرغۇن كىشىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرى-دى. يولۇچىلار، شوپۇرلار ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. تۇنجى قېتىملىق دېلو 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچ سائەت 11 ئەتراپىدا 314 ـ لىنىيىگە جايلاشقان ئاقسۇ شەھەرلىك ماي ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىدا يۈز بەردى. تۆت لۈكچەك «شيالى» ماركىلىق ماشىنا بىلەن كېلىپ، يولدا ۋېلسىپىتلىق كېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، پىچاق تەڭلەپ، ئۇ كىشىنىڭ 350 يۈەن پۇلىنى بۇلىغان، ئارقىدىن ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئېغىزلىرىغا توپا تىقىپ قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بىر سىنىڭ يۈزى نىقابلانغانىدى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە قەشقەردىن كەلگەن ئىككى تىجا-رەتچى يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئۇچرىدى. ئۇلار-نىڭ ئايرىم ھالدا 240 ۋە 5000 يۈەن پۇلى كۆزنى يۇمۇپ ئاچ-قىچە ئارىلىقتا بولاپ كېتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە ۋىلايەتلىك 2 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى يولدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم زەخىملەندۈرۈش دېلوسى تۇ-غۇلدى. تۆت لۈكچەك «شيالى» ماركىلىق ماشىنىدىن چۈشكىنىچە يولدا ماشىنا رېمونت قىلىۋاتقان شوپۇر خېلىل بىلەن ھەسەنجاننىڭ 720 يۈەن ۋە 4100 يۈەن پۇلىنى بۇلاپ، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ تىز، مەيدە ۋە ئېغىزلىرىغا پىچاق ۋە ئەتۋىركە تىقىپ قاچتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى-نىڭ يۈزى نىقابلانغانىدى. ساقچىلار تۆت كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي رازۋېدكا قىلغان بولسىمۇ، بىرەر يىپ ئۇچى بايقىيالمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 26 ـ كۈنلىرى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە 314 ـ نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ 1052 كىلومېتىرلىق جايىدا (يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە قۇرۇلۇش خىمىيە ـ سانائەتتى زاۋۇتى ئەترا-پىدا) كەينى ـ كەينىدىن «شيالى»، «ئاۋتو» ماركىلىق تاكسىلار بىلەن

كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. بولۇپمۇ، 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىدە يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق قىلىش ۋەقەسىدە، لۈكچەكلەر قەشقەرگە كېتىۋېتىش سەپىرىدە يول بويىدا ئۇخلاۋاتقان مەھەممەت ئىسىملىك بىر شوپۇرنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان يەككە تىجارەتچى خوتەن يېنىدىكى خۇي يىنخۇانىڭ قول سائىتى بىلەن 300 يۈەن پۇلىنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەن.

كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ ۋەقەلەر ئاقسۇ شەھەر رەھبەرلىرى ھەم ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. ئىدارە رەھبەرلىرى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەردە نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي كۆزەتتى ۋە بۇ خىل ۋەقە تۇغدۇرۇۋاتقانلارنىڭ بىر شايكا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى ھەمدە بۇ شايكىنى تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى يولداش مۇتەللىپكە تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن مۇتەللىپنىڭ بۇ دېلوغا نىسبەتەن جىددىيلىك تۇيغۇسى يەنىمۇ كۈچەيدى. ئۇ شۇ كۈنلا ئىككى نەپەر ساقچىنى ئېلىپ ساجىڭزا بىلەن قۇرۇلۇش خىمىيە ـ سانائىتى زاۋۇتى ئارىلىقىدىكى گۇمانلىق رايونلاردا جاپالىق رازۋېدكا قىلىش جېڭىگە كىرىشىپ كەتتى. كېچىسى ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بارلىق كىچىك ماشىنىنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلىدى. كۈندۈزى ماشىنىلارنىڭ نەگە بارغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ئېنىقلىدى. بىر مىنۇتمۇ ھەرىكەتنى توختاتماي، بارلىق گۇمانلىق ماشىنىلارنى تەكشۈردى. ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كىچىك كىرا ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى، شوپۇرلارنىڭ مىللىتى، ئىسمىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى دەرىجىگە ئايرىدى. بولۇپمۇ، «شيالى»، «ئاۋتو» ماركىلىق ماشىنىلارنى يىغىپ بىر ـ بىرلەپ تەكشۈردى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق رازۋېدكا قىلىش نەتىجىسىدە، بىر گۇمانلىق «ۋولگا» بايقالدى. ئۇ بۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرىنى قايتا ـ قايتا سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ دېلو تۇغۇلغان رايونغا بىر قېتىم ئادەم كىرا قىلىپ بارغانلىقىنى، ئۇ ئادەملەرنى كۆرسە تونۇيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. مۇتەللىپ بۇ يېىپ ئۇچىنى بويلاپ گۇمانلىق ماشىنىنى ئىزدەش ئۈچۈن، ئىككى كۈن پۈتۈن شەھەرنى ئايلاندى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈش-

تىن كېيىن سائەت تۆت ئەتراپىدا باشقىلارنىڭ ياردىمىدە ئېگەرچى گۈل-لۈك ئەتراپىدىكى يول بويىدا تۇرغان بىر توپ گۇمانلىق ياشنى كۆرۈپ كۆزىتىپ تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار تارقاپ، 24 ياشلار ئەتراپى-دىكى بىرى بىر ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى. مۇتەللىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كىرىپ ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى ھەم ئىتتىرىپ ماشىنىغا چىقاردى. لېكىن، بۇ جاھىل لۈكچەك بار كۈچى بىلەن ماشىنىدىن ئۆزى-نى سىرتقا ئاتتى ـ دە، ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. مۇتەللىپ ئۇ-نىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ھەم ئىككى پاي ئوق چىقاردى. چوڭ يول ئې-غىزىغا كەلگەندە، قاتار كېلىۋاتقان ماشىنىلار مۇتەللىپنىڭ يولىنى تو-سۇۋالدى. ئۇ ماشىنىلارنى ئەگىپ ئۆتكىچە لۈكچەك تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى. مۇتەللىپ يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئېرىق، يۇندا كارىزلىرىنى كېچىپ لۈكچەكنى قوغلىدى. تۇساتتىن ئۇ بىر قاشا سىمغا پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان لۈكچەك قايتا ـ قايتا چىقىرىلغان ئوق ئاۋازىغىمۇ پىسەنت قىلماي، ئورمانلىققا كىرىپ غايىب بولدى. مۇتەللىپ قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇنىڭ قانلىرى قىزىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپتى. پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلاتتى. مۇتەللىپ قور-ساقلىرىنىڭ ئېچىپ، كۈنىنىڭ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەر رايونىنى قامال قىلدى. ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ تەكشۈر-دى ۋە ئاممىدىن ئۇنىڭ بارىدىغان جايلىرىنى، بېرىش ـ كېلىش قىلىدى-غان كىشىلىرىنى سورىدى ۋە كېچىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، ئۇنى گۈلئاۋات ئاھالىلەر رايونىدىكى بىر ئاشنىسىنىڭ ئۆيىدە قولغا چۈشۈردى. ئەگەر بىر سائەت كېچىككەن بولسا بۇ لۈكچەك ئېچكىرىگە قېچىپ كېتەر ئىكەن. مۇتەللىپ تاڭ ئاتقاندا، ئۇنى يالاپ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدى ھەمدە قايتا ـ قايتا سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مۇشۇ دېلودىكى باش جىنايەتچى تۇرغۇن ئېزىز ئىكەنلىكىنى، ئۇ-نىڭ يېقىندىن بۇيان 11 قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قاتناشقانلىقىنى، بۇ بۇلاڭچىلىق شايكىسىغا سەككىز ئادەمنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقرار قىلدۇردى. مۇتەللىپ يىپ ئۇچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلىگەندىن كېيىن قىزىرىپ ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە يەنە بىر

جىنايەتچى قۇربان ياسىننى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. يامانسۇ قىرغىز مىللىي يېزىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرى ۋە قۇربان ياسىننىڭ ئۆيىنى بىر كېچە - كۈندۈز رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. ئۇ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، شۇ كۈنىلا جىنايەتچى مۇتەللىپ موللا، غەيرەت پەخىردىن، ئوسمان ئەبەيلەرنى قولغا چۈشۈردى ھەم ئەتىسى يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، تۆت كۈن ئىچىدە قۇربان ياسىن، ئەيسا ئىسكەندەر، مۇسا ئىسكەندەرلەرنى يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن تۇتتى ھەم 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاقسۇغا يالاپ ئەكەلدى. تەشكىل ۋە ئامما مۇتەللىپ ماموتنىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزگەن بۇ بۇلاڭچىلىق شايكىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى يەتتە جىنايەتچى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىندى ھەمدە ئۇلار تۇغدۇرغان 11 قېتىملىق دېلونىڭ توققۇزى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتى بولدى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى 25 ياشتىن تۆۋەن. ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرغۇن ئېزىز، قۇربان ياسىن، مۇتەللىپ موللىلار ئىلگىرىمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، تۆت يىللىقتىن بەش يىللىقچە مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان قاقباش جىنايەتچىلەر ئىدى. ئوسمان ئەبەي خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئاخىرى بۇلار يەنە قانۇن تورىدىن، مۇتەللىپ ماموتتەك ئىرادىلىك رازۋېدكىچىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

مۇتەللىپ ماموت بۇ زور دېلونى پاش قىلىش جەريانىدا ئۇيقۇ، تاماق دېگەننى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىدى. ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۇشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگىچە ئىرادىسىدىن قايتماي، ئەڭ ئاخىرىدا قانۇننىڭ ھەيۋەتلىك كۈچ - قۇدرىتىنى، خەلق ساقچىلىرىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماسلىقتەك باتۇرانە خىسلىتىنى نامايان قىلدى.

يولداش مۇتەللىپ ماموت كىچىككىدىنلا خەلق ساقچىسى بولۇشنى قەلبىگە پۈككەنىدى. ئۇ 1982 - يىلى ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى-

نىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىگە كەلگەندىن كېيىن، كەسىپكە زور ئىشتىياق باغلاپ، خەلق ساقچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك لاياقەتنى تىرىشىپ ھازىرلىدى. بولۇپمۇ ئۇ 1993 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ساقچىلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ دېلو پاش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان چوڭ، قەبىھ دېلولارغا ئۆزى قول سېلىپ پاش قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ دولان تانسخانىسى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئۈچ ئادەمنى بىراقلا ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى ئۇ 4 ـ كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

1996 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ

**ئىزاھات:**

مۇتەللىپ مامۇت 2002 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 2003 ـ يىل 2 ـ ئايدا سىياسىي كومىسسارلىققا ئۆستۈرۈلدى. ھازىرغىچە مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

# ياشلىق ناخشىسى

ئەگەر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى غايىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولالمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ خىل ھەرىكەت ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ياشلىق تولىمۇ جۇشقۇن ۋە قىزغىن بىر دەۋر. گاھىلار ناتوغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ھەۋەسىنىڭ باشلىشى بىلەن ئالتۇندەك ياشلىقىنى سۇ ئۇستىدىكى كۆپۈكتەك بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۆز غايىسى ۋە كۈرەش نىشانىنى خېلى بۇرۇنلا ئېنىق بىكىتىپ، ياراملىق بىر ئىختىساس ئىگىسى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئابدۇراخمان بۇ يولدا كېچە ـ كۈندۈز تەر تۆكتى. گەرچە ئۇ ئابرۇي ۋە شەرەپ قوغلاشمىغان بولسىمۇ، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مۇناسىپ ھالدا شەرەپ سەھنىلىرىدە بىر قانچە قېتىم چوڭ ـ كىچىك مۇكاپاتلارغا نائىل بولدى. ئۇ قىزغىن ۋە تەشەببۇسكار مىجەزى، ئىنتىلىشچان ۋە كەمتەر روھى، ئاددىي ـ ساددا ۋە ئىنتىزامچان خىسلىتى بىلەن باج گېرىبىگە جۇشقۇن ياشلىق شەجەرىسىنى يېزىپ چىقتى.

ئابدۇراخمان گايىت 1994 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئاۋات ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، ئۇ تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن ئۇن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇش مۇساپىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى بازارلىق باج پونكىتىدا بولۇپ، ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. ئۇ ئۆزى تۈزگەن باج يىغىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىگە پايدىلىق بولغان بىر قاتار لايىھە، تەدبىر ۋە تۈزۈملەرنى پونكىتتىكىلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا ۋە خىزمەتتە پايدىلىنىشىغا سۇندى. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرمىغان شارائىتتىمۇ نەچچە ھەپتە كەچلىك ۋە شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش ۋاقتىنى قۇربان قى-

لىپ، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى، ئۆلچەم ۋە بەلگىلىمىلەرنى تاختاي قىلىپ ئىشلەپ، تامغا يېپىشتۇرۇپ، باج پونكىتىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش ـ قا ۋە خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە ھەسسە قوشتى.

ئابدۇراخمان گايىت خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى بىلەن 2 ـ يىلىلا پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەشكە كىرىشتى. جەمئىيەتتە ئەمەل تۇتۇشقا قىزىقىدىغانلار كۆپ، لېكىن ئۇنىڭدىن مەقسەت بىر خىللا بولمىسا كېرەك. بەزىلەر ئۆزىگە سالاپەت قوشۇش، سۈر ـ ھەيۋە پەيدا قىلىش، ئالالىقانداق مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئەمەل تۇتۇشقا قىزىقسا، يەنە بەزى بىلىملىك، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدىغانلار بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ «تۇغماس توخۇ» دەك يا ئورۇننى بەرمەي، يا خەلققە «تۇخۇم تۇغۇپ بەرمەي» يۈرۈشىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئەمەل تۇتۇپ بېقىشنى ئويلايدۇ. ئابدۇراخمان گەرچە «تۇغماس توخۇ» لارغا دۇچ كەلمىگەن بولسىمۇ، تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە، 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «قوش تەكلىپ قىلىش» تۈزۈمى ئارقىلىق باج يىغىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 2 ـ نۆۋەتلىك «قوش تەكلىپ قىلىش» تا باج تەكشۈرۈش 3 ـ پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

بۇ گەرچە تەشكىلات بۆلۈمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەيىنلەيدىغان ئەمەل بولمىسىمۇ، ئىدارىگە نىسبەتەن ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك ئورنى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئەمەلنىڭ ھەر ھالدا مەلۇم ئەمەلىي كۈچى بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى بۇ ئەمەلنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئەمەس، كۆپچىلىكنى قانداق قىلغاندا بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە يېتەكلەپ، پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى جانلىق ۋە نەتىجىلىك قانات يايدۇرۇش ئىدى.

بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇراخمان ئىشنى پونكىتتىكى 7 نەپەر كادىرنى سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەشتىن باشلىدى. پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى باج خىزمىتىگە ئائىت لۇشيەن،

فاڭجېن، سىياسەتلىرى ھەمدە «باج قانۇنى» ۋە باج خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ھەربىر باج خادىمىدا «ھەر قانداق جايدا - مۇشەققەت تارتقاندىمۇ دۆلەت ئۈچۈن بايلىق توپلاشنى ئەلا بىلىش» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا ۋە «خەلقنىڭ باج كادىرى خەلقنى كۆزلەيدۇ» دېگەن ياخشى ئوبرازنى تىكلەشكە تىرىشتى.

خىزمەت داۋامىدا ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، «ياشلىق باھارىنى باج خىزمىتىگە تەقدىم قىلىش» تېمىسىدا كۆپ قېتىم مۇھاكىمە ۋە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنىدا تۆھپە يارىتىش قىزغىنلىقىنى ۋە ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەش روھىنى ئۇرغۇتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خىزمەتتە تېخىمۇ ئەستايىدىل ۋە تىرىشچان بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا كەسپىي بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەپ، باج خىزمىتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى دەرھال ھەل قىلالايدىغان، باج قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك قانداق مەسىلىنى سورىسا تېز، توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇراخمان گايىت مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. ناھىيىنىڭ جايلاشقان ئورنى چەت، پۇقرالارنىڭ باج تاپشۇرۇش ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى ئىككى يىلدا ناھىيىدىكى بازارلار كاساتلىشىپ، سودا ياخشى بولمىغاچقا، ئەسلىدە بېكىتىلگەن باج سوممىسى يەككە تىجارەتچىلەرگە ئېغىر كېلىپ، باجنى ۋاقتىدا تۆلىمەيدىغان، باج كادىرلىرىنى كۆرسىلا دەرد تۆكۈپ، ھال ئېيتىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئابدۇراخمان ئىزچىل تۈردە سىياسەت بويىچە ئىش بېجىرىپ كەلدى. تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولسا ئۆزى پونكىتتىكى خادىملارنى بىرگە باشلاپ بېرىپ، قايتا - قايتا ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ھەقىقەتەن باج سوممىسىنى تۆۋەنلىتىشكە تېگىشلىكلىرىنى پرىنسىپ بويىچە مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ بەردى. تۆۋەنلىتىشكە تېگىشلىك بولمىغانلىرىغا قارىتا سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى ئاستا - ئاستا قايىل قىلدى. ئەتىسى، ئاخشاملىرى ئۆينى ئىزدەپ نەرسە - كېرەك ئېلىپ كەل-

گۈچىلەرنىڭ ئەكەلگەن سوۋغىسىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، «بىز ئىشنى پرىنسىپ بويىچە بېجىرىمىز، ئىش بولسا ئىشخانىغا كىرىڭ» دەپ يولغا سالدى.

ئەلا مۇلازىمەت ۋە خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىپسىل ئوبراز تىكلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئابدۇراخمان نەچچە كېچە ئۇخلىماي، بىر قانچە قېتىم تۈزىتىش ئارقىلىق «باج ئېلىشتا مەدەنىي بولۇش، مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىش» لايىھەسىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقتى. قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، بۇ لايىھە دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇلدى. ئابدۇراخماننىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن ئۆز ئوبرازىنى تۈرغۇزۇشقا بۇرۇندىن باشلاپلا دىققەت قىلىپ كەلگەن پونكىت خادىملىرى ئەمدى تېخىمۇ جۇشقۇن ۋە قىزغىن بولۇپ كەتتى. مەيلى ئىشخانىدا ياكى سىرتقا چىقىپ باج تەكشۈرگەندە بولدۇن، رەتلىك كىيىنىپ، ئىش ئورنى گۇۋاھنامىسىنى تاقاپ، مۇئامىلىدە ئەدەپلىك ۋە سەۋرچان بولدى. باج تاپشۇرغۇچىلاردا ھەر ۋاقىت، ھەر قاچان ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشتى.

بىر قېتىملىق ئەھۋال ئىگىلەشتە ئېلى سەمەت ئىسىملىك يېمەك ـ ئىچمەك (ئاشخانا) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىنىڭ ئىككى ئايلىق باجنى تاپشۇرمىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان دەرھال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەستايىدىل ۋە سىلىق تەلەپپۇزدا «سىز باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدىڭىز، سۈرۈك ئىچىدە قالدۇق باجنى تاپشۇرمىسىڭىز بولمايدۇ» دېدى. لېكىن ئېلى سەمەت غالجىرلىق بىلەن «مەندە پۇل يوق، ئالساڭ جېنىمنى ئال» دېدى ۋە تۇيۇقسىزلا غالجىرلارچە ئابدۇراخماننىڭ گېلىغا پىچاق تەڭلەپ تەھدىت سالدى. ئابدۇراخمان قىلچە ھودۇقماي، تەمكىنلىك ۋە مەردانىلىق بىلەن «مېنى ئۆلتۈرمىكىڭ ئانچە تەس ئەمەس، لېكىن باج تاپشۇرماي قۇتۇلمىقىڭ تەس» دېدى. بۇ سۆز ئېلى سەمەتنى سەگىتتى. كېيىن ئابدۇراخماننىڭ بىر قانچە قېتىم ئىنچىكە ۋە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ئېلى سەمەت باج ئىدارىسىگە ئۆزى بېرىپ باج تاپشۇردى.

باج سىستېمىسىدا كومپيۇتېر ئەمدىلا قوللىنىلىۋاتقان شارائىتتا ھەر ھالدا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بولسىمۇ قەدەمدە بىر دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان ئەمەلىي مەسىلىلەر ئابدۇراخماننى تەبىئىي ھالدا ئىدارىدىكى باشقا يولداشلارنىڭ ئۇستازىغا ئايلاندۇردى. كومپيۇتېردا كۆرۈلگەن كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، سىستېما قاچىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇ ئىدارىدىكى يولداشلارغا ئەمەس، باشقا ئىدارىدىكى يولداشلارغىمۇ خالىس ۋە قىزغىن ياردەم بەردى. ئۇ باشقىلارنىڭ كومپيۇتېرىنى 78 قېتىم ھەقسىز ئوڭشاپ بەردى، 24 قېتىم ھەقسىز سىستېما قاچىلاپ، ھەتتا ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈپ ئۆگىتىپ قويدى. 1998 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا 20 كۈن، 2000 ـ يىلى ناھىيىلىك دۆلەتلىك باج ئىدارىسىغا بىر ئاي كومپيۇتېردىن دەرس ئۆتۈپ بەردى. خىزمەت ئېھتىياجى ۋە ئۆز قىزىقىشى بىلەن خەنزۇتىلى قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەسپىي جەھەتتە ھەر قانداق ماتېرىيالدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان، باشقا مەزمۇندىكى ماتېرىياللاردىنمۇ ئاساسىي جەھەتتىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۆگەنگەنلىرىدىن ۋە خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، باج كەسپىگە دائىر ئىلمىي ماقالىدىن ئۈچ پارچە، تەرجىمە ماقالىدىن 6 پارچە ئېلان قىلدۇردى، شۇنداقتىمۇ ئۆگەنگەنلىرىدىن قانائەتلىنىپ قالمىدى ۋە باشقىلاردىن ئاياپ ئولتۇرمىدى.

بىر قانچە قېتىم پونكىتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، 300 ـ 400 يۈەندىن ئىئانە توپلاپ، ناھىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش قورallىرىنى ئېلىپ ئىئانە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر يىلى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن قالغان نامرات ئوقۇغۇچىلارغا، ئاپەت رايونىدىكى خەلق ئاممىسىغا ياردەم قىلدى. تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىئانە توپلاش پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا ھەر يىلى 500 ـ 600 يۈەندىن ئىئانە بېرىپ كەلدى.

ئابدۇراخمان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىمۇ ئالاھىدە قەدىرلەپ كەلدى. باج تەكشۈرۈش 3 ـ پونكىتىدا بىر نەپەر خەنزۇ ئايال بولۇپ، دەسلەپىدە خىزمەتكە تازا چۆكۈپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئابدۇراخمان ھەر

جەھەتتىن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ ياردەم قىلدى. يېزىغا بېرىشقا توغرا كەل-
گەندە، ئۇنىڭغا ئىشخانىدا قېلىپ كەسپىي بىلىم ۋە كومپيۇتېر ئۆگىنىشنى
تاپشۇردى. ئىشخانىدا بىر گە ئىشلىگەن ۋاقىتتا كەسپىي جەھەتتىن يې-
تەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ بىلمىگەن يەرلىرىنى زېرىكمەي چۈشەندۈ-
رۈپ، ئۇنىڭ يارامىلىق بىر باج كادىرى بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن مەلۇم دە-
رىجىدە كۈچ چىقاردى.

«ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك». ئابدۇراخماننىڭ ئۆز كەسپىنى قەدىر-
لەيدىغان، تىرىشچان روھى ئۇنى تىنىمسىز ھالدا ئىزدىنىش، تۆھپە قو-
شۇش يولىدا ئاپانماي تەر تۆككۈزدى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىش-
تۈردى.

ئۇ گەرچە شان ـ شەرەپ تەمەسىدە بولمىغان ۋە ياكى باشقىلار
كۆرمەي قالمىسۇن، دەپ پۇرسەت پەرەسلىك قىلمىغان بولسىمۇ، خىز-
مەتداشلىرى ۋە ئىدارە رەھبەرلىكى بۇنى كۆرۈپ يېتىپ، يۇقىرى با-
ھالارنى ۋە مۇناسىپ شەرەپلەرگە ئىگە قىلدى.

ئابدۇراخمان 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر 7 يىل ئىل-
غار خىزمەتچى ۋە مۇنەۋۋەر باج كادىرى، ئابدۇراخمان مەسئۇل بولۇپ
ئىشلىگەن پونكىتمۇ ھەر يىلى ئىلغار بۆلۈم (پونكىت) بولۇپ باھالاندى.
2000 ـ يىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى تەرىپىدىن پارتىيە ئىستىلى،
پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار پارتىيە ئەزاسى، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق
ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، 2001 ـ
يىلى ناھىيە بويىچە ئىلغار پارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك باج
سىستېمىسى بويىچە «ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتىكى مۇنەۋۋەر باج
كادىرى» بولۇپ باھالىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلان-
دى. يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن، ئۇ بۇلتۇر 7 ـ ئايدىن باشلاپ
ئىدارىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسىغا مۇدىر بو-
لۇپ، تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى.

ياشلىق دېمەك كۆيۈش ۋە يېنىش دېمەكتۇر. ئۇ ئۆز غايىسى يو-
لىدا تىنىمسىز كۆيمەكتە. پەرۋانىغا ئوخشاش ئۆزىنى ئوتقا توختاۋسىز

ئۇرماقتا. بۇ ئوت ۋەتەنگە، ئۆز خەلقىگە ۋە كەسپىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت ئوتى، ۋۇجۇدىدىن ياڭرىغان ياشلىق ناخشىسى ئىدى.

2003 ـ يىل ئاپرېل، ئاۋات

**ئىزاھات:**

ئابدۇراخمان ھازىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

# ئەجىر مەستانىسىنىڭ بەختى

## مەڭگۈ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار

1995 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بېيجىڭ «خەلق سارىيى» تولىمۇ قايناق، تولىمۇ جەزبىدار تۈسكە كىرگەنىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى، ھەر قايسى ساھەلىرىدىن كەلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى چوڭقۇر ھاياجان، چەكسىز بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن 3000 يۈەن پۇل، شەرەپ گۇۋاھنامىسى، شەرەپ ئوردىنى ۋە خاتىرە بويۇملىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى لى پېڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. ئادەتتە ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدىغان بۇ پۇرسەت، بۇ مىنۇت، بۇ دەقىقىلەر چەت، نامرات، يىراق يۇرتتىن كەلگەن مىجىت مامۇتتەك بىر ئاددىي دېھقان ئوغلىنى، ئاددىي يەككە ئەمگەكچىنى خۇش قىلىۋەتتى. «بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ» دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق كاتتا شان ـ شەرەپكە ئېرىشىپ قېلىشىنى، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختىگە كېلىپ قېلىشىنى ئۆمرىدە خىيالىمۇ قىلىپ باقمىغانىدى. شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بېرىپ قېلىشىنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىدى. شېرىن خىياللىرىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەستىنلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ھەم ئۆزى بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كەلگەن نەمۇنىچىلار بىلەن بىرلىكتە ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شيۇڭ خۇيىن، ۋالىي تۇرسۇن سادىرلار ئۇلارنى ئالاھىدە تەبرىكلىدى. شۇ يىل 10 ـ ئايدا ئۇ

ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ-رۇمچىگە بېرىپ يەنە تەقدىرلەندى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ 40 يىللىق مە-رىكىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن جاڭ چۈنيۈن، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن بۇ شان ـ شەرەپ ۋە ئۇنتۇلغۇسىز پۇرسەت ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ-نىڭ قەلب قاتلىمىدا پارتىيە ۋە خەلققە مەڭگۈ سادىق بولۇش، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئىرىشىپ ئاقلاش شۇنداقلا توختىماي ئىلگىرىلەپ، يۇرتى ۋە خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئىستىكى تۇ-غۇلدى.

## بەخت يولىدا ئىزدىنىش

بۇ يىل 38 ياشقا كىرگەن مىجىت مامۇت ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدىكى ئەڭ نامرات كەنت—— دۆڭقىشلاقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ 7 ـ سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، ئەينى چاغدىكى ئېھتىياج بويىچە سەككىز كەنتنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرى بولغان ھەم چېلىشچىلىق جە-ھەتتە يېزا، ناھىيە بويىچە نام چىقارغانىدى. يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇغداي، قوناق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش ماھىرلىرى ئىدى. مىجىتمۇ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بىلگەچكە، بىر تەرەپتىن ئۇرۇق يېتىشتۈ-رۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن يەر تېرىدى. لېكىن، دېھقانچىلىق بىلەنلا شۇ-غۇللانغاندا بېيىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، قو-شۇمچە بورداقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى ھەمدە ئىلگە-رى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان تەجرىبىسى بويىچە قوي، كالا بورداشقا كىرىشتى. 1987 ـ يىلى بەش كالا بورداپ ئۈنۈمىنى كۆرگەن-دىن كېيىن، كېيىنكى يىلى يەنە 10 كالا، 15 قوي بورداپ، ھەربىر كا-لىدىن 200 يۈەن، قويدىن 70 يۈەندىن پايدا ئالدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ دەسمايىسى، پايدىسى كۆپىيىشكە، تەدرىجىي بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1992 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200

كالا، 200 دىن ئارتۇق قوينى بورداپ چىقىرىپ، يىللىق پايدىسىنى 40 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. دېھقانچىلىقمۇ ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى.

ئۇ بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئاۋات، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئاشلىق تىجارىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ پايدا ئالدى.

سىياسەتنىڭ كەڭرىلىكى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مىجىت خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالدى. لېكىن، دۆڭقىشلاقتىكى دېھقانلار تېخىچە نامرات ھالەتتە ياشاۋاتاتتى. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئۇن، ياغ يېيىشتە كۆپ قىيىنچىلىق تارتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ئۇن، ياغ زاۋۇتى قۇرۇش پىلانى تۇغۇلدى. لېكىن، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدا زاۋۇت قۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇ يېزا، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا 1993 ـ يىلى دۆڭقىشلاق 4 ـ كەنتتىن بەش مو يەر ھەل قىلىپ، چوڭ تاشيول بويىغا 260 مىڭ يۈەن خەجلەپ ئۆي، ئىسكىلات، قوتان ۋە تىجارەت ئۆيلىرى سالدى. ئۇن، ياغ زاۋۇتى قۇردى. باغ ۋە كۆكتاتزارلىق بىنا قىلدى. ئۇن زاۋۇتى سائەتتە 24 خالتا ئۇن، ياغ زاۋۇتى سائەتتە 40 كىلوگرام ياغ تارتالايدۇ. ئۇ ئاشلىقنى ئەتراپتىكى دېھقانلاردىن، زىغىرنى ئۇچتۇرپان، باي قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋالدى ھەمدە مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاپ، باھانى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، خېرىدارلارنى جەلپ قىلىپ، كىرىمنى كۆپەيتتى ۋە بىر يىل ئىچىدىلا زاۋۇت قۇرۇشقا سالغان مەبلەغنى تىرىلدۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ئۇن، ياغ، گۆشلىرى كەنت، يېزا، ناھىيە ھەم قوشنا يېزىلاردىكى ئاشخانىلارغىچە سېتىلدى. ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىق بېرىپ ئىشلىتىۋاتقان ئادىمىدىن يەتتىسى، بىر «بېيجىڭ» ماركىلىق ئىككى تونىلىق يۈك ماشىنىسى، 400 تۈپتىن ئارتۇق بورداپلىۋاتقان قوي، كالىسى، 40 مو تېرىلغۇ كۆكتاتزارلىقى بار. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ كېيىشكە بولىدىغان دەرىخى 600 تۈپتىن، كېسىپ قۇرۇتۇپ قويغىنى 100 تالدىن ئاشىدۇ. ئۇ ھازىر ئاۋات ناھىيىسى ۋە ۋىلايەت بويىچە تونۇلغان دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە باشقا كۆپ خىل ئىگىلىكنى بىر گەۋدە قىلغان ئۈندىۋىر سال يەككە ئەمگەكچىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يېقىندا ئاتاقلىق ياز-

غوچى قېيۇم تۇردى ئۇنى يوقلىدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى ھەم ئۇنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش روھىنى ماختاپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشكە ئۈندىدى.

## دۆلەتنى، خەلقنى، يۇرتداشلىرىنى قەلبىگە پۈكۈش

مىجىت مامۇت بېيىغاندا قولىنى ئوچۇق، قارنى ـ كۆكسىنى كەڭ قىلىپ، مەردلىك بىلەن ئىش قىلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن بېرى دۆلەتكە ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 يۈەندىن جەمئىي 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك باج ۋە باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرغاندىن سىرتىدا، كەنتتىكى نامراتلارغا، مېيىپلارغا، مائارىپقا ئىزچىل ياردەم بېرىپ كەلدى. ھەرىيلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە كەنتتىكە 20 مىڭ يۈەندىن، دېھقانلارغا 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، كۈزدە يىغىۋېلىشنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان 1500 كىلوگرام ئۇن، 100 كىلوگرام زىغىر يېغى، 100 كىلوگرام گۆشنى ئاجىز، نامرات، مېيىپ كىشىلەرگە ياردەم قىلدى. بارات مامۇت بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى مىجىت مامۇتتىن 2200 يۈەن قەرز ئېلىپ ھازىرغىچە قايتۇرالمىدى. باشقا دېھقانلارمۇ بۇلتۇر ئالغان قەرزدىنلا 30 مىڭ يۈەننى قايتۇرالمىدى. لېكىن مىجىت مامۇت ئۇلارنى قىلچە خىجىل قىلمىدى. بەلكى ئۇلارغا پۇل لازىم بولسا يەنە بەردى. ھەسەن ئەمەت، ئۆمەر روزى، داۋۇت راخمان، تاۋار پالتى قاتارلىق تۆت دېھقانىنىڭ كىچىك تراكتور سېتىۋالغۇسى بولسىمۇ، پۇلى بولمىغاچقا سېتىۋالالمىغانىدى. بۇنى بىلگەن مىجىت مامۇت ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە بېرىپ، ئۇلارغا بىردىن تراكتور ئېلىپ بەردى. ئۇلار پۇلنى 2 يىلغىچە بۆلۈپ قايتۇرۇپ بەردى. لېكىن، مىجىت ئۇلاردىن بىر تىيىنمۇ ئۆسۈم تەلەپ قىلمىدى. شۇڭا ھەر قانداق كىشى پۇل لازىم بولسا ئىككىلەنمەي ئۇنى ئىزدەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇ يىل باشقىلارغا نېسىگە بەرگەن گۆش، ئۇن، ياغلىرىنىڭ قىممىتى 150 مىڭ يۈەنگە، دېھقانلاردا ئۇن ئەكىتىپ نېسى قالغان بۇغدىيى 10 تونىنغا

يەتتى. ئۆزىگە پۇل شۇنداق ئېھتىياجلىق بولسىمۇ ئۇنىدىمىدى.

## خاتىمە

بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلغار يەككە ئەمگەكچىلەرنى تەقدىرلىگەندە، ئەڭ ئالدى بىلەن مىجىت ماموت تىلغا ئېلىندى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم. مەن ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن يەنە قانداق پىلانلىرىنىڭ بارلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق دېدى:

بازار ئادەمنى تاۋلايدۇ. مەن ھازىرقى ئىگىلىكىم ئاساسىدا، يەنە بىر چوڭ تېپىتىكى توخۇ فېرمىسى، ئەنجۈر، ئانارلىق باغ ۋە بىر ماي قاچىلاش پونكىتى قۇرۇپ چىقىمەن. ھازىرقى ئاشلىق ـ ماي دۇكىنىمنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئەجىر ئارقىلىق يۇرتۇمنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشىمەن.

1996 ـ يىل دېكابىر، ئاۋات

# ئەجىردىن كۆكلىگەن ھايات

قابىلىيەت بىلىم ئىچىدە، بىلىم ئۆگىنىش ئىچىدە، ئۆگىنىش تۇرمۇش ئىچىدە، تۇرمۇش كۈرەش ئىچىدە.

ئەجىر ئادەمنى كۆكلىتىدۇ، تاۋلايدۇ، ھاياتنى نۇرلاندۇرىدۇ. كىشىگە شادلىق، گۈزەللىك، بەخت، ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەجىر ئەخمەتجاننى دەل شۇنداق تاۋلىدى. بەخت ۋە ئامەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئۇنسۇ دىيارىدا تۆككەن ئەجرى چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ئۇنى ئاددىي ئىشچىلىقتىن داڭلىق كارخانىچىغا، نامرات ئادەمدىن مىليونېرغا، سەبىي، ساددا باللىقتىن پىشقان، تەجرىبىلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ چىقتى. ھازىر ئۇ ئۇنسۇ ناھىيىسىدە 110 ئادەمگە ئىگە بىر خىش زاۋۇتى، بىر رېستوران، بىر كۆلەملەشكەن خەلق باغچىسىغا ئىگە داڭلىق كارخانىچى بولۇپ قالدى. 2000 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن ئۆمەك تەركىبىدە سىنگاپور، مالايسىيە، تايلاند، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ، ئىككى ئاي تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. شۇ يىلى يەنە شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق يەككە، خۇسۇسىي كارخانىچىلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن تەقدىرنامە ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئۇنىڭ قەلبى ھاياجان ۋە ئىپتىخارغا تولدى. غەيرەت ـ شىجائىتى يەنىمۇ ئۇرغۇپ تاشتى.

## نامراتلىق ۋە شىجائەت

نامراتلىق— ئادەمنى ئىزدىنىشكە، يول ئېپىشقا ئۈندەيدۇ. ئەخمەتجان ئۇنسۇ ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، سىرىقتال كۈن كەچۈرەتتى. بۇ ھال ئەخمەتجاننىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى.

دى. ئۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىدى. شۇڭا ئىزچىل تۈردە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، سىنىپ كادىرى بولۇپ كەلدى. بىراق نامراتلىق ئاخىرى ئۇنى ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى. 1975 - يىلى ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرىغا قەدەم باسقان، قەلبىدە ئۇلۇغۋار ئارزۇلار بىخ سۈرۈۋاتقان ئەخمەتجان مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئايرىلىپ، پۇل تېپىپ ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداشتىن ئىبارەت مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنسۇ ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىغا بېرىپ توختاملىق ئىشچى بولدى. ئۇ كېسەك تۆكتى، خىش پىشۇردى. ياخشى ئىشلەپ ئىشچىلار ئارىسىدا تېزلا كۆزگە چېلىقىپ، زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەمدە رەسمىيلىشىپ، خىش پىشۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە ئاقسۇغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زاۋۇت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، تېخنىك، سېخ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ قولى ئەپلىك، ئايىغى چاققان، تېخنىكىسى ئۈستۈن بولغاچقا، بىر نەچچە يىلدا زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماھىرىغا، ئىستىقباللىق ئادەمگە ئايلاندى. خىزمەت ئاكتىپچانلىقى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەپسۇسكى ئەخمەتجاننىڭ تەقدىرىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1981 - يىلى ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ يۈكى ئۇنىڭ شىلىسىغا ئارتىلدى. بارا - بارا 20 يۈەن ئىش ھەققى بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداش مۇمكىن بولماي قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەخمەتجان ئويلاندى، تولىمۇ ئۇزاق ئويلاندى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزىلىق خىش زاۋۇتى ئەخمەتجاننى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى. چۈنكى بۇ زاۋۇتنىڭ بىر نەچچە ئىشچىسى ئىلگىرى ئەخمەتجاننىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن، ئۇنىڭ خىش پىشۇرۇش تېخنىكىسىغا قايىل ئىدى. ئەخمەتجان قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئىككى يىللىق مۇددەت بىلەن ئاتۇشقا كەلدى. ئىككى يىل جەريانىدا ۋەيران بولغان سۇنتاغ خىش زاۋۇتىنى ئاتقا مىندۈردى. زاۋۇتنىڭ 250 مىڭ يۈەن كونا قەرزىنى تۆلەپ، تۈگەتكەندىن سىرت، يىلىغا 30 مىڭ يۈەن پايدا يا-

رىتىپ بەردى. ئۆزىمۇ تويتوغرا 10 مىڭ يۈەن پۇل يىغدى ھەم بۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ خۇشال ھالدا ئۈنسۇغا قايتىپ كەلدى.

«ھەي پۇل! ھەي پۇل!» دەيتتى ئەخمەتجان قولىدىكى ئەمگەك مېۋىسىنى قايتا ـ قايتا ساناپ تۇرۇپ. «مەن بۇ پۇل بىلەن بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك، ئائىلەمنى چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك.» ئەخمەتجاننىڭ زاۋۇتقا قايتا بارغۇسى كەلمىدى. بۇ پۇل بىلەن بىرەر سودا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن نېمە سودا قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئەينى يىللاردا ئۈنسۇدا سودا ـ سېتىق ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچى ئائىلىسى 70 كىمۇ يەتمەيتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شاملى بۇ زېمىنغا باھار ھىدى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەخمەتجان بۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئالدى بىلەن تىجارەت كىنىشكىسى بېجىردى. ئاندىن چوڭ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، بىرەر سودىنىڭ ئېپىنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. بىر كۈنى ئۇ 10 مىڭ يۈەننى ئېلىپ ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدى. ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا داخېيەنگە ماڭغان بىر ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس ئۇچرىدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي داخېيەنگە كەلدى. داخېيەندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا كەلدى. بېيجىڭدا 40 كۈن تۇرۇپ ھەممە سودىنى كۆزەتتى. دۇكانلارنى ئارىلىدى، بازارلارنى تەھلىل قىلدى. ئاخىرى ئۇ ئەر ـ ئايالچە كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇ كىيىملەرنىڭ يېرىمىنى ئۈرۈمچىدە تېزلا سېتىپ، 5000 يۈەننى 10 مىڭ يۈەن قىلدى. قالغان يېرىمىنىڭمۇ سېتىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ كىيىملەرنى ئۈنسۇغا قايتۇرۇپ كېلىپ يۇرتداشلىرىغا ساتماقچى بولدى. گەرچە ئۈنسۇغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سېتىلىشى ئاستا، پايدىسى ئاز بولغان بولسىمۇ، ئەخمەتجان سودىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى كەسىپنىڭ ئېپىنى، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ كىيىم ـ كېچەك ۋە رەخت سودىسىغا كىرىشىپ كەتتى ھەمدە ئۈنسۇنىڭ «ئەشمەبۇلاق سودا بازىرى» دا مەخسۇس دۇكان ئېچىپ،

1996 ـ يىلىغا كەلگەندە 300 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىگە ئايلاندى.

## خىرىس ۋە رىقابەتكە ئاتلىنىش

ئەخمەتجان بىيىدى، شۇنداقلا تېخمۇ بەك بېيىشنى ئويلىدى. دەل شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ناھىيىسىدىكى ئىشلەمچى يېزىلىق خىش زاۋۇتىنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىش توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر ئەخمەتجاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ زاۋۇت 6 يىلدىن بۇيان روناق تاپالمىغان ھەتتا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ھۆددىگە ئېلىپمۇ ماڭدۇرالمىغان ئىدى. ئەخمەتجان رىقابەتكە قاتنىشىپ، بۇ زاۋۇتنى ھۆددىگە ئېلىشنى ئويلىدى. لېكىن ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. 7 ئادەم بىراقلا رىقابەتكە چۈشتى. 300 مىڭ يۈەن، 330 مىڭ يۈەن، 350 مىڭ يۈەن، 400 مىڭ يۈەن... رىقابەتچىلەر بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى باھا قويىماقتا ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ زاۋۇتنى بۇنچىلىك يۇقىرى باھادا ھۆددىگە ئېلىشقا ئەرزىمەيتتى. لېكىن ئەخمەتجان ئىلگىرى خىش زاۋۇتىدا كۆپ يىل ئىشلىگەن، يەنە كېلىپ بۇ جەھەتتە مول تەجرىبە، ھەۋەس ۋە بەلگىلىك تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. ئۇ بىراقلا زاۋۇتقا 450 مىڭ يۈەن باھا قويۇپ،رىقابەتچىلىرىنىڭ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ئاي داۋاملاشقان كەسكىن رىقابەت ئاياغلاشتى. ئەخمەتجان ئاخىرى زاۋۇتنىڭ 15 يىللىق قانۇنىي ئىگىسىگە ئايلاندى. لېكىن 450 مىڭ يۈەننى بىراقلا تاپشۇرۇش ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز بانكىغا قاترىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن ياردەم سورىدى. تىل ـ ئاھانەتلەرگە ئۇچرىدى. ئاخىرى ئۇ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ ياردىمىدە 300 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە 450 مىڭ يۈەننى تەييار قىلدى...

ئۇ زاۋۇتقا كەلدى. 500 مو كۆلەمدىكى بۇ زاۋۇتتا يا سۇ، يا يول، يا بىر تۈپ دەرەخمۇ يوق ئىدى. توكمۇ نورمالسىز ئىدى. يەرلەر ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ، بىرخىل چۆل ـ جەزىرە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان

بولۇپ تۇراتتى. ئەخمەتجان ئالدى بىلەن زاۋۇتتا 40 نەپەر ئىشچى قوبۇل قىلدى. قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقاردى، يول ياسىدى. كۆچەت تىكىپ باغ بىنا قىلدى. خۇمدان ۋە ئىشخانىلارنى رېمونت قىلدى. مەيدانلارنى رەتلىدى. بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 1996 - يىل 3 - ئايدا زاۋۇتنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈردى. شۇ چاغلاردا خىشنىڭ باھاسى يۇقىرى ئىدى. ئەخمەتجان خىشنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، باھانى باشقىلاردىن ئەرزان قىلدى. مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئىلمىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىپ چىقىرىش يوللىرى راۋانلاشتى. تۇنجى يىلى زاۋۇتنىڭ ساپ پايدىسى 206 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كېيىنكى يىلى ئەخمەتجان 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلىدى ۋە يېڭىلىدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. توپا ئېتىش ماشىنىسىدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. 2002 - يىلى 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ خۇمداندىن يەنە بىرنى كۆپەيتىپ، ئادەمنى ئەسلىدىكى 40 تىن 80 گە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن زاۋۇتنىڭ تېخنىكا كۈچى، رىقابەت كۈچى، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كۈنلۈك خىش ئىشلەپچىقىرىشى مىقدارى 1996 - يىلدىكى 30 مىڭ دانىدىن 80 مىڭ دانىگە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 10 مىليون دانىگە يەتتى. ھازىر بۇ زاۋۇت باغ، دەل - دەرەخ بىلەن قورشالغان، خىرىس ۋە رىقابەتكە تاقابىل تۇرالايدىغان، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان بىر ئىلغار، مەدەنىي خۇسۇسىي كارخانا بولۇپ قالدى.

## ئارامباغنىڭ بارلىققا كېلىشى

يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ، ئادەم ئىشلىگەنسېرى روھلىنىپ كېتىدۇ. تىجارەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كويىدا بولۇۋاتقان ئەخمەتجان 2000 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇنسۇ «خەلق باغچىسى» نى 30 يىللىق ھۆددىگە ئالدى.

باغچىنىڭ سەككىز نەپەر خىزمەتچىسى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان تۆرۈك ئىش ھەققى ئالالماي كەلگەن ئىدى. ئەخمەتجان ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئاندىن يەنە 12 خىزمەتچى قوبۇل قىلىپ، ئادەم سانىنى 20 گە يەتكۈزدى. باغچىنىڭ ئالدى ۋە يان تەرەپتىكى كونا ئۆيلەرنى چېقىپ، ئازگاللارنى تۈزلىدى. 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1000 كۋادرات مېتىر كۆلەمگە ئىگە «ئارامباغ رېستورانى» بىلەن 20 نەچچە ئېغىزلىق تىجارەت ئۆيى سالدۇردى. باغچىغا چىم تېرىپ، كۆچەت تىكتى. بىر يۈرۈش باللار ئويۇنچۇقى سەپلىدى. ساياھەتچىلەر ئارام ئالىدىغان شىپاڭ سالدۇردى. كۆكەرتىش، گۈل ـ گىياھلاشتۇرۇشنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ باردى. ئەنجۈر، ئانار، گىلاس، جىنەستە، ياڭاق، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى زەربىدارلىق بىلەن يېتىشتۈردى. باغچا يوللىرىنى تۈزلەپ ئاسفالتلاشتۇردى. بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈزۈم كارىدورى ياساپ چىقتى. يول بويى ۋە باغ ئەتراپىغا تۆمۈر رېشاتكا ئورناتتى. 3 يىلدا جەمئىي 2 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 65 مو كۆلەمدىكى بۇ باغچىنى يىراق ـ يېقىندا نامى بار، مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلىرى بىر گەۋدىلەشكەن ئۆلچەملىك سەيلە ـ ساياھەت باغچىسىغا ئايلاندۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئارامباغ باغچىسى» غا ئۆزگەرتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جۇ شىڭتاۋ، مىجىت ناسىر، يۈسۈپ ئەيسا، ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن خۇ چاڭئەن، ئۆمەرجان مىرزائەخمەت قاتارلىقلار بۇ باغچىغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ئەخمەتجاننىڭ ئىگىلىك تىكلەش روھىغا يۇقىرى باھا بەردى. باغچىغا كىرگەن سەيلە ـ ساياھەتچىلەر باغچىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، شېرىن مېۋىلىرىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى ۋە ئەخمەتجاننىڭ مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئارامگاھ ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

## پەگادىن تۆرگە

ئەخمەتجان نەمەت ھالال ئەجرى بىلەن بېيىپ، كىشىلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇردى. دۆلەت ۋە خەلققە زور تۆھپە قوشتى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ

دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 400 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. مائارىپ قۇرۇلۇشى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش، مېيىپلار ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلارغا 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە خىش قاتارلىق ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. 110 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 70 نەپەر. بۇ خىل تۆھپە ئۇنى پەگادىن تۆرگە، خىش پىشۇرۇش سېخىدىن شەرەپ مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقتى. 1994 ـ يىلى ئۇ ئۇنسۇ ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 1999 ـ يىلى ئۇنسۇ ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، 2001 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئۇ دائىمىي قارار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئۇ 10 يىل «ئىلغار سودا ـ سانائەتچى»، «ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىش ماھىرى» دېگەنناملارغا ئېرىشتى. 2001 ـ يىلى شەرەپ بىلەن ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئەجىرى خۇددى قۇياش نۇرىدەك يالتىراپ، ئاخىرى ئەخمەتجاننىڭ ھاياتىنى باھار چېچىكىگە پۈركىدى.

2003 ـ يىل ماي، ئۇنسۇ

# جىگدىلىكتىن قاراباغقىچە

بۇ قېتىم باي ناھىيىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئاساسلىق تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى قىزىل يېزىسىنىڭ جىگدىلىك كەنتىدىن باشلاندى. كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەزگىل بولغاچقا، ئەتراپتىكى پايانسىز يېشىللىق تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىرگەن ئىدى. باي ناھىيىلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ھاشىم ياسىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنى جىگدىلىك كەنتىنىڭ 1 - گۇرۇپپىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر زەيلىك يېنىغا باشلاپ كەلدى.

— بۇ زەيلىك 2003 - يىلى چېپىلغان، ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ زەيلىك چېپىلغاندىن كېيىن يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى، مەھسۇلاتى ئاشتى. نۇرغۇن ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى،— دېدى ئۇ بۇ زەيلىكنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ.

— ئىلگىرى زەيلىكنىڭ ئەتراپى ئۈنۈمسىز يەر ئىدى. بۇ يەردىكى ئېتىزلارمۇ تۇگىشىپ كېتەي دەپ قالغان. بىز نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 175 مىڭ يۈەن چىقىرىپ كۆۋرۈك سالدۇق ھەم بۇ زەيلىكنى چاپتۇردۇق. ئالدىمىزدا يەنە 2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ بار.

ماشىنىلار ھاشىم ياسىن ئولتۇرغان ماشىنىغا ئەگىشىپ ئىچكىرىلەپ ماڭدى. كەنت يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۈزۈم كارىدورى كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى. 2 - گۇرۇپپىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭگە كەلگەندە ھەممەيلەن ماشىنىدىن چۈشتى. ھاشىم ياسىن كۆۋرۈك بېشىدا تۇرۇپ تار، لېكىن ئىنتايىن ئەپچىل، چىرايلىق ياسالغان بۇ ئۆستەڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

— بىز بۇنىمۇ 2003 ـ يىلى چاپتۇردۇق. ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 5000 موغا يېتىدۇ.

— بۇ ئىنتايىن ياخشى بوپتۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئۇل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمەي تۇرۇپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ،— دېدى ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جياڭ لۇجېڭ خۇشال بولغان ھالدا. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ، قىزىل يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلا غازى ئېغىز ئاچتى.

— بۇ تۇر قۇرۇلۇشى يېزىمىزغا نۇرغۇن پايدا ئېلىپ كەلدى. ئىلگىرى دېھقانلىرىمىز سۇنىڭ دەردىنى تارتقان. بۇ زەيلىك چېپىلغاندىن كېيىن يەر سۇغا قاندى، مەھسۇلات، كىرىم ئاشتى. بۇغداي، قوناق، شال، زىغىر، ئۈزۈم ئوخشايدىغان بولدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ «قان ئىشلەپچىقىرىش» تىپىدىكى نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى بولدى. ئەڭ ئادەتتىكى زىغىرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىلا 50 كىلوگرامدىن 100 نەچچە كىلوگرامغا چىقتى.

زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلەر مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. رەھبەرلەر قىزىل يېزىسىنىڭ كەنت ـ مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ، بىر پەستىن كېيىن ئۇدۇل سايرام بازىرىنىڭ 16 ـ كەنتىدىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ياڭاقچىلىقتا ئۈلگە كۆرستىش نۇقتىسىغا كەلدى. كەنت كومىتېتى قورۇسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى 300 مو يەرگە بۇ يىل ئەتىيازدا پۈتۈنلەي ياڭاق كۆچىتى تىكىلىپتۇ. ھاشىم ياسىن رەھبەرلەرنى ياڭاقلىق باغ ئىچىگە باشلاپ كىردى ۋە ياڭاقنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسىنى سۆزلىدى.

— ياڭاق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتىمۇ يۇقىرى، بۇ يىل ئەتىيازدا بۇ يەرگە 6900 تۈپ ياڭاق كۆچىتى تىكتۇق. 2002 ـ يىلى بۇ بازاردا 450 مو يەرگە ياڭاق كۆچىتى تىكىلدى. ھازىر مېۋىلىدى. دېھقانلار خېلى ئوبدان نەپ ئالدى. بۇ يىل چوڭ كۆۋرۈك يېزىسىدىمۇ 500 مو يەرگە ياڭاق تىكىلدى. نۆۋەتتە، ناھىيە ياڭاقچىلىقنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈ-

پىتىدە تۇتۇۋاتىدۇ.

جياڭ لۇجېڭ ۋە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن كەلگەن بەي خېنىم، يالقۇنلار بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولدى ھەمدە «پۇلنى مۇشۇنداق ئىشقا ئىشلىتىش كېرەك، دېھقانلارغا پايدىلىق ئىش بولسىلا قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى، بىز مۇ قوللايمىز» دېدى.

16 ـ كەنت 2001 ـ يىلى قىزىل سۇ ئامبىرى رايونىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئىكەن. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى رەتلىك سېلىنغان خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر كۆزگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. ھاشىم ياسىن رەھبەرلەرنى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. بۇ دېھقاننىڭ ئىسمى ئابلا ھەسەن بولۇپ، ھويلىسى ئازادە ھەم رەتلىك ئىكەن. قوتىنىدا 10 نەچچە تۇياق قوي ـ ئۆچكىسى، ئۆيىدە زاپاس ئاشلىقى، بېغىدا ئوخشىغان مېۋىلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ھاللىق سەۋىيە پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قوغۇن ـ تاۋۇز تىلغاچ:

— 15 مو يېرىم بار. يەر يامان ئەمەس ھوسۇل بېرىۋاتىدۇ. قوشۇمچە چارۋا باقتىم. ھۆكۈمەتمۇ چارۋا ئېلىپ بەردى. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئوبدانلا ھاللىنىپ قالدۇق. ھازىر ھېچنەرسىدىن غېمىم يوق،— دېدى. ئارقىدىنلا ھاشىم ياسىن گەپ قوشتى:

— بۇ يەرگە 61 ئائىلە كۆچۈرۈلگەن. بىز ھەر بىر ئائىلىگە 30 مىڭ يۈەندىن ئاجرىتىپ مۇشۇنداق ئۆي سېلىپ بەرگەن. باغ ئورنى ۋە تېرىلغۇ يەرنى بىر تۇتاش كېسىپ بەرگەن. ھازىر بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشى. نامراتلارنىڭ سانى يىلمۇ يىل ئازىيىۋاتىدۇ.

رەھبەرلەر ئابلا ھەسەننىڭ قورۇ ـ قوتان ۋە بېغىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشىلانغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. سايرام بازىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەر ئىسمائىل بۇلتۇر بازار بويىچە كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 2300 يۈەندىن، نامرات ھېسابلىنىدىغان 16 ـ كەنتنىڭمۇ كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 1200 يۈەندىن ئاشقانلىقىنى ئېيتقاندا رەھبەرلەر تېخىمۇ خۇشال بولدى.

يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان تالالىق زىغىر زاۋۇتى باي ناھىيىسىدىكى بىر پۇقراۋى كارخانا بولۇپ، ئۇ داۋانچى، قاراباغ، چوڭ كۆۋرۈك، ياقى-

ئېرىق قاتارلىق يېزا ـ بازار، مەيدانلاردىكى دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان تالالىق زىغىرنى سېتىۋالىدىكەن. جەمئىي 53 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بۇ قۇرۇلۇشمۇ نامراتلارنى يۆلەش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئىكەن. ھازىر 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ. 2007 ـ يىلىغا بارغاندا بۇ زاۋۇت 4 يۈرۈش تالالىق زىغىر ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلايدىكەن. 1200 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدىكەن. رەھبەرلەر ھاشىم ياسىننىڭ ھەمراھلىقىدا قۇرۇلۇش نەق مەيدانىنى تەپسىلىي كۆردى. دېھقان ئىشلەمچىلەر بىلەن سۆزلەشتى. ئارقىدىن داۋانچى دائىرىسىدىكى تالالىق زىغىر تېرىلغان ئېتىزلىقتا بېرىپ، پىشاي دەپ قالغان تالالىق زىغىرلارنى كۆردى. بۇ يىل ناھىيە بويىچە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق تالالىق زىغىر تېرىلغان. ھاشىم ياسىننىڭ دېيىشىچە، بۇ خىل تالالىق زىغىرلارنىڭ پىششى بالدۇر، تالاسى ئۇزۇن، مەھسۇلاتى يۇقىرى ئىكەن. بۇ زاۋۇت پۈتسە ئەتراپتىكى دېھقانلار ھەر جەھەتتىن نەپكە ئېرىشىدىكەن.

رەھبەرلەر داۋانچىدىن ئايرىلىپ قاراباغ يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى. ماشىنىلار ئېگىز ـ پەس تاشلىق يولدا كۆچەپ ئىلگىرىلىدى. ئەڭ يامىنى كۆتەكتۇر كەلكۈن جىلغىسىدا ماشىنىلار ئېقىن ئىچىگە پېتىپ قالدى. 1 سائەتچە ئېلىشىش ئارقىلىق ماشىنىلار ئاران تارتىپ چىقىرىلدى. «پاھ، قاراباغقا بارماق نېمانچە تەس» دېيىشتى ھەممەيلەن چېكىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ. دەرۋەقە، قاراباغقا بارغۇچە خېلى كەچ كىرىپ قالدى. جياڭ لۈجيڭ قاتارلىقلار شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈپمۇ چارچىغىنىنى ھېس قىلمىدى. تالالىق زىغىر تېرىلغان جايلارنى قالدۇرماي كۆردى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن بارغانلار ئوخشىغان تالالىق زىغىرلارغا قاراپ، تالالىق زىغىر ۋە تالالىق زىغىر زاۋۇتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تەھلىل قىلدى. ئۇلار كۆڭلىدە دېھقانلارغا ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

ھاشىم ياسىن جياڭ ئاقساقالغا قاراپ: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە بەزى نەتىجىلەر قولغا كەل-

تۈرۈلدى. 2003 ـ ، 2004 ـ يىلى ناھىيە بويىچە نامرات ئائىلىلەرگە 3762 تۇياق قوي ئېلىپ بېرىلگەن. ھازىر بۇ قويلار كۆپىيىپ 6188 تۇياققا يەتتى. 2003 ـ يىلىدىن كېيىن نۇقتىلىق نامرات كەنتلەرگە 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭنى ياساپ بەردۇق. تيەنيۇ ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قاتارلىق تايانچ كارخانىلارنى نامراتلارغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇردۇق. بۇ يىل نامراتلارنى يۆلەش تۈرى بويىچە 800 مو ياڭاق، 2200 مو ئۆرۈك كلۈك باغ بىنا قىلدۇق، دېدى. جياڭ ئاقساقال ھاشىم ياسىنغا قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتتى.

2005 ـ يىل ئاۋغۇست، باي

# سادىق چاكار

ـــ «قۇ تۇگىينى بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ھەممىسى تونۇيدۇ، مۇشۇ 10 نەچچە يىلدا ناھىيىمىز تەۋەسىدە ئۇ بارمىغان جاي، ئۇ كىرمىگەن ئۆي قالمىدى. ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى تېپىلىدۇ...»

مانا بۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېزا، كەنتلىرىدىكى خەلقنىڭ سۆزى، مانا بۇ مەن بىۋاستە ئاڭلىغان گەپلەر.

بىر ئادەمنىڭ تۆھپىسى خەلقنىڭ باھاسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. قۇ تۇگىجى قانداق قىلىپ ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالىدى؟

بىر قېتىم ئۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئاقيار يېزىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر ئۇيغۇر دېھقان ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ. قۇ تۇگىيى ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن «بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى» دەپ سورىغاندا، ئۇ «قۇ جۈيجاڭ، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، پەقەت سىزنى بىر مېھمان قىلىۋالاي دېگەن ئويۇم بار، سىزنى ئۇزاقتىن بېرى ساقلاپ تۇراتتىم. بۇگۈن ماشىنىلىرىنىڭ نومۇرىغا قاراپ سىزنى تونۇۋالدىم. ئەينى چاغدا سىز ياردەم قىلمىغان بولسىلا، مەن بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىشالمايتتىم، ھازىر ھال ـ كۈنۈم ياخشى بولۇپ قالدى» دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇ تۇگىينىڭ قالبى سىمابتەك ئېرىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ كىشىنى ئېسىگە ئالالمايدۇ، ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلغانلىقىنىمۇ ئالللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دېھقان بىلەن بىر پەس مۇڭداشقاندىن كېيىن ئۆزرە ئېيتىپ يولغا راۋان بولىدۇ. دېھقاننىڭ ياخشى كۆڭلى، سەممىي نىيىتىدىن ئۇ ئىنتايىن رازى بولىدۇ.

يەنە بىر قېتىم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى ئاقيار يېزىسىنىڭ كەنتلىرىدە خىزمەت تەكشۈرۈۋاتاتتى. بىر ئۇيغۇر بوۋاي ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ «باشلىق سىلە قۇ تۇگىيمۇ؟» دەپ

سورايدۇ. ئۇ بۇ كىشىنىڭ فۇ تۇڭيى ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن «خاپا بولمىسىلا، مەن خاتا تونۇپ قاپتىمەن، فۇ تۇڭيىنىڭ ماشىنىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى، مەن ئۇنى كەلگەن چېغى دەپتىمەن» دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ رەھبەر ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ. فۇ تۇڭيىنىڭ دېھقانلار قەلبىدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇن ئالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى 16 مىللەت ئولتۇراقلاشقان چېگرا ناھىيە شۇنداقلا دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ، ناھىيە بويىچە نامراتلارنىڭ ئومۇمىي سانى 27 مىڭ ئادەمدىن ئاشىدۇ. دائىملىق قۇتقۇزۇش ئائىلىسىدىن 3369 ى، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىدىن 482 سى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىدىن 2887 سى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك شەھەر ئائىلىسىدىن 217 سى بار. فۇ تۇڭيى دائىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى. نەدە ئاپەت بولسا، دەرھال شۇ يەرگە ئاتلاندى، خەلقنىڭ قايغۇسىنى ئۆزىنىڭ قايغۇسى، خەلقنىڭ دەردىنى ئۆزىنىڭ دەردى دەپ بىلدى. قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس. فۇ تۇڭيى ئامما ئارىسىدا يۈرۈش داۋامىدا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە نامراتلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ھەمدە تەپسىلىي لايىھىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ لايىھىسى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە نامراتلارنىڭ ئولتۇراق شارائىتىنى ياخشىلاش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. فۇ تۇڭيى بۇ پىلانىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، تالاي قېتىم يول مېڭىپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈردى شۇنداقلا ئۇ ئولتۇراق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىش توشۇش، توپا قېزىش، ياغاچ يۆتكەشكە قول سېلىپ ئىشلىدى. قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىشقا ئا-

دەتلەنگەن. فۇ تۇڭيى ئۇلارنى مۇقىم ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، تۇرمۇش رايونىدا مەكتەپنىڭ يوقلۇقىدىن غەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان. بۇ گەپنى ئاڭلىغان فۇ تۇڭيى دەرھال ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ، مەبلەغ ھەل قىلىپ، مۇقىم ئولتۇراق رايونىغا بىر مەكتەپ سېلىپ بەردى. يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەندە، بەزىلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى، قالايدىغان ئوتۇن ـ كۆمۈرى يوق ئىدى. فۇ تۇڭيى ئۇلارغا ئاشلىق، ماي، ئوتۇن ـ كۆمۈر ئاپىرىپ بەردى. ئۇلارغا يەنە سۇ مۇنارى سېلىپ بەردى، توك تارتىپ بەردى، ئۆي ـ ئۆيگە لابا تارتقۇزۇپ بەردى...

فۇ تۇڭيىنىڭ بىۋاستە تۇتۇشى نەتىجىسىدە، 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ، يامانسۇ يېزىسىنىڭ قارا يۇلغۇن ئولتۇراق رايونى، كۆكجىگدە ئولتۇراق رايونى؛ ياكۆۋرۈك يېزىسى، يېڭىئاۋات يېزىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن نامراتلار ئولتۇراق رايونى قۇرۇلدى. ئولتۇراق رايون قۇرۇلۇشى ناھىيە بويىچە 97 كەنت، 455 مەھەللىگىچە كېڭەيدى. جەمئىي 1240 ئېغىزلىق ئۆي سېلىنىپ، 3175 نامرات دېھقان، چارۋىچى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان 479 ئائىلىگە يېڭىدىن ئۆي سېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي 314 كە يەتتى، بۇنىڭغا كەتكەن جەمئىي مەبلەغ 25 مىليون 745 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ 4 مىليون 983 مىڭ 900 يۈەننى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ۋە مالىيە تارماقلىرى بەردى. فۇ تۇڭيى مەبلەغ ھەل قىلىش جەھەتتە كارامەت تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ساناتورىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتى. ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم ـ يېسىر ۋە نېرۋىسى ئاجىز بىمارلارنى ساناتورىيىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. ساناتورىيىگە كېرەكلىك ئاشلىق، گۆش، سەي ـ كۆكتات، ئوتۇن ـ كۆمۈرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى يېتىم ـ يېسىرلارغا چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ھازىر ناھىيە بويىچە 6 ساناتورىيە بار بولۇپ، ئۇنىڭ شارائىتى يىلمۇ يىل ياخشىلاندى.

خەلق ئىشلىرى خىزمىتى سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، تۈرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ خىزمەت بولۇپ، ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى كەڭ خەلققە يەتكۈزىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. فۇ تۇڭيى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپلا قالماي، بەلكى كادىرلارغىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويىدى. ئاممىنىڭ ساداسىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش، دەردىگە دەرمان بولۇش، قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىش، قىزغىن، سەمىمىي، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىشنى ھەر دائىم تەكىتلەپ تۇردى ھەم ئۇنى ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى.

يولداش فۇ تۇڭيى 1951 ـ يىل 8 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خۇينىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1969 ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، كۇچا ناھىيىسىدە تۇرغان ھەم شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىرگەن. 1975 ـ يىلى ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1984 ـ يىلى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ، ئاقيار يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئۆتىگەن. 1987 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ يۈكى، مەسئۇلىيىتى ئېغىرلاشتى، ئۇ پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن خەلقنىڭ غېمىنى يېدى، نامراتلارنى ئويلىدى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى ئويلىدى. ھەر يىلى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان نامرات، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت ياغدۇردى، شۇڭا خەلق ئۇنى تونۇدى، ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆردى، ئۇنى شەپقەتچىمىز، غەمگۈزارىمىز دېيىشتى. پەقەت 1997 ـ ۋە 1998 ـ يىلى قىشتىلا ھەر قايسى يېزا (بازار) لاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 70 توننا ئۇن، 720 كىلوگرام ياغ، 40 توننا كۆمۈر، 20 توننا كىيىم ـ كېچەك تارقاتتى، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قۇتقۇزۇش پۇلى بەردى. بۇنىڭ بىلەن نامراتلارنىڭ قىشلىق تۇرمۇشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولدى. 1999 ـ يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە تۈرلۈك ئاپەت ئارقا ـ

ئارقىدىن يۈز بەردى، خەلقنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان بىر قىسىم ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر يەنە قايتىدىن نامراتلىشىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن فۇ تۇڭيىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى. ئۇ پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا، كەنتلەرنى تەپسىلىي ئارىلاپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈردى. ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، ئوتۇن - كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلىدى ھەمدە 52 تونىنا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، 581 كىلوگرام ياغ، 1984 هارۋا ئوتۇن، 154 تونىنا كۆمۈر، 14 مىڭ 520 يۈەنلىك تۇرمۇش بۇيۇمى ۋە زور مىقداردا كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە تارقاتتى. بۇ ئارقىلىق قىشنى قانداق ئۆتكۈزۈشتىن غەم قىلىپ يۈرگەن مىڭلىغان ئائىلىنىڭ دىلى يايراپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، فۇ تۇڭيى ناھىيە ۋە ھەر قايسى يېزا (بازار) لاردا ھەمكارلىق كاسسا ئاشلىقى، ھەمكارلىق كاسسا پۇلى يىغىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە توپلانغان ھەمكارلىق كاسسا ئاشلىقى 140 مىڭ كىلوگرامدىن، ھەمكارلىق كاسسا پۇلى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

فۇ تۇڭيى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما، مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ «تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھويلا - ئاراملىرىنى ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت ئۈچنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جىددىي تۇتۇپ، 1999 - يىلى 1500 ئائىلىنىڭ، 2000 - يىلى 1645 ئائىلىنىڭ ئۈچنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان 3145 ئائىلىنىڭ ئۆستۈرگەن مېۋىلىك دەرىخى 87 مىڭ تۈپتىن، باققان توخۇ - كەپتىرى 24 مىڭ دانىدىن، چارۋىسى 6000 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى.

1996 - يىلى ناھىيە بويىچە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىدىن

1821 سانى بۇنىڭ ئارقىلىق تىرىشىش يىل تۆت ئىدى. بار سى 2887 گە ئازايدى. فۇ تۇڭيى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتا «يار ـ يۆ- لەك بولۇشنى قوشۇمچە، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشقا ياردەم بې- رىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى، ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى ھەمدە مۇ- ناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، يېزىلاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش بويىچە 36 قېتىم لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى.

خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش فۇ تۇڭيىنىڭ ئىنتايىن كۆ- چەپ تۇتقان خىزمىتىنىڭ بىرى. ئۇ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە يېڭىدىن كەلگەندە، ناھىيە بويىچە خەلق ئىشلىرى كادىرىدىن پەقەت ئالتىسىلا بار ئىدى. ھازىر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 40 قا يەتتى. ئۇ ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى دائىملىق خىزمەت قاتارىدا تۇت- تى. شۇڭا كادىرلار «فۇ تۇڭيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردەم بېرىشىلا بولى- دىكەن، تۆمۈرمۇ تاۋلىنىپ پولاتقا ئايلىنالايدۇ» دەيدۇ. يېقىنقى بىر قانى- چە يىل ئىچىدە ئۇ تەربىيىلەپ تونۇشتۇرغان بىر كىشى ئىدارە باشلىقى، تۆت كىشى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بىر كىشى مۇئاۋىن بازار باشلىقلى- قىغا ئۆستۈرۈلدى.

بارلىقىنى خەلقنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلىغان فۇ تۇڭيى ئاخىرى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە، تەشكىلىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئاقسۇ ۋىلا- يەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارى- سى، ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان شەخس»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

2000 ـ يىل دېكابىر، ئۇچتۇرپان

# ساڭ كەنتىدە سائادەت تاپقانلار

ساڭ كەنتىنىڭ شەرقىي قىسمى غۇچاباسقاق ۋە ئىماMپاشا كەنتى بىلەن، شىمالىي قىسمى دۆڭئۆۋي كەنتى بىلەن، غەربىي قىسمى گوجىلغا ۋە ئاقچىقىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبىي قىسمى باغتوغراق يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. ئەگەر بىز ئاۋات ناھىيىسىنى «جۇڭگودىكى چوڭ پاختىچىلىق شەھىرى» دەپ قارىساق، ئۇنداقتا بەشئېرىق بازىرىنى ئاۋاتتىكى پاختىچىلىق چوڭ بازىرى، ساڭ كەنتىنى بەشئېرىقتىكى پاختىچىلىق چوڭ كەنتى دەپ ھېسابلىساق خاتا بولمايدۇ. چۈنكى 512 ئائىلىسى، 9750 مو تېرىلغۇ يېرى بار ساڭ كەنتى ھەر يىلى 7000 مودىن ئارتۇق كۆلەمدە كېۋەز تېرىيدۇ. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى پاختىدىن كېلىدۇ. پاختىچىلىق كەنتىنىڭ تۆۋرۈكلۈك كەسپى ھېسابلاشتا، چارۋىچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىك كەنتىنىڭ ئەۋزەل كەسپلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كەنت دېھقانلىرى بۇ ئۈچ كەسپكە تايىنىپ ھاللاندى، سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. 2005 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 3150 يۈەنگە يېتىپ، 2004 ـ يىلىدىكىدىن 340 يۈەن كۆپەيدى. كەنت بويىچە 300 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 3 ى، 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 50 ى يېتىشىپ چىقتى. %80 ئائىلىدە چوڭ ـ كىچىك تراكتور، %90 ئائىلىدە موتسىكلىت، %95 ئائىلىدە تېلېۋىزور بار بولدى. %50 دىن كۆپرەك ئائىلە توڭلاتقۇ سېتىۋالدى. 4 يىلنىڭ ئالدىدا نامراتلىقتا نام چىقارغان ياسىن قادىر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدە 5800 يۈەن قەرزىنى تۆلىگەنتىپ، ئاخىرى خاتىرجەملىككە، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولدى. ھازىر ئۇنىڭ 20 تۇياق چارۋىسى، تېلېۋىزورى ۋە موتسىكلىتى بار. ئۇ «ساڭلىق بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى مەن ساڭدا مېھىر ـ شەپقەتكە ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتىم» دېدى.

ھازىر كەنتتە نامرات ئائىلىنىڭ سانى 25 كە ئازايدى.

ھەر قانداق بىر تەرەققىياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ. ساڭ كەنتىنىڭ تەرەققىياتى راخمان مەپىز شۇجى بولغان 1995 ــ يىلىدىن كېيىن باشلاندى. دەرۋەقە، شۇ يىل كەنتنىڭ 180 مىڭ يۈەن قەرزى بار ئىدى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، نامرات ئائىلىلەرنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، نامرات ئائىلە 40% نى ئىگىلەيتتى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1600 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. كەنت بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 7800 مو ئەتراپىدا ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈملىرى چېچىلاڭغۇ، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى قاتمال ھالەتتە ئىدى. مۇشۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇزۇن يىل يەنە مۇشۇ كەنتتە گۇرۇپپا باشلىقى، بوغالتىر، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، كەنت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن راخمان مەپىز ئىشنى «ئىككى كومىتېت» نىڭ تەشكىلىي تۈزۈملىرىنى چىڭىتىش، بەنزىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن باشلىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق، قورغانلىق رولىنى كۈچەيتتى ھەم كىرىمنى ھەر يىلى 100 يۈەندىن 150 يۈەنگىچە ئاشۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە تەدبىر—ھەل قىلغۇچ ئامىل، رەھبەرلىك—ئاچقۇچ، ئىتتىپاقلىق كۈچ—قۇۋۋەت. ئومۇمىي يەر مەيدانى 25 مىڭ مو كېلىدىغان ساڭ كەنتىدە يايلاق كۆپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق، ھەتتا جاڭگالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق ئائىلىسىدىن 12 سى بار. بىراق، 1995 ــ، 1996 ــ يىللىرى پاختا بازىرى كاساتلىشىپ كەتكەچكە، كەنتتىكى بەزى دېھقانلار يەرلىرىنى ئاق تاشلىۋېتىپ، ئۆزى باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئىش باشقا دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلار كېۋەز تېرىشتا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا تايانغاچقا، بىرلىك مەھسۇلاتمۇ تۆۋەن ئىدى. راخمان مەپىز بۇ ئىشقا قارىتا سەگەكلىك بىلەن ئويلاندى. ئاق تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنى باشقىلارنى تېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى، سىي-

لىنىمنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەم ئۆزى ئۆلگە كۆرسەتتى.
پاختىچىلىقنىڭ تۈۋرۈكلۈك ئورنىنى قىلچە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويمىدى.
بىر مو يەرگە «لىڭسەن ـ 2» دىن 35 كىلوگرام، ئاق ئوغۇتتىن 20 كىلوگرام، مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 3 ـ 4 كىلوگرام بەرسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى دېھقانلارغا قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى ھەم بۇ خىل ئۇسۇلنى ناھايىتى تېز ئومۇملاشتۇردى. ھەر يىلى 80% دېھقاننى بازاردا ئېچىلغان پەن ـ تېخنىكا كۆرسىلىرىغا قاتناشتۇردى. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئېڭى، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ئېڭى ئۆستى. ئۇلار ئۇرۇق سورتى، ئۇرۇق سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. بۇ ئارقىلىق «لودىڭمىيەن» سورتىدىكى پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى 180 كىلوگرامدىن 300 كىلوگرامغا، «شىنخەي» سىستېمىسىدىكى پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 280 كىلوگرامغا يەتتى. ئاشلىقتا تونىنلىق ھوسۇل ئېلىش رېئاللىققا ئايلاندى. كېيىنكى يىللاردا پاختىنىڭ بازىرى ياخشىلاندى. دېھقانلار پاختىدىن، ئاشلىقتىن ئوبدانلا نەپكە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىرىنى ئاق تاشلىۋەتكەن دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىزلىققا قايتىپ كەلدى ھەممە راخمان مەپىز باشچىلىقىدىكى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا ئەگىشىپ يېڭى تۇرمۇشنىڭ قەنتىنى چېقىشقا باشلىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئېچىشقا، كېڭەيتىشكە بولىدىغان يەرلەرنى ئاچتى. ئىلگىرى بىكار تاشلىنىپ قالغان يەرلەر «گۆھەر» گە ئايلاندى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە كەنت تېرىلغۇ كۆلىمىنى 9750 موغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەرنى 5 موغا يەتكۈزدى. يەرنىڭ كۆپىيىشى، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى دېھقانلارنىڭ ھاللىنىشى، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ يورۇق نۇقتىسىغا ئايلاندى.

ئەۋزەللىكنىڭ ئۆزى بايلىق. كەنت چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. دېھقانلارنى قوي، كالا، توخۇ، كەپتەر بېقىشقا ئىلھاملاندۇردى. باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلىلەرگە باقمىچىلىق قەرز پۇلى ۋە 3 مودىن 5 موغىچە قوتان ئورنى ھەل قىلىپ بەردى. سىلوس ياسىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ ئار-

قىلىق باقمىچىلىق ئائىلىلىرى تېز كۆپەيدى. 22 ئائىلە ئۆلچەملىك ئىسسىق قوتان، 50 ئائىلە كىچىك تىپتىكى ئىسسىق قوتان سالدى. 50 ئائىلە سېمونتتىن سىلوس كارىزى ياسىدى. سىلوس ياساش دېھقانلارنىڭ ئادەتلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. ھەر يىلى كەنت بويىچە نەچچە يۈز تونىنا سىلوس ياسىلىپ، چارۋا ـماللارنىڭ يەم ـ خەشەك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن چارۋا ـ مال تېز كۆپەيدى. ھەممە ئائىلىدە بىر نەچچە تۇياقتىن چارۋا ـ مال، توخۇ ـ كەپتەر بولۇش ئاساسى جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. 1995 ـ يىلى كەنت بويىچە ئاران 2000 تۇياق ئەتراپىدا چارۋا بار ئىدى. 2004 ـ يىلى بۇ كۆپىيىپ ئاز كەم 3000 تۇياققا، 2005 ـ يىلى 3215 تۇياققا يەتتى. 90% ئائىلە گۆش، تۇخۇم ۋە كۆكتاتتىن غەم قىلمايدىغان بولدى. دېھقانلار يەنە 500 مو يەرگە تاۋۇز تېرىدى.

ئىلگىرى كەنتتىكى باغلارنىڭ ھەممىسى گۈيخۇا قىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كەنتتە ئاساسەن باغ قالمىغان ئىدى. بەشئېرىق بازىرىدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ كەنت بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلدى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، راخمان مەپىز 2000 ـ يىلدىن ئېتىبارەن باغۋەنچىلىكنى نۇقتىلىق تۇتتى. ھەر بىر ئائىلىگە 5 پۇڭدىن باغ ئورنى كۆرسىتىپ بەردى ھەم بىر ئائىلىدە بىر قالىقتىن ئۈزۈم ۋە باغ بولۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېھقانلارنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا باغ بىنا قىلىشقا يېتەكلىدى. بىر نەچچە يىلدا كەنت بويىچە بىنا قىلىنغان باغ 1580 موغا يەتتى. دېھقانلار سىرتتىن مېۋە ـ چېۋە سېتىۋالمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. باغۋەنچىلىك كىرىمىنىڭ ئومۇمىي كىرىمدىكى نىسبىتى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. راخمان مەپىز يەنە كەنت ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئېتىبار بىلەن قارىدى ھەم كوللېكتىپ قارمىقىدا 60 مىڭ تۈپ تېرەك، سۆگەت يېتىشتۈردى. كەنتنىڭ 750 مو ھۆددە يېرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، كوللېكتىپ كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

راخمان مەپىز ھەر دائىم ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويىدى. پارتىيە ئەزالىرىنى ئاممىغا كۆيۈنۈشكە، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئې-

لىپ يېتەكلەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، نۇرغۇن نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا باشلامچىلىق بىلەن ياردەم قىلدى. شۇڭا نامراتلارنىڭ سانى يىلمۇ يىل ئازايدى. نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. كەنتنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق شارائىتى يىلمۇ يىل ياخشىلاندى.

قازانمۇ، چۆمۈچمۇ ماي بولدى. دېھقانلارمۇ، كوللېكتىپمۇ بېيىدى. راخمان مەپىز يۇقىرىنىڭ ۋە كەنتتىكىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلگە‑رى ـ كېيىن بولۇپ 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ كەنت ئىشخانىلىرى‑نى يېڭىلىدى. كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، شىپاخانا سالدۇردى ھەم كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنى يېڭىلاپ سالدۇردى. ھەر يىلى كەنتتىن بىر نەچ‑چە مىڭ يۈەن چىقىرىپ مەكتەپكە ئوتۇن ـ كۆمۈر ھەل قىلىپ بەردى. سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ تاملىرىنى ئاقارتىپ، پارتا ـ ئورۇندۇقلىرىنى رېمونتلاپ، كەم نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەردى. مەكتەپكە كەنتنىڭ ھۆد‑دە يېرىدىن 50 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىپ، مائارىپنى قوللاش قىزغىنلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

ئەجىر يەردە قالمىدى. ساڭ كەنتى ئاخىرى شەرەپ مۇنبىرىگە چىقتى. بىر نەچچە يىلدا كەنت ئىشخانىسىنىڭ تاملىرى لەۋھە، بايراقلار بىلەن توشۇپ كەتتى. كەنت ئاۋات ناھىيىسى ۋە بەشئېرىق بازىرى تە‑رىپىدىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت ئامانلىقى، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق تۈرلەر بويىچە كۆپ قېتىم تەقدىر‑لەندى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ناھىيە بويىچە «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. راخمان مەپىز كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى ھەمدە شە‑رەپ بىلەن «يەتتە يۇلتۇزلۇق شۇجى» قاتارىغا كىردى.

# زەپەر قۇچۇۋاتقان ئاسۇق

**خەلق گويا سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەم كېمىنى لەيلىتەلەيدۇ، ھەم چۆكتۈرۈۋېتەلەيدۇ.**

## مۇقەددىمە

ئاسۇق — ئاقسۇ شەھرىدىكى ئېگەرچى يېزىسىغا قاراشلىق يېزا ئىگىلىك كەنتى. يېقىنقى يەتتە يىلدىن بۇيان ئاسۇق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى كەنت خەلقىنى يېتەكلەپ، شەھەر ئەتراپىغا جايلاششتەك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئاممىنى بازارغا كىرىشكە ئۈندەپ، كەنت ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، كەنت قىياپىتىنى يېڭىلاشتا سەكرەش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى ھەمدە شەھەر بويىچە «بەشتە ياخشى پارتىيە ياچېيكىسى»، ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغار كەنت، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي كەنت قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ، شەھەر، ھەتتا ۋىلايەتتىكى كۈچلۈك كەنتلەر قاتارىغا ئۆتتى. بۈلتۈر كەنت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 2654 يۈەنگە، كەنت كوللېكتىپىنىڭ ئومۇمىي ساپ كىرىمى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1995 ـ يىلىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر يېرىم ھەسسە ۋە ئون ھەسسە ئاشتى. كەنت بويىچە 100 مىڭ يۈەنلىك، 200 مىڭ يۈەنلىك، 500 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىپ، ئاسۇق خەلقىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تەرەققىياتتا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئاسۇق دېھقانلىرى ئۆزگە خاس بازار ئېڭىغا، پۇرسەت ئېڭىغا، تەرەققىيات ئېڭىغا ئىگە بولدى. ئۇلار كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ باشلامچىلىق رولىغا، ياچېيكا شۇجىسى ئىمام قېيۇمنىڭ پەم ـ پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. كەنت دېھقانلى-

رى مۇنداق دېيىشتى: ئەگەر پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ دانا تەدبىرى، ئىمام شۇجى-نىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بولمىغان بولسا، بىر ھازىرقى كۈنگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق.

## ئاسۇقنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنى

تۈنۈگۈن بۈگۈنگە نىسبەتەن ئۆتمۈش. تۈنۈگۈنكى ئاسۇقنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى چېچىلاڭغۇ، قائىدە ـ تۈزۈملىرى بوش، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى تۆۋەن ئىدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق، جەڭ-گىۋارلىق، يېتەكچىلىك كۈچى ئاجىز بولغاچقا، بەزى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسى قاتماللىشىپ، قارىغۇلارچە تىرىشچانلىق قىلىش، خىيالىغا كەلگەننى تېرىش، پىلانسىز ئىش كۆرۈش شاملى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى. كەنتنىڭ مالىيە باشقۇرۇش، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى كارخانا، مېھمان-ساراي، تىجارەت ئۆيلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تېخىمۇ قالايمىقان ئىدى. كىم ئېلىۋالسا، كىم ئىگىلىۋالسا شۇنىڭ بولۇپ كېتىش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، كىرىم ـ چىقىم ئېنىق ئايرىلمايتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت دېھ-قانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماي، كەنت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇ-رۇشقا ئېغىر كاشىلا پەيدا قىلىپ كەلگەنىدى. شەھەر ئەتراپىغا جايلاش-قان ئەۋزەللىككە، كۆكتاتچىلىق كەنتى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بۇ كەنت يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاكى 1995 ـ يىلىغا كەلگۈچە تېز تەرەققىي قىلىش يولىنى تاپالماي، تېڭىرقاپ، گاڭگىراش ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ھەتتا 1995 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1200 يۈەندىن، كوللېكتىپ ئىقتىسادى 180 مىڭ يۈەندىن ئاشمىدى. كەنتنىڭ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرى، تەرەققى-يات يوشۇرۇن كۈچلىرى قېزىپ چىقىلمىدى...

بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈنكى ئاسۇق ئۆتمۈش بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باھارىنى كۈتۈۋالدى. كەنت ئاھالىلىرى «چۆمۈچ ماي، قازانمۇ ماي» بولۇش دەرىجىسىدىن ھالقىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. دېھقانلار يەرلىرىنى ھۆددىگە بېرىپ، ئۆزلىرى 2 ـ، 3 ـ

كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا، بازار ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتىشكە، كە-
رىمنى كۆپەيتىشكە باشلىدى. نەتىجىدە كەنت ئاھالىلىرى بېيىدى، كول-
لېكتىپمۇ بېيىدى. كەنت يىلمۇ يىل زەپەر قۇچۇپ، كۆپ جەھەتتىن
يېزا، ھەتتا شەھەردىكى كەنتلەرنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. كەنت پارتىيە
ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى بۇلتۇردىن باشلاپ كەنتتىكى دېھقانلار
ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك سېلىقلارنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەت-
تى. پەقەت 2002 ـ يىلى بەش خىل فوند پۇلىدىن 102 مىڭ 870 يۇ-
ەننى كەنت مالىيىسىدىن چىقىم قىلىپ بەردى. 60 ياشتىن ئاشقان 130
نەپەر پېنسىيەدەم دېھقانىنىڭ 5577 يۈەن يەر سېلىقىنى، 43 نەپەر مېيىپ
دېھقانىنىڭ 4757 يۈەن يەر سېلىقىنى كۆتۈرۈۋەتتى. 15 دېھقانىنىڭ ئۇس-
تىدىكى 25 مىڭ يۈەن كونا قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. داۋالىنىشقا
قۇربى يەتمىگەن 8 دېھقانغا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش پۇلى
ئاجرىتىپ بەردى. 60 ياشتىن ئېشىپ ئالەمدىن ئۆتكەن دېھقانلارنىڭ
يەرلىك ۋە نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرى ئۈچۈن 500 يۈەندىن دەپنە پۇلى
ئاجرىتىپ بەردى. كەنت تەۋەسىدىن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ-
لىرىدە ئوقۇۋاتقان 18 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 11 مىڭ 500 يۈەن ئوقۇش
ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئو-
قۇۋاتقان قىيىنچىلىقى بار 307 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 15 مىڭ 350 يۈەن
پۇل ياردەم قىلدى. يەنە 63 مىڭ 450 يۈەن چىقىم قىلىپ، ئالاھىدە قى-
يىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئۆي سېلىپ بەردى. بەشتە كاپالەتلىك ئائىل-
لەر، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر قانداق شارائىتتا ياخشى ئو-
رۇنلاشتۇردى. بۇلتۇر ۋە بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا كەنتنىڭ ئاممىغا
ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە خەجلىگەن پۇلى 253 مىڭ 600 يۈەندىن
ئېشىپ كەتتى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىمام قېيۇم
مۇنداق دېدى: ئاممىغا كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش
بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. بىز بۇ يىل دېھقانلار تۆلەشكە تېگىشلىك تۈر-
لۈك سېلىقنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. چۈنكى
ئاممىنىڭ غېمى— كومپارتىيىنىڭ غېمى. ئامما خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈز-
سە، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشسە، بىز پۇخادىن چىقىمىز.

## پىشقەدەم شۇجىنىڭ كارامىتى

كىمكى ياخشىلىق ۋە مەردلىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۇ خەلق ئىـ-چىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ.

رولچى تەدبىرلىك بولسا، ئامما نەپكە ئېرىشىدۇ. 1995 ـ يىلى ئىـ-مام قېيۇم ئېگەرچى باشقۇرۇش رايونىنىڭ شۇجىلىقى، قوشۇمچە خانىقا كەنتىنىڭ شۇجىلىقىدىن سەكپاچى باشقۇرۇش رايونىنىڭ شۇجىلىقى، قوشۇمچە ئاسۇق كەنتىنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكەلدى. 20 نەچچە يىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، مول تەجرىبە توپلىغان، ئاپتو-نوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شەھەر، ۋىلايەت بويىچە ئىزچىل مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى بولۇپ تەقدىرلىنىپ كەلگەن بۇ شۇجى دەسلەپتە ئاسۇق كەنتىدىكىلەرنىڭ ئانچە قىزىقىشىنى قوزغىمى-دى. ئىلگىرى ئۇنىڭ خانىقا كەنتىدەك قالاق، نامرات كەنتنى شەھەر، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار، باي كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. دەرۋەقە پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇر-دى. ئىمام قېيۇمنىڭ ئەمەلىيىتى ئاخىرى كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئىمام قېيۇم نېمە ئىش قىلدى؟ ئىمام قېيۇم پىلانلىق، سالماق ئىش كۆردى. كەنت كادىرلىرى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھا-لىتىنى كۆزەتتى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئارىلىدى. ئامما بىلەن سىرداشتى. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاخىرى ئۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقى، كا-دىرلارنىڭ بوشاڭلىقىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قابىلىيەتسىز، مەس-ئۇلىيەتسىز كادىرلارنى ياچېيكا رەھبەرلىك قاتلىمىدىن چىقاردى. كەنت كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سالدى. قائىدە ـ تۈزۈملەرنى چىڭىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈ-رۈپ، پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى ھەم ھەربىر كادىرنىڭ ۋەزى-پىسى، مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىدى. كومپارتىيە ئەزالىرى كادىرلارغا بولغان سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتتى. ياچېيـ-كىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى، دېموكراتىك تۇرمۇش تۈزۈمىنى قېلىپلاش-

تۇردى. پارتىيە قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت ئامانلىقى، مۇقىملىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل بېكىتىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بويىچە پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، دېھقانلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش جەھەتلەردە باش قاتۇردى. ئىلگىرى دېھقانلار ھەممىنى تېرىيتتى، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئىمام قېيۇم ئالدى بىلەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، سۈپەتنى، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پىلانىنى تۈزدى. ياچېيكا ھەيئەتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەپ، ھەر يىلى 50 ـ 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر نەچچە يىلدا كەنت بويىچە 2600 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ۋە ئېرىق ـ ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىپ چىقتى. كۆكتاتچىلىقنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا زور تەڭشەش ئېلىپ باردى. باغۋەنچىلىك، بورداقچىلىق، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى زەربىدارلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىرائەت قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى پائال يېتىشتۈردى. 1995 ـ يىلى كەنت بويىچە 40 مولا باغ بار ئىدى. ھازىر 840 موغا يەتتى. ئىلگىرى كەنت دېھقانلىرى پەقەت 300 مو ئەتراپىدا كۆكتات تېرىيتتى. ئىمام قېيۇم بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، يازلىق، كۈزلۈك كۆكتات كۆلىمىنى ناھايىتى تېزلا 1200 موغا يەتكۈزدى. ئاسۇق كەنتىنىڭ سۈيى مول بولسىمۇ، دېھقانلار شال تېرىمايتتى. ئىمام شۇجى دېھقانلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۈنۈمسىز يەرلەرنى ئېچىپ، ئۇلارنى شال تېرىشقا كۆندۈردى. دەسلەپتە شالنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئاران 300 كىلوگرام ئەتراپىدا بولغانىدى. ئۇ دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە كېيىنكى يىللاردا شالنىڭ مو بېشى بىرلىك ھوسۇلى 750 كىلوگرامغا يەتتى. شالدىن نەپكە ئېرىشكەن دېھقانلار بەس ـ بەس بىلەن شال تېرىپ، شال كۆلىمىنى 600 مودىن ئاشۇرۇۋەتتى. كۆكتاتچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن دېھقانلارنى پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ پارنىك كۆكتات كۆلىمى 280 موغا يەتتى.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش — ئىمام قېيۇمنىڭ ئەڭ ئالىي

غايىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ كەنتنىڭ شەھەر ئەتراپىدا بولۇشىدەك ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، كەنتتە باقمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى نىشانلىدى ھەمدە ياچېيكا يىغىنى ئېچىپ، باقمىچىلىق ئائىلىلىرىگە قوتان ئورنى ھەل قىلىپ بېرىش، ياغاچ ياردەم قىلىش، جۇغلانما ئەمگەكنى كۆتۈرۈۋېتىش، چارۋا سانىغا قاراپ 2 مودىن 10 موغىچە يەم ـ خەشەك يېرى ھەل قىلىپ بېرىشتەك ئېتىبار بېرىش چارىسىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. بۇ خىل چارە دېھقانلارنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئىلگىرى كەنت بويىچە 400 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ۋە ئىككى باقمىچىلىق ئائىلىسى بار ئىدى. ھازىر چارۋا ئومۇمىي سانى 1400 تۇياققا، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى 25 كە يەتتى. بورداقچىلىق، قاسساپچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەم 50 تىن ئاشتى. كەنت بويىچە 70 پىرسەنت دېھقان يەرلىرىنى ھۆددىگە بېرىپ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. 60 پىرسەنت ئادەم بىكار ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىش يولى بىلەن كىرىمنى كۆپەيتتى. كەنت بويىچە بىر پۈتۈن يەر، بىرمو ھويلا ـ ئارام بىكار قالمىغان يېڭى تەرەققىيات مەنزىرىسى شەكىللەندى. تاشلىق يەرلەر ئاخىرى گۆھەرگە ئايلاندى.

ئىمام قېيۇم كەنت ئىلكىدىكى كارخانىلار، رېستوران، تىجارەت ئۆيلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مالىيە باشقۇرۇش قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى ئومۇميۈزلۈك چىڭىتتى. كونا ئۆيلەرنى چېقىپ يېڭىلاپ، سۇپەتنى ياخشىلاپ، باھانى تەڭشىدى، كەنتنىڭ كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتتى. ھازىر كەنت قارمىقىدىكى كونا خۇشناۋا رېستورانى، يېڭى چىمەنزار رېستورانى، ئۆرۈكزار ئارامگاھى، تېرە بازىرى ۋە 400 ئېغىزلىق تىجارەت ئۆيى قاتارلىقلار بار بولۇپ، 2002 ـ يىلى كارخانىدىن بولغان ساپ كىرىمنى 729 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي ساپ كىرىمنى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىمۇ 2650 يۈەندىن ئاشتى.

1995 ـ يىلى كەنت بويىچە 28 نامرات ئائىلە بار ئىدى. ئىمام قېيۇم 7 نەپەر ياچېيكا ھەيئىتىنىڭ بىردىن نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزى باشلامچى بولدى. بىر نەچچە يىلدا 21 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بەزىلىرى بېيىش ماھىرىغا ئايلاندى. دېھقانلار بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدى.

## خەلق ۋەكىلى— خەلقنىڭ بالىسى

ئىمام قېيۇم ئاقسۇ شەھەرلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئېگەرچى يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى. ئۇ خەلق ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سالدى. سەكپاچى باشقۇرۇش رايونىدىكى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، كەڭ ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن، قىزىق، مۇھىم نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى ۋە ھەل قىلدى. سەكپاچى باشقۇرۇش رايونى تەۋەسىدىكى ئىككى كەنتتە 480 كىشىنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ھەر خىل سەۋەب بىلەن ھەل قىلىنماي كەلگەنىدى. ئۇ تەكلىپنى قۇرۇلتايغا سۇندى، شەھەر رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلدى. ئالاقىدار تەرەپلەر بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئاما ئىنكاس قىلغان چىرىكلىك، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئاممىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇردى. كەنت مالىيىسىنى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، كەنتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى كەنت ئاھالىلىرى كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويدى. كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا، شۇنىڭغا ياردەم بەردى. نەدە مەسىلە كۆرۈلسە، شۇ يەردە پەيدا بولدى. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاما ئۈچۈن ئىشلىدى. بولۇپمۇ ئۇ بۇ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ بىر كۈنمۇ ئارام ئېلىپ باقمىدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ شەخسىي كارخانىسى، ئاپتوموبىللىرى بار ئىدى. خىزمەتنى دەپ، ھازىر ھەممىدىن ئايرىلدى. تېخىمۇ يامىنى ئۇ ئېغىر دەرىجىدە نېرۋا كېسەللى، نېرۋا خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. دوختۇر كۆپ قېتىم ئۇنى بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرالمىدى. كەچلىرى ئوكۇل سالدۇرۇپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى...

ئۇنىڭ ئەجرى، كۆيۈنۈشى بىكار كەتمىدى. ئاسۇق كەنتى ئاخىرى زەپەر قۇچتى. ئۆزى شەھەر، ۋىلايەت بويىچە كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

2003 ـ يىلى سېنتەبىر، ئاقسۇ

# «خەزىنە» دىكى ئىككى ئەزىمەت

## 1

بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئارام ئېلىش ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىدى. بۈگۈنمۇ ئارام ئېلىش كۆڭلى ئىدى. ئۇ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىسىغا كىردى ـ دە، يېڭىدىن يوللانغان سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرۈپ چىقتى، لېكىن، يىغىۋېلىنغان قەرز پۇل، توپلانغان ئامانەت يەنىلا ئاز ئىدى، ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويدى، قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى چايان چېقىۋالغان ئادەمدەك ئازابلاندى. شۇ ئەسنادا تېلېفون ئادەتتىكى كۈندىكىدەك توختىماي جىرىڭشىغىلى تۇردى، ئىشخانىغا كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئادەملەر ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. يەنە شۇ قەرز پۇل ھەل قىلىش، ئالغان قەرزنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسلىرى، يېلىنىشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. كەسپىي ئىشلار، كۈندىلىك ئىشلار، خىزمەتچىلەرنىڭ يولىيورۇق سوراشلىرى... ئۇنىڭغا بىردەمچىلىكمۇ ئارام بەرمەيتتى. مۇھەممەت نەمەت بۈگۈنلا ئەمەس، بىرلەشمە كوپىراتىپقا مۇدىر بولغان 1991 ـ يىلىدىن بېرى مۇشۇنداق ئالدىراش ئىشلەپ كەلگەچكە، نۇرغۇن ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ قايغۇسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، تارقاتقان قەرز پۇلنى يىغالمايۋاتقان، ئامانەت ۋەزىپىسىمۇ ئورۇندالمايۋاتقان ئەھۋالدا، يەنە قانداقمۇ قەرز پۇل تارقاتقىلى، يەنە كېلىپ قەرز پۇلنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بەرگىلى بولسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل ئاخىرى تۇرسا...

ھەممىگە ئېنىقكى، 1996 ـ يىلى خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرى بىلەن شەھەر بويىچىلا ئەمەس، ۋىلايەت

بويىچە دېگۈدەك كېۋەزلەرنىڭ ئېچىلىشى كېچىكىپ، مەھسۇلات تۆۋەن-لەپ كەتتى. 11 ــ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دېھقانلارنىڭ قولىغا تۈزۈك-رەك پۇل كىرمىدى. ھەتتا، بەزى جايلاردىكى دېھقانلار يەرگە سالغان مەبلەغنىمۇ تىرىلدۈرۈۋالالماي زىيان تارتتى. دېھقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرمىسە، ئامانەت ــ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ يىل بېشىدا تارقاتقان قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىشىغا تەسىر يېتەتتى. قەرز پۇل ۋاقتىدا يىغىۋېلىنمىسا ئەڭ يامىنى كېلەر يىلى دېھقانلارغا تارقىتىدىغان مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى شۇنداقلا ئامانەت ــ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلار تۇغۇلاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن سىقىلاتتى، خىيالى مۇشۇ نۇقتا ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتە، قانداق قىلىش كېرەك؟ 40 نەچچە يىلدىن بۇيان دېھقانلارنى يۆلەپ كەلگەن، يېزىلارغا مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان ئامانەت ــ قەرز كوپىراتىپلىرى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ قەرزنى قايتۇرىسەن، دەپ دېھقانلارنى قىستاش كېرەكمۇ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىش كېرەكمۇ؟ ياق، ئامانەت ــ قەرز كوپىراتىپى دېھقانلارنىڭ يۆلەنچۈكى، ئۇنىڭ تۈپكى مەقسىتى دېھقانلار ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. ئۇ تارىختىن بۇيان شۇنداق قىلىپ كەلدى، ھازىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق قىلىدۇ... مۇھەممەت نەمەت يەنە شۇلارنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل شەھەر بويىچە تارقىتىلغان 70 مىليون يۈەن قەرز پۇلدىن 11 ــ ئايغىچىلىك ئاران 37 مىليون يۈەنگە يېقىن يىغىۋېلىندى. ئامانەت بۇلتۇرقى 117 مىليون يۈەندىن 86 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا پۈتۈن شەھەردىكى 7 يېزا، ئىككى مەيداننى 4 قېتىم ئارىلاپ چىقتى. 12 ئاساسىي قاتلام ئامانەت ــ قەرز نۇقتىلىرىغا بېرىپ كۆپ قېتىم خىزمەت تەكشۈردى، ئەھۋالدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ھەم مۇدىرى ئىكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ غەم ــ قايغۇسىنى، پارتىيە ــ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. قان ــ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. بەلكى، ئۇنى تىنىم تاپماي ئىشلەشكە ئۈندەيتتى. بىراق ھەددىدىن ئارتۇق

چارچاش، تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمەسلىك سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ يوشۇرۇن خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ، ئۇنى دوختۇرخانىدا يېتىشقا مەجبۇر قىلدى. 10 ـ، 11 ـ ئايلار ئىنتايىن ئالدىراش مەزگىل بولغاچقا، ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئالدىراش دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقىپ يەنە ئىشقا چۈشتى.

مۇھەممەت نەمەت 1974 ـ يىلى ئاقسۇ شەھرىدىكى توپلۇق يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا ئورۇنلاشقان كۈندىن باشلاپلا، ئۆزىدە مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندايتتى. 1985 ـ يىلى ئۇ بۇ كوپېراتىپقا مۇدىر بولغاندىن كېيىن، كوپېراتىپنىڭ تۈرلۈك خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ شەھەر بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. شۇڭا، تەشكىل ئۇنى «ئۈمىدلىك ياش» دەپ قاراپ، 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلدى ھەمدە شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا يۆتكەپ كېلىپ، 1988 ـ يىلى شەھەرلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈردى، ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولدى، ۋۇجۇدىدا تەشكىل ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئىستىكى ياندى.

مۇھەممەت نەمەت نەدىلا بولمىسۇن بىر قولىدا كەسپىي خىزمەتلەرنى، يەنە بىر قولىدا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇپ، كادىرلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى، ئىدىيىۋى تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كادىرلارنى تەكشۈرۈپ سىناش، باھالاش ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېزا، كەنت، مەھەللە كادىرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنىڭ ئىجرا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، قەرز پۇلنىڭ دېھقانلارغا قانچىلىك نەپ ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ ـ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئامانەت توپلاش ھەققىدە كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. 1991 ـ يىلى ئۇ مۇدىرلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي قۇۋۋىتىنى كە-

سېپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىپ، كوپىراتىپنىڭ ئۇلىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشكە باشلىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە 30 غا يېقىن كادىرنى ئوتتۇرا، ئالىي تېخنىكوملاردا نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى، تۈرلۈك كۇرسلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەنگەنلەر 300 ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچى ــ خىزمەتچى ئەسلىدىكى 80 دىن 127 گە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە 7 سى ئالىي تېخنىكوم، 29 ى ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيەسىگە يەتتى. 5 خىل كۆرسەتكۈچ يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

مۇھەممەت نەمەت 1993 ــ يىلدىن 1995 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ مۇدىرلىقىدىن باشقا، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنىمۇ ئۆتىدى. بۇ جەرياندا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقاردى.

مۇھەممەت نەمەت ئامانەت ــ قەرز كوپىراتىپلىرىنى روناق تاپقۇزۇپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەقىقىي مەدەتكارىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىياسەتنى، پرىنسىپنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش ــ جازالاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. پاك بولۇشتا ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنتىزامى، ئىستىلى، پاكلىقىغا ئائىت قائىدە ــ تۈزۈملەرنى چىڭىتتى. 1993 ــ يىلى ئايكۆل يېزىلىق ئامانەت ــ قەرز كوپىراتىپىدىكى بىر خادىمنىڭ يىغىۋالغان 3500 يۈەن قەرز پۇلىنى ھېسابقا كىرگۈزمەي خىيانەت قىلىۋالغانلىق مەسىلىسى بايقالدى، مۇھەممەت نەمەت قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ مەسىلىنى تەكشۈردى ۋە خىيانەتچىنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپلەر بىلەن تەربىيە ئىشلىدى ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە يىل ئىچىدە جەمئىي 56 مىڭ يۈەن خىيانەت قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدۇردى ھەمدە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ياردىمىدە پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋالدى. ئۇ 1990 ــ يىلدىن 1995 ــ يىلغىچە 4 ئادەم ئىلگىرى ــ كېيىن خىيانەت قىلغان 117 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ، ۋاقتىدا خەزىنىگە قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ بارلىق ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر

ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەنمۇ مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، قەرز تارقىتىش، يىغىۋېلىش ئۆتكىلىگە بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. بىخەتەرلىك، قوغداش جەھەتتە كىچىككىنە سەۋەنلىككىمۇ يول قويماي، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

مۇھەممەت نەمەت بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئىشلەش شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى. بۇ يىل 10 ـ ئايغىچە 7 يېزىدىكى كوپىراتىپنىڭ خىزمەت بىناسى يېڭىلىنىپ، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولدى. قاراتال يېزىلىق كوپىراتىپ ئىشخانا بىناسى ۋە ئائىلىلەرگە پاراۋاي ئورناتتى.

بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ بىر ئايال كادىرى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مۇھەممەت نەمەت ۋاقىت بىلەن، دەم ئېلىش، ھېيت ـ بايرام بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ئۆزىنى قىلچە ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشخانىسى دائىم ئادەملەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە ئامانەت تېز تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئىشىك تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندى. شۇڭا كېسىلى ساقايماستىنلا دوختۇرخانىدىن چىقىپ يېزا ـ مەيدانلارغا بېرىپ، ئامانەت مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، قەرز كوپىراتىپنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئىشەنچىسىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ يېقىندا كادىرلارنىڭ خەنزۇ تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 4000 يۈەن ئاجرىتىپ، بىرلەشمە كوپىراتىپتىكى كادىرلارغا كەچلىك كۇرس ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئوخشاش جاپالىق كۆيۈنۈپ خىزمەت ئىشلىگەن بولسا، كۆپلىگەن ئىشلار تېخىمۇ ئىلگىرى باسقان بولار ئىدى ـ ھە!...

1996 ـ يىل دېكابىر، ئاقسۇ

**2**

1998 ـ يىل ئۆكتەبىر، پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى تازا ئەۋجىگە

چىققان كۆنلەرنىڭ بىرىدە غالىپ ئىككى ساقچى بىلەن بىرلىكتە قاراتال بازىرىدىن 800 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ماشىنا تېز كېتىپ باراتتى. بەشتوگمەن يېزىسىنىڭ يېڭىئۆس- تەڭ باشقۇرۇش رايونىغا كەلگەندە، يان تەرەپتىكى بىر چىغىر يولدىن ئاسمان ـ پەلەك پاختا باسقان بىر تراكتور تۇيۇقسىز تاشيولغا چىقتى. پاختىنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە ئادەم بار ئىدى. تراكتورنىڭ ماشىنىغا ئۇرۇلۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى بۇ خىل سىگنال چاقماق تېزلىكىدە غالىپنىڭ كاللىسىغا تەسىر قىلدى. ئۇ ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن رولنى يانغا بۇراپ، ماشىنىنى تراكتوردىن ئېلىپ قاچتى. قىل ئۈستىدىكى پاجىئەنىڭ ئالدى ئېلىنىدى، بىراق تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنا يول بويىدىكى ئورمانلىققا ئۈسۈپ كىرىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. غالىپ بۇنداق قىلمىغان بولسا پاجىئەلىك قاتناش ۋە- قەسى يۈز بېرىپ، بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ 800 مىڭ يۈەن پۇلى زىيانغا ئۇچرايتتى. ماشىنا ئۆرۈلگەندىن كېيىن غالىپ شۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ماشىنىدىن سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ ئەي- نەك پارچىلىرى تىلىۋەتكەن قولىدىن سىرغىپ چىققان قان غالىپنىڭ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى، قالغان ئىككى ساقچىمۇ تارتىپ چىقىرىل- دى. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق زور ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىنىدى.

بۇ يىل 31 ياشقا كىرگەن غالىپ ئېلى 1990 ـ يىلى ھەربىي سەپ- تىن چېكىنىپ، 1991 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاقسۇ شەھەرلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپ بىرلەشمىسىگە ئورۇنلىشىپ، پۇل توشۇش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرلۇقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ كەسپداشلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلى- شىپ، پۇل توشۇش ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە، بى- خەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيت- تى. يىل ئاخىرىدا ئۇ مەخسۇس قوغداش كادىرى بولدى.

ئۇ قوغداش كادىرى بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلى- دى. رەھبەرلىكنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا پائال بويسۇنۇپ، بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە-

سىنى قوشتى. 1996 ـ يىل 7 ـ ئايدا رەھبەرلىك ئۇنىڭ ئىقتىدارى ھەم قىزغىنلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى قوغداش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، 1997 ـ يىل 7 ـ ئايدا مەمۇرىي ئىشخانا مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ «ياشلىق ئادەم ئۇچۇن ئىنتايىن قىممەتلىك، ياشلىقنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەم تۆھپە يارىتالمايدۇ» دېيىتتى ھەم شۇ بويىچە ئىشلەپ تۆھپە قوشۇشقا ئىنتىلەتتى. ئۇ مەمۇرىي ئىشخانىدىن ئىبارەت بىر ئۇنىۋېرسال تارماقنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى يۈرۈشلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي ساقچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە كەسپىي تەربىيىنى ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. بىخەتەرلىك، قوغداش ئەسلىھەلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ تولۇق ھەم ساق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كېچە ـ كۈندۈز مۇداپىئە كۆرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇپ، تۈرلۈك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

يولداش غالىپ ئېلى ھەربىي سەپتىكى ۋاقتىدىلا پارتىيىگە كىرگەن مۇنەۋۋەر ياش بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قانداق ئىشتا ئاۋانگارت، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى قاتتىق تۇتۇپ، پۇل توشۇغۇچى شوپۇر ۋە ساقچى يولداشلارغا بولغان نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى. ئىپادىسى ناچار بولغان خىزمەتچىلەرگە تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى جازالاش، ياخشى تەرەپكە يېتەكلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېزدىن ئۆزگىرىپ، تۆھپە قوشۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مەسىلە سادىر قىلغانلارنى دەل ۋاقتىدا كەسكىن بىر تەرەپ قىلدى. بىر كۈنى قاراتال بازىرىدىن پۇل ئېلىپ كەلگەن بىر ماشىنىنىڭ شوپۇرى ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدىگەن ئىدى. ساقچىلارمۇ شوپۇرنى ھاراق ئىچىشتىن توسمىغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان غالىپ شوپۇر ۋە ساقچىلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە شوپۇرغا 600 يۈەن، ئىككى ساقچىنىڭ ھەر بىرسىگە 200 يۈەندىن جەرىمانە قويدى ۋە بۇ ئىشنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپ سىستېمى-

سىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە يەنە بىر قېتىم كۆچلۈك سىگ-نال بەردى. غالىپ دائىم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىخەتەرلىك قوغداش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى. بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىنى ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى. ئۇ تۇرلۇك ئەھۋالنى بىرلەشمە كوپىراتىپ رەھبەرلىكىگە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆزىتىش ئەسۋابى، سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىلىرى، زامانىۋى ئالاقىلىشىش قوراللىرىنى زور كۈچ بىلەن تولۇقلىدى. ھازىر بىرلەشمە كوپىراتىپ ۋە ئاساسىي قاتلام-دىكى 13 كوپىراتىپنىڭ قوغدىنىش، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپ-لەپ بولدى. يۈل توشۇغان ماشىنىلارنىڭ يولدا قالايمىقان توختىماسلى-قى، شوپۇرلارنىڭ ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدىمەسلىكى جەھەتتە ئىنچىد-كە تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، شوپۇر ساقچىغا، ساقچى شوپۇرغا نازا-رەتچىلىك قىلىدىغان جانلىق، ئاكتىپ ۋەزىيەتنى ياراتتى. تىجارەت پو-كەيلىرىدە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئادەم بىرلىكتە ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. بىر قېتىم ئۇ شەھەر رايونىدىكى مەلۇم بىر تىجارەت ئورنىغا تويۇقسىز بېرىپ قالدۇ، شۇ چاغدا پوكەيدە ئىككى ئادەم ئىش بېجىرىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن غالىپ قاتتىق ئاچچىقلانغىنىچە دەرھال ئىشكنى تاقاشنى بۇيرۇپ، تىجارەتنى توختاتتى ۋە مەلۇم ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن يەنە بىر يولداشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈ-رۈشتۈرۈپ، تېگىشلىك جازاسىنى بەردى. ئۇ بارغانلا يېرىدە تىجارەت ئۆيلىرىنىڭ ئارقا ئىشىك ۋە يان ئىشىكلىرىنى ئۇبدان تاقاش، خىزمەتكە مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرنىڭ پوكەي ئىچىگە كىرىۋېلىشىنى توسۇش، ئاما-نەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ دەرۋازىسىنى پۇختا تاقاش، قورالنى بىر ئا-دەم، ئوقنى بىر ئادەم باشقۇرۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. يۇقىرىقى ھالقىلارنىڭ بىرەرسىدە مەسىلە سېزىلسە، بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىر-سىزلىك تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ يەنە قوغداش خىزمىتىدە

ئىككى كىشى خەزىنە قوغداش، ئىككى كىشى پۇل تـوشـۇش، پـۇل تـو- شۇش جەريانىدا پۇل ئادەمدىن، ئادەم پۇلدىن ئايرىلـمـاسلـىـق، ئـادەم قورالدىن، قورال ئادەمدىن ئايرىلماسلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىـنـى ئىشقا ئاشۇردى. پۇل توشۇپ ماڭغۇچى خادىمنىڭ مەسئۇلىـيـەت تـۈزۈ- مى، خەزىنە قوغدىغۇچىنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە «6 نىڭ ئالدىن ئې- لىش، 10 نى قىلماسلىق» تۈزۈمىنى بىر ـ بىرلەپ ئىجرا قىلىشتا چىـڭ تۇردى. مۇكاپاتلاش، جازالاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنـدىـن تاشقىرى، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بىخەتەرلىك، قوغداش مەس- ئۇلىيىتىنى ئىش ھەققى بىلەن چېتىشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلگە ئېشـى- شىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئامانەت ـ قەرز كوپىرا- تىپلىرىغا جازا بەردى ھەمدە ۋاقىت چېكى بەلگىلەپ، قوغداش خىزمىتى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە بۇيرۇدى. ئامانەت ـ قەرز كوپـىرا- تىپلىرىنىڭ قوغداش كادىرلىرىنى ھەربىي قىسىملارغا ئەۋەتىپ، قارىـغـا ئېتىش، قوغدىنىش جەھەتلەردىن تەربىيىلىگەندىن سىرت، ئۇلارنى بـى- خەتەرلىك قوغداش خىزمىتىگە ئائىت سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى كـۆرۈشـكـە تەشكىللەپ، قوغداش كادىرلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنـى يـۇقـىـرى كۆتۈردى.

غالىپ ئېلى ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىـرگـە، پـۇل توشۇغۇچى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا پۇل توشۇغۇچى بولدى. بولۇپمـۇ زور سوممىلىق، كۆپ مىقداردىكى پۇل توشۇيدىغـان ۋاقـىـتـلاردا ئـۇ ئـۆزى بىۋاستە پۇل توشۇشقا بېرىپ، رەھبەرلىكنى خاتىرجەم قىلدى.

1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەھەردە غالىپ ئېلـى يـەنـە بىر ساقچى بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇ شەھەرلىك يېزا ئامانـەت ـ قـەرز كـو- پىراتىپ بىرلەشمىسىنىڭ ساجىڭزا مىللىي مەيدانىدىكى ئامانەت ـ قـەرز كوپىراتىپىغا 500 مىڭ يۈەن پۇل ئېلىپ باردى. ئۇ پۇلنى ساق ـ سـالا- مەت تاپشۇرۇپ بېرىپ، كوپىراتىپتىكى خادىملار تەييارلىغان بىر ۋاق تا- ماقىنمۇ قارىماي ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا كۈن چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. كۈچلۈك قۇياش نۇرى ماشىنا ئىچىنى ئۇتتەك قىزىتىۋا- تاتتى. جاكۆۋرۈكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خەنزۇ زاراتكارلىقى ئەتراپىغا

كەلگەندە تويۇقسىز ماشىنىنىڭ سول تەرەپ ئارقا چاقى چىقىپ كەتتى. تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنا خۇددى مەست ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ، ئاخىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ماشىنىنىڭ كابىنكا ئىشىكى مىجىلىپ، ئەينەكلىرى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. غالىپنىڭ ئىككى پۇتى ئاسمانغا قاراپ كابىنكىدىن سىرتقا چىقىپ قالدى. بېشى ھەم يۈز ـ كۆزلىرى ئېغىر يارىلاندى، قول ـ پۇتلىرىنىڭ ئەينەك پارچىلىرى تىلىۋەتكەن يەرلىرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. يەنە بىر ساقچىمۇ ھوشسىز ياتاتتى. بەختكە يارىشا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ساقچىلار ئۇلارنى ماشىنىدىن تارتىپ چىقاردى ھەم ئۇلارنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇشتى. غالىپ ئېلى بۇ ئاق كۆڭۈل ساقچىلارنىڭ روھىدىن تەسىرلەندى. بىراق ئۇنىڭ ماشىنىنى تاشلاپ قويۇپ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ ساقچىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېغىر يارىلانغان سەپدىشىنى ۋە قورالنى ماگىزۇۋېتىپ، ئۆزى قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىداپ بۇ يولدا قالدى. ئۇنىڭ قورساقلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئالاھەزەل بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بىرلەشمە كوپىراتىپ رەھبەرلىكى يېتىپ كەلدى. رەھبەرلىك ئۇنى بىر نەچچە كۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ زەخىملەنگەن يەرلىرىنى تاڭدۇرۇپ، ئەتىسىدىن باشلاپ يەنە خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. 8 يىل جەريانىدا، بولۇپمۇ ئۇ بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىسىگە مەسئۇل بولغاندىن بۇيان، ئايدا ئاساسىي قاتلامنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن سىرت، ئاز دېگەندىمۇ 200 كۈندىن كۆپرەك ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى خىزمەت تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. نەچچە ئون كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. دۆلەت مۈلكى، كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى. مايىنى تېجەپ ئىشلەتتى، ھۆكۈمەتنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىدى.

غالىپ ئېلى 8 يىل جەريانىدا يالغۇز ئۆز خىزمىتىدىلا نەتىجە قازىنىشقا كۈچ سەرپ قىلىپلا قالماي، بەلكى بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئاكتىپ كۈچ چىقىرىدۇ. ئامانەت توپلاش، قەرز پۇل يې-

غنۇبىلىش ۋەزىپىسىنى ئايمۇ ئاي ئاشۇرۇپ ئورۇندايدۇ.

بىرلەشمە كوپىراتىپ رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى، غالىپ ئىبلىنىڭ بىۋاستە تۇتۇپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىرلەشمە كوپىراتىپ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلارنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىدە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى. بىرلەشمە كوپىراتىپ ئاقسۇ شەھىرى تەرىپىدىن «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «بىخەتەر، مەدەنىي كىچىك رايون» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. غالىپ ئىبلى ئاقسۇ شەھىرى بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى»، «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «بىخەتەر، مەدەنىي كىچىك رايون بەرپا قىلغۇچى»، «يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى.

1999 ـ يىل ماي، ئاقسۇ

# تامتوغراقتىن تارالغان نام

— بىزنىڭ سەمەت شۇجى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنى-چىسى بوپتۇمىش.

— بۇ قالتىس ئىش بوپتۇ. تەشكىلنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى بار ئى-كەن، ياخشى ئىشلىگەن ئادەمنى تەشكىلمۇ تونۇيدىكەن ئەمەسمۇ...

— سەمەت شۇجىغا ئامەت كەلسە، كەنتىمىزگىمۇ پايدىسى بار. چۈنكى، سەمەت شۇجى ئەزەلدىن ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى ئويلايدىغان ئادەم تۇرسا...

— شۇجى بولسا سەمەت شۇجىدەك بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم، ياخشى شۇجى...

مانا بۇ، تۆۋەنكى ئارال كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ كەنت پارتىيە يا-چېيكىسىنىڭ شۇجىسى سەمەت تۇنىياز ھەققىدە ئېيتقانلىرى. بۇلتۇر سەمەت تۇنىياز كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان ئىدى. بۇ شەرەپتىن سۆيۈنگەن دېھقانلار خۇشاللىقىدا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشتى. تامتوغراق يېزىلىق پارت-كومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ساڭ جيې مۇنداق دېدى: مەن بۇ يېزىدا خىزمەت قىلغىلى توققۇز يىل بولدى. بۇ جەرياندا مەن سەمەت شۇجى-نىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىغا قايىل بولدۇم. يېزىدىكى 18 كەنت شۇجىلىرى ئىچىدە ئۇ ئىزچىل ئالدىدا ماڭىدى. ئۇ كەنت بىلەن يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك، ئامما ئارىسىدا باشلامچى بولدى. بەزىلەر بىر نەچچە يىل ئىشلىغار بولۇۋالغاندىن كېيىن چېكىنىپ كېتىدۇ، لېكىن سەمەت شۇجى ئىزچىل ئىشلىغارلىقىنى قولدىن بەرمىدى. ئۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىمۇ ئاممىنى ئويلى-دى، كەنتنى ئويلىدى. ئۇ ئىقتىدارى ۋە مول ئەمەلىي تەجرىبىسىگە تايى-

نىپ، باشقىلار ھەل قىلالمىغان ئىشنى ھەل قىلدى، ياچېيكىنىڭ ئوبرازىنى قوغدىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى شۇجى، نەمۇنىچى بولۇشقا مۇناسىپ.

تۆۋەنكى ئارال كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەمەت تۇنىياز بىر ئۆمۈر تۆۋەنكى ئارال ئۈچۈن ئىشلىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغاچقا، 1974 ـ يىلىدىن كېيىن كەنتتە گۇرۇپپا باشلىقى، بوغالتىر، كەنت باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈندى ھەم پارتىيىگە كىردى. كەنت باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئالغان 12 يىل جەريانىدا، زور تەجرىبە ۋە بىلىم توپلىدى. يېڭى تېخنىكىنى ئىگىلەش، ئىشلىتىشنىڭ باشلامچىسىغا، دېھقانلارنىڭ «سەركە» سىگە ئايلىنىپ، ئاممىنىڭ ۋە تەشكىلىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. 1997 ـ يىلى ئۇ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، كەنتتىكى 1 ـ دەرىجىلىك مۇھىم شەخسكە ئايلاندى.

تۆۋەنكى ئارال كەنتى ئاۋات ناھىيىسىدىكى تامتوغراق يېزىسىنىڭ بىر نامرات كەنتى ئىدى. كەنتتە 1200 نوپۇس، 270 ئائىلە، 7300 مو تېرىلغۇ يەر بار. تۇپرىقى شور، يۇلغۇن بېسىپ كەتكەن بۇ كەنتتە سۇ كەمچىل ئىدى.

سەمەت تۇنىياز 1997 ـ يىلى تۆۋەنكى ئارال كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. ئۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا، بىر كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ئىرىشىپ ئىشلەپ كەلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كەنت ئاھالىلىرىغا مۇلازىمەت قىلدى. كەنت ئاممىسىنى بېيىشقا يېتەكلەپ، كەنتنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاممىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەشتىكى بىر ئۈلگە ۋە باشلامچىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئارال كەنتى ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى»، «بەشتە ياخشى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپلا قالماي، سەمەت تۇنىيازمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك پارتكوم

تەرىپىدىن «سەككىز يۈلتۇزلۇق كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «يېزا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشتى. 2005 ـ يىلى يەنە شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

سەمەت تۇنىياز ۋەزىپىگە چىقىشتىن بۇرۇن، تۆۋەنكى ئارال كەنتى ناھايىتى نامرات كەنتلەرنىڭ بىرى، يەنە كېلىپ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بېكىتىلگەن نۇقتىلىق نامرات كەنتنىڭ بىرى بولۇپ، كەنت كوللېكتىپ جۇغلانمىسىدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئاران 600 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن، ئىدىيىسى قاتمال، پىكىر يولى تار، پەن ـ تېخنىكا ئېڭى يېتەرسىز ئىدى. سەمەت تۇنىياز ئائىلىلەرگە بىرمۇ بىر كىرىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيە ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. كەنتتىكى دېھقان، چارۋىچىلار دۇچ كېلىۋاتقان، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى دەل ۋاقتىدا توغرا تېپىپ چىقتى ۋە ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلدى. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. سەمەت تۇنىياز دائىم كەنت كادىرلىرىغا: «ھەر قانداق ئىشتا ئەمەلىيەتچىل بولغاندا، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىلا، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئاممىغا كۆڭۈل بۆلسەك ۋە ئۇلارنى ئاسرىساقلا، يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈن، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە قالمايدۇ» دەيتتى. ئۇ ئۆزىمۇ دەل مۇشۇنداق ئەمەلىي ئىشلەپ كەلدى. شۇڭا، دېھقان، چارۋىچىلار غەيرەتكە كېلىپ، كەنتنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ھەقىقىي ئىرادە باغلىدى. سەمەت تۇنىياز دېھقان، چارۋىچىلارنى بېيىتىشتا ئالاھىدە كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۇ تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈن، نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى ھەمدە ياچېيكىدىكى بىر بەن ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، «دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بې-

يىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيە-
گە يۈرۈش قىلىش» تىن ئىبارەت پىكىر يولىنى تېپىپ چىقتى. كەنت
ئاھالىلىرىنى دېھقانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشنى چىڭ
تۇتۇپ، تېخنىك خادىملارنى نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىپ،دەرس
ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. ھەر يىلقى «قىشلىق پەن ـ تېخنىكا پائالىيە-
تى» دىن ئوبدان پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىلمىي تېرىقچىلىق،
باغۋەنلىك، باقمىچىلىق، بازار ئۇچۇرى قاتارلىق ئەسقاتىدىغان تېخنى-
كىلار بويىچە تەربىيىلەشكە تەشكىللىدى. پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى
ئاۋۋال ئۆزى ئۆگىنىپ، ئۆز ئېتىزىدا سىناق قىلدى. ئىگىلىگەن تېخنىكا
بىلىملىرىنى قىلچە يوشۇرماستىن كەنت ئاھالىلىرىغا سۆزلەپ بەردى.
سىرتتىن ئىلغار سورتلارنى ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى-
نى تەڭشىشىگە ياردەم بەردى شۇنداقلا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچى-
قىرىش داۋامىدىكى تۇرلۇك ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ياخشى ھەل قىلدى.
سەمەت تۇنىياز دائىم «تەرەققىي قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئىختىساسلىقلار-
نى، كۆپرەك تېخنىكا بىلىدىغانلارنى جەلپ قىلىشىمىز لازىم» دەپ قاراپ
كەلدى. 1999 ـ يىلى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى 50 مو يەرنى
ھۆددىگە بېرىدىغان چاغدا، بىر خەنزۇ ۋە بىر ئۇيغۇر دېھقان سەمەت تۇ-
نىيازنى ئىزدەپ كەلدى. بۇ ئۇيغۇر دېھقان مۇشۇ كەنتلىك بولسىمۇ، لې-
كىن خەنزۇ دېھقان تېرىقچىلىق ماھىرى بولغاچقا، يەرنىڭ روللىدىن تې-
خىمۇ ياخشى پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بۇ كەنتتىكى دېھقان ـ چار-
ۋىچىلارنىمۇ تېخنىكا جەھەتتە يېتەكلىيەلەيتتى. شۇڭا ئۇ باشقا گەپ
قىلمايلا، يەرنى خەنزۇ دېھقانغا بەردى. بۇنىڭدىن ھېلىقى ئۇيغۇر دېھقان
خېلى خاپا بولدى.

پاختا بۇ كەنتنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسپى ئىدى. لېكىن پاختا بازى-
رىدا دائىم داۋالغۇش كۆرۈلدى. شۇڭا ئۇ، بازارنى ئىگىلەيمىز دەيدىكەن-
مىز ، كەنتنىڭ ئالاھىدە كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، كەسپىنى بۇ
كەنتنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى قىلىشىمىز كېرەك، دېدى ۋە
ئاۋۋال ئۆز يېرىگە پەسىلسىز تاۋۇز تېرىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كەنت
ئاھالىلىرىنى پەسىلسىز تاۋۇز تېرىشقا قايىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ

ئالاھىدە زىرائەت تۇرىدىلا دېھقانلارنىڭ كىرىمى 300 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كىرىمى ئېشىپلا قالماي، بېيىشتىكى ئىدەشەنچىسىمۇ ئاشتى. 1999 ـ يىلى بازار ئامىلىنىڭ تەسىرى بىلەن پاختا باھاسى تۆۋەنلەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سەمەت تۇنىياز دېھقان ـ چارۋىچىلارنى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى، بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىنى قايتىدىن ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. 2002 ـ يىلى كېۋەز كۆلىمىنى تەڭشەپ، 2000 مو يەرگە ئۇزۇن تالالىق پاختا تېرىغۇزدى. نەتىجىدە، ھەر مو يەردىن قىلىنغان كىرىم 1999 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 500 يۈەن ئاشتى. ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۇ يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى چىڭ تۇتۇپ كەلدى. دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالغانلارغا ياردەم بېرىش سىياسىتى ۋە باشقا بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلەر ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۇرۇلگەچكە، كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق كەنتنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇش كۆلىمى بارغانسېرى زورايدى، كەنتتە تېرىقچىلىق قىلىش ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتى. ھازىر 260 ئائىلىسى بار بۇ كەنتتە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، چوڭ تراكتوردىن ئۈچى، كىچىك تراكتوردىن 180 ى، كېۋەز سىيالكىسىدىن 24 ى، بۇغداي سىيالكىسىدىن 8 ى، چوڭ يۈك ماشىنىسىدىن ئۈچى بار بولدى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئۆستى، كەنتنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، 2004 ـ يىلى يېزا بويىچە «ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات» تا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

سەمەت تۇنىياز كەنتنىڭ تەرەققىيات پىكىر يولىغا ئاساسەن، پارتىيە ياچېيكىسىدىكى بىر بەن ئادەم بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، باقمىچىلىق سېلىنمىسىنى زورايتتى. كەنت تەۋەسىدە ھەر يىلى 1000 مودىن ئارتۇق قاشقا بېدە تېرىغۇزۇپ، ئۆزى باش بولۇپ 1000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنىڭ سورتىنى ياخشىلىدى. بۇنىڭ بىلەن كەنتتە باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسىدىن 15 ى يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خەنزۇ ئائىلىنىڭ مەبلىغى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈلگىلىك ئائىلىلەر-

نىڭ باشلامچىلىق رولى بىلەن، كەنتنىڭ باقمىچىلىقى ئىلمىيلىشىش يو-لىغا مېڭىپ، دەسلەپكى كۆلەم شەكىللەندى. ھەممە ئائىلىدە ئۆي قۇش-لىرى ۋە چارۋا بولۇش، ئىسسىق قوتان ۋە لاپاس بولۇش ئىشقا ئاشۇ-رۇلدى. چارۋىچىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىشىدىكى يەنە بىر تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندى.

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىم يوللىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، سەمەت تۇنىياز يەنە كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، باغۋەنچىلىك ۋە ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى قاتارلىق ئالاھىدە كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بەردى. 2004 ـ يىلى بىر يىلدا كەنت بويىچە 500 مو ياڭاق، 200 مو ئۈزۈم، 200 مو چىلان، 200 مو ئۆرۈك، 200 مو نەشپۈت كۆچىتى سېلىندى ۋە ياخشى پەرۋىش قىلىندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلى تېز بولدى. سەمەت تۇنىياز ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھويلا ـ ئارام ئىگى-لىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، باشقىلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. دېھقان، چار-ۋىچىلارنىڭ ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياخشىلاش سالمىقىنى زورايتتى. ئاياللارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغاچقا، كەنتنىڭ ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىدىن قىلغان كىرىمى ھەربىر ئائىلىگە 1500 يۈەندىن توغرا كەلدى. دېھقان، چارۋىچىلار خېلى زور نەپكە ئېرىشتى 2003 ـ يىلى كەنتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پەسىلسىز تاۋۇز تېرىلىپ، مۇشۇ بىر تۈردىلا كەنت ئاھالىلىرى خېلى كۆپ كىرىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1997 ـ يىلىدىكى 600 يۈەندىن كۆپىيىپ، 2005 ـ يىلى 2825 يۈەنگە يەتتى. كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى 120 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. كەنتنىڭ كوللېكتىپ جۇغلانمىسى ئاشتى. سەمەت تۇنىياز ئەمدىكى نىشانىنى پارتىيە ياچېيكى-سىدىكىلەرنى يېتەكلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش-لىرىنى ياخشىلاشقا قاراتتى. كەنت يوللىرىنىڭ ئېگىز ـ پەس، تېرىلغۇ يەر مەيدانى ۋە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئاز بولۇش مەسىلى-

لىرىگە قارىتا، سەمەت تۇنىياز ياچېيكىدىكى يولداشلار بىلەن قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆز مادارىغا يارىشا ئىش كۆرۈشنى لايىق تاپتى. كۆپ قېتىم كەنت ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، كەنت يوللىرىنى ياخشىلىدى ۋە رېمونت قىلدى. سەمەت تۇنىياز تۆۋەنكى ئارال كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن سەككىز يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى كەنت ئاھالىلىرىنى يوللارنى تۈزلەشكە، زەيلىكلەرنى راۋانلاشتۇرۇشقا، تېرىلغۇ يەرلەرنى رەتلەشكە تەشكىللەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىر قانچە يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، كەنت بويىچە ئىككى تاناپ يول ياسالدى، يەتتە كىلومېتىر يولغا شېغىل تۆكۈلدى. 3000 تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت تىكىلدى. 400 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كەنت ئىشخانىسى سېلىندى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن كەنت قىياپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىشقا ئاساس سېلىندى.

تەرەققىياتتا مائارىپقا تايىنىش لازىم. كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ كونا ۋە ناچار مۇھىتى ياچېيكا شۇجىسى سەمەت تۇنىيازنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى ۋە خىجىل قىلدى. كەنتتىكى بالىلارنىڭ مۇشۇنداق ناچار شارائىتتا ئوقۇپ چوڭ بولۇشىغا ئەمدى يەنە قاراپ تۇرۇۋەرسە، ئۆزىگىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەمەت تۇنىياز ئىشنى ئوقۇتۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشنى بېيىتىشتىن باشلاپ قول سېلىپ، كەنت مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، 2002 ـ يىلى 2000 يۈەن چىقىرىپ، مەكتەپكە بىر دانە تېلېۋىزور، VCD ئاپپاراتى، ئاۋاز ياڭراتقۇ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىپ سەپلەپ بەردى. ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى مەكتەپكە ئىككى دانە كومپيۇتېر ئىئانە قىلدى. ناھىيە ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئىشخانا، سىنىپلىرى، قورۇق تاملىرى يېڭىلاندى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق ئىسسىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كەنت

پارتىيە ياچېيكىسى ھەر يىلى ئۇلارغا ئىككى توننا كۆمۈر ئەكىلىپ بەردى. يەنە پارتىيە ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر ـ قەلەم، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى. مانا مۇشۇنداق زور كۈچ بىلەن قوللاش نەتىجىسىدە، بالىلار ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

كەنت ئاستا ـ ئاستا بېيىدى. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى تەرەققىياتقا يېتىشەلمىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش پۇلنى ئىسراپ قىلغانلىق بولۇپ، يەنىلا يەر تېرىپ، قوي باققىنى ياخشى ئىدى. بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىدە بالىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىش، ئوقۇشتىن چېكىنىش ھادىسىلىرى ئارىلاپ يۈز بېرىشكە باشلىدى. سەمەت تۇنىياز ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئاشۇ ئائىلىلەرگە بىرمۇبىر كىرىپ، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىدى: «كەنتىمىزدە خېلى كۆپ كىشىلەر خەت تونۇمايدۇ، ئاشلىق پونكىتى، پاختا زاۋۇتىغا ئاشلىق، پاختا ساتقاندا يېزىپ بەرگەن تالوننىمۇ ئوقۇمايدۇ. بالىلار كەنتىمىزنىڭ ئۈمىدى، ئۇلار پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگەنسە، كېرەكلىك ئادەم بولسا، كەنتىمىز تېخىمۇ قۇدرەتلىك، يۇرتداشلا تېخىمۇ باي بولامدۇ؟» . ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان بۇ سۆزلەر كەنت ئاھالىلىرىنى تەسىرلەندۈردى. ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىش، ئوقۇشتىن چېكىنىش ھادىسىلىرى تۈگىدى. ھەتتا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى ۋە ئوقۇتۇش ئۆنۈمى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ناھىيە، يېزا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، نەچچە 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ھاجەتخانىسىنى يېڭىلاپ بەردى، تەنتەربىيە مەيدانى، مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانىلار سېلىندى. جىددىي بولۇۋاتقان كەنت مالىيىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، بىر تۈركۈم كىتاب ۋە تەنتەربىيە سايمانلىرى سېتىۋېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ياچېيكا كوللېكتىپىدىكىلەر يەنە مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى. كەنتتىكى قايسى ئو-

قۇغۇچى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتسە، ھەر مەۋسۇمدا ئۇنىڭغا 2000 يۈەندىن 4000 يۈەنگىچە مۇكاپات بېرىشنى، مۇشۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىدىن ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغانلارغا 400 يۈەندىن 600 يۈەنگىچە مۇكاپات بېرىشنى ھەمدە ھەر يىلى ئوقۇتقۇچىلارغا كۆمۈر ئېلىپ بېرىشنى تۈزۈملەشتۈردى. يۇقىرىدىكى بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە ـ ئۇسۇللار ئارقىلىق، بۇ كەنت مائارىپ خىزمىتىدە يېزا بويىچە ھەتتا، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى.

بىر كومپارتىيە ئەزاسى بىر بايراق. سەمەت تۇنىياز پارتىيە بايرىقى ئالدىدا بەرگەن قەسەمگە مۇناسىپ ئىش قىلدى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇن ـ تىنسىز ئادا قىلدى. ئىلگىرى ئۇ يۆلىگەن تۇرسۇن سەمەت، ھۈسەن مەخسۇتلارمۇ ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن خۇش بولدى. ئۇنىڭ نامىنىڭ تامتوغراقتەك كىچىك يېزا، تۆۋەنكى ئارالدەك خىلۋەت كەنتتىن پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا تارالغانلىقىغا پۈتۈن كەنت خەلقى تەنتەنە قىلدى.

2006 ـ يىل ئىيۇل، ئاۋات

# بىر مەرپەت باغچىسىغا مەدھىيە

مەدھىيە— ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرگە بېرىلىدىغان يۈرەك سوۋغىسى. مېنىڭ يېڭىئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە مەدھىيە ئوقۇشۇمغا مەكتەپ مۇدىرى ساۋۇت مەتسىدىق سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق بىر نەچچە سەۋەب ئىش بولدى.

بىرىنچىدىن، بۇ يىل مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان يېڭىئېرىقلىق ئىگە - چاقىسىز، نامرات قىز مەرىيەم قادىرغا 3560 يۈەن ئىئانە توپلاپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ قىزنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىش خىيالى تۈگەپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ يىل مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان غورۇچۆللۈك مۇقام تەتقىقاتچىسى ئىمىر ئەمەتكە 2520 يۈەن ئىئانە توپلاپ بېرىپتۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ يىل 3 - ئايدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يېڭىئېرىقلىق ئوقۇغۇچى ئەنۋەر تۇرسۇننىڭ بۆرەك ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن 1200 يۈەن ئىئانە يىغىپتۇ.

تۆتىنچىدىن، بۇ يىل 4 - ئايدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى دىلنۇر قادىرنىڭ بۆرەك ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن 1315 يۈەن ئىئانە بېرىپتۇ. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئېيتىشىچە، دىلنۇر ئۈچۈن يەنە داۋاملىق ئىئانە توپلىنىدىكەن.

نېمە ئۈچۈن مەن بۇ ئىشقا مەدھىيە ئوقۇيمەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. ئۇ بولسىمۇ، يېڭىئېرىق يېزىسى ئاۋات ناھىيىسى بويىچە ئەڭ نامرات يېزا، يەنە كېلىپ بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇ-

چىلارنىڭ نامرات تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا باي بولغانلىقىدۇر. ئۇنداق قىممەتلىك روھقا كىممۇ مەدھىيە ئوقۇماي تۇرالايدۇ؟

4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىز ئولتۇرغان ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ پىكاپى چۈشتىن كېيىن ئاۋات ناھىيە بازىرىدىن يېڭىئېرىق يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى ھەببەم، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى يۈسۈپجان مۇھەممىدىلەر يول بويى پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. پارىڭىمىزنىڭ تېمىسى يېڭىئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتى ئۈستىدە بولدى. مەن 2003 - يىلى يېڭىئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۇدا ئىككى قېتىم كەلگەن. مەكتەپنى تەپسىلىي كۆرگەن ئىدىم. مەكتەپ ھەققىدىكى تەسىراتىم خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. مەكتەپنىڭ يېڭى سېلىنغان 4098 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى كۆركەم، زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسىدەك بونداق ئېسىل بىنا ئاۋات ناھىيىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ۋىلايەتنىڭ باشقا يېزا - بازارلىرىدىمۇ ئاز تېپىلاتتى. نامرات يېزىدىكى بۇنداق شارائىتى ياخشى، كاتتا ئوقۇتۇش بىناسىدىن يېزا، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مائارىپقا بولغان قىزغىن قوللىشىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدا ۋىلايەتلىك مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىمىن ماھۇتمۇ بۇمەكتەپنىڭ شارائىتىنى كۆپ قېتىم ماختاپ بەرگەن ئىدى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەنۋەر تۇردى بۇلتۇر ماڭا بۇ مەكتەپنى مەخسۇس تەشۋىق قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن ئىدى. مانا بۈگۈن يەنە كېتىۋاتىمەن. 40 مىنۇتچە يول يۈرگەندىن كېيىن، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن يېزا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن پىكاپتىن چۈشۈپلا يېزا بازىرىدا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بۇ مەرىپەت باغچىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىشىمغا 3 مىليون يۈەنگە يېقىن پۇل خەجلەنگەن ھېلىقى زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسى كۆرۈندى. كۆرۈنگەندىمۇ باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىنانىڭ تاملىرىغا چاپلانغان رەڭلىك كاھىشلار قۇياش نۇرىدا چاقنايتتى. باراقسان ئۆسكەن دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار مەكتەپنى گۈلزارلىق قەسىرگە ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. نې-

مىدىكەن ئازادە، نېمىدېگەن ئېسىل شارائىت ھە...! مەن بىناغا يېقىنلاپ بېرىشىمغا قۇلىقىمغا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ساداسى ئاڭلاندى. دەرۋەقە، بىنانىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كەڭ مەيداندا يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئىكەن. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇباقى مۇسابىقە پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىكەن. مەن تەكلىپكە بىنائەت سەھنىدە ئولتۇرۇپ پائالىيەتنى كۆردۈم. رەتلىك، چىرايلىق كىيىنگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار تېتىك، روھلۇق كۆرۈنەتتى. رىياسەتچىنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن پاراتتىن ئۆتۈش باشلاندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىك، سىپتە ھەرىكىتى مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى پەيدا قىلدى ھەم مۇسابىقىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئارقىدىنلا ۋالىبول، ۋاسكېتبول، يۈگۈرۈش، ئۈزۈنغا سەكرەش... قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ھەر قايسى يىللىقلارنىڭ پەن - تېخنىكا ئىجادىيەتلىرى، كەسپىي سىنىپلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ماھارەتلىرى كۆرەك قىلىندى.

مەكتەپ مۇدىرى ساۋۇت مەتسىدىق مۇنداق دېدى: بۇنداق مۇسابىقە مەكتىپىمىزدە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ قېتىمقىسى ئىككى كۈن داۋاملىشىدۇ. بىز نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرگە 3500 يۈەن قىممىتىدە مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىمىز.

مۇسابىقە داۋام قىلماقتا. ساۋۇت مەتسىدىق مېنى ئىشخانىدا سۆزلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن تۆت قەۋەتلىك بۇ بىنانىڭ ھەر بىر قەۋىتىگە چىققاندا، ئىشخانا، سىنىپلارغا دىققەت قىلدىم. پارتا - ئورۇندۇق، كىتاب ئىشكاپى... ئىش قىلىپ ھەممە نەرسە يېڭى بولۇپ، كىشىگە گۈزەل تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

— بىز بىنانى سالغاندا ھەممە نەرسىنى يېڭىلىدۇق. پارتىيە، ھۆكۈمەت شۇنچىۋالا غەمخورلۇق قىلدى. بىزمۇ قاراپ تۇرمىدۇق. گەرچە ئەينى چاغدا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن بولساقمۇ، ئاخىرى مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل شارائىتنى ياراتتۇق. بۇ ئاسانغا توختىمىدى. ھازىر ئارمىنىمىز يوق. خەلققە، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا يۈز كېلەلەيمىز. ناھىيە، يېزا رەھبەرلىكىگە رەھمەت ئېيتىمىز، — دېدى ساۋۇت مەتسىدىق

مېنى 2 ــ قەۋەتتىكى ئازادە ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىۋېتىپ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر مەكتەپتە 2225 ئوقۇغۇچى، 45 سىنىپ، 126 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ــ خىزمەتچى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ مەرىپەت باغچىسىنى بەكمۇ قەدىرلەيدىكەن.

ساۋۇت مەتسىدىق ماڭا باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ساخاۋەتلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش، تەلىم ــ تەربىيە خىزمىتىنىڭ يىلمۇ يىل نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچكىرى جايلاردىكى شىنجاڭ سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، ھازىرغىچە جەمئىي 13 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ شىنجاڭ سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئايدا بىر قېتىم چىقىرىلىدىغان «مەكتەپ ئۇچۇرلىرى» دىن بىر نۇسخا بەردى. مەن ئۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. ئۇنىڭدا 4 ــ ئايدا ئىشلەنگەن ئالتە تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىرىنچى مەزمۇندا، مەكتەپ بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىككىنچىسىدە، «قوش تىل» ئوقۇتۇشى بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلغانلىقى يېزىلىپتۇ. مەكتەپ «قوش تىل ئوقۇتۇش لايىھىسى»، تەربىيەلەش لايىھىسى تۈزۈپ، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىپتۇ. خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنى باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە ئاساسەن، ئۇلارنى تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سىنىپلارغا ئايرىپتۇ. ئۈچىنچى مەزمۇندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش ئەھۋالى خاتىرىلىنىپتۇ. 4 ــ ئاينىڭ بېشىدا مەكتەپ بويىچە 2.5% ئوقۇغۇچى ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. مەكتەپ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، قاتناش قىيىنچىلىقى ئېغىر ئۈچ ئوقۇغۇچىغا ۋېلسىپىت ۋە ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر سەككىز ئوقۇغۇچىغا 425 يۈەنلىك كىتاب ــ ماتېرىيال ھەل قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 27 ئوقۇغۇچى مەكتەپ قويىنىغا ۋاقتىدا قايتىپ كەپتۇ. ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى 98.3% ئەتراپىدا ئايلىنىۋېتىپتۇ. تۆتىنچى مەزمۇندا، يېڭى دەرسلىك ئىسلاھاتى بويىچە ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش خىزمىتى جەھەتتىكى

ئەھۋاللار بار ئىكەن. ھەر قايسى ئوقۇتقۇچى گۇرۇپپىلىرىدا ئىككى سائەت-
تىن ئۆلگىلىك دەرس، 5 سائەتتىن 10 سائەتكىچە ئوچۇق دەرس ئۆ-
يۇشتۇرۇپتۇ. بەشىنچى مەزمۇندا، مەكتەپتىكى 2500 كۋادرات مېتىرلىق
ئورۇندىكى گۈللۈك ۋە چىملىققا تۇرۇبا كۆمۈپ قۇدۇق كولىغانلىقى،
ئىككى يەرگە سۇخانا سالغانلىقى، ھەر خىل يوللار بىلەن ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ مۇھىت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى يېزىلىپتۇ. ئاخىرىدا ئوقۇ ـ
ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرگەنلىك ھەققىدىكى مەزمۇنلار بار ئىكەن.

ساۋۇت مەتسىدىق ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ھازىر بىز مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلىۋالدۇق. ئەمدىكى گەپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ساپالىق ئەۋلادلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇشتا قالدى. بىز بۇ يولدا داۋاملىق تىرىشىمىز ۋە چوقۇم دېگىنىمىزنى قىلىمىز.

مەن مەكتەپ بىلەن خوشلاشتىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، يېڭىئېرىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى قادىر قارىي مېنى ئالاھىدە ئاقسۇغا ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ مەكتەپ توغرىلىق گەپ ئېچىپ: ساۋۇت مەتسىدىق يۈرەك قېنىنى بۇ مەكتەپكە سەرپ قىلدى. مەكتەپنىڭ مۇشۇنداق ھالەتكە كېلىشىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ تۆھپىسى بار. ئەگەر مەن ياخشى يازالايدىغان بولسا، ساۋۇت مەتسىدىق ھەققىدە چوڭراق ئەسەر يازغان بولاتتىم، دېدى.

2005 ـ يىل ماي، ئاۋات

# يېشىللىققا تەلپۈنگەن ھايات

**گۈزەللىك ئادەمنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. تەبىئەت مەنزىرىسى مۇتلەق گۈزەللىككە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئېيتىمىزكى، گۈزەللىك ئۇنى بەرپا قىلغان ياكى كۆزىتەلىگەن ئادەمنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.**

**ـــ بېلىنىسكىي**

## 1

### مۇقەددىمە

تارىم دەرياسى ۋادىسىدا بىر كۆكەرتىش ئۈلگىسى يېتىشىپ چىقتى. ئۇ 20 نەچچە يىللىق ھاياتىنى تارىم دەرياسى ۋادىسىنى كۆكەرتىشكە، ئاقسۇ دىيارىنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ نامى خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىدەك مەۋج ئۇرۇپ، خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىدى. بۇ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ناسىر نىياز. ئۇ 1988 ـ يىلى جۇڭگو ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك «يېشىل قارىغاي» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا يەنە، شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك «كۆكەرتىش مېدالى» غا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ۋە ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## تۇنجى قەدەم

1964 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى ئى-دى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يېزىلاردا كۆچەتخانا قۇ-رۇش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ مەز-گىلدە، مەركىزىي ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ناسىر نىيازدىن باش-قا، پەقەت، ئۈچلا تېخنىكى بار ئىدى. بۇ ئۈچ تېخنىكنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ناھىيىلەرگە ئەۋەتىشكە، ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئۈچ ئادەم بى-لەن ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ كەتكىلى بولمايتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ رەھبەرلىكنىڭ بېشى تازا قاتتى. بىر كۈنى رەھبەرلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە تېخى بىر نەچچە ئاي بولغان ناسىرنى ئىشخانىغا چاقىرتىپ:

— ۋىلايەت يېزىلاردا كۆچەتخانا قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ، ئىلگىرى ۋىلايىتىمىزدە ئىشلىنىپ باقمىغان بىر قىيىن ئىش. كۆرۈپ تۇ-رۇپسىز، تېخنىك خادىملار كەمچىل، سىز تۆۋەنگە چۈشۈپ، كۆچەتخانا قۇرۇش ئىشىغا قاتناشسىڭىز، — دېدى.

رەھبەرلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ناسىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئال-غا ئىلگىرىلەشنىڭ يېڭى ئىستىكى ئەۋج ئۇردى. چۈنكى ئۇ شىنجاڭ ئور-مانچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە، سىناق قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. رەھبەرلىكنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ بۇ ئىستىكى بىلەن ئوخشاش چىقتى. ئۇ ئەتىسىلا ئىككى نەپەر تېخنىك بىلەن كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۈچئۆستەڭ يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە پەقەت ئۇرۇق ئارقىلىقلا كۆچەت يېتىشتۈرۈلەتتى. ناسىر نىياز كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، باشقا تېخنىكلار بىلەن ماسلىشىپ، جىنسسىز كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىلەن كۆ-چەت يېتىشتۈرۈش سىنىقىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. پەقەت مۇشۇنداق

قىلغاندىلا، ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، كۆچەتخانا قۇرۇش ئىشىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بەلۋاغسىمان ئورمان بىنا قىلىپ، ئېتىز ئەتراپى، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىنى دەرەخزارلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەم ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، بۇ ئىش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناق نەتىجىسىنى كۆزەتتى، ئۇنى كىتابتىكى ئۇسۇل بىلەن سېلىشتۇردى، بەزىدە ئۇيقۇ ۋە تاماقنى ئۇنتۇپ قالدى...

ئەمدىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر ياشنىڭ بۇنداق شىجائەت بىلەن ئىشلەش روھى شۇ يەردىكى كىشىلەرنى ۋە باشقا تېخنىك خادىملارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ باشقا تېخنىكلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان جىنسسىز كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش سىناق تەجرىبىسى ئۇزۇن قالماي نەتىجىگە ئېرىشىپ، كۆپلەپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى تۇرغۇزۇلدى، شۇنداقلا، بىر ئاساسى ئورمان بەلۋېغى ھاسىل قىلىنىپ، بىر كۆچەتخانا قۇرۇلدى. شۇ يىلى بۇ تەجرىبە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭەيتىلىپ، 10 مىڭ مولۇق ئورمان كۆلىمى 25 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەت ئىشلەش ئارزۇسىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى.

## يۈرەك قېنىنى كۆكەرتىش ئىشىغا سەرپ قىلىش

ناسىر نىيازنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەش روھى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياراتقان بەزى نەتىجىلىرى تەشكىلنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. تەشكىل ئۇنى نەدە قېيىن خىزمەت بولسا، شۇ يەرگە ئەۋەتتى، ناسىر نىيازنىڭ ئۆزىمۇ ئىزچىل ھالدا شۇنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «يېشىل سەددىچىن سېپىلى قۇرۇش» چاقىرىقى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە جىددىي سەپەرۋەرلىك دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى ئورۇنداش ئۈچۈن جاپا چېكىشكە توغرا كېلەتتى. تەشكىل ناسىر نىيازنى تارىم دەرياسىنى ئۆلچەش، لايى-

ھىلەش، تەكشۈرۈش ئىشىغا قوماندانلىق قىلىشقا بەلگىلىدى. ئۇ 14 ئادەم، 16 تۆگىنى باشلاپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شاقۇز دېگەن يېرىدىن تارىم دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۇچا - بۈگۈر چېگراسىغىچە بولغان 490 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جاينى بىر كىلومېتىر كەڭلىكتە ئۆلچەپ لايىھىلىدى. ئۇ 4 ئاي جەريانىدا، قەھرىتان سوغۇقتا مۇز يەپ، قارلىق داللاردا يېتىپ - قوپۇپ، ھەر 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەرگە قوزۇق قېقىپ، بەلگە چىقاردى ھەم بۇ يەرلەرنىڭ خەرىتىسىنى ئىشلىدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ بىرلەشمە تەكشۈرۈش، لايىھىلەش ئەترىتى ناسىر نىيازنىڭ قوماندانلىقىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «يېشىل سەددىچىن سېپىلى» بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىنى غەلىبىلىك بۆسۈپ ئۆتتى. كېيىنكى 10 يىللىق قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش ھەم يېڭىلاش ئارقىلىق 490 كىلومېتىرلىق دائىرىدىكى يېشىللىقنىڭ 60% ى ئەسلىگە كەلدى. بۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «يېشىل سەددىچىن سېپىلى» بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسىدىكى زور بۆسۈش بولۇپ ھېسابلاندى.

ناسىر نىياز مەيلى قەيەردە ئىشلىمىسۇن، تىرىشىپ ئۆگەندى، ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىش ئارزۇسىدىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچمىدى، يېڭى تەجرىبە ئىشلەپ، ئۈلگە كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا نۇقتىدا تۇرۇپ، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىرلىق جايدا 3000 مو ماتېرىيال ئورمىنى ۋە ئىقتىسادىي ئورمان بىنا قىلىپ، ۋىلايەتكە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تەجرىبە كېيىنكى يىللىرى ۋىلايەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى.

مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ناسىر نىياز دەرھال ناھىيە ۋە يېزىلارغا ئاتلىنىپ، ئومۇمىي خەلقنى مەجبۇرىي كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزىلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئورمان بىنا قىلىش بازىسى قۇرۇش بويىچە 10 يىللىق توختامنامە ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، 9 ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا ھەم 76 يېزا دەرىجىلىك ئو-

رۇندا ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىش نۇقتىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى 1987 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ناسىر نىياز يەنە، ئاقسۇ شەھەر رايونى تەۋەسىدىكى 16 جايدا مەجبۇرىي ئورمان بىنا قىلىش نۇقتىسى قۇرۇپ چىقىپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بۇ ئارقىلىق ھازىرغا قەدەر 17 كىلومېتىرلىق كۆكيار ئورمان بەلۋېغى، سىرىقسۇدىن توپلۇق يېزىسىغىچە بولغان كەڭ قۇرلۇق ئورمان بەلۋېغى قاتارلىق ئومۇمىي كۆلىمى 56 مىڭ مو كېلىدىغان جاي ئومۇمىيۈزلۈك كۆكەرتىلىپ بولدى. ناسىر نىياز يەنىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىسىدىن ئۈچئۆستەڭگىچە بولغان 50 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جايغا 30 قۇر كەڭلىكتە كەڭ قۇرلۇق ئورمان بىنا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۆزى ئۇنىڭغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇدا ئىككى يىل ئەتىياز پەسلىدە بۇ يەردە نۇقتىدا تۇرۇپ، زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىككى يىل ئىچىدە بۇ يەردە بىنا قىلىنغان ئىككى تاناپلىق ئورماننىڭ تۈرتكىسى پۈتۈن ۋىلايەتكە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

ناسىر نىياز ئاپتونوم رايون بويىچە «كۆكەرتىش ئۈلگىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ نەگىلا بارمىسۇن، دېھقانلارنى كۆچەت تىكىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە نۇقتىدا تۇرغاندا، شۇ جايدىكى ئاما بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى تالاي «ئۆزگەرمەس» چۆللۈكتە يېشىل سېپىل بىنا قىلدى. ئورمان بىنا قىلىشتىكى تۈرلۈك تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن، ئاقسۇدىكى تۇرغۇنلۇق ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، يىلىغا 20 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىنىدىغان سەۋىيە يارىتىلدى. ناسىر نىياز ئېتىز ئەتراپى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىنى دەرەخزارلىققا ئايلاندۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا، تۆت يىل ئاساسىي قاتلامدا جاپالىق ئىشلەپ، يۇقىرى سۈپەت، قاتتىق تەلەپ بويىچە بۇ خىزمەتكە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچىلىك ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ئېتىز ئەتراپى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىنى دەرەخزارلىققا ئايلاندۇرۇش

ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

20 يىلدىن بۇيان ناسىر نىياز بارمىغان قاقاسلىق، ئېدىرلىق قالمىدى. ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىدا نەتىجە يارىتىلدى. 1963 ـ يىلدىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە بىنا قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان 1 مىليون 240 مىڭ مو يەردىكى ئورمانىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئەجرى سىڭدى. ۋىلايەت بويىچە سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

## باغۋەنچىلىكتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش

ناسىر نىياز ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللاندى. ئۇ يېڭى خىزمەتكە چىققاندا، ئاقسۇ رايونىدا ياڭاقچىلىق بىر ئىزىدا توختاپ قالغانىدى. ئۇ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياڭاق سورتىنى تاللاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدىن 48 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئايكۆل يېزىسىنىڭ سايئېرىق دېگەن يېرىگە بېرىپ، بۇ يەردىن تۇنجى قېتىم ياڭاقنىڭ ئەلا سورتى — قەغەز شاكاللىق ياڭاقنى تېپىپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىپ، ياڭاق دەرەخلىرىنى ئىزدىدى، سورت تاللىدى، ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىدا يېتىپ قوپۇپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ياڭاقچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ تاللاپ يېتىشتۈرگەن سەككىز خىل ياڭاق سورتىنىڭ شاكىلى نېپىز، دانىسى چوڭ، مېغىزى تاتلىق بولۇپ، مېغىز تۇتۇش نىسبىتى 80 پىرسەنتكە يەتكەنلىكتىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق «ئەلا سورتلۇق ياڭاق» بولۇپ باھالاندى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە مەخسۇس ياڭاقچىلىق تەتقىقات تېمىسى چۈشۈرۈپ بەرگەندە، ناسىر نىياز ياڭاق دەرىخى بىر قەدەر كۆپ بولغان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمان مەيدانىدا نۇقتىدا تۇرۇپ ياڭاقنىڭ يېڭى سورتىنى داۋاملىق تەتقىق قىلدى ۋە ئۆستۈردى.

ۋاقىت ئىرىشچان ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك. ئۇنىڭ بىر نەچ-
چە يىللىق ياڭاقچىلىق جەھەتتىكى ئىزدىنىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ئو-
رۇنلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مەملىكەتلىك ئورمانچىلىق
پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق
ئورمانچىلىق نازارىتى ئاقسۇنىڭ ياڭاقچىلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە
ئاساسەن، بىرلەشمە قارار ماقۇللاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ
ياڭاقچىلىق بازىسىنى ئاقسۇغا قۇرۇشنى قارار قىلدى. ناسىر نىياز نۇق-
تىدا تۇرۇپ ئىشلىگەن بۇ ياڭاقچىلىق بازىسىدىن ھازىر يىلىغا 300 توننا
ياڭاق ئالغىلى بولىدۇ.

ئەجىرنىڭ تېگى راھەت. ناسىر نىيازنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئەجرى
ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياڭاق ۋە چىلان
كۆچىتى ئۆستۈرۈش، ئەلا سورتلارنى تاللاش، ئورمان بىنا قىلىش
تەجرىبىسىگە ئاساسەن «شىنجاڭ ياڭىقى» دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشر
قىلدۇردى، «جۇڭگو ياڭاقچىلىق تەزكىرىسى» نى رەتلەش ۋە يېزىس
خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ يەنە، «ئىقتىسادىي ئورماننى راۋاجلاندۇ-
رۇش»، «بادام تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، «ئالىي دەرىجىلىك
دورا ئۆسۈملۈكى— پىستە ۋە ئۇنى تىكىپ ئۆستۈرۈش» دېگەن كىتاب-
لىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىتىلىپ، ۋىلايەتنىڭ ئورمانچىلىق، باغۋەنچى-
لىك ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ يەنە ئاپتونوم رايون ھەم
ۋىلايەت دەرىجىلىك مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا 160 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي
ماقالىسى ئېلان قىلىندى. شۇنداقلا ئۇ، مەملىكەتلىك ياڭاقچىلىق تەتقى-
قات خىزمىتى يىغىنىغا ئۈچ قېتىم قاتنىشىپ تەجرىبە تونۇشتۇردى، جە-
نۇبىي شىنجاڭ ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئېچىلغان 22 قېتىملىق ئورمان-
چىلىق، باغۋەنچىلىك كۇرسىدا مەخسۇس تۈرلەر بويىچە دەرس ئۆتتى.
ئۇ توپلىغان 280 خىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئەۋرىشكىسى ھەم بۇ جە-
ھەتتىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجى-
لىك، ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## خاتىمە

ناسىر نىياز ئۆزىنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى، ۋەتەننى كۆ- كەرتىش، باغۇ ـ بوستانغا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش ئىرادىسىدىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچكىنى يوق. ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، تارىم ۋادىسىنى كۆكەرتىش يولىدا ئىزدەندى ۋە ئىزدەنمەكتە.

1990 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

## 2

ھەممە ئادەم يېشىللىققا ئىنتىلىدۇ، يېشىللىقنى سۆيىدۇ، يېشىللىق بەرپا قىلغۇچىلارنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. مەن يېقىندا باي ناھە- يىسىدە مۇخبىرلىق قىلىش داۋامىدا، مىچىغ يېزىسىنىڭ كۆكەرتىش قۇ- رۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يېشىللىق بەرپا قىلىشتا زور نەتىجە قازانغانلىقى- غا دائىر ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. باي ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەمەت جاپپار ماڭا كۆپ قېتىم مىچىغ يېزىلىق پارت- كومىنىڭ شۇجىسى گۇجىچياڭنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆل- گەن ئىش ـ ئىزلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر قېتىم مەملىكەت بويىچە كۆ- كەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان- لىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە مېنى مىچىغ يېزىسىغا باشلاپ باردى. گۇجىچ- ياڭ زىيارىتىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بىراق كەمتەرلىك قى- لىپ «ئىشنىڭ كۆپ قىلدۇق، ئەمما تەشۋىق قىلغۇدەك ئىش يوق، يازاي دېسىڭىز كوللېكتىپنى يېزىڭ» دېدى. يېزا باشلىقى نۇردۇن ئىبراھىم «گۇ شۇجىنى يېزىشقا ئەرزىيدۇ، كۆكەرتىش خىزمىتىگە ھەقىقەتەن ئۇ- نىڭ كۆپ ئەجرى سىڭدى. سىز ئاۋۋال ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرۈڭ. شۇ چاغدىلا يېزىشقا قىزىقىپ قالىسىز» دېدى.

# يېشىللىق ئۈمىدى

1997 ـ يىلى كەچ كۈزدە، گۇجىچياڭ تەشكىلىنىڭ قارارىغا ئاسا-سەن، باي ناھىيىلىك پارتكومىدىكى 10 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مىچىغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. يېزا خىزمىتى ئۇنىڭغا يات بولمىسىمۇ، ئەمدى بىر يېزىنىڭ مۇھىم رەھ-بەرلىك مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭغا ئارتىلغان ئىدى. گۇجىچياڭ تېزلىك بىلەن ئىش ئورنىغا كەلدى. يېزىدىكى 13 كەنت، بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنى ئارىلىدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى، نامراتلارنى يوقلىدى. ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرغىنى يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كەتكەنلىكى، قاقاسلىق كۆلە-مىنىڭ زورىيىۋاتقانلىقى، قۇم ـ بورانىنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى يۇتۇۋاتقانلى-قى بولدى. دەرۋەقە تېرىلغۇ يەرلەر چارۋا باقىدىغان زېمىنغا ئايلىنىپ قالغان، تۇپراق سۈپىتى ناچارلىشىپ، شورلىشىش ھالىتى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى مەيۈسلەندى، قەلبى ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولدى، كېچىسى ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مۇنداق قارارغا كەلدى: «تەشكىل مېنى زور ئىشەنچ بىلەن بۇ يەرگە ئەۋەتتى. مەن چوقۇم قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، پۈتۈن يېزىنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى مەنبەسىدىن ئۆزگەرتىشكە تىرىشى-شىم كېرەك». ئۇ يېزىلىق پارتكومىنىڭ يىغىنىدىمۇ يۇقىرىقى سۆزنى ئۈن-لۈك ئاۋازدا تەكرارلىدى. ئۇ توپتوغرا بىر قىش ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كەنتلەرگە بېرىپ ئىزدەندى، كەنتلەرگە بارمىغان ۋاقىتلىرىدا ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ توختىماي يازدى، ئويلاندى، تەپەككۇر قىلدى. كۆڭۈل خا-تىرىسىگە مىچىغ يېزىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. 1998 ـ يىلى باھار ئۆتۈپ كەتتى. گۇجىچياڭ يېزىلىق پارت-كومدىكى بىر بەن ئادەمنى باشلاپ قاقاسلىقلارنى، ئېدىرلارنى، ساز-لىقلارنى، نەچچە يۈز دېھقان ئائىلىسىنى قايتىدىن كۆردى، چوڭقۇر تەت-قىق قىلدى. پۈتۈن يېزىدا 17 ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى، 8000 مو كۆكەر-تىش نۇقتىسى ۋە 48 ئورۇندا باغ بەرپا قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ناھىيىلىك پارتكومغا سىتېرىئولۇق ئېچىش، ئۈنۈۋېرسال تۈزەش،

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىگىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش تۇغ-رىسىدىكى ئوي ـ پىكرىنى دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ ئورمان بىنا قىلىپ، ئوت ـ چۆپ تېرىش، ئورمان ئارقىلىق يەرنى بېقىش، دېھقانچىلىق، ئور-مانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، نامراتـ-لىقتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدىكى يېڭى تەدبىرلىرى ناھىيىلىك پارتكومـ-نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

گۇ جىنچياڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشـ-تۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مۇ-تەخەسسىسلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. كونكرېت لايىھىنى يەنىمۇ بېيىتتى. پەن ـ تېخنىكا كاپالىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كېيىنكى يىلى باھار كېلىشـ-تىن بۇرۇن، پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، ئىككى خىل تەدبىرنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ بىرى يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت بەنزىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئورتاق ئاتلىنىش، ھەربىر ئادەمگە بىردىن ئالاقىلىشىش نۇقتىسى بەلگىلەش، رەھبەرلەر كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش، ئوت ـ چۆپ تېرىش، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، سۇ ـ تۇپراقنى قوغداش، دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىش، چارۋىغا يې-گۈزۈشنى چەكلەش، ئالاقىلىشىش نۇقتىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى قۇرۇشقا كونكرېت مەسئۇل بولۇش؛ يەنە بىرى تەشۋىقات ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش، دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىنى يېڭىلاش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش، كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى باشلامچى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇ-رۇش. گۇ جىنچياڭنىڭ بۇ تەدبىرى كۆپچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئىككى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بىرى ئاشلىق زىرائەتنى تېرىلىدىغان يەرلەر بىلەن ئىقتىسادىي ئورمانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، يەنە بىرى ئالاھىدە باقمىچىلىق، ئالاھىدە تېرىقچىلىق بىلەن سۇ، تۇپراقنى ئېچىش، ئېكولو-گىيىلىك مۇھىتنى قوغداش مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئاساستا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلـ-

دۇرۇپ، يېزا بويىچە قىزغىن ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى.

يېزا بويىچە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئەتىياز پەسىللىك كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا، ئۇ ئۆز قولى بىلەن سىزىپ چىققان سۇ، تۇپراقنى ئۇنۇم‍ۋېر سال ئېچىش خەرىتىسىنى ئاممىغا كۆرسەتتى. كادىرلار ۋە ئاممىغا كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش، سۇ، تۇپراقنى ئېچىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى ھەمدە «بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش ئاسراش، بىر تۇتاش تىكىش، بىر تۇتاش يىغىش» تىن ئىبارەت كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى مېخانىزمنى ئوتتۇرىغا قويدى. كادىرلار بىلەن ئاممىا بۇ يېڭى شۇجىنىڭ پىلانى ۋە جاسارىتىگە ھەيران قالدى. كۆپچىلىكنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۆرلەپ، ئىلگىرىكى «مىڭلىغان پالتىدا دەرەخ كېسىش، نەچچە مىڭ چارۋىنى ئورماندا بېقىش» ھالىتى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. يېزا بويىچە «نەچچە مىڭ گورجەك بىلەن كۆچەت تىكىش، نەچچە مىڭ چارۋىنى بېقىش» تەك كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. گۇ جېچياڭ ئاتقان 1 ـ پاي ئوق مىچىغ زېمىنىدا جاراڭلىق سادا چىقاردى.

## مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېتىلغان تۇنجى ئوق

1998 ـ يىلى پۈتۈن بىر يىلدا گۇجېچياڭ يېزىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى باشلاپ، يېزا تەۋەسىدىكى قاقاسلىقتا 1000 مودىن ئارتۇق جىگدە، يۇلغۇن قاتارلىق ئىھاتە ئورمىنى قۇيدۇردى. سازلىق ۋە شورلۇقتا 500 مودىن ئارتۇق سۆگەت، توغراق ھەمدە ياڭاق، ئالما، ئۆرۈك قاتارلىق ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلدى. بۇ ئورمانلارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 88 پىرسەنتكە يەتتى. ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى.

قانداق قىلغاندا ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ گۇجېچياڭ چوڭقۇر ئويلانغان مەسىلە ئىدى. ئۇ نەزىرىنى 8000 مودىن ئارتۇق كۆلەمدىكى شورلۇق ۋە سازلىققا تىك-

تى. مىچىغ يېزىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول ئىدى. سۇ بايلىقىدىن قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ گۇجىنچياڭ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، چارۋا بېقىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىشقا باب كەلمەيدىغان يەرلەردە بېلىق كۆلچىكى ياساش، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قارار قىلدى. لېكىن سازلىقنىڭ شور مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، بېلىق بېقىشقا باب كەلمەيتتى. گۇجىنچياڭ يەنە كىتاب ئاختۇردى، مۇتەخەسسىسلەردىن تەلىم ئالدى. ئۇ كۆتۈلمىگەن بىر پۇرسەتتە تېلېۋىزوردىن تۇپراقتىن شورنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ، سۇ، تۇپراق شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقىغا دائىر بىر خەۋەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ تېزدىن پۈتۈن يېزىدا تۇپراقنىڭ شور تەركىبىنى يوقىتىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ خىل ئۆسۈملۈك بىلەن بىر تەرەپتىن سۇ، تۇپراق سۈپىتىنى ئۆزگەرتكىلى، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ بىلەن چارۋا باققىلى بولاتتى. «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» تەك بۇ دانا چارە ناھايىتى تېزلا ئاممىنى خۇشال قىلدى.

گۇجىنچياڭ توختىماي ئىزدەندى، نۇرغۇن ئىشلارغا چارە ـ ئامال تاپتى. ئەمدى ئۇ مەبلەغ قىسلىقى مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېزىنىڭ مۇقىم مۈلۈكلىرىنى رەنىگە قويۇپ، بانكىدىن قەرز ئالدى. بۇ پۇل بىلەن 48 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شور چىقىرىش ئۆستىڭى ۋە يۈرۈشلەشكەن سۇ مۇئەسسەسەلىرىنى قېزىپ، تۇنجى قېتىم 1000 مو كۆلەمدىكى بېلىق كۆلى ياساپ چىقتى شۇنداقلا بېلىق كۆلى ئەتراپىغا سۇغا مايىل دەرەخ تىكىپ، مۇھىتنى ياخشىلىدى ھەمدە تۇپراقنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ جايلاردا ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. نەتىجىدە، بۇ يەر مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلدى. مىچىغ يېزىسى تەۋەسىدىكى ۋە سىرتقى جايلاردىكى دېھقانلار بەس ـ بەستە بېلىق كۆلىنى ھۆددىگە ئالدى. ئەلا سۈپەتلىك بېلىقچىلارنى كىر گۈزدى. ئۇلار بۇ يەردە ھەرخىل بېلىقلارنى بېقىپ زور ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بېلىق كۆلچىكىدىكى تىغلار

ئەتراپتىكى ئورمانلار ۋە شاللىقلارنىڭ ئەلا سۇپەتلىك ئوغۇتى قىلىندى. دېھقانلار سۇ، تۇپراقنى ئۈنۈم بىرسال ئېچىش ئېلىپ كەلگەن بەرىكەتنىڭ تەمىنى تېتىدى. ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە رازىمەنلىك كۈلكىسى جىلۋە قىلدى.

ئەپسۇسكى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى، كۈلكىنىڭ يىغىسى بار. 1999 ـ يىلى تۇيۇقسىز تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن كەلكۈن سۈيى ئەمدىلا كۆلەملەشكەن بېلىق كۆلىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى بۇزۇۋەتتى. دېھقانلار ئېچىنىشلىق زىيانغا يولۇقتى. گۇجىچياگۈنىڭ يۇرتىكى ئۆرتەندى، كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە ئۇ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، سۇ تەمىنلەش، سۇ چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنى ياخشىلىدى ۋە كېڭەيتتى، شور چىقىرىش ئۆستىڭىنى راۋانلاشتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانلارنى قوزغاپ، سۇ، تۇپراقنى قوغداش، تىكىلگەن كۆچەتلەرنى ئاسراش، ۋەيران قىلىۋەتكەنلىرىنى تولۇقلاش جېڭىنى قانات يايدۇردى. بىراق زىيان ئالدىدا بەزى دېھقانلار ئۈمىدسىزلەندى. قايتا مەبلەغ سېلىشتىن قورقتى. ئۇ كادىرلارنى باشلاپ ئائىلىمۇ ئائىلە كىرىپ خىزمەت ئىشلىدى. دېھقانلارغا پايدا ـ زىياننى چۈشەندۈردى. ئۇ «ئەگەر سىلەر يەنە كۆچەت تىكىپ يەنە زىيان تارتساڭلار، پۈتۈن زىيانغا يېزىلىق ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ» دېدى. 2000 ـ يىلى 12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈننىڭ، قۇم ـ بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش بىر گەۋدىلەشكەن ئۆستەڭ ياسالدى. كەلكۈن دامبىسى، ئەتراپتىكى ھاتە ئورمىنى مۇستەھكەملەندى.

مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا گۇجىچياڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ھەر يىل ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئاممىنى باشلاپ، كەڭ كۆلەملىك كۆچەت تىكىش دولقۇنى قوزغىدى. چارۋىلارنى قورۇلاشتۇرۇپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. ئوتلاقلارنى قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 2000 ـ يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەرلەرنى ئورمانلىققا، ئوتلاققا قايتۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەت گۇجىچياگۈنىڭ ئۆزىنىڭ تەدبىرىنىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. ئۇ تېخىمۇ غەيـ

رەتكە كېلىپ، بۇ جەھەتتە يەنىمۇ زور قەدەم باستى. 2002 ـ يىلى ئۇ بوستانلىقنىڭ سىرتىدىكى قۇملىشىپ كەتكەن، ئۈنۈمى تۆۋەن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانغا قايتۇردى ھەمدە بۇ يەردە 5810 مو كۆلەمدە ياڭاقچىلىق بازىسى بەرپا قىلدى ۋە ئەلا سۈپەتلىك ئوتلاق مەيدانى قۇرۇپ چىقىپ، «قوش ئۈنۈم» قازاندى. بۇ ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ يېڭى ئاساسىنى تىكلىدى. گۇ جىچياڭ مۇنداق دېدى: ياڭاقنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى، ئەمما ئۈنى ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ئاسان. بۇ دېھقانلارغا تېز نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بىز ياڭاقچىلىقنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتتۇق...

## قاقاسلىقتىكى يېشىل لىباس

بىر نەچچە يىللىق مەبلەغ سېلىش، توختىماي ئىزدىنىش ئارقىلىق مىچىغ يېزىسىنىڭ قىياپىتىدە زور بۇرۇلۇش بولدى. بىپايان قاقاسلىق، سازلىق، ئۈنۈمسىز تۇپراق، شورلۇق يەر يېشىل لىباس كىيدى. 2000 مو كۆلەمدىكى ئىھاتە ئورمىنى قاقاسلىقنى كۈمۈش رەڭگە كىرگۈزدى. 48 ئورۇندىكى 2000 موغا يېقىن تۇتاش ـ تۇتاش باغلار خەلققە غايەت زور ئىقتىسادىي نەپ ئېلىپ كەلدى. سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى، قۇم ـ بورانىنىڭ تەھدىتى، مۇنبەت ئېتىزلارنىڭ شورلىشىپ كېتىشى تارىخقا ئايلاندى. 2001 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2330 يۈەنگە يېتىپ، 1997 ـ يىلىدىكىدىن 600 يۈەندىن ئارتۇق كۆپەيدى. ستىرېئولۇق ئېچىش، سۇ، تۇپراقنى قوغداش، ئېگىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەڭ يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى تەسەۋۋۇر بۇ دىياردا دەسلەپكى قەدەمدە رېئاللىققا ئايلاندى.

بۆلتۈر 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ مىچىغ يېزىسىنىڭ 1000 مولۇق بېلىق كۆلىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى باغلىرىنى

كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە يېزىلىق پارتكومىنىڭ سۇ ـ تۇپراقنى ئېچىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەرلەرنى ئورمانلىققا، ئوتلاققا قايتۇرۇش جەھەتتە قوللانغان ئۇسۇلىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. بۇ ئىش گۇجىچياڭغا غايەت زور ئىلھام بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ مۇنبەت زېمىنىنىڭ تېخىمۇ يېشىل، تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگەن ئەتىسى نامايان بولدى. قەلبى يەنىمۇ ئۇلۇغۋار ئارزۇلار بىلەن تولدى.

گۇجىچياڭ كۆكەرتىش خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىدى. ئۇنىڭ بۇ زېمىنغا تۆككەن تەرىنى پارتىيە، خەلق ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ كۆپ قېتىم ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن «ئىلغار پارتكوم شۇجىسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى»، «كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ تەقدىرلەندى. يېزا بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پارتىيە، خەلق مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. مەن يېشىللىققا يەنىمۇ مۇھەببەت باغلاپ، يۇرتنى كۆكەرتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن بۇ ئىسسىق تۇپراققا جاۋاب قايتۇرىمەن...»

2002 ـ يىل ئۆكتەبىر، باي

# 3

ھاياتلىق يوللىرى ھەمىشە كىشىنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولمايدۇ، نىجاتلىق ۋە بەخت شۇ ھاياتلىق يولىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشتىن قورقمىغان چىدامىلىق، غەيرەتلىك، ئەقىللىق ئادەمگە نېسىپ بولىدۇ. يولۋاس ئەمەتنىڭ ئورمانچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن 25 يىللىق ھاياتى ئەگرى ـ توقاي يوللارنى باستى. ئۇنىڭ ھاياتلىق يولىدا ئاققۇزغان تەر ـ مېھنىتى ئاخىرى بىر ـ بىرلەپ مېۋە بېرىپ، ئۇنى شان ـ شەرەپ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى، ئۇنىسۇ ناھىيىلىك پارتكوم يولداش يولۋاس ئەمەتنىڭ تۆھپىسىنى نەزەردە تۇ-

تۈپ، ئۇنى 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ ھازىر ئۇنسۇ ناھىيىسى بويىچە باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق ئىنژېنېرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يولۋاس ئەمەت 1964 ـ يىلى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ باغۋەنچىلىك سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەقسىماتى بويىچە قاغىلىق ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، تاكى 1980 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە بۇ ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك سېپىدە ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇ ئۇنسۇ ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ كۆچەتخانىسىغا مەسئۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. غايىلىك، تەلەپچان ئادەم ھەر قانداق مۇھىتتا ماسلىشالايدۇ ھەمدە شۇ جايدا ئۆز ئىشىدىن نەتىجە قازانغىچە تىرىشىدۇ. يولۋاس ئەمەت كۆچەتخانىغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، لېكىن پايدىلىنىش تۆۋەن بولۇپ، ھەر يىلى 15 ـ 20 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ تېخنىكىلىق باشقۇرۇش ۋە بەزى قائىدە ـ تەدبىرلەرنىڭ يۈرۈشمەي كېلىۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن كۆچەتخانىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىسى ۋە تېخنىكىلىق تەلەپلىرىگە ئاساسەن، بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇددىئاسىنى ئىدارە مەسئۇلىغا ئېيتىدۇ. رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ كۆچەتخانىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش تۈزۈمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالماي كۆچەتخانىنىڭ ئىگىلىكى تېز گۈللىنىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرغاندىن سىرت، يەنە 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ، دۆلەتكە كۆپ پايدا يەتكۈزىدۇ ئۇ ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئاساسىي قاتلامدا تۇرۇپ، كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت

ئىشلەيدۇ. 1986 - يىلىدىن تارتىپ ھەر يىلى قىشتا تېخنىكلارنى تەشكىللەپ، ساۋاپچى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ قۇرۇپ كېتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان 21 مو ئالمىلىق بېغىنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنى مول ھوسۇللۇق باغقا ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. ئۆتكەن يىلى بۇ باغنىڭ مەھسۇلاتى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە ئېشىپ، ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق باغلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالىدۇ.

1987 - ۋە 1988 - يىللىرى ئۇنسۇ ناھىيىسى ناھىيە بويىچە ئانار، ئەنجۈر كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش چاقىرىقىنى چىقارغاندا، يولۋاس ئەمەت تەشەببۇسكار بولۇپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ۋە باشقىلارنى ئەۋەتىپ نوتا سېتىۋېلىپ ئەكىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1987 - يىلى بىر يېرىم مو، 1988 - يىلى ئىككى يېرىم مو يەرگە مەخسۇس ئانار، ئەنجۈر نوتىلىرىنى قەلەمچە قىلىپ تىكىپ، ئانار، ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. پەقەت ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا ئىككى يېرىم مو يەردە 15 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرىدۇ. بۇنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 70 پىرسەنتكە يېتىپ، بۇ خىلدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پۇختا ئاساس يارىتىدۇ. بۇ يىل يەنە ئانار، ئەنجۈر دەرىخى يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم ئىككى موغا يېتىپ، ناھىيىنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە بىر يېڭى مۆجىزە يارىتىلىدۇ. يولۋاس ئەمەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى مول مېۋە بېرىدۇ.

يولۋاس ئەمەت ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە قوللىشى ۋە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، 1987 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك ياڭاقچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىن 200 مو بىنام يەر ئېچىپ، ئىقتىسادىي ئورمان يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ 120 موسى ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇل، ئۈزۈم، بادام، چىلان، ئۆرۈك كۆچەتلىرى تىكىلگەن مېۋىلىك باغ بولۇپ، بۇ باغدا جەمئىي 7600 تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك كۆچەت بار. يولۋاس ئەمەت بۇ باغنى پىلانلاشتىن بۇرۇن يىراقنى كۆزلەپ، يول، سۇغىرىش ئېرىقلىرى، مۇھاپىزەت ئورمانلىرى ۋە كۆچەتلەرنىڭ تۈپ ۋە قۇر ئارىلىقىنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىش مەزگىللىرىدە

چۈنەكلەپ سۇغىرىشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئىپتىزلارنى تەكشى پىلانلايدۇ ھەمدە بۇ باغنىڭ تۆت ئەتراپىغا 30 نەچچە مو ئورمان بەلۋېغى بىنا قىلىپ، باغنىڭ تۆت ئەتراپىنى مۇھاپىزەت ئورمانلىرى بىلەن تورلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ بۇ ئىقتىسادىي ئورمانلارنىڭ تەرەق- قىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئې- رىق، زاكو ۋە توسما ياسىتىپ چىققاندىن سىرت، ئوتتۇرىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈزۈم تېلى قويۇپ، كەلگۈ- سىدە بۇ يولنى ئۈزۈمزارلىققا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ يىل ئونسۇ ناھىيىسى ناھىيە بويىچە 10 تۈرلۈك ھۆددىگەرلىك توختامنامىسى تۈزۈپ چىققاندا، يولۋاس ئەمەت يەنە تەشەببۇسكار بو- لۇپ، 20 مىڭ مو ئورمانزارلىقتىكى كېسەل ـ ھاشاراتلارنى يوقىتىش ھەمدە ئومۇمىي كۆلىمى 480 مو كېلىدىغان 10 باغنى ئۆزگەرتىش بو- يىچە ئۈچ يىللىق ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىغا ئىمزا قويۇپ ئىش باش- لىۋەتتى. ئۇ ئىپتىخارلانغان ھالدا مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ھازىر ناھى- يىمىزدە يەنە نۇرغۇن قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان كونا باغلار بار. مەن تۆت نەپەر تېخنىك بىلەن بىرلىشىپ بۇ باغلارنى قايتىدىن ياشارتىپ چىقىرىشنى ھۆددىگە ئالدىم. تېخنىكىلىق تەلەپ ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش روھىغا تايانسا، بۇ باغلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مول ھوسۇللۇق باغقا ئايلاندۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ يىل بۇ باغلاردىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار. ئۈچ يىلدا بۇ باغلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۈچ قاتلاش بىزنىڭ مۇشۇ بىر مەزگىللىك تىرىشىش نىشانىمىز.

يولداش يولۋاس ئەمەت ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تەر ئاققۇزغاندىن سىرت، يەنە تالاي دەم ئېلىش، ھېيت ـ بايرام كۈنلى- رىنى باشقىلارنىڭ كۆچەتلىرىنى ئۇلاپ بېرىش، تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش ئىشى بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. پەقەت بۇ يىل 8 ـ ئاي ئى- چىدىلا تۆت يەكشەنبە كۈنىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ 150 تۈپ كۆچىتىنى ھەقسىز ئۇلاپ بېرىپتۇ. ئۇ مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ئونسۇ ناھىيىسى بويىچە ئېچىلغان تۆت قېتىملىق باغۋەنچىلىك كۇرسىدا باغۋەن- چىلىك تېخنىكىسىدىن دەرس ئۆتۈپ باشقىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئې-

رىشىپتۇ.

نەتىجە ھامان جاپالىق ئەجىردىن كېلىدۇ. يولۋاس ئەمەت 25 يىل ئورمانچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا جاپانىڭمۇ، ھالاۋەتنىڭمۇ تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بەش پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىپ، ئۇنى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.

غايىلىك ئادەم ھامان ئالغا بېسىشنى ئويلايدۇ. يولۋاس ئەمەت مەيلى تېخنىك كادىر بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە بولسۇن، مەيلى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەن مەزگىلدە بولسۇن باشقا رەھبەرلەر ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، كېسەللىك ـ ھاشاراتلارنى يوقىتىش، كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىدا باشلامچىلىق بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ جاپالىق ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. 1985 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئورمانلاردىكى كېسەللىك ـ ھاشاراتلارنى يوقىتىش جېڭىدە ئونسۇ ناھىيىسى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ 25 يىلدىن بېرى ئىنتىزامسىزلىق، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ شەخسىيەتچىلىك قىلىش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، ئەمەلدارلىق كىبىرلىك ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

يولۋاس ئەمەت توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ مېھنەت سىڭدۈرگەن باغلاردىكى مېۋىلەر يىلمۇ يىل ئوخشاپ، كىشىلەر قەلبىنى سۆيۈندۈرمەكتە.

1989 ـ يىل سېنتەبىر، ئونسۇ

# تۇمشۇق تونۇلماقتا

كەچ كۈزدە ھەممە يەر ئالتۇن رەڭگە كىرىدۇ، تەبىئەتنى مەمۇرچىلىق قاپلايدۇ، دېھقانلار مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمىدۇ. بۇ يىل ئونسۇ ناھىيىسىدىكى تۇمشۇق بازىرىمۇ مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمدى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 1548 يۈەنگە، بازارنىڭ ساپ كىرىمى 12 مىليون 107 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن خېلى كۆپ مىقداردا ئاشتى. شال، پاختا، بۇغداي، قوناقنىڭ بىرلىك ۋە ئومۇمىي ھوسۇلىدا زور ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى كۆلەملىشىش يولىغا مېڭىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئىگىلىك تەركىبلىرىگە ئايلاندى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار تېز تەرەققىي قىلدى...

— بازىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. خالىساڭلار بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى تۇمشۇق بازىرىنىڭ باشلىقى ئابلەت ئوسمان بىزنى تۇمشۇققا بېرىشقا تەكلىپ قىلىپ. مەلۇم بىر كۈنى مەن «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى غەيرەت ئۆمەر، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرى تۇرسۇنتوختى ئابدۇللالار بىلەن بىرلىكتە تۇمشۇق بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز ئولتۇرغان پىكاپ ئاقسۇدىن قوزغىلىپ ئونسۇ بازىرىدىن ئۆدۈل تۇمشۇق بازىرىغا قاراپ يول ئالدى. بىز كېتىۋاتقاچ ئابلەت ئوسماندىن ئۇنى ـ بۇنى سورىدۇق. ماشىنا تېز ھەم سىلىق كېتىۋاتاتتى. يول بويىدىكى ئۆزگىرىشلەر دىققىتىمىزنى تارتتى. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن تۇمشۇققا دائىم بېرىپ تۇراتتىم. ئۇ چاغلاردا يوللار توپىلىق ھەم ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى. سەپەر ئادەمگە تولىمۇ ئۇزۇن ۋە ئازابلىق تۇيۇلاتتى. ئەمدى بۇ ئىشلاردا ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. كۈمۈش لېنتىدەك ئاسفالت يول، ئەتراپتىكى يېشىل مەنزىرە ئادەمگە

راھەت بېغىشلايتتى. مەن ئىلگىرىكى ئەھۋال بىلەن ھازىرقى مەنزىرىنى سېلىشتۇرغاچ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كېتىپتىمەن.

— مانا بازارغا كېلەي دەپ قالدۇق،— دېدى ئابلەت ئوسمان تو- ساتتىن گېپىنى توختىتىپ. مەن شۇ چاغدىلا دىققىتىمنى يىغىپ ئالدىمغا قارىدىم. كۆز ئالدىمدا تۈمشۇقنىڭ يېڭى قىياپىتى پەيدا بولدى. رەت- لىك ئىمارەت، ئۆلچەملىك يول، تەكشى ئورمان بەلۋېغىغا قاراپ ھەيران- لىق ھېس قىلدىم. ئىلگىرى بازارنىڭ يوللىرى ناچار، ئۆيلىرى قىيسىق بولۇپ، ھەممىلا نەرسىدىن نامراتلىق، كونىلىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمدىچۇ...

— پاھ، بۇ نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىش،— دېدىم مەن بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىغا كىرىۋېتىپ ھاياجىنىمنى باسالماي. ھۆكۈمەت ئورگىنىمۇ ھەقىقەتەن يېڭى تۈسكە كىرگەنىدى. قاتار سېلىنغان ئىشخا- نا تاملىرىغا چاپلانغان ئاق رەڭلىك كاھىشلار قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۈزۈمزارلىق، گۈللۈك، چىملىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنى گۈلزارلىق باغچىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. بىز ئۇ يەر، بۇ يەرنى كۆرگەچ، ئۇدۇل بازار باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. كۆڭلۈمدە «تۈمشۇق ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپتۇ» دېدىم.

ئابلەت ئوسمان بىزنى ساپادا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئارقى- دىنلا بىزگە بازارنىڭ يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بازىرىمىز ھېلىھەم ئونسۇ ناھىيىسى بويىچە نامرات بازار ھېسابلىنىدۇ، بىراق بىز نامراتلىق بىلەن ئىزچىل ئېلىشىپ كەلدۇق. 1998 ـ يىلى كىشى بېشى كىرىمى 976 يۈەندىن توغرا كەلگەن. 2001 ـ يىلى 1310 يۈەنگە ئۇلاشتى. يىلمۇ يىل چوڭ قەدەم تاشلاۋاتىمىز. با- زىرىمىزدا 10 كەنت، 10 مىڭغا يېقىن نوپۇس، 32 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار. بىز ئاممىنى يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ھوسۇل ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نىشان قىلدۇق. ئومۇمىي تېرىل- غۇ كۆلەم ئىچىدە بۇغداي 8012 مونى ئىگىلەيدۇ، بۇ يىل بىرلىك ھوسۇ- لى 458 كىلوگرامغا يەتتى. قوناق، شال، پاختا ھوسۇلىمۇ ئۆرلەپ، ئاي- رىم ـ ئايرىم ھالدا 516 كىلوگرام، 662 كىلوگرام ۋە 95 كىلوگرام

(ساپ پاختا) غا يەتتى. بۇلتۇر ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدۇق. كېۋەز كۆلىمىنى ئازايتىپ، بۇغداي، شال ۋە باغ كۆلىمىنى كۆپەيتتۇق.

ئابلەت ئوسمان يېزا خىزمىتىگە خېلىلا پىششىق ئىكەن. ئۇ مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بازارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ناھايىتى كونكرېت شەرھلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: نۇقۇل تېرىقچىلىقلا تايانغاندا، دېھقانلارنى بېيىتقىلى بولمايدۇ، بىز بۇلتۇر ۋە بۇ يىل باغۋەنچىلىكنى ناھايىتى چىڭ تۇتتۇق. بۇ يىل يېڭىدىن 1800 مو باغ بىنا قىلدۇق. ھازىر جەمئىي باغ كۆلىمى 7691 موغا يېتىپ، ھەربىر نوپۇسقا بىر مودىن توغرا كەلدى. بىز ناھىيىنىڭ تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان يەرلەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، تېرىلغۇدىن بوشىتىلغان 1800 مو يەرنىڭ 1000 موسىغا ياڭاق كۆچىتى تىكتۇق. ھازىر جەمئىي ياڭاقزارلىق 1200 موغا يەتتى. قالغان 800 مو يەرگە چىلان بەرپا قىلدۇق. كېلەر يىلى يەنە 7000 مو يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز.

چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىققىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلدۇق. ھازىر بازار بويىچە چارۋا قوتان قالدۇقى 46 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ، ھەربىر يېزا نوپۇسىغا توغرا كەلگەن چارۋا 5 تۇياققا يەتتى. چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسىدىن 72 سى، بورداقچىلىق كەسپىي ئائىلىسىدىن 18 ى بارلىققا كەلدى. بىز باقمىچىلىقتا ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردۇق. ھازىر كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى. بىز قورۇ ـ قوتان شارائىتىنى ياخشىلاشنى چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە تۇتۇپ، بەزى ئېتىبار بېرىش چارىسىنى تۈزۈپ يولغا قويدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئىسسىق قوتانلار ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىندى. دېھقانلارنىڭ باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە بۇ يىل چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 6 مىليون 324 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. هويلا ـ ئارام ئىگىلىكىدىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى

بېشى كىرىمىنىڭ 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق كىرىمىمۇ يىلمۇ يىل ئاشتى. باغۋەنچىلىكتىن قىلىنغان كىرىمنىڭ كىشى بېشى كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 6.3 پىرسەنتكە ئۆرلىدى.

بىز ئابلەت ئوسماندىن تۇمشۇق بازىرىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشتا قوللانغان ئاساسلىق تەدبىرىنىڭ نېمىلىكىنى سورىدۇق. ئۇ بۇ جەھەتتە بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلاپ بەردى: تاغ كەلكۈنى بازىرىمىزغا دائىم تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ. 5 يىلدىن بۇيان بىز ئومۇمىي خەلقنى يېتەكلەپ ۋە قوزغاپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش كۆرىشى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. 1999 ـ يىلى 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 32 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىيانلىقنى چاپتۇق. بۇلتۇر 450 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ يەنە 12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىيانلىقنى چاپتۇق. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 25 كىلومېتىرلىق قىيانلىقنى چاپتۇرۇۋاتىمىز. توپا ئېتىشتىرىش ماشىنىسى ئارقىلىق ھەر يىلى 47 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قاشىنى مۇستەھكەملەۋاتىمىز. 1999 ـ ۋە 2000 ـ يىلى 2100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا مەڭگۈلۈك تاش دامبا ياسىدۇق. بۇ يىل 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 200 مېتىرلىق سېمونت دامبا ياسىدۇق، كەلكۈنگە قارشى كۆرەشنى ئازراقمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدۇق. بۇنىڭ بىلەن تاغ كەلكۈنى ۋە دەريا كەلكۈنى ئۈنۈملۈك توسۇلدى. يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى.

— يەنە بىر جەھەتتىن، — دېدى ئابلەت ئوسمان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنىڭ ئورنىغا بولغان تونۇش ئۆستۈرۈلدى. دېھقانلارغا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى، ئۇچۇر بىلىملىرى تەربىيىسى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ئېڭى، بازار ئېڭى، بېيىش ئېڭىنى ئۆستۈردۇق. تېرىقچىلىقنى بازارغا قاراپ تەڭشىدۇق. قارىغۇلارچە ئىش قىلىشتىن ساقلاندۇق. ھەممە ئائىلىدە تېرىلغۇ يەر، باغ، چارۋا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى زور بولدى...

بىز ئابلەت ئوسماننىڭ ھەمراھلىقىدا چۇدا كەنتىدىكى باقمىچىلىق نۇقتىسىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. قاتار سېلىنغان باقمىچىلىق ئائىلىلىرى

كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋا، تۇپراق شارائىتى ئۆزگىچە ئىكەن.

ئابلەت ئوسمان مۇنداق دېدى: يېزا ئىقتىسادىي شارائىتىمىز ياخشىلانغاندىن كېيىن، بىز مەۋقەنى نامراتلارنى يۆلەش، ئۇلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە قاراتتۇق. 1999 ـ يىلى 55 ئائىلىگە، 2000 ـ يىلى 76 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بەردۇق. بەش يىلدا جەمئىي 335 نامرات ئائىلىگە خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بەردۇق. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى بىر كۈنمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمىدۇق. شۇڭا دېھقانلار خىزمىتىمىزدىن رازى بولماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايەت رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم بازىرىمىزغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، خىزمەتلىرىمىزنى قوللىدى. «تۇمشۇق» دېگەن بىر يەرنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالدى. قىرمىشئاتام مازىرىغا بېرىپ كەلگىچە تۇمشۇقتىن ئۆتكەندە ھەيران قېلىشتى. قانداقلا بولمىسۇن تۇمشۇق تونۇلۇشقا باشلىدى...

2002 ـ يىل دېكابىر، ئونسۇ

# مېھىر ـ مۇھەببەت

مەن 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى يېزا ئىگىلىك باج بۆلۈمىدىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە باي ناھىيىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان قىزىل، قاراباغ، نەسىللىك قوي فېرمىسى، ياقئېرىق قاتارلىق يېزا ـ مەيدانلارنى زىيارەت قىلدىم. بۆلۈم باشلىقى ئابلا ئايدىن بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىشكە ئالدىراپتىتى. شۇڭا ئۇ بايغا يېتىپ كېلىپلا تۈزۈك-رەك ئاراممۇ ئالماي، ئۇدۇل قىزىل يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ يېزىدا 6 ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنى، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن مۆلدۈر ئاپىتى، يامغۇر ئاپىتى يۈز بەردى. ئاپەت 3942 مو يەردىكى بۇغداي، 391 مو يەردىكى قوناق، 837 مو شال، 825 مو قىچا، 1008 مو كېۋەز، 298 مو كۆكتات، 126 مو قوغۇن ـ تاۋۇز، 535 باراڭ ئۈزۈمزارلىقنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 8286 مېتىر ئۆزۈنلۈقتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن سېمونتلاشتۇرۇلغان ئۆستەڭ 3000 مېترنى ئىگىلەيدۇ. سەككىز تۇياق چارۋا، 90 تۇخۇ ئۆلدى. 55 مو يەر ۋە 2130 مېتىرلىق دامبىنى سۇ ئېقتىپ كەتتى. 47 ئېغىزلىق ئۆي ئۆرۈلدى ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئومۇمىي زىيان 8 مىليون 102 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئابلا ئايدىن يېزا رەھبەرلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك باج خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ يېزىنىڭ كەنتلىرىنى ئايلىنىپ سولىشىپ تۇرغان قىچا، كېۋەز، قوناق مايسىلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلاندى. ئۇنىڭ ئازابلىنىشىدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار ئىدى. بىرى، ئاپەت دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋەتتى. شۇڭا ئۇ دېھقانلاردىن ئەنسىرەيتتى. يەنە بىرى، مول ھوسۇل كەملەپ كەتسە، يېزا ئىگىلىك باج ۋەزىپىسىگە ئېغىر تەسىر يېتەتتى. ئۇ ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلىۋالدى. زىيان

ئۈچۈن ئۇن ـ تىنسىز ئازابلاندى. ئۇ يېزا رەھبەرلىرىگە ئىمكانىيەتىنىڭ بىرىچە كۆپرەك ياردەم پۇل ئاجرىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ لىڭتۇ ئابلا ئايدىنىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: رەھمەت سىلىگە، رەھمەت سىلىگە، دېدى. ئىگىلىنىشچە، يېزا مەخسۇس ئايەتتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان. ھازىر بۇ يېزىدا ئورما ئاساسەن ئاياغلىشىپ، دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 50 مىڭ كىلوگىرامغا يەتكەن. نۆۋەتتە، دېھقانلار زىرائەت پەرۋىشىنى چىڭ تۇتماقتا ئىدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، بىز باي ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى قادىر ئىمىنىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ناھىيە بازىرىدىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراباغ يېزىسىغا باردۇق. ئەتىياز كىرگەندىن ھازىرغىچە بۇ يېزىدا كۆپ قېتىم بوران چىقىپ، يامغۇر ياغقان. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، 14 ـ كۈنى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن مۆلدۈر چۈشۈپ، 14 مىڭ 97 مو يەردىكى زىرائەتنى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىۋەتكەن، بۇنىڭدىن ئاشلىق 9223 مو، مايلىق دان 4874 مونى تەشكىل قىلغان. ئاپەت يېزا بويىچە تۆت كەنت، بىر ئۈرۈقچىلىق ئەترىتى، بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىغا كېڭىيىپ، ئۈچ قوتاننى ئۆرۈۋەتكەن، بىر قىسىم چارۋا ـ مال ئۆلگەن. قادىر ئىمىن، ئابلا ئايدىنلار ئېتىز بېشىدا دانلىرى تۆكۈلۈپ قاقشال بولۇپ قالغان بۇغداينى، قىچىنى تۇتۇپ كۆردى. ئادەتتە قاراباغ يېزىسىدا بۇغدايلار كېيىن پىشىدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىدە بۇ يېزىدا كېۋەز تېرىغىلى، تەكرار تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت بىر يىلدا بىر قېتىملا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر، بىر قېتىملا ئاپەت بولسا دېھقانلار ئاسان ھوشىغا كېلەلمەيدۇ. مانا 20 نەچچە كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق ئاپەت دېھقانلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلار ئەمدى نېمە يەر، قانداق تىرىكچىلىك قىلار؟ بۇ يېزىنىڭ تاغ باغرىغا جايلاشقان كەپتەرخانا كەنت 1 ـ گۇرۇپپىسىدىكى نىياز كېرەمنىڭ ئايالى زەيتۇنخان كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ: 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ يەردە ئۆرۈك چوڭ-

لۇقىدا مۆلدۈر چۈشۈپ، 35 مو مايلىق دېنىمىز، 30 مو بۇغدىيىمىزنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى، ئائىلىمىزدە 10 جان ئادەم بار، بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئاشلىقنى بازاردىن سېتىۋېلىپ يەۋاتىمىز، كېيىنچە قانداق قىلىشنى بىلمەيمىز، دېدى.

قادىر ئىمىن، ئابلا ئايدىن ئىككى كىلومېتىرچە يولنى پىيادە بېسىپ، ئاپەت رايونىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى تەپسىلىي كۆردى. ئۇلار يېزا مەسئۇللىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، «ھەممىدىن ئادەم مۇھىم، ھەر قانداق ئەھۋالدا دېھقانلارنىڭ تاماق يېيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دېگەننى قايتا تاپىلىدى.

مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۇ ھامان ئىنسان ۋۇجۇدىدا پىلدىرلاپ تۇرىدۇ. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاپەت رايونىدىكى دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلدى. مۇئاۋىن ھاكىم قادىر ئىمىن كېچىلەپ قاراباغقا يېتىپ كەلدى ھەم دەرھال 10 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشىغا مەدەت بەردى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغانلارنى تىزىملاپ چىقتى. ئارقىدىنلا دەرھال ناھىيىگە قايتىپ، ئاشلىق ئىدارىسى، خەلق ئىشلار تارماقلىرى ئارقىلىق 10 نەچچە مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ، دېھقانلارنى خاتىرجەم قىلدى. قادىر ئىمىن مۇنداق دېدى: 6 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن ناھىيىمىزدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپەت بولدى، ئاپەت بولغانلىرىمۇ يوقىتىش خاراكتېرلىك ئاپەت بولدى. قىزىل يېزىسى سۇ ئاپىتىدە ئېغىر ۋەيرانچىلىق تارتقاندىن كېيىن، ناھىيە 10 مىڭ يۈەن، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى.

قادىر ئىمىن قاتتىق ھەسرەت چەككەن ھالدا: دېھقاندەك ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەمگە كىمنىڭمۇ ئىچى ئاغرىمايدۇ، دېدى.

بۇ يىللىق ئاپەت مەزگىلىدە قادىر ئىمىن بارغانلا يېرىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى باشقا كەنتلەرگە تەقسىم ئورۇنلاشتۇرۇشنى، لېكىن، ھەر قانداق ئەھۋالدا دېھقانلارنىڭ ئۈچ ۋاق تاماق يېيىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىدى. سايرام يېزىسىدا ئۆيى ئۆرۈلگەن دېھقانلارنى دەرھال قوشنىلارنىڭكىگە

كۆچۈردى.

ــــ ئاپەت بولۇپ مەھسۇلات كەملەپ كەتسە، يېزا ئىگىلىك باج ۋەزىپىسىگە تەسىر يېتەتتى. لېكىن قادىر ھاكىم ئاپەت رايونىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش يولىدا ئىزدەنگەچكە، بىزنىڭ باج ۋەزىپىمىزنىڭمۇ ئورۇندىلىشى ياخشى بولدى،ــــ دېدى باي ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك باج بۆلۈمچىسىنىڭ مەسئۇلى ئەھەت بىلەن ئەمەر. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىرغا قەدەر توپلانغان يېزا ئىگىلىك باج كىرىمى 6 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭدىن دېھقانچىلىق باج كىرىمى 5 مىليون 130 مىڭ يۈەننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىدارە باج قانۇنىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، باج مەنبەلىرىنى پائال قېزىپ، باج ئوغرىلاش ئەھۋاللىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلغان. ئاپەت بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان.

ئاپەت رايونىنى كۆرگەن ئابلا ئايدىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپەت رايونىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى تېزراق، كۆپرەك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئويلىدى. مېھىر ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

*　　　*　　　*

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتى ئىدى. باي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قادىر ئىمىننىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى، كۈيئوغۇل ـ كېلىنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. بىر چاغدا قادىر ئىمىننىڭ ئايالى مەريەمخان ھەدە داستىخان سېلىپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولۇنى ئېلىپ چىقتى. باللار، كۈيئوغۇل ـ كېلىنلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ خىل تاسادىپىي، ئەمما تولىمۇ ئۆزگىچە «ئىلتىپاتى» دىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشتىمۇ، لام ـ جىم دېمەي تاماقنى تېگىش قىلدى. ئۆينىڭ ئىچىنى تىمتاسلىق قاپلىدى.

ــــ باللىرىم،ــــ دەپ ئېغىز ئاچتى قادىر ئىمىن بىر ھازادىن كېيىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاچ،ــــ بۈگۈن سىلەرنى بۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلىشىمىزدا ئىككى مەقسەت بار: بىرى، بىللە تاماق يېيىش، يەنە بىرى،

مۇھىم بىر ئىشنى سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن، — قادىر ئىمىننىڭ بۇ گېپىدىن پەرزەنتلىرى بىر ـ بىرگە قارىشىپ قالدى. لېكىن ھەممەيلەننىڭ قۇلىقى ئۇنىڭ ئىغىزىدا ئىدى.

— داداڭلار مۇئاۋىن ھاكىم، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ھازىر ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى قاتناش يولىنى كېڭەيتىپ ياساۋاتىمىز، ئەسلىي پىلاندا يولنىڭ كەڭلىكىنى 10 مېتىر ئالماقچى ئىدۇق، ئەمەلىيەتتە يولنىڭ كەڭلىكى 24 مېتىر ئېلىنىدىغان بولدى. بۇنداق بولغاندا ئاجرىتىلغان 6 مىليون يۈەن يەتمەيدىكەن. مەن بۇ قۇرۇلۇشنىڭ باش قوماندانى ئىكەنمەن، چوقۇم ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆزۈم ئامال تېپىشىم كېرەك. ئالدى بىلەن ئائىلىگە، سىلەردەك پەرزەنتلىرىمگە تايىنىشىم كېرەكتەك تۇرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش نەچچە ئەۋلاد خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. مەن بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىساق ياخشى بولارمىكىن، دەپ ئويلاپ يۈرگەنتىم. مانا بۈگۈن سىلەرنى ئالاھىتەن چاقىرىپ ئەكەلدۇق. سىلەرچە مۇشۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ — قادىر ئىمىن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ پەرزەنتلىرىگە ئويلىنىش پۇرسىتى بەرمەيلا مەقسىتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئېيتتى:

— دېمەكچىمەنكى، بۇ قۇرۇلۇشقا مەبلەغ كەملەيدۇ، بىر نەچچەڭلار خىزمەتكە چىقتىڭلار، بىر نەچچەڭلار ئۆي ـ ئوچاقلىق بولدۇڭلار، ھەممەڭلار بىر قۇر كىيىمنى ئاز كىيىپ، بىرەر قېتىم رېستورانغا ئاز بارساڭلار قانداق؟ شۇنىڭ پۇلىنى يول قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلىشقا كۆزۈڭلار قىيامدۇ؟

دادىسىنىڭ گېپى پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئارقىدىنلا قادىر ئىمىن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى مەريەم ئالدىن تەييارلاپ قويغان 400 يۈەننى داستىخانغا تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى گۈلئايىم ئاتا ـ ئانىسى بازار خەجى ئۈچۈن بەرگەندە يىغىپ قويغان 10 يۈەننى تاشلىدى. قالغان پەرزەنتلىرىمۇ 200 يۈەن، 100 يۈەندىن تاشلىدى. پۇلى يوقلىرى دەرھال ئۆيىگە بېرىپ پۇل ئەكەلدى. شۇنداق قىلىپ بىر ئاخشامدىلا 1010 يۈەن يىغىلدى. بۇ ئىش قادىر ئىمىننى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. ئۇ كېچىچە خىيالغا پاتتى.

بۇ يول قۇرۇلۇشى باشلىنىشتىن خېلى بۇرۇن، قادىر ئىمىن ئۈرۈمچىگە ئالتە قېتىم بېرىپ، قاتناش نازارىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم سىردىشىش ئارقىلىق ئىككى يېرىم مىليون يۈەن ھەل قىلىپ كەلگەنىدى. ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولسىمۇ، ناھىيە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قاتناش يولىنى كېڭەيتىپ ياساشنى قارار قىلدى. لېكىن قۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئاستىدىكى ئەخلەت قاتلىمى ۋە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يولنىڭ كەڭلىكى ئەسلىي پىلاندىكى 10 مېتىردىن 24 مېتىرغا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. قادىر ئىمىن مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاچقا، بۇ ئىشقا يەنە ئۆزى باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ناھىيە خەلقىنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلسا تېخى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى يار بەرمەيتتى. ھەر خىل سېلىقلار ئاممىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر نەچچە يېزىدا ئېغىر ئاپەت بولغانىدى. بولتۇر ئۇ قېيىر يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ گۆش ـ ياغ يېمىگىلى بىر يىل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا 30 يۈەن بەرگەنىدى. بۇ يىل ئاپەت تېخىمۇ كۆپ دېھقانغا زىيان سالدى. شۇڭا ئاممىنى، دېھقانلارنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىشقا ئەسلا بولمايتتى...

قادىر ئىمىن ئەتىسى 1010 يۈەن سېلىنغان كونۋېرتنى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇجياچېڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. ۋۇجياچېڭ كونۋېرت ئىچىدىكى تىزىملىكنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن ھاكىم قادىر ئىمىننىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى ھەمدە ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز يېنىدىن 1000 يۈەن چىقىرىپ يول قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى.

1997 ـ يىل ئىيۇل، باي

# پارتىينىڭ قەلبى — خەلقنىڭ قەلبى

كەلپىن — ئاقسۇ شەھىرىنىڭ غەربىدىن 140 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر كىچىك ناھىيە. ئۇنىڭ نامراتلىقى ئۇنىڭ ئۆرۈكى بىلەن ئوخشاشلا داڭق چىقارغان. كەلپىن خەلقى نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىرى ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلىپ كەلدى. 1990 ـ يىلى كەلپىن خەلقى ئۇدا 10 ـ مول ھوسۇل يىلىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇنجى قېتىم قورساق توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1991 ـ يىللىق باھار بايرىمىدا پۈتۈن ناھىيە خەلق شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەن ھالدا بىر يىللىق ئەمگىكىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە كەلپىن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى ھەدەپ «ۋۇسۇڭ» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. كۆپ سانلىق كىشىلەر تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىغا ئولىشىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 20 دىن 30 مىنۇت 25 سېكۇنت ئۆتكەندە تۇيۇقسىز ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى يەر ئاستىدىن دەھشەت گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كېلىپ، كىشىلەرنى قاتتىق ئەنسىزلىككە سالدى. يەر ـ زېمىن تەۋرەشكە باشلىدى.

گەزلىك يېزىسىدىكى سايىم تۇردىنىڭ ئۆيىدىكى بەش جان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تورۇسنىڭ تېگىدە قالدى. بىراق ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تورۇس تامغا تاقىشىپ قېلىپ، بۇلارنىڭ جېنى ئامان قالغان ئىدى. بەش جان ئادەم ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى سەزسىمۇ، ئۆينىڭ نەرىدىن چىقىشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قوشنىسى مۇھەممەت ئۆيدىن قېچىپ قۇتۇلغانىدى. ئۇ «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆگزىگە چىقىپ، بۇ بەش ئادەمنى بىر ـ بىرلەپ قۇتقۇزۇۋالدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەخپىي ئىشلار خادىمى نى جەنئەن 3 ـ قەۋەتتىكى مەخپىي ئىشلار ئىشخانىسىدا ھۆججەت رەتلەۋاتاتتى. يەر تەۋرىگەن دەقىقە ئىچىدە خىش تام چاك كەتتى. ئۇ ھودۇققىنىدىن ئىشىكنى تارتتى. بىراق ئىشىك تامنىڭ قىستىشى بىلەن ئېچىلماس بولۇپ قالغانىدى. «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چيەنئەن يۈگۈرۈپ بىناغا چىقىپ ئىشىكنى تېپىپ ئېچىۋەتتى.

خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بىنا تاملىرى يېرىلىپ، رام ـ ئەينەكلىرى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. دېرىزە تورلىرى ئۇچۇپ چۈشتى. دورا ئىشكاپىدىكى قۇتا ـ قۇتا دورىلا يەرگە چۈشۈپ كۇكۇم بولدى.

ناھىيىلىك تۈرمىنىڭ كېسەك تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. قاراۋۇل بوتكىسى ۋەيران بولۇپ، ئىككى جەڭچى زەخىملەندى.

## چوڭقۇر مۇھەببەت، سەممىي غەمخورلۇق

يەر قاتتىق تەۋرەپ توختىغاندىن كېيىن چۆچۈپ كەتكەن ئامما بىردىنلا تىنچىدى. بىراق قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالدى بىلەن ھېس قىلغىنى— پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلار بىلەن باشتىن ـ ئاياغ بىللە بولغانلىقى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇلارغا باشتىن ـ ئاياغ غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقى بولدى.

25 ـ كۈنى كەچ، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 10 دا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قاھار ئەمەت، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتىمىن زاكىر، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەزاسى ۋاڭ فايۈەن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى خۇ جىيايەن، تۇرسۇن توختى، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى رۇڭ جىاۋمۇ، يەنە ھەر قايسى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم مەجلىسخانىسىدىكى ئۇزۇن شىرەنىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى. مەجلىسخانا جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كاڭ كېجيەن

ئىشخانىسىدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چيەننەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىۋاتاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ سورىغانلىرى، يوليۇرۇقلىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكومنىڭ دوكلاتلىرى بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئۇقتۇرۇلدى. بۇ جەڭ ئالدىدىكى پىنھان جىمجىتلىق ئىدى. بۇ خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن چوڭ ھەل قىلغۇچ يىغىن ئىدى.

سائەت 22 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە كاڭ كېجيەن مەجلىسخانىغا سالماق ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ مۇئاۋىنلىرىغا جاكارلىدى: «ئادەم تولۇق كېلىپ بولۇپتۇ، يىغىنىمىزنى باشلايلى.» ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈسكە كىرگەن، سۆزى قىسقا ھەم كەسكىن ئىدى. ئۇ ئاپەت ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ، يولداش سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەتلەرنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. «2 ـ سەپنىڭ قوماندانلىقىغا يولداش قاھار ئەمەت مەسئۇل بولىدۇ، ھازىر يولداش قاھار ئەمەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. مەن يولداش مەتىمىن زاكىر بىلەن دەرھال كەلپىن ناھىيىسىگە ماڭىمەن» دېدى. بىر نەچچە مىنۇتلۇق يىغىن شۇنداق ئەستايىدىل، ئېنىق ئېچىلدى. شۈبھىسىزكى، كەلپىندە يەر تەۋرىگەندە، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىراپ تۇرغان قەلبى كەلپىن خەلقىگە باغلانغانىدى. يولداش قاھار ئەمەت رىياسەتچىلىك قىلغان بۇ يىغىن كېچە سائەت 1 گىچە داۋاملاشتى. ئىش تەقسىماتى ئېنىق، ئورۇنلاشتۇرۇش ئەتراپلىق بولدى. تەلەپ بويىچە يولداش قاھار ئەمەت ئەتىگەن سائەت 4 تە: شۆبە ھەربىي رايونى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ بولدى، قىسىملار ئاپتوموبىللارنى تەقلەپ قويدى، جەڭچىلەر تولۇق قوراللىنىپ تەق بولدى. دوختۇرخانىلار قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەشيالىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولۇندى، دەرھال ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىپ توشۇلىدۇ... دېگەن مەزمۇندا كەينى ـ كەينىدىن بېرىلگەن دوكلاتلارنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

كەلپىن ناھىيىسىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەنلىك ھەققىدىكى خەۋەر

دەرھال ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت كەلپىن خەلقىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. ئۇلار دەرھال شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، كەلپىن ناھىيە خەلقىدىن ھال سوراش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا باشچىلىقىدىكى ئاپەتتىن قۇتـ. قۇزۇش ـ ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كەلپىن ناھىيىسىگە ئەۋەتتى.

كەلپىن ناھىيىسىدە بولسا كوچا ۋە ھويلىلاردا گۈلخانلار يېقىلىپ، پۈتۈن بازاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئوچۇقچىلىقتا قونغانـ. ىدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى چيەنەن شەھەر رايونىدا يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە يۇرچى، گەزـ. لىك يېزىسىغا باردى. ھاكىم ئابدۇراخمان ئەسئەت ناھىيىلىك رادىئو ئۇـ. زېلىغا بېرىپ پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە «كۆپچىلىك، يەر تەۋرىدى، ھۇدۇقـ. ماڭلار، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆپچىلىك بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېدى. سائەت 12 دىن ئاشقاندا، كاڭ كېچىيەنىڭ تەلپى بويىچە ناھىيىدىكى بەش بەنزىنىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايىتىمىزنىڭ كەلـ. پىندە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىرى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مەجلىسخانىسىغا يىغىلىپ جىددىي يىغىن ئاچتى.

ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە كەلپىندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئورۇندىكى جىددىي يىغىن بىرلا ۋاقىتتا دىگۈدەك چاقىرىلدى. ئۈچ ئورۇندىكى يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسى: خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى تېزدىن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپەتـ. كە ئۇچرىغان ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلىنىشقا تېزدىن تەشـ. كىللەشتىن ئىبارەت بولىدى. كۆرمىڭ ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرگەن كەلپىن زېمىنى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بۇ ئۇنۇمسىز تۇپراقتا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن كەلپىن خەلقى سانسىز قېتىملاپ ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھېچقاچان بۇ گۇنكىدەك رەھبەرلىك بىلەن ئامىمىنىڭ، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قەلبى تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەن ئىدى. بۇ ئىشلار پەقەت سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇۋاتاتتى.

## غايەت زور ئىلھام

غەربكە قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان «تويوتا» ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ چىراغ نۇرى تۈن پەردىسىنى بۆسكەن ئىدى. كاك كېجيەن كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە، ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. خىيالى ناھايىتى چېگىشلىشىپ كەتتى: «قانچىلىق كىشى يارىلانغاندۇ ۋە ئۆلگەندۇ؟ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاما قەيەردە تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟ دەرھال چېدىر، ئوتۇن ـ كۆمۈر توشۇش لازىم ئىدى» ئاپتوموبىلنىڭ 100 كىلومېتىرلىق سۈرئىتى ئۇنىڭغا يەنىلا ئاستا تۇيۇلاتتى. ئاپتوموبىل كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاچال يېزىسىغا بارغاندىلا، ئۇ شوپۇرنى ئاپتوموبىلنى توختىتىشقا ئۈندىدى. كاك كېجيەن يېزىنىڭ بىر قانچە كادىرىنى تېپىپ كېلىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى بىلىپ جىددىيلىشىپ كەتتى.

كېچە سائەت بىر ئەتراپىدا، ئاپتوموبىل كەلپىن ناھىيىسى بازىرىغا يېتىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا يەرنىڭ تەۋرىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان چۇقان ـ سۈرەن، پاتپاراقچىلىق تىنچىشقا باشلىغانىدى. كۆپ قىسىم ئاھالىلەر يول ياقىلىرى، هويلىلاردا ياتاتتى. كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەنىدى. يەر تەۋرەپ تۆت سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بۇ كىچىك شەھەرگە يېتىپ كەلگەن بىر قانچە كىچىك ماشىنا مۇزلاپ كەتكەن ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ھارارەت ۋە تاڭ نۇرىدىن شەپە بەردى. بۇ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا بېرىلگەن نەقەدەر زور ئىلھام ـ ھە!

كاك كېجيەن، مەتىمىن زاكىر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مەجلىسخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى. كاك كېجيەنىنىڭ يېنىدىكى خىزمەت خادىملىرى ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى ۋە تېزلىشىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ھېس قى-

لىشتى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرا - ئولتۇرماستىنلا ئۇنى تەققەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان يىغىن مەيدانىدىكى ناھىيە، يېزا كادىرلىرىنىڭ ئاپەت ئەھۋالى بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى بىلىپ، «تېخىچە بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى سېزىلمىدى» دېگەن دوكلاتنى ئاڭلىغاندا، ئۇستىدىكى تۇگمەن تېشى ئېلىۋېتىلگەندەك يەڭگىللەپ، چىراي - قاپىقى ئېچىلدى.

يىغىن ئاياغلىشىشىغىلا كاڭ كېچيەن بىلەن مەتىمىن زاكىر ئوچۇقچىلىقتىكى ئىشچى - خىزمەتچى، ئاھالىلەردىن ھال - ئەھۋال سوردى ۋە ئۇلارنى يوقلىدى. ئاما ئۆز كىشىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى ئېيىتتى. ئۇلارمۇ ئاممىنى ئۆز كىشىلىرىنى كۆرگەندەك كۆرۈپ، ئاممىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىشمەكتە ئىدى... مانا بۇ قەلبلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، كىشىلەرگە ئىللىق ھېسسىيات ئاتا قىلغان كېچە ئىدى.

جۇدۇنلۇق كېچە ئاخىرى ئۆتۈپ كەتتى. كاڭ كېچيەن، مەتىمىن زاكىرلار كېچىچە كىرپىك قاقماي، يەنە يەر تەۋرىگەن مەركىزىي رايون— گۈڭگۈرت كېنىغا باردى. كاڭ كېچيەن گەزلىك يېزىسىدا ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزەتكەچ، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى توختى موللەككە «ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭ، بىرمۇ ئادەم ئاچ قالمىسۇن، بىرمۇ ئادەم سوغۇقتا توڭلاپ قالمىسۇن...» دەپ تاپىلىدى.

26 - فېۋرال چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا باشچىلىقىدىكى ھال سوراش گۇرۇپپىسى يېتىپ كەلدى. ماۋ دېخۇا مازار ئېقىن كۆۋرۈكىدە ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، ناھىيە بازىرىدىكى يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورۇشتۇردى. بىر قانچە كۈندىن بۇيان ماۋ دېخۇا ئۇزۇن يول ئازابى چەككەن بولسىمۇ، ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە، مەكتەپلەرگە، يېزا - كەنتلەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇلىرىغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى سەمىمىي يوقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى. ماۋ دېخۇا ئېغىر يەر تەۋرىگەن رايون— گەزلىك يېزىسىدا بىر

نەپەر پېشقەدەم دېھقاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ: «يەرنىڭ تەۋرىشى سىلەرنى پاراكەندە قىلىۋەتتى، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، مەن شۇجى سۈڭ خەنلياڭغا ۋە رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە ۋاكالىتەن سىلەرنى يوقلاپ كەلدىم. مەن سىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن» دېدى.

قاتتىق تەۋرىگەن يەر كەلپىن خەلقىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. بۇ ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قەلبىنى تىترەتتى. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى كەلپىن خەلقى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە چوقۇم يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرۇشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرىتىدۇ.

1991 ـ يىل مارت، كەلپىن

## يۈرەكتە يادلىنىدۇ بىر ئۇلۇغ ناخشا

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچ سائەت 12 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، تۇيۇقسىز ۋە شىددەتلىك يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپتى خاتىرجەم ياشاۋاتقان كەلپىن خەلقىنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. كىشىلەر ئاچچىق سوغۇقتا نېمە قىلارنى بىلەلمەي، تالادا تۈنەشكە مەجبۇر بولدى.

يەر تەۋرەپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، تېلېۋىزور ئېكرانىدا بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇ كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان ئەسئەت بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان، تىلى گەپكە كەلمەي قالغاندى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن خەلقتىن قاتتىق قايغۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. ھاكىم تېلېۋىزور ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان پۈتكۈل خەلقتىن چوڭقۇر ھال سورىدى ھەمدە ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىشقا، ئۈمىدۋار بولۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە چاقىرىق قىلدى.

مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن تەركىب تاپقان ئىـا-
پەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرلەشمە خىزمەت ئۆمىكى-
مۇ چاقماق تېزلىكىدە بىر قانچە كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي، ئاپەت
ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىنچىكە، چوڭقۇر، سىستېمىلىق تەكشۈردى. ئاپەتكە
ئۇچرىغان ئاممىنى ئىلھاملاندۇردى. ئائىلىلەر، زاۋۇت، كان، ئىدارە ـ
ئورۇنلار ھەم مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى شۇنداقلا ئاپەتتىن قۇت-
قۇزۇش چارىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، يەنە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان
قالدۇق ئاپەتتىن قاتتىق ھوشيار بولۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ناھىيىدى-
كى تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ ئاممىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇش-
تىكى ئۈنۈمى زور بولدى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى چېدىر ۋە ساتما ئىچىدە
ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزوردىن ناھىيىنىڭ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئەھۋالى ۋە يەر
تەۋرەش بىلىملىرىنى كۆردى ھەم ئاڭلىدى. رادىئو كانايلىرى ئاپەتتىن
قۇتقۇزۇش كۈرىشى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار شەخس ۋە يېڭى
ئىشلارنى توختىماي سۆزلەپ تۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى
كالى كېجيەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە يۈز بەر-
گەن بىر ئىشنى كادىرلار يىغىنىدا ماختاپ كەتتى. بۇ ئىدارىنىڭ ئىشخانا
ۋە ئائىلىلىكلەر بىناسى ئاپەتتە ئېغىر ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئىدارە
باشلىقى ئابدۇرۇسۇل ھوشۇر باشچىلىقىدىكى مىللىي يولداشلار ئائىلى-
سىدىن گىلەم ۋە كىگىز ئەپچىقىپ، ئالدى بىلەن خەنزۇ يولداشلارغا
چېدىر ياساپ بەردى. ناھىيىدىن بەرگەن بىر بىرېزىنت چېدىر ئىدارىگە
ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، خەنزۇلار مىللىيلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەندە،
مىللىيلار: «بىز يەرلىك، يېزىمىزدا ئۆيىمىز بار، سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن
باشقا ئۆيۈڭلار يوق، بۇنىڭدا چوقۇم سىلەر يېتىشىڭلار كېرەك» دەپ
تۇرۇۋالدى. تالاش ـ تارتىش ئىچىدە بۇ چېدىر بىر كېچە بوش تۇرۇپ
قالدى. ئەتىسى ھەممە ئادەم چوڭ ـ كىچىك چېدىر ئىچىدە ئورۇنلاشتى.
لېكىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى چيەنەن، ھاكىم ئابدۇراخ-
مان ئەسئەت، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دەي شىن-
جۇڭ بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. بىر نەچچە كۈنگىچىلىك ئائى-
لىسىگە بېرىشقىمۇ چولىسى يەتمىدى. ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدا-

رىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئىش ئورنىدىن قەتئىي ئايرىلمىدى. ئاشلىق ئىدا-
رىسىنىڭ مەسئۇللىرى كېچە - كېچىلەپ چېدىردىكى خىزمەتچىلەرنى
يوقلىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك ماددىي
ئەشيالار تەمىنلەش پونكىتىنىڭ باشلىقى لاۋ ۋاڭ ناھىيىدىن بەرگەن
چېدىرغا ئىدارىدىكى قېرى، ئاجىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئالدى بىلەن
ئورۇنلاشتۇردى. سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لۇ بەيبەن سالامەت-
لىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنى بىرىنىت چېدىر ۋە ئاددىي قۇرۇلمىلارغا ئورۇنلاشتۇر-
دى. ئەمما ئۆزى تۆت ئەتراپىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كىچىك
بىر ساتمىغا ئورۇنلاشتى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم
يۈسۈپ ئائىلىسىدىن 18 پارچە كىگىز چىقىرىپ، باشقا كادىرلارغا ياردەم
قىلدى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا توك ئۈچۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا،
جىددىي كېسەللەرنى قولچىرىغىنىڭ نۇرى ئاستىدا خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ
قالدى. ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياسىن ئابلا بىر
ھەپتە ئائىلىسىگە قايتماي خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ،
كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئالدىراش
ئىشلىمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. گەزلىك يېزىسىنىڭ قۇملۇق كەنتى-
دىكى 98 ياشلىق بوۋاي مۇسا ئەيسا رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەل-
گەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆمرۈمدە نەچچە
ھۆكۈمەتنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتى-
يىدەك خەلققە كۆيۈنىدىغان پارتىيە،ھۆكۈمەت بولۇپ باقمىغان. سوتسى-
يالىزىم تۈزۈمىدەك ئەۋزەل تۈزۈمنىمۇ كۆرمىگەن ئىدىم. كونا جەمئىيەت-
تە كەلكۈن ئاپىتى، قەھەتچىلىك ئاپىتى يۈز بەرگەندە ھېچكىمنىڭ خەلق-
نىڭ ئۆلە - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان ئىدى. بىز بەندىنى پەقەت
خۇدالا قۇتقۇزالايدۇ دەيتتۇق، ئەمدى پارتىيە بىزنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ
قالدى. كومپارتىيىگە رەھمەت، ھۆكۈمىتىمىزگە رەھمەت!...»

كەلپىندە قاتتىق يەر تەۋرىگەنلىكى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر تې-
لېفون ئارقىلىق جاي - جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن، ھەممە جاي، ھەم-
مە ئادەم ئاپەت رايونىدىكى خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى، ئىچىنى

ئاغرىتتى. قېرىنداش ناھىيە (شەھەر)، تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل-
لىرى قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، كېيىنكى كۈنى تاڭ
يورۇماستىلا قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپەت
رايونىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ ئىشتىن تەسىرلەنگەن ئامما مۇخبىرغا
مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى باشقا جايلار ئاپەتكە ئۇچرىسا، بىز قاراپ تۇ-
رۇپتىكەنمىز، بىز ئاپەتكە ئۇچرىغاندا باشقىلار قاراپ تۇرمىدى. جايلار-
دىكى قېرىنداشلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىزنى ئىنتايىن تەسىر-
لەندۈردى».

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇ بولدىكى، ۋىلايەتلىك دەريا باشقار-
مىسى كادىرى خەن جيەنجۇ باشقارما نامىدىن ھال سوراپ كەلپىنگە
كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۆزلۈكىدىن تەسىر-
لىنىپ يانچۇقىدىكى 200 يۈەننى ئاپەت ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. ئاقسۇ
دارىلمۇئەللىمىنىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ئاز ـ
ئازدىن يىغىش قىلغان 1540 يۈەن پۇلنى بىر پارچە ھال سوراش خېتى
بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا سەرپ قىلىشى
ئۈچۈن ئەۋەتتى. قىيىن كۈنلەردە قىلىنغان بۇ ياردەم كەلپىندىكى 34
مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

يۈرەك ھەممىنى تۇيىدۇ، باش مىدىرلىسا تەنمۇ مىدىرلايدۇ. ئاپەت-
كە ئۇچرىغان كەلپىن خەلقى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى، قې-
رىنداش جايلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، يەر تەۋ-
رەشكە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇردى. ھەممە ئادەمنىڭ كەيپىياتى تېز نورمال-
لىشىپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئوت-
تۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوچۇقچىلىقتا دەرس باشلىدى. دېھقانلار
كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئەتىياز پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلان-
دى. لېكىن ئاپەت رايونىدىكى خەلقنىڭ يۈرىكى گۈزەل قەلبلەردىن ئۇر-
غۇپ چىققان بىر ئۇلۇغ ناخشىنى تىنماي يادلايتتى.

1991 ـ يىل مارت، كەلپىن

## تەقدىرداشلار

كەلپىن ناھىيىسىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەنلىك توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئەتراپتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇ يۈرىكىنى تىترەتتى. ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان تەقدىرداشلىرىنىڭ ھاياتىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، چاقماق تېزلىكىدە كەلپىن خەلقىگە بولغان قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا ئاتلاندى.

قېرىنداش ئۇرۇنلار ئەۋەتكەن پىرېۋوت چەكلىرى، ئاپتوموبىللارغا بېسىلغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىغا يېزىلغان قىزىل خەتلەر كۆزنى چاقنىتاتتى. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى «يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى» دەپ خەت چۈشۈرۈلگەن ئاپتوموبىللار كەلپىن خەلقىنىڭ كۆزى ئارقىلىق يۈرىكىنى ھاياجانلاندۇردى. بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان يەرلىك قېرىنداشلارغا قىلغان بۇخىل ساخاۋىتى ھەممە ئادەمنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېچىدە، كەلپىندە قاتتىق يەر تەۋرىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى جاڭ جۇڭگۇي ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال باشقىلارغا خەۋەر قىلدى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار مەتىمىن ئابدۇرېھىم، مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى ۋېي شىڭنەن ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى سائەت 0 دە دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا جەم بولدى. ئۇلار جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئارقىدىنلا جىددىي تېلېفون ساجىڭزىغا ئۇرۇلدى. 2 ـ تۇەنىنىڭ كوماندىرى ۋۇ گېڭجېن دەرھال ئالاقىدار خادىملارنى يىغىپ، ئادەم كۈچى يۆتكەپ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئەشيالىرىنى تەييارلىدى. ئورۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى تېز، لايىھەمۇ ئېنىق بولدى. مانا بىر جۈپ ئىللىق قول ئاپەت رايونىغا سوزۇلدى. بۇ يەرلىك بىلەن بىڭتۇەن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىغان بىر جۈپ قول ئىدى.

كېچە سائەت 1 دىن ئاشقاندا، ئىككى ئاپتوموبىل دىۋىزىيە شتابىنىڭ

جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، تۇن پەردىسىنى يىرىپ يولغا چىقتى. دىۋىزىيە رەھبەرلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، بىرى ئاپەت رايونىغا، يەنە بىرى سا-جىڭزىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تۈن يېرىم سائەت 3 تە ئۇلار كەلپىنگە كىرىپ كەلدى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چيەننەن ئۇلارنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن: «سىلەر بىز خەتەرگە ئۇچرىغان پەيتتە دەرھال يېنىمىز-غا پەيدا بولۇپ ياردەم قىلغۇاتىسىلەر، پۈتۈن ناھىيە سىلەرگە چىن قەل-بىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ» دېدى. جاڭ جۇڭگۇي مۇنداق دېدى: «سى-لەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلارنى ھەل قىلىپ بېرىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز».

دەل شۇ پەيتلەردە ۋېي شىڭنەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 2 ـ پولكىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرھال داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئا-پەتتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى تەييارلاپ، تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى كەل-پىنگە يېتىپ باردى.

جاڭ جۇڭگۇي، مەتتىمىن ئابدۇرېھىملار بىر كېچىلىك ھېرىش ـ چارچىشىغا قارىماي، تاڭ سۈزۈلۈشىگىلا ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ھەر قايسى يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سورىدى.

26 ـ كۈنى بىڭتۇەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ زۈنلىك ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇالار بىلەن بىللە كەلپىنگە يېتىپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار رەھبەر-لەر قاتناشقان يىغىندا ياڭ زۈنلىك تەسىرلەنگەن ھالدا: «بىز بىڭتۇەن، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە كەلپىن خەلقى بىلەن بىللە، بىز كەلپىن خەل-قىنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىغا بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىمىز» دېدى. يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە شىتابى نا-ھايىتى تېز سۈرئەتتە كەلپىن ناھىيىسىگە 38 پارچە برېزېنت چېدىر ئا-پىرىپ بەردى. قاتتىق سوغۇقتا تالادا قالغان ئامما ئىسسىق چېدىرغا كىرگەندە، يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى ئەسكە ئېلىش-نى. 2 ـ پولك يەر تەۋرىگەندىن كېيىنكى قىسقىغىنە توققۇز كۈن ئى-

چىدە كەلپىنگە تۆت قېتىم ھال سوراشقا بېرىپ، چېدىر، پىچىنە، ياغاچ ۋە يەم ـ خەشەك ئاپىرىپ بېرىپ، خەلقىنىڭ جىددىي تەشنالىقىنى قاندۇردى.

1 ـ پولك، 7 ـ پولكتىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ئىئانە قىلغان 10 توننا گۈرۈچ ۋە چېدىر ناھايىتى تېزلىكتە كەلپىنگە يۆتكەپ كېلىندى.

يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە ترانسپورت شىركىتى ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، كېچىلەپ كۆمۈر كاندىن 40 توننا كۆمۈر ئەكىلىپ، كەلپىن خەلقىنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن ئاپىرىپ بەردى.

پارچە سېتىش سودا شىركىتى كەلپىندە يەر تەۋرىگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىركەت رەھبىرى يىغىن ئېچىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى بەس ـ بەستە ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا 200 نەچچە كىشى 936 يۈەن پۇل يىغىپ، كەلپىن ئاپەت رايونىغا ئەۋەتتى.

كەلپىندىن خېلىلا يىراقتا جايلاشقان 13 ـ پولكمۇ كەلپىن خەلقىنى ياد ئېتىپ تۇردى. ئۇلار 500 يۈەن ئىئانە قىلدى.

5 ـ پولك مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 2 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بار ـ يوقىنى جەملەپ 21 يۈەن قىلىپ ئاپەت رايونىغا تەقدىم قىلدى.

يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كەلپىننى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېيىنكى تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ تۇرغان خەلقنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. ھەممە ئادەم تەرەپ ـ تەرەپتىن سوزۇلغان ئىللىق قوللاردىن نۇر چېچىپ تۇرغان بىر قىزىل قەلبنى كۆردى.

1991 ـ يىل مارت، كەلپىن.

# ئۆچمەس ئىزلار

شەرەپ— ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇق— ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن ھاسىل بولىدۇ.

«ئادەم ياشىغان ئىكەن چوقۇم ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى، كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك» — بۇ دەل مەن ئەمەل قىلىپ كەلگەن قائىدە، شۇڭا مەن نەدىلا ئىشلىسەم بىرەر تۆھپە يارىتىشنى، ئىز قالدۇرۇشنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلىپ كەلدىم، ئەگەر تەشكىل ۋە ئامما مېنىڭ خىزمىتىمدىن رازى بولسىلا مەن پۈخادىن چىققان بولاتتىم...

مانا بۇ پېشقەدەم مائارىپچى ئىمىن مامۇتنىڭ يۈرەك سۆزى ۋە ئۇنىڭ 30 نەچچە يىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن خىزمەت پرىنسىپى. مۇشۇ خىل پرىنسىپ ۋە مۇشۇ خىل ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىمىن مامۇت كىشىلىك ھاياتىنى ئۈزلۈكسىز نۇرلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى جەھەتتىكى تۆھپىسى ھەر ساھەنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ئەقىدىسى، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مائارىپ بېغىدا، مائارىپچىلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. 2001 ـ يىل 6 ـ ئايدا دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. 1999 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، دەپ تەقدىرلىدى. 2001 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇنىڭغا «شىنجاڭدىكى ئىلغار مائارىپ مۇپەتتىش خىزمەتچىسى» دېگەن شەرەپنى بەردى.

ئىمىن مامۇت ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم مائارىپچى. ھازىر مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى. توختىماي ئىزدىنىش، بېرىلىپ ئىشلەش، قىزغىن، كەمتەر بولۇش، تىنىمسىز يۇقىرى ئۆرلەش— نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىمىن مامۇتنىڭ ياشاش لوگىكىسى، خىزمەتتە نەتىجە ھاسىل قىلىشتىكى ئەنگۈشتەرى بولۇپ كەلدى.

ئىمىن مامۇت 1947 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاقسۇنىڭ ئايكۆل بازىرىدا تۇغۇلغان. 1970 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئىككى يىل قايتا تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 5 ـ تومىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. پايتەختتىكى توققۇز يىللىق ئۆگىنىش، خىزمەت ھاياتى ئىمىن مامۇتنىڭ قەلبىنى بىلىم كەۋسىرى بىلەن تولدۇرۇپ، ۋۇجۇدىدا ئانا يۇرتىنىڭ مائارىپىغا تۆھپە قوشۇش ئىستىكى ۋە ئىرادىسىنى پەيدا قىلغان. شۇڭا ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھېچنەرسىگە تارتىنماي ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. تەشكىل ئۇنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا تەقسىم قىلغان. بىراق ئۇ بۇنداق ئەۋزەل خىزمەت شارائىتىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئانا يۇرتى ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەن ۋە تېخىمۇ «بازارلىق شەخس» كە ئايلىنىپ قالغان. ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىمىن مامۇتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى باشلاندى. ئۇ ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئالىي ماتېماتىكا دەرسى ئۆتتى. ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈش بويىچە مەكتەپ ۋە ۋىلايەت بويىچە تېزلا نام چىقىرىپ، تەشكىلنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە ماتېماتىكا ئوقۇتۇش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭغا ۋىلايەتتىكى مۇھىم ئورۇنغا يۆتكىلىش پۇرسىتى كەلدى. لېكىن «قوش تىل» لىق ئىمىن مامۇتنىڭ دەرس مۇنبىرىدىن يەنىلا ئايرىلغۇسى كەلمىدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئىمىن مامۇتقا «يۆتكىلىش قەغىزى» ئەۋەتتى.

ئىمىن مامۇت بۇ تەكلىپنى يەنىلا رەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىمۇ ئۇنى يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى. ئىمىن مامۇت ئۇلارغىمۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. ئۇ خىزمەت ئورنىدىن تەۋرەنمەي، ياشلىق باھارى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت جاپالىق ۋە شەرەپلىك ئىشقا ئاتىدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ بىلىمى ۋە مېتودىغا قايىل بولماي تۇرالمىدى ۋە ئۇنى مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئۆستۈردى ھەمدە ئۇ ۋىلايەتلىك ماتېماتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولدى. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرى بۇ «ئۈمىدلىك باغۋەن» نى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى كەلمىدى. چۈنكى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئىمىن مامۇتنى يۆتكەپ كېتىش «خىرىسى» مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. 1988 ـ يىلى ئىمىن مامۇت ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا قويۇلدى.

ئۇلۇغۋار غايىگە، سۈنماس ئىرادىگە ئىگە ئادەم ھەر قانداق جاي، ھەر قانداق ئىشتا نەتىجە قازىنالايدۇ. ئىمىن مامۇت بۇ ئورۇننىڭ خىزمەت خاراكتېرىنى تېزلا ئىگىلىۋالدى. تۆۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش تەتقىق قىلدى. ئۇ ۋىلايەتنىڭ مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇكاپات فوندى تەسىس قىلدى. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوچۇق دەرس، مۇكاپاتلىق دەرس پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئارقىلىق ئىختىدارلىقلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئۆزىنى مائارىپقا بېغىشلاش، ئەۋلادلارغا بېغىشلاش، كەلگۈسىگە بېغىشلاش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتى، ئۈنۈمى ئۆستى. ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى...

1995 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىمىن مامۇت مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. يېڭى ئورۇن، يېڭى ۋەزىپە،

يېڭى مەسئۇلىيەت ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويمىدى. بەلكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كۈچ ۋە ئەقىلنى قېزىپ چىقىرىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. يېڭى ئورۇندا ئىشنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. يېڭى مۇھىت ئالدىدا ئىمىن مامۇت يەنىمۇ روھلاندى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بىلەن تونۇشتى. دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ خىزمەتكە دائىر لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگەندى. ئۆگەنگەندىمۇ سىستېمىلىق ئۆگەندى، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىدى، تۆۋەنگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇ ئاساسىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇپەتتىشلىك خىزمىتىدىن ئىبارەت پىشاڭدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك، دەپ قاراپ، سىياسەت، بەلگىلىمىگە تايىنىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايون مىقياسىدا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى يولغا قويۇلغان 1996 ـ يىلىدىن بۇيان، ئىمىن مامۇت ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلدى. بىر يىلدا 200 كۈندىن ئارتۇق ۋاقتىنى ئاساسىي قاتلامدا ئۆتكۈزدى. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە يالغۇز مائارىپنىلا مۇپەتتىش قىلىشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەتنى مۇپەتتىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، مائارىپ خىزمىتىنى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغاندىلا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ھەمدە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) ۋە ھەر قايسى يېزا، بازارلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئاساس مائارىپ، بولۇپمۇ «ئىككى ئاساسەن» نى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى، ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسەت ئاساسىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ قايىللىقىنى، مايىللىقىنى قوزغىدى.

ئاساس مائارىپنىڭ ئاساسىي قىسمى يېزىلاردا. يېزا مائارىپنىڭ ئاساسىي قىسمى مىللىي مائارىپتا. دۆلەتنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا نامرات

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت دانا سىياستى ئاقسۇدەك چەت، نامرات چېگرا رايوننىڭ مائارىپى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. ئىمىن مامۇت ۋىلايەت ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈ. رۈپ تاپشۇرۇۋېلىشنىڭ كونكرېت چارىسى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم ـ باس. قۇچلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە تۆۋەنگە بېرىپ قوماندانلىق قىلدى. ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتكۈزدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھ. بەرلىرىگە زور سالماقتا تەكلىپ ـ پىكىر بەردى. ئۇ بەرگەن تەكلىپ ـ پىكىرلەر شۇ ئورۇننىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە دۆلەتنىڭ سىياستىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، شۇ جايدىكى رەھبەرلەرنىڭ تېزدىن قوللىشى ۋە ئەھمىيەت بې. رىشىگە ئېرىشتى. مائارىپ مەبلىغى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتى. ئىمىن مامۇت ئىشلىگەنسىرى غەيرەتكە كەلدى. تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى مۇپەتتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى. نى، قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى. نى، قانۇن ـ تۈزۈمگە تايىنىپ مەكتەپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى مۇپەتتىش قىلدى. بۇ ئارقىلىق مەكتەپ خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىشى، ئىلمىيلىشىشى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىشىشى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇردى. «8 نى يورۇش. لەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئو. قۇتۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1996 ـ يىلى ئىمىن مامۇت مەمۇريي مەھكىمىنىڭ قوللىشى بىلەن ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇپەتتىش قىلىشنى يولغا قويدى. باھالاش سىستېمىسى ۋە باھالاش كۆرسەتكۈچلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئىش رەھبەرلەرنىڭ دىق. قىتىنى قوزغىدى ۋە ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت مىقياسىدا بۇ خىزمەت ئۇدا ئىككى يىل يولغا قويۇلۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ئاساس قىلغان ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاقسۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتتى.

يىلدا 30 دىن ئارتۇق يېزا ـ بازارغا بېرىپ، 300 دىن ئارتۇق مەكتەپنى تەكشۈرۈش ئىمىن ماموتنىڭ ئادىتى. ئۇ بارغانلا يېرىدە يېزا مەكتەپلىرى، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئىلگىرى يېزا مەكتەپلىرىنىڭ سىنىپ، ئىشخانىلىرى خەتەرلىك ھالەتتە ئىدى. بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتى. ئولتۇراق ئۆي، داۋالىنىش، قاتناش قىيىنچىلىقى يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بېشىنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىمىن ماموت شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئىمىن ماموت مۇپەتتىش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن سەككىز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، ئاساسلىق زېھنىنى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. خىزمەتكە ئىنچىكە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. ۋىلايەتتىكى 1200 دىن ئارتۇق مەكتەپكە ئۇ بىر نەچچە قېتىمدىن بېرىپ بولدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە دېھقانلارنىڭ مائارىپقا بولغان تونۇشى ئۆستى. ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.8 پىرسەنتكە، تۇراقلىششى 99 پىرسەنتكە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يېتىپ، 1989 ـ يىلىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى. خېمىغا يېنىش نىسبىتى 5 پىرسەنت ئىچىدە كونترول قىلىندى.

ھايات تەر تۆككۈچىلەرگە، ئىزدەنگۈچىلەرگە تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ جەزىبىدار تۇيۇلىدۇ. ئىمىن ماموت سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان ئەھۋالدا، ناھىيە (شەھەر)، يېزىلاردا كۈنىگە 12ـ13 سائەتلەپ ئىشلىدى. ھەتتا كېچىلىرى ئۇخلىماي خىزمەت خۇلاسىسى يازدى. ئەتىسى يەنە تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. مەن ئاۋاتتا بىر سىنىنىڭ «ئىمىن ماموتنىڭ كۆزىدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن سۆزىنى

ئاكلاپ ھەيران قالغانىدىم. بىر نەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈشتە بىرگە بو-لۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تولىمۇ تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇشى نەتىجىسى ۋىلايەت بو-يىچە 99 يېزا، بازار، مەيداننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى. 1997 ـ يىلى 8 ناھىيە، 1 شە-ھەرنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى. 1998 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ تەك-شۈرۈشىدىن ئۆتتى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى. 1999 ـ يىلى ۋە 2000 ـ يىلى يەنە ئۈچ ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئاقسۇ شەھىرى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭ بويىچە «چېمپىيون» بولدى.

ئىمىن مامۇت دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈر قۇرۇلۇشىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ناھىيىلەرنىڭ مائارىپىغا «يېڭى قان» تولۇقلىدى. 1998 ـ يىلى كەلپىن ۋە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنى 1 ـ قارارلىق تۈر قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈپ، 25 مىليون يۈەن ھەل قىلدى. ئاۋات، توقسۇ، باي، كۇچا ناھىيىلىرىنى 2 ـ قارارلىق تۈر قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈپ، 83 مىليون يۈەن تۈر مەبلىغى ھەل قىلدى. بۇ ئىش ۋىلا-يەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ مەبلەغ شۇ جايلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بۇ يىل 10 ـ ئايدا ئاۋات، شايار ناھىيىلىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋات ناھىيە-سى شىنجاڭ بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى. ھازىرغىچە 6 ناھىيە (شەھەر) ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

ئىمىن مامۇت يېقىندا، قانداق قىلغاندا يېزا مائارىپىنى يېزا، يېزا ئى-گىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن تېمىدا مەخسۇس تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى. بۇ دوكلات ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى مۇپەتتىش قىلىشنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ بولدى. ساپا مائارىپىنىڭ يولغا

قويۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا ھۆكۈمەتنى مۇپەتتىش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. تۇقسۇ، كۇچا، باي ناھىيىلىرىنى يەنە دۆلەتنىڭ 3 ـ قارار تۈر قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. چۈنكى بۇ ئىشلار بەك مۇھىم ئىدى.

ئىمىن مامۇتنىڭ مائارىپ بېغىدا ئىزى قالدى، ئەڭ مۇھىمى كىشىلەر قەلبىدە ئىزى قالدى. بىز ئىمىن مامۇتقا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

2003 ـ يىل دېكابىر، ئاقسۇ

# بىر قەلبكە مەدھىيە

## 1

— قانداقراق، سەل ياخشىلىنىش بولغاندەك تۇرامدۇ؟

ۋاڭ دوختۇر چالا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەچ ئېگىراپ ياتقان غۇپۇر-جاننىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى ھەمدە ئۇنىڭ بىنت بىلەن تې-ڭىلغان بىلىكىنى ئاۋايلاپ تۇتتى:

— قورقمىسۇن، سىزدە چوڭ ئىش يوق، ياخشى ئارام ئالسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ،— دېدى ئۇ بىمارنى بەزلەپ، ئۇ ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە غوپۇرجان ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز قايغۇرۇۋاتاتتى.

غوپۇرجان مارالبېشى ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ شوپۇرى بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى قاتناش ھا-دىسىسىگە ئۇچراپ، ئوڭ بىلىكى ئېزىلىپ كەتكەن ھەم شۇ كېچىسى بۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى ۋاڭ دوختۇر ھەر يېرىم سائەتتە دېگۈدەك ئۇنى بىر قېتىم يوقلاپ تۇردى. ھەر كۈنى سە-ھەردە ئۆزى بىۋاستە تېڭىقنى يەڭگۈشلەپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزەتتى. قان تومۇر، نېرۋا ۋە سۆڭەكلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېرىلىش، ئېزىلىش بولغاچقا، غۇپۇرجاننىڭ قولىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد قالمىدى. ۋاڭ دوختۇر ئەسلىدىكى داۋالاش پىلانىنى تېز ئۆز-گەرتتى ـ دە، بىلەكنى تۈۋىدىن كېسىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، 8 ـ ئايدىكى تومۇزدا بىلەكنىڭ سېسىپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇ قاۋۇل دوختۇر ـ سېستىرالارنى تەشكىللەپ، ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولىغا ئالدى. بىلەك كېسىۋېتىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاغرىق پەسەيدى، غوپۇرجاننىڭ جېنى ئارام تاپتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى غوپۇرجاننى بۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن، يە-

نە كېلىپ ۋاڭ چۈەنسەندەك ياخشى ئادەمگە ئۇچراپ قالغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلدى. ئۇلار ۋاڭ دوختۇرنىڭ تەرىپىنى قىلىشىپ تۇرۇۋېدى، ۋاڭ دوختۇر كىرىپ كەلدى. غوپۇرجاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى سىرتقا چىقىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن:

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، ئۇنىڭ رەھمەت دېگۈچىلىكى يوققۇ، — ئۇ غوپۇرجاننىڭ بېلىكىنى تۇتۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە يەنە باشقا كېسەللەر بىلەن سۆزلىشىپ چىقىپ كەتتى.

*　　*　　*

— دوختۇرلۇق ئۇلۇغ كەسىپ، دوختۇرلار ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئادەملەر ئىكەن، — دېدى قوشنا ياتاقتا ئوغلىنى داۋالىتىۋاتقان بىر ساقچى كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاڭ دوختۇرنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىزمۇ بالىمىزنىڭ گۆرەن ئوپېراتسىيىسىدىن بەك قورقۇپ تۇرغان ئىدۇق، ئاشۇ كىشى بىزنىڭ ئەندىشىمىزنى تۈگەتتى. بىزنىڭ مەسئۇل دوختۇرىمىز باشقا بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ دوختۇر كۈندە نەچچە قېتىم بىزنى يوقلاپ تۇردى، بىز خېلىلا چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ ھەقىقەتەن كىچىك پېئىل ئىكەن، — دېدى ئۇ قەلبىدىكى ھاياجىنىنى يوشۇرماي.

مەن ۋاڭ چۈەنسەنگە قىزىقىپ قالدىم. دوختۇرلار ھەققىدە گەپ چىقسىلا نۇرغۇن بىمارنىڭ ئۇنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئادەتتە، بۇلۇم مەسئۇلى كۆپ ھاللاردا دوختۇر ـ سېسترالارنى تەشكىللەپ، كۈندە بىر قېتىم كېسەللەرنى تەكشۈرسىلا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ كۈن بويى بىرىنچى سەپتە ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تەسىرلەندىم. كۈچلۈك زىيارەت قىلىش ئىستىكى بىر كۈنى مېنى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا سۆرەپ كىردى. ئىشخانا ئوچۇق، لېكىن، ئۇ يوق ئىدى. مەن بىر پەس ساقلاپ تۇردۇم. كۆزلىرىم شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر نەچچە پارچە ئېغىزى ئېچىلغان كونۋېرتقا چۈشتى. بەزى كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە خەتلەر يېزىلغان ئىكەن. مەن كونۋېرتلارنى قولۇمغا ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقماقچى بولۇپ تۇراتتىم، شۇ ئەسنادا ۋاڭ چۈەن-

سەن كىرىپ كەلدى. مەن ئېغىز ئاچتىم:

— سىز ئۇيغۇرچە ئوقۇيالامسىز؟

— ياق، ئوقۇيالمايمەن، ئازراق سۆزلىيەلەيمەن.

خەتلەر مۇشۇ بۆلۈمدە داۋالىنىپ چىققانلارنىڭ خېتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. مەن ئىجازەت بويىچە بەزى خەتلەرنى كۆرۈپ چىقتىم. ھەممىسىدە ۋاڭ چۈەنسەنگە بولغان چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىپادىلەنگەن. شۇ ھامان ئېسىمگە پىكىر دەپتىرىگە يېزىلغان بىر نەچچە كىشىنىڭ مىننەتدارلىق خەتلىرى كەلدى. ئۇنىڭ بىرى مۇنداق يېزىلغان: «دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە: مەن بىر پۇتۇم بىلەن بىر قولۇم سۇنۇپ كېتىپ، بۇ بۆلۈمدە ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋالاندىم. بۇ جەرياندا جەمئىيىتىمىزدە ۋاڭ دوختۇرغا ئوخشاش كۆيۈمچان خەلق دوختۇرلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. بىمارلار تەسەللىگە موھتاج كىشىلەردۇر. ۋاڭ دوختۇر گەرچە مۇدىر بولسىمۇ، كۈندە نەچچە قېتىم مېنى يوقلاپ تۇردى، بىر نەچچە قېتىم تاماق يېيىشىمگە ياردەم بەردى، مېنى روھىي جەھەتتىن كۆپ ئىلھاملاندۇرۇپ، ماڭا غايەت زور مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلدى. ۋاڭ دوختۇردەك پەزىلەتلىك دوختۇرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان پارتىيىگە مىڭ رەھمەت... »

1966 ـ يىلى ئىلى تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاڭ چۈەنسەن چېگرا رايون مۇھەببىتى بىلەن ئۇنسۇ ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، قىزىل، گۈلئاۋات، جام يېزىلىرىدا 14 يىل ئىشلىدى. 1979 ـ يىلى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، 1980 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكىدى شۇنداقلا 1984 ـ يىلى جېجياڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى.

* * *

يولداش ۋاڭ چۈنسەن 1988 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەل بۆلۈمگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋالقىدەك قىزغىنلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ تېزلا كۆز-

گە كۆرۈندى. 1990 ــ يىل 3 ــ ئايدا ئۇ بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن بۆلۈمنىڭ سىياسىي ــ ئىدىيىۋى خىزمىتى، داۋالاش سۈپىتىنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن داۋالاش خىزمىتىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، بىمارلارنى ئازابتىن قۇتقۇزدى. كارىۋات يېتىشمىگەندە، كارىدور ئىچىگە كارىۋات سەپلەپ، كېسەللەرنى ئىمكانقەدەر خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى. شۇڭا، بۇ بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرى يۈرۈشلىشىپ، دوختۇرخانا تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ئۆزى بىر نەچچە قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ قېتىم 2 ــ دەرىجىلىك A دوختۇرخانا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەكشۈرۈشتە، بۇ بۆلۈمنىڭ خىزمەتلىرى تولۇق نومۇرغا ئېرىشتى.

يۇلداش ۋاڭ چۈەنسەن 30 يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتىدا قىممەتلىك تەجرىبە توپلاپ، «جەينەك بوغۇم كونا چىقىقنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش» قاتارلىق 5 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇنى جۇڭگودىكى داڭلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى.

1996 ــ يىل يانۋار، ئاقسۇ

## 2

ھاياتلىق ئادەمگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ياشاش، كۈرەش قىلىش سەپىرىدە ئادەم ھامان ئاغرىق ــ سىلاقتىن خالىي بولالمايدۇ. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان، پۇل تېپىش بارغانچە تەسلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تۇيۇقسىز ئاغرىق ــ سىلاققا دۇچار بولغان ھەر قانداق ئادەم ئاز پۇل بىلەن تېز ساقىيىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئادەم پۇلدىن قىسىلىپ قالىدۇ، مۇنداق ۋاقىتلاردا ئائىلىدە بىرەرسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالسا ياكى تۇيۇقسىز ھادىسىگە يولۇقسا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان لى بىڭ دەل مۇشۇنداق قىسمەتكە يولۇقتى. 1999 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ ئاخىرقى مەلۇم بىر كېچىسى

ئۇ جاكۆۋرۈك ئەتراپىدا ئېغىر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ، سۆڭىكى ئېزىلىپ كەتتى. ئوشۇقى ئورنىدىن قوزغىلىپ، قان تومۇرلار يېرىلىپ، قىپقىزىل قان ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇنىڭ پۇلى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە بولغاچقا، چوڭ دوختۇرخانىلار ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار كېچىدە پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ، «ئامبۇلاتورىيە» ئىزدەشكە باشلىدى. دەل شىمالىي چوڭ كوچىغا، يەنى مالىيە باشقارمىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆزى «شىمالىي چوڭ كوچا ئامبۇلاتورىيىسى كېچە ـ كۈندۈز كېسەل داۋالايدۇ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ۋىۋىسكىغا چۈشتى. ئۇلار ئىنتايىن خۇشاللىقىدا لى بىڭنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كىردى. بىر كۈنلۈك چارچاشتىن تېخى ئەمدىلا كۆز يۇمغان جۇ دوختۇر قاتتىق ئاۋازنىڭ تەسىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ بىمارنى قوبۇل قىلدى. جىددىي، چاققان ھەرىكەت بىلەن قاننى توختىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىش ئوكۇلى ئۇردى. بىردەمدىن كېيىن لى بىڭ قاتتىق ۋارقىراشتىن توختاپ ئۇيقۇغا كەتتى. جۇ دوختۇر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، پۇتتىكى قان داغلىرىنى ۋە پاسكىنىچىلىقنى تازىلىدى. پۇتىنى يۇيۇپ، ئاق داكا بىلەن تاڭدى. زور مىقداردا ئاسما ئوكۇل ئۇردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىپ، سۇنغان جايىنى پولات تاختا (گاڭبەن) بىلەن مىخلىدى. لى بىڭنىڭ باققۇچىسى يوق ئىدى. جۇ دوختۇر بىر تەرەپتىن ئۇنى داۋالاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. سىرتتىن تاماق ئەكىرىپ بەردى. چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە ئېلىپ چىقتى. كىيىملىرىنى يۇيۇپ بەردى. بۇ جەرياندا جۇ دوختۇر پۇل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، لى بىڭنىڭ ساقىيىشىنى 1 ـ ئورۇنغا قويدى. نەتىجىدە لى بىڭنىڭ سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. يېقىندا لى بىڭ سالىمازا ساقىيىپ، پۇتىدىكى پولات تاختىنى ئالدۇرۇپ، ھاسىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. بۇ ئۈچ ئاي جەرياندا جۇ دوختۇر ئۇنىڭدىن 2470 يۈەن داۋالاش ھەققى ئالدى. كارىۋات پۇلى،

ئۆي پۇلى، يېقىش پۇلى، ئىسسىنىش پۇلى دېگەنلەرنى ئالمىدى. لى بىلىك تەسىرلىنىپ: سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتەتتىم، ئەگەر چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان بولسام ئاز دېگەندىمۇ 10 نەچچە مىڭ يۈەن چىقىم تارتقان بولاتتىم، سىز ھەقىقەتەن ئالىيجاناب كىشى ئىكەنسىز، دېدى.

ئاسان تۇغقىنىمۇ يوق، پۇلىمۇ ئاز بىر ئىشلەمچى بولۇپ، بۇ يىلى 10 ـ ئايدا تۇيۇقسىز قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىپ، ئارقىدىنلا ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ. پۈتۈن بەدىنى تونۇردەك قىزىپ كەتكەنلىكى سىرتىدا، كۆڭلى ئېلىشىپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت 10 نەچچە يۈەنلا بار ئىدى. يېرىم كېچە بولغاچقا، ئۇ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالىدۇ. ھەتتا ھايات قېلىشىغىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدۇ. ئاخىرى قوشنىلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئۇ جۇ دوختۇرنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ كۈنى جۇ دوختۇر ئائىلىسىگە كەتكەنىدى. ئامبۇلاتورىيىدىكى شاگىرتى قەھرىمان بىمارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دەرھال جۇ دوختۇرغا چاقىرغۇ بېرىدۇ. بۇ چاغدا كېچە سائەت ئىككى بولغانىدى. جۇ دوختۇر چاقىرغۇ سايرىغان ھامان قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلغىنىچە شېرىن ئۇيقۇنى تاشلاپ تېزلىك بىلەن ئامبۇلاتورىيىگە يېتىپ كېلىپ داۋالاش خىزمىتىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. داۋالاش ۋاقتىدا بولغاچقا، ئاساننىڭ ئىچى توختاپ، قىزىتمىسى يانىدۇ، ئۈچ كۈن مۇنتىزىم داۋالانغاندىن كېيىن سالامەتلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقىدۇ. ماڭىدىغان چاغدا ئۇ جۇ دوختۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ: سىزگە كۆپ رەھمەت، ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم، مەن بۇ يەردە ئۈچ كۈن بالنىستتا يېتىپ داۋالاندىم، ئاران 100 يۈەن داۋالىنىش پۇلى ئالدىڭىز. ھازىر 100 يۈەنگە نېمە كېلىدۇ، سىزنىڭ بۇ يەردە 100 يۈەننىڭ ھەقىقىي كۈچى بار ئىكەن. چۈنكى، بۇ يەردە 100 يۈەنگە سالامەتلىكنى، ھاياتلىقنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ، دېدى.

ئاقچى ناھىيىسىدىن كەلگەن تۇردى بوۋاي، ئايسا قاتارلىق قىرغىز ئايال بۇ يەردە بەش كۈن يېتىپ، ئۆپكە توبېر كۇلىيوز، توبېر كۇلىيوز خاراكتېرلىك كۆكرەك پەردە ياللۇغى كېسىلىنى داۋالاتتى. ئۇلار جۇ

دوختۇرنىڭ باھاردەك ئىللىق، قىزغىن مۇئامىلىسىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتىشتى ھەمدە: بىز ئاز پۇل بىلەن ساقىيىپ كەتتۇق، بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن سىزنىڭ بۇ ئامبۇلاتورىيىڭىزنى قىرغىز قېرىنداشلىرىمىزغا تەشۋىق قىلىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئاغرىپ قالساق يەنە سىزنى ئىزدەپ كېلىمىز ،دېيىشتى.

* * *

جۇ سىڭگۈي چېگرا يوندا 33 يىل دوختۇرلۇق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە، تەشكىلىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ مول داۋالاش تەجرىبىسى، ئېسىل دوختۇرلۇق ئىستىلى، باھاردەك ئىللىق مۇئامىلىسى نەچچە مىڭلىغان بىمارنى روھلاندۇرۇپ، كېسىلىنى شىپا تاپقۇزدى. كىشىلەر ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى، شاپائەتچىسى، ھاياتلىق يۇلتۇزى، دەپ قارىدى. بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالىي چوڭ كوچىسىدا مۇستەقىل ئامبۇلاتورىيە ئاچقانلىقىنى ئاڭلىغان نەچچە يۈز بىمار يىراق ـ يېقىنلاردىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىشتى. ئۇچتۇرپان، ئاقچى، كەلپىن، ئونسۇ ناھىيىلىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلگىرى ئۇنى تونۇيتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ كەلگەنلەر ئىدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۇنىڭ قولىدا داۋالىنىپ باققانلاردىن بىرەرسىمۇ تەسىرلەنمەي قالمىدى. ئۇلار بىر ئېغىزدىن: بۇ كىشى كېسەلنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن، پۇلغا، ئادەمگە قارىمايدىكەن، مۇشۇ كۈنلەردە مۇشۇنداق ئىنساپلىق دوختۇردىن يەنە نەچچىسى باردۇر، دېيىشتى.

جۇڭ سىڭگۇينىڭ توغرا كىشىلىك قارىشى، كۆيۈمچان، چىدامىلىق خىسلىتى، گۈزەل، ئۇلۇغۋار غايىسى ئۇنىڭ قەلبىدە ياشلىق دەۋرىدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. ئۇ جياڭسۇلۇق بولۇپ، 1960 ـ يىلى ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، نەنجىڭ ھەربىي رايونى قارمىقىدىكى تىببىي مەكتەپتە تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىنى ئۆگەنگەن ھەمدە ھەربىي رايوندا ھەربىي دوختۇر بولغان. 1966 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، بىر پەي ئادەمنى باشلاپ، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئىستىكى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ،

ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن تەشكىل ئۇنى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلغان. بىراق، ئۇ بۇ يەردە قېلىشنى خالىماي، چەت، يىراق، نامرات رايونغا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 4 - تۇەن دوختۇرخانىسىغا بارغان. بۇ يەردە تېز كۆزگە كۆرۈنۈپ، 1971 - يىل 3 - ئايدا دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. 1972 - يىلى تۇەن پارتكومى ئۇنىڭ تېخىمۇ پىششىق يېتىلىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. بىر يېرىم يىل جەريانىدا، ئۇ ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن تېخىمۇ پىششىق تونۇشۇپ، تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاپ، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. 1980 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى باش دوختۇرخانىسىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئوقۇش داۋامىدا ئۇنىڭ تالانتى ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى بۇ دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەمدە ئۇنى بۇ يەردە قېلىپ قېلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن، جۇ سىڭگۇي بۆلارنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ، 4 - تۇەنگە قايتىپ كەلدى. كېيىن ئۇلار 4 - تۇەن كادىرلار بۆلۈمىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، جۇ سىڭگۇينى يۆتكەپ بېرىشنى قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا جۇ سىڭگۇينىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلمەي، ئۆزىنى چېگرا رايونغا ئاتاشتەك قىممەتلىك روھى رەھبەرلىكنى تەسىرلەندۈردى. 1983 - يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم شاڭخەي چاڭچېڭ دوختۇرخانىسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئارقا - ئارقىدىن قولغا كەلگەن ئوقۇش پۇرسىتى جۇ سىڭگۇينىڭ بىلىمىنى موللاشتۇرۇپ، تەجرىبىسىنى بېيىتتى. ئۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، جاپالىق مۇھىتتا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئاخىرى، مۆلجەرتاغ ئېتىكىدە ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتلىك، تەجرىبىلىك دوختۇر بولۇپ يې-

ئىشىپ چىقتى.

1984 ـ يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە ئاممىنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۇ ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدى. تەشكىل ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا كۆرسەتكەندە، ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ: مەن بىر كەسپىي خادىم، رەھبەر بولسام داۋالاش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشالمايمەن، بىمارلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالمايمەن، شۇڭا ئۆز كەسپىمنى ئىشلەپ، بىمارلارنى ھەقىقىي خىزمەتكارى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، دېدى. ھەتتا ئۇ قارامايغا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنىغا يۆتكىلىپ كېلىش تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىغاندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، داۋالاش خىزمىتىنىڭ 1 ـ سېپىگە بىۋاسىتە قاتناشتى ھەمدە ھاياتلىق سەپىرىدە ھەرخىل كېسەلگە، ھەرخىل ھادىسىگە، ھەرخىل قىسمەتكە يولۇققان سانسىزلىغان كىشىگە يېڭى ھاياتلىق، نىجاتلىق، شاد ـ خۇراملىق، بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلدى. 4 ـ تۈمەن دوختۇرخانىسى ۋە ئۈچتۇرپان دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلغان ئاز كەم 30 يىلدا جۇ دوختۇر بىۋاسىتە داۋالاپ ساقايتقانلار 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى. ساقىيىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

جۇ سىڭگۈي 1994 ـ يىلى ئاقسۇ شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئاساسىي زېھنىنى تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. ئايالى ئۈچتۇرپاندا خىزمەت قىلغاچقا، تۇرمۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كېچە ـ كۈندۈز بىمارلار ئىشقىدا پەرۋانە بولدى. بىمارلارغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش، دۆلەت ۋە خەلققە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش ئىستىكى بىلەن 1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا تەشكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالىي چوڭ كوچىسىدا مۇستەقىل ئامبۇلاتورىيە ئاچتى. ئۇنىڭ تېخنىكىسى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول، مۇلازىمىتى قىزغىن بولغاچقا، ئۇ ئام-

بۇلاتورىيىگە كېلىپ داۋالىنىدىغانلار كۈنسېرى كۆپەيدى. ھازىرغىچە 5000 دىن ئارتۇق بىمارنى داۋالاپ ساقايتتى. بۇ يىل 58 ياشقا كىرگەن جۇ سىڭگۈي ئاز پۇل تاپسىمۇ، بىمارلارنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ ساقايغاندىن كېيىنكى شادلىقى ۋە تەشەككۈرلىرىدىن ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم، دەپ ھېس قىلدى. خەلقنىڭ ئالقىشى ئۇنىڭغا ئالەمچە خۇشاللىق، مەدەت ۋە ئىلھام بېرەتتى...

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى، ھازىر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مويىدىن سادىق جۇ سىڭگۈي ھەققىدە خېلى كۆپ تەسىراتقا ئىگە ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ كىشى بەك تىرىشچان، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى تاشقى كېسەللىكەر، ئاياللار كېسەللىكلىرىگە بەك ماھىر. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشلەش جەريانىدا تەبىقە، مەرتىۋە ئايرىماي، كېسەللەرگە ئوخشاش، قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. پۇلغا بېرىلمىدى. شۇڭا، دېھقانلاردىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگىچە ئالاھىتەن ئۇنى ئىزدەيتتى. داۋالاش سەۋىيىسى يۇقىرى، پوزىتسىيىسى، مۇلازىمىتى ياخشى بولغاچقا، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى خەلقنىڭ ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى...

2000 ـ يىل ئاۋغۇست، ئاقسۇ

## 3

دۇنيادا ھەممە ئادەم خۇشاللىققا موھتاج. بۇ خىل موھتاجلىق ئادەمنىڭ نورمال ھاياتلىق پائالىيىتى مەلۇم توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەندە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم توساتتىن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ، پۈتۈن بەدەنلىرى كۆيۈشۈپ ئاغرىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ چەكسىز بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئاغرىقتىن ئىڭرىغان چاغلىرى ئەڭ بىچارە بولۇپ قالغان، ئەڭ چوڭ خۇشاللىق، ئەڭ چوڭ تەسەللىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدۇر. ھاياتىغا ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئەگىشىپ، ۋۇجۇدى كۆيۈشۈپ، قەلبى بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن ئىنسان مۇشۇنداق پەيتتە

ئۆزى ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇۋاتقان خۇشاللىقنى قەيەردىن تاپىدۇ؟ ۋىلايەتلىك 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدىكى ئاق خالاتلىق جەڭچى سەي گۇاڭلي 20 نەچچە يىللىق ئەقىل ـ پاراستى ۋە يۈرەك قېنى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە دۇچ كېلىپ، ياشاش ئىستىكىدە ئىڭراۋاتقان ئادەملەرگە خۇشاللىق، ھاياتلىق بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان «سېخىي پەرىشتە» نىڭ بىرى. سەي گۇاڭلي كىشىلەرگە زادى قانداق خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەندۇ؟ بىز گەپنى باشتىن باشلايلى!

1968 ـ يىلى خۇنەن تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرگەن سەي گۇاڭلېنىڭ قەلبى ئەڭ چەت، ئەڭ جاپالىق جايلارغا بېرىپ ئىشلەش ئوتى بىلەن ئۆرتەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل مۇقەددەس ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئاخىرى يوتقان ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ، تەنھا ھالدا ئاقسۇغا كەلدى ھەمدە تەقسىمات بويىچە باي ناھىيىسىنىڭ چېتىگە جايلاشقان خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ دوختۇرلۇقىغا تەقسىم قىلىندى. كىچىكىدىنلا دوختۇر بولۇشنى ئويلاپ يۈرگەن سەي گۇاڭلي بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن زېھنىي قۇۋۋىتىنى، مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، كېچە ـ كۈندۈز ئىزدىنىش، كېسەل داۋالاش، خاتىرە يېزىشقا سەرپ قىلدى. ئەينى چاغدا 600 ئادەم ئولتۇراقلاشقان بۇ زاۋۇتتا ئۇنىڭدىن باشقا دوختۇر يوق ئىدى. خىلمۇ خىل كېسەل، خىلمۇ خىل جاراھەت، خىلمۇ خىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى قارا قۇمچاق كەلگەن سەي گۇاڭلېنىڭ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئوكۇل ئۇرۇش، جاراھەت تېڭىش، ھەر خىل كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئىشلىرى ئۇنى چارچىتىپ، ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى. بۇنى ئاز دەپ ئەتراپتىكى يېزىلاردىكى دېھقانلارمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ كېچىلىرىمۇ تۈزۈك دەم ئالالمايتتى. بىر كۈنى بىر پادىچى ئېھتىياتسىزلىقتىن 100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغدىن دۇملاپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بېشىنىڭ بىر نەچچە يېرى يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، قان بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇپ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن چۆچىگەن ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ يېرىلغان يېرىگە لاي چاپلاپ قاننى توختىتىدۇ ۋە دەرھال ئۇنى سەي گۇاڭلېنىڭ يې-

نىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمدىلا ئىشتىن چۈشكەن سەي دوختۇر ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ھوشىنى يوقاتقان بۇ ئۇيغۇر قېرىنداشنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى دەرھال باشلىۋېتىدۇ. ئۇ كېسەلنىڭ بېشىغا چاپلانغان لايلارنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، كېچىلەپ يېرىلغان يەرنى 14 يىپلىق قىلىپ تىكىدۇ، ئوكۇل ئۇرىدۇ. سەي گۇاڭلى پادىچىنىڭ باققۇچىسى ۋە پۇلى يوقلۇقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ياتقۇزىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزى ئاش ــ تاماق ئېتىپ بېرىدۇ. مېھىر ــ شەپقەت ئوكۇل بىلەن تەڭ بىمارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىدۇ. 10 نەچچە كۈندىن كېيىن پادىچىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا سەي دوختۇرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ـــ سىز بولمىغان بولسىڭىز مەنمۇ بولمايتتىم، سىز ماڭا 2 ــ قېتىم ھاياتلىق بەردىڭىز. رەھمەت سەي دوختۇر، رەھمەت!ـــ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان يامغۇردەك ياشلار بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا پادىچىنىڭ كۆينىكىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ.

ئەتراپتىكى يېزىلاردا دائىم قىيىن تۇغۇت ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا كىشىلەر يەنە سەي دوختۇرنى ئىزدەيتتى. ئۇنى مەيلى يېرىم كېچە، مەيلى قار ــ يامغۇر ياغقان كۈنلىرى بولسۇن، خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلگەن جايغا شۇ ھامان يېتىپ باراتتى. بەزىدە 2 ــ 3 كۈنگىچىلىك دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالاتتى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇ قىيىن تۇغۇتقا دۇچ كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ئايالنى ئوڭۇشلۇق تۇغدۇردى. مىڭىش ئىقتىدارى بولمىغان نەچچە ئون كىشىنى ئۆيىگە بېرىپ داۋالاپ قويدى. قىيىنچىلىقى بار بىر نەچچە ئون كىشىنى ھەقسىز داۋالاپ ساقايتتى. ئۇ كېسەلنىڭ ساقىيىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگوچە داۋاش بىلەن غەربچە داۋالاشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇ پاسكىنىچىلىق، مەينەتچىلىكتىن قورقمىدى. بىر كۈنى پۇتۇن بەدىنىنى يىرىڭلىق جاراھەت قاپلاپ كەتكەن 30 نەچچە ياشلىق بىر ئۇيغۇر يىگىت باشقا جايدا ساقىيالمىغاندىن كېيىن، يىراق يەردىن سەي دوختۇرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئالاھەتەن ئىزدەپ كەلدى. لېكىن بۇ چاغدا سەي دوختۇر باشقا جايغا كېسەل داۋالىغىلى

كېتىپ قالغانىدى. ئۇلار دوختۇرنى ئىككى كۈن ساقلاپ ئاخىرى قايتىپ كەتتى. ئەتىسى قايتىپ كەلگەن سەي دوختۇر ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ كۈنىلا كېسەلنىڭ ئۆيىگە باردى. كېسەل ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ جاراھىتى پۈتۈن بەدىنىگە كېڭىيىپ بولغان بولۇپ، يىرىڭ توختىماي ئاقاتتى. بەدىنىدىن تارقالغان سېسىق پۇراق ئۆي ئىچىنى بۇلغاپ، كىشىنى سەسكەندۈرەتتى. سەي گۇاڭلى جاراھەتتىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئۇ بەدەندىكى يىرىڭلارنى پاكىز تازىلاپ داۋالاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ كېسەلنى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن داۋالاپ ساقايتىشقا كۆزى يەتمىگەن سەي گۇاڭلى كېسەلنىڭ خاراكتېرى بويىچە بىر تەرەپتىن ئوكۇل ئۇردى، دورا بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭيى دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ جاراھەتكە سۈرتتى. كېسەلگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى جۇشقۇن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يىرىڭ توختىدى، جاراھەت ئېغىزىمۇ ئاستا - ئاستا كىچىكلىدى. بىر ئايدىن كېيىن كېسەل ساللىمازا ساقايدى. بۇنىڭ بىلەن سەي گۇاڭلىنىڭ نامى تېخىمۇ زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. خېلى يىراق يېزىلاردىكى بىمارلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىشتى. ئۇ بۇ ھاۋالىق، ئەمما خىلۋەت ماكاندا مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، 17 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. 1982 - يىلى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردى. نەچچە مىڭلىغان بىمار ئۇنىڭ قولىدا شىپالىق تېپىپ، خۇددى يېڭى ئايىغى چىققان بالىدەك شادلىققا چۆمدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن ئامراق بولۇپ كېتىشتى. 1985 - يىلى سەي گۇاڭلىنىڭ ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئەتراپقا تارىلىپ كەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھقانلار كەينى - كەينىدىن نان - توقاچ، يەل - يېمىش، رەخت ھەم پۇل - پۇچەك كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۇزاتقىلى كېلىشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزىدىن جۇدالىق، قىيماسلىق يېشى لىغىلدايتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ قولىدا بىر نەچچە قېتىم داۋالانغان بىر بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاھ! سەي دوختۇر، سىز بىلەن يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟ سىزدەك ئادەمگە بىز قايتا ئېرىشەلەرمىزمۇ؟ — دەۋەتتى.

*         *         *

ھاياتلىق مۇساپىسى ئەگرى ـ توقاي بولسىمۇ، سەي گۇاڭلى ھەمىشە بىر خىل ياشىدى. ئۇ يېقىندىن قۇرۇلغان، شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغان ۋىلايەتلىك 2ـ خەلق دوختۇرخانىسىدا ئاۋۋالقى قىزغىنلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ يارىشىملىق ئاق خالىتىنى كىيگىنىچە كۈندە نەچچە قېتىم بالىنىست ئارىلايتتى. باشقىلار ئىنىقلىيالمىغان ئېغىر كېسەللەرگە دىئوگنوز قوياتتى.

بىر كۈنى كېچىدە ئېغىر دەرىجىدە ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بىر بىمار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئىگە ـ چاقىسى يوق بۇ بىمارنىڭ يېنىدا پەقەت 5 يۈەنلا بار ئىدى. 5 يۈەن بىلەن بۇ كېسەلنى قانداق داۋالىغىلى بولسۇن؟ دىجورنى دوختۇرنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ كېسەلنى يا قايتۇرۇۋېتىشتى، يا داۋالاشنى بىلەلمىدى. چۈنكى دوختۇرخانا خېلى بۇرۇنلا بىمارنىڭ يانچۇقىدا قانچىلىك پۇلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىدى. لېكىن ھەر قانچە قىلسىمۇ 5 يۈەن بىلەن بۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايتتى. ئۇ كېچىدە سەي گۇاڭلىنى ئويغاتتى. قاتتىق چارچاش سەۋەبىدىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن سەي گۇاڭلىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئامبۇلاتورىيىگە چىقىپ، كېسەلنى تەكشۈردى. ئۇ بۇ غېرىبنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاتتىق ھېسداشلىق قىلدى. ئۇنىڭغا تېز ئۇنۇم بېرىدىغان ئارىلاشما دورىلارنى يېزىپ بېرىپ، بىر بوش كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇردى. بىر نەچچە كۈنگىچىلىك ئۇنىڭغا ئۆيىدىن تاماق ئېپ چىقىپ بەردى. كېسەل ساقايغاندىن كېيىن دائىم سەي گۇاڭلىنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

سەي گۇاڭلى بىر رەھبىرىي كادىر بولسىمۇ، ئۆزىنى ھەمىشە خەلقنىڭ بىر ئاددىي چاكىرى ھېسابلاپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بىمارلار ئىشقىدا پەرۋانە بولدى. يىراق ناھىيە، يېزىلاردىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت بىمارلىرىغا ئاشلىق بېلىتى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇلارغا قازان ئېسىپ تاماق ئېتىپ يېيىش پۇرستى يارىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىمارلار

قارنى ـ كۆكسى كەڭ بۇ خەلق دوختۇرىغا يۈرەك سۆزىنى تارتىنىماي ئېيتالايدىغان، ئۇنى خۇددى ئۆز قېرىندىشىنى كۆرگەندەك كۆرىدىغان بولدى. سەي گۇاڭلى دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كېسەلنىڭ ساقىيىش نىسبىتىنى 95 پىرسەنتتىن ئاشۇردى. ئىللىق پوزىتسيە، يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق شىپالىق تاپقان نەچچە يۈز بىمار چوڭقۇر ھاياجان بىلەن: رەھمەت سىزگە سەي دوختۇر، رەھمەت سىزگە دوختۇر! دەپ ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىگە تەشەككۇر ئېيتتى. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل خۇشاللىقىنى كۆرگەندە سەي گاڭلى چەكسىز پەخىرلىنەتتى. چۈنكى زور بەدەل ۋە ئەجىر ھېسابىغا كەلگەن بۇ خىل خۇشاللىقتا ئۇنىڭمۇ خۇشاللىقى بار ئىدى.

1992 ـ يىل ئىيۇن، ئاقسۇ

# پوچتىكەشنىڭ ئەسلىمىسى

«مەن 1963 ـ يىلى شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، پوچتىكەش بولغان چېغىمدا ئەمدىلا 17 ياشتا ئىدىم. ئۇ چاغدا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن توشۇيتتۇق، بەزىدە 2 ـ 3 كۈنگىچە ئۆيگە قايتالمايتتۇق. ياز كۈنلىرى ھارۋىدا، قىش كۈنلىرى چانىدا ماڭاتتۇق. بىر نەچچە يېزىنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى مەن يالغۇز توشۇيتتۇم. ھەش ـ پەش دېگۈچە 36 يىل ئۆتۈپ كەتتى. جاپالىق چاغلار كەلمەسكە كەتتى. بۇ كۈنلەرنى ھازىرقى بىلەن زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پاكىتنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر مەخسۇس پوچتا ئاپتوموبىللىرى، موتسىكلىتلىرى بار بولدى. پوچتا خادىملىرى كۆپەيدى، تۈرلۈك شارائىت، تۈرلۈك ئەسلىھەلەر تولۇقلاندى ۋە ياخشىلاندى» . بۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەمەت مەمەتنىڭ پوچتا خىزمىتىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلەپ تۇرۇپ ئېيتقانلىرى.

ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاقسۇ بىلەن كۇچادا 2 ـ دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى، ئۇچتۇرپان بىلەن بايدا 4 ـ دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. ئونسۇ، توقسۇ، ئاۋات، شايار، كەلپىن، ئاقچى قاتارلىق جايلاردا پوچتا ۋاكالەت ئورنى بار بولۇپ، پوچتا ترانسپورتىدا ئات، ئېشەك ھارۋىسى ئاساس قىلىنغان. كېيىن ئاقسۇ بىلەن كۇچادا تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغان، ئىدارىنىڭ ئۆيلىرىمۇ كېسەل قۇرۇلمىلىق ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. ئۈسكۈنىلەر تولىمۇ قالاق ئىدى. ۋىلايەت بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف ساھەسىدە 72 ئادەم ئىشلەيتتى. پوچتا ـ تېلېگراف مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 100 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ھەر قايسى ناھىيىلەردە پوچتا بىلەن تېلېگراف بىرلەشتى ھەمدە پوچتا ـ تېلېگراف

ئىدارىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ پوچتا ـ تېلېگراف كەسپى تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە يۈزلەندى. پوچتا ـ تېلېگراف ئاپپاراتلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ، «خەلق پوچتا ـ تېلېگرافى خەلق ئۈچۈن» دەيدىغان قاراش بارلىققا كەلدى. يېزا تېلېفون قۇرۇلۇشى، شەھەر تېلېفونىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، يېزا ـ بازار پوچتا يەتكۈزۈش تورلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا تەدرىجىي ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. 1957 ـ يىلى ئاقسۇ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى ئېچىلدى. بۇ ئاقسۇنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولدى. ۋىلايەتتىكى پوچتا ـ تېلېگراف كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى باشقۇرۇشتىن ئىگىلىك شەكلىدىكى باشقۇرۇشقا يۈزلەندى. باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلدى.

ئەمەت مەممەت ئەمەلىي مىسال، سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 1979 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا، ۋىلايەتتىكى پوچتا كارخانىلىرى بىر يۈرۈش ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇرۇنقى خەت، پوسۇلكا، پېرېۋوت، پوچتا ـ پۇل ئامانىتى قاتارلىق تۆت كەسىپتىن پوچتا تېز يوللانمىسى، ئەمالار پوچتا يوللانمىسىنى ھەقسىز يەتكۈزۈش، پوچتا مۇكاپاتلىق ئاتكىرتكىسى تارقىتىش، باھاسىغا كاپالەتلىك قىلىنغان پوسۇلكا، تاۋار پوسۇلكىلىرى قاتارلىق كەسپلەرگىچە تەرەققىي قىلدى. پوچتا ئامانەت كۆزنەكلىرىنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئامانەت تور توجكىلىرى 35 كە يەتكۈزۈلدى. ماركا توپلاش كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە خەلقئارا پوچتا ماركىسىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش كەسپى يېڭىدىن ئېچىلدى.

پوچتا يوللىرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 8 دىن 46 گە كۆپەيدى. پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر ئىچىدىكى پوچتا يەتكۈزۈش يولى 36 گە، جەمئىي پوچتا يەتكۈزۈش توچكىسى 480 گە يەتتى. يەتكۈزۈش قېتىم سانى كۈندە 1 ـ 2 قېتىمغىچە بولۇپ، ئىدارە ـ جەمئىيەت، ئورگان ۋە كەڭ ئابونتلارغا يوللانمىلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەتتە ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسىدىن 10 ى، تارماق ئىدارە (پونكىت) دىن 110 ى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي ئىقتىدارلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورۇن 35 كە يەتتى. ئومۇمىي خەت ساندۇقى 262 گە، پوچتا ئاپتوموبىلى 58 گە، موتسىكلىت 30 غا يەتكۈزۈلۈپ، يەتكۈزۈش سۈرئىتى ۋە سۈپىتى ئۆستى. پوچتا ئامانىتى، گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش، زاكاس يوللانمىلارنى تىزىملاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېرلاشتۇرۇلدى. 1950 ـ يىلى پۈتۈن يىللىق خەت ـ چەك مىقدارى ئاران 75 مىڭ 10 پارچىگە يەتكەن. 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى خەت ئالاقە 2 مىليون 556 مىڭ پارچىگە يېتىپ، 100 نەچچە ھەسسە ئاشقان.

پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىلغاندىن كېيىن پوچتا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگەندە ئەمەت مەممەت مۇنداق دېدى: بۇ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ تۈزۈلمىدە ئۆزگىرىش بولدى. ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى ۋىلايەتتىكى 700 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنى قىينچىلىقنى يېڭىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىشنى يېڭى كەسىپلەرنى ئېچىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاشتىن باشلىدى. بۇ يىل تېلېگراف كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، ئوتتۇرا، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش، پوچتىدىن مال زاكاز قىلىش، مال سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپلىرىنى يېڭىدىن يولغا قويدۇق. پوچتا پول ئامانىتىدە 10 ئورۇننىڭ يېشىل كارتوچكىسى يولغا قويۇلۇپ، پۇل ئامانەت قويغۇچىلار ئۈچۈن قۇلايلىق يارىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە 30 ئورۇندا يېشىل كارتوچكا ئىشلىتىش ئىشقا

ئاشۇرۇلدۇ. پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، بىز تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر قايسى يەتكۈزۈش توچكىلىرىغا بىۋاسىتە پىچەتلەپ يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلەرنىڭ قايتا ئايرىپ پىچەتلەيدىغان ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلىپ، يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى بىر ھەسسە ئاشۇرۇلدى. تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇھىتى، شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. نەتىجىدە، ئۆتكەن يىلى پوچتا كىرىمى 28 مىليون يۈەنگە يەتكەن بولسا، بۇ يىل 38 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش پىلانلاندى...

ئەمەت مەممەت ئاخىرىدا «50 يىل، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 يىل پوچتا ئىشلىرىغا ھەقىقەتەن قان ۋە قانات ئاتا قىلدى» دېدى.

1999 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

# پارنىك ئاستىدا پاراڭ

پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكا ھېسابلانمىسىمۇ، بۇ كەلپىندەك بىر نامرات ناھىيىگە نىسبەتەن بىر قالتىس ئىش. بىز بۇ يىل كەچ كۈزدە، كەلپىن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ پارنىكتا كۆكتات يېتىشتۈرۈپ، كىشلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقىدىن ئىبارەت «يېڭى خەۋەر » نى ئاڭلاپ، ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن باردۇق.

— پاھ، بۇ قانداق كارامەت،— دېدۇق بىز پارنىك ئاستىدىكى ئوخشىغان ياپيېشىل كۆكتاتلارنى كۆرۈپ، تەكشى ئېلىنغان پارچە ـ پارچە چۆنەكلەردىكى ھەرخىل يېسۋىلەك (بەسەي)، پالەك، چىڭسەي قاتارلىق كۆكتاتلار تولىمۇ ئوخشىغان ئىدى. پارنىك ئىچىدىكى ئىسسىق ھاۋا بىردىنلا ئادەمنى راھەتلەندۈرۈپ، كىشىگە ئارامبەخش، باھار ئىللىق-لىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئادەم گويا بىر ئىللىق ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى. ئېگىلىشىمىزچە، بۇنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارى-سىنىڭ باشلىقى خۇشتار تۇردى ئۆزى بىۋاستە لايىھەلەپ ياساپ چىقىپ-تۇ. بۇنىڭ كۆلىمى 666 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. ئەسلىي پىلاندا بۇ پارنىكزارلىقنى ياساش ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا خىراجەت كې-تىدىكەن، بىراق بۇ ئىدارىدە نەدىمۇ بۇنچىلىك كۆپ پۇل بولسۇن؟ خۇشتار تۇردى پارنىكتا كۆكتات يېتىشتۈرۈش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈك-كەندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا دوكلات يېزىپ، ئۇلار-نىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى بۇ قۇرۇلۇشقا 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بېرىپتۇ، خۇشتار ئۆز يېنى-دىن 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ يىل 7 ـ ئايدا بۇ پارنىك مەيدانىنى ياساش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاپتۇ. سىرتقا ھۆددىگە بېرىش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئۇسۇلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈل-گەچكە، ئاز مەبلەغ بىلەن قۇرۇلۇش تاماملاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپتۇ.

— بۇ كۆكتاتلارغا 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇرۇق سېلىنغان، 12 ـ 13 كۈندە مانا مۇشۇ ھالەتكە كەلدى، ھازىر بۇنى يېگىلى بولىدۇ،— دېدى خۇشتار چەكسىز سۆيۈنۈش كەيپىياتى بىلەن بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ،— پارنىكزارلىقنىڭ كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرىسى 25 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. كېچىسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 5 سېلسىيە گرادۇستىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتسە ياكى بەك سوۋۇپ كەتسە كۆكتاتنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بىز ھاۋا ئېقىمىنىڭ نورماللىقىغا ھەرۋاقىت دىققەت قىلىپ كەلدۇق.

پارنىكنىڭ ئىچىدىكى ھاۋا ھەقىقەتەن تۇراقلىق ئىدى. ئۈستى تەرەپتىن ياي شەكلىدە تارتىلغان ئاپئاق سۇلياۋ تولىمۇ تەكشى، مۇستەھكەم كۆرۈنۈپ، كۆزگە خۇددى ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن ئېكىنزارلىقتەك چېقىلاتتى، ئۇنىڭدا يىڭنە تۆشۈكچىلىكمۇ بىرەر تۆشۈك يوق ئىدى. نېپىز سۇلياۋ تالالىرى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى، سۈزۈك تامچىلار ساقىپ كىشىگە باھاردىكى سىم ـ سىم يامغۇرنى ئەسلىتەتتى.

بىز ئېتىز قىرىدا تۇرۇپ خۇشتارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەر ئەسلىي ھوسۇل بەرمىگەن ئۈنۈمسىز تۇپراق ئىدى. بىز يەرنى كۆتۈرۈپ، تۇپراقنى كۈچلەندۈرۈپ ئۇرۇق سالدۇق. بەزىلىرى ئۈچ كۈندىلا ئۈنۈپ چىقتى. ھەربىر چۆنەككە بىر تاغاردىن مەھەللىۋى ئوغۇت بەردۇق، خىمىيىۋى ئوغۇتنى قەتئىي ئىشلەتمىدۇق. ھازىر بۇ كۆكتاتلىق 24 چۆنەككە بۆلۈندى. كۆكتات بىر ـ بىرىدىن ئوخشاپ كەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن بۇ كۆكتاتلارنى بازارغا سالىمىز. ئۇدۇل يۇلغاننىڭ ئورنىغا يەنە ئۇرۇق سالىمىز. مۇشۇ رەۋىشتە تېرىشنى داۋاملاشتۇرساق، بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل ئەتىيازدا نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشىمىزدا گەپ يوق.

خۇشتار كۆزەيىنكىنى سۈرتۈۋەتتى ـ دە، بىزگە بۇ پارنىكزارلىقنى بەرپا قىلىش مۇددىئاسىنى سۆزلەپ بەردى.

— پارنىك ياساپ كۆكتات ئۆستۈرۈش ھەم بىزگە، ھەم خەلققە پايدىلىق شۇنداقلا بۇ ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈ-

رۈشكىمۇ پايدىلىق. چۈنكى، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بىر قىسىم مېۋىلەر، مېۋىسىز كۆچەتلەرنى ئۆستۈرۈشنى تەجرىبە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ھەرخىل گۈل ـ گىياھلارنى يېتىشتۈرۈپ، زور ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلىمۇ بولىدۇ. دېمەك بۇ ناھىيىمىزنىڭ ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. مۇناقى ئۇزۇن، شاپتۇل قاتارلىق داڭلىق سورتلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت ۋە تەجرىبە ھازىرلاپ بېرىدۇ.

خۇشتار تۇردى سۆزلىگەنسېرى روھلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قارا قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزىدىن ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىر بۇ پارنىكزارلىقتا بىر يەرلىك پار ئورنىتىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەن. لېكىن، مەبلەغدىن قىسىلىۋېتىپتۇ. ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىكى رەھبەرلەر پارنىكزارلىقتىكى كۆكتاتلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 38 ياشلىق خۇشتار تۇردىنىڭ پەم ـ پاراستى ۋە شىجائىتىگە يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بىز زىيارەت داۋامىدا يەنە مۇنۇلاردىن خەۋەر تاپتۇق. كەلپىن ناھىيىسىدە ئىلگىرى بىر نەچچە ئورۇن پارنىكتا كۆكتات يېتىشتۈرۈش ئۇستىدە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىكەن. بەزى ئورۇنلار كۆكتات تېرىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان يەردىن زېرىكىپ، ئۇنى باشقا زىرائەت تېرىشقا بېرىۋەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى تاشلىنىپ قالغانىكەن. بۇ قېتىم خۇشتارنىڭ باشچىلىقىدا بەرپا قىلىنغان بۇ كۆكتاتزارلىق كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى ھەمدە خۇشتار تۇردىنىڭ بۇ ساھەدىكى بىخ سۈرۈۋاتقان يوشۇرۇن تالانتىنى نامايان قىلىپ بەردى. ناھىيىدىكى بىر قىسىم ئورۇنلار بۇ يەرگە كېلىپ، پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

بىز خۇشتار تۇردىغا قىزىقىپ قالدۇق ھەم پارنىكزارلىقتا قىلىشقان پاراڭلىرىمىز ئارىلىقىدا يەنە مۇنۇلارنى خاتىرىلىۋالدۇق:

خۇشتار تۇردى 1982 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست»

يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. سىېرىقتوغراق ئورمان مەيدانىدا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەش جەريانىدا ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تۇتۇپ، كونا باغلارنى ئۆزگەرتىپ، سورتلارنى يېڭىلاپ، ئۈچ يىل ئىچىدە مو بېشى كىرىمى 320 يۈەنگە يەتمەيدىغان ئالمىلىق باغلارنىڭ مو بېشى كىرىمىنى 2500 يۈەنگە يەتكۈزگەن. 1993 ـ يىلى ئۇ بۇ مەيدانىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەندە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 350 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن. 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كىشى بېشى كىرىمى 987 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. ئۇ بۇ نەتىجىنى يارىتىشتا باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى تەڭ تۇتقان. ناھىيە ئۇنىڭ ئىقتىدارى، تۆھپىسىگە ئاساسەن، 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرگەن.

— مەن بۇ تەجرىبىنى توختاتمايمەن، ئۇنى كۆكتاتچىلىقتىن ئورمانچىلىققىچە، باغۋەنچىلىكتىن هويلا ـ ئارام ئىگىلىكىگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارنىك ئارقىلىق داڭلىق، سەرخىل، ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ناھىيىمىزنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىمەن. ئەڭ مۇھىمى، ناھىيىمىز خەلقىنىڭ قىش كۈنلىرىمۇ يېڭى كۆكتاتلارنى يېيەلىشى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئىزدىنىمەن، — دېدى ئۇ پارنىكزارلىقتىن چىقىۋاتقاچ. بىز بۇ مەردانە، جاراڭلىق سۆزلەردىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يېڭى ـ يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۆرۈپ يەتتۇق ۋە ئۇنىڭ جۈرئىتىگە ئىنتايىن قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئامەت، نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلىدۇق.

1999 ـ يىل نويابىر، كەلپىن

# مۆجىزە

كۆز قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدا مەي بولۇپ پىشقان شېرىن ـ شەربەت مېۋە ـ چېۋىلەر كىشىلەرگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدىغان ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى— چىلان يېزىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ جەنۇبىغا، ئاقسۇ شەھىرى بىلەن كەلپىن ناھىيە بازىرىنىڭ، شۇنداقلا قۇمقۇدۇق (ساجىڭزا) ئۆتىڭى بىلەن ئاچال ئۆتىڭىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ بىپايان زېمىن يىراقتىن قارىغاندا ئەمدىلا سىزىلىۋاتقان بىر پارچە ماي بوياق رەسىمدەك، ئۇنىڭدىكى رەت ـ رەت سېلىنغان پاكار ئۆيلەرگە تېخى ئادەم كۆچۈپ كىرمىگەندەك، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان سالا ئېتىزلارغىمۇ ھېچنەرسە تېرىلمىغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بارغانسېرى بۇ كۆرۈنۈشلەرمۇ تەدرىجىي روشەنلىشىپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان داڭلىق بەدىئىي رەسىمدەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

بىز ئەنە شۇنداق خىيال ئىلكىدە «چىلان ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى ئېچىش ۋە چىلان يېزىسى قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش شتابى» نىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇ تارتىش پونكىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغىنىمىزنى تۇيمايلا قاپتۇق. بۇ پونكىت چىلان رايونىنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، «غالىبىيەت» ئۆستىڭىدىن باشلاپ كېلىنگەن 3.6 كۇب مېتىر سۇ ئېلېكتر كۈچى بىلەن 45 گرادۇسلۇق ئىككى لىنىيە ئارقىلىق، بىرى 9 مېتىرلىق، يەنە بىر 11 مېتىرلىق ئېگىزلىككە تارتىپ چىقىرىلىپ، 50 مىڭ موغا يېقىن يەرنى سۇغىرىدىكەن.

بىز سۇ تارتىش پونكىتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە تارتىۋاتقان شۇ ئەسنادا ئېگىز بويى، تەمبەل، بۇغداي ئۆڭ بىرەيلەن يېنىمىزغا

كېلىپ بىز بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. بۇ كىشى كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ چىلان ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى مۇسا ئەيسا بولۇپ، بىز چىلانغا كېلىشتىن ئىلگىرى تېلېفوندا كۆرۈشكەچكە ئاسانلا چىقىشىپ كەتتۇق.

— ئالدى بىلەن كۆرەيلى، ئەھۋالنى ماڭغاچ تونۇشتۇراي،— دېدى ئۇ مەقسىتىمىزنى چۈشەنگەندەك بىزنى پىكاپقا چىقىشقا تەكلىپ قىلىپ.

بىز ئىككى كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن بىر سۇ بۆلۈش ئېغىزىغا كېلىپ توختىدۇق.

— ھېلىقى سۇ تارتىش پونكىتىدىكى 11 مېتىرلىق سۇ پومپىسى تارتىپ چىققان سۇ مۇشۇ يەردە جەنۇب، شىمال ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، پونكىتنىڭ باش تەرىپىدىكى 20 مىڭ مودىن كۆپرەك يەرنى قاندۇرىدۇ،— دەپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى ئۇ. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس بولغانلىقتىن مۇشۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرغىچە بۇ رايوندا ئېچىلغان ئومۇمىي بوز يەر 46 مىڭ موغا، ياسالغان يول 27 كىلومېتىرغا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ 72 كىلومېتىرغا، ئەتىيازدا تىكىلگەن كۆچەت 276 موغا، كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ئائىلە 1570 كە، نوپۇس 7000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

مۇسا شۇجى سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ، بىزنى چوڭ بىر شاللىقنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. سۇ جاندىن ئەزىز، جاندىن قىممەت كەلپىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى كەلپىننىڭ دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب— سۇنىڭ قىسلىقىدا. سۇ قىس بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناھىيىدە كىشى بېشىغا ئاران 1.3 مودىنلا تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. چىلاندا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، ئۇلار بۇ يىل 900 مو يەرگە شال تېرىپتۇ. تارىختىن بۇيان ئېقىن سۇ كۆرۈپ باقمىغان، بۇ يىل يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەرگە تۇنجى تېرىلغان شال مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئانچە تەكشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ زېمىنغا، كىشىگە ئىشەنچ، ئۈمىد بېغىشلايدىغان يېشىللىق مەنزىرىسى ئاتا قىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ ئاساستا كېلەر يىللىق شال كۆلىمىنى 5000 موغا كېڭەيتمەكچىكەن.

— سۇ پۇتۇنلەي 9 ـ 10 مېتىر پەسلىكتىن يۇقىرى بېسىملىق توك كۈچى ئارقىلىق تارتىلىدىكەن. ئۇنداقتا سۇ ھەققى ئۆرلەپ، دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەمدۇ ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ،— دېدى مۇسا ئاكا بىزگە چۈشەنچە بېرىپ،— چۈنكى دۆلەت بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلاردىن 5 يىلغىچە سۇ ھەققى ئالمايدۇ، ھەربىر كىلوۋات توكنىڭ ھازىرقى 2 مو 6 پۇڭ 7 لىلىق تۇراقلىق باھاسىمۇ 5 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ.

بىز شاللىقتىن چىقىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر سېمونت ئېرىقنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئوقۇرغا ئوخشاش بېتون بىلەن پۈتۈن قۇيۇپ چىقىرىلىپتۇ. ھازىر چىلان رايونىدىكى 70 نەچچە كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىلدىكى زامانىۋى سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى ئىكەن.

بىز ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، 9 ـ كەنتتىكى گۈلنىساخان دېگەن ئايالنىڭ تاۋۇزلۇقىغا كېلىپ توختىدۇق. پىلەكلەر ئارىسىدىن سايىنىڭ تېشىدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك تاۋۇزلارغا قاراپ بۇ يەرنىڭمۇ بۇ يىل تۇنجى ئېچىلىپ تېرىلغان بوز يەر ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— تاۋۇزلىرى ئوبدان ئوخشاپتۇ، قانچىلىق كىرىم قىلدىلا ؟— دەپ سورىدۇق بىز گۈلنىساخاندىن.

— بۇ ئائىلىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئىككى مو باغ يېرى ئىدى. يېڭى باغقا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىسا كۆچەت تېز ئاينىيدىكەن، يەرمۇ بوش قالمايدىكەن،— دېدى ئۇ سوئالىمىزغا جاۋابەن،— ئادەمنىڭ ئەسلىي يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى ئىشلەپ تاپقان تۇنجى ھوسۇل خۇددى تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئوتىدەك مېھرلىك تۇيۇلىدىكەن. يېقىندا كىچىك تراكتوردا قۇمقۇدۇق بازىرى بىلەن ئاچال بازىرىغا بىر كوزۇپتىن ئاپىرىپ سېتىۋېدۇق، 1000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل بوپتۇ. ئېتىزدىكى تاۋۇزنى ساتساق يەنە شۇنچىلىك پۇلغا يارار، بولمىسا يەپ تۈگىتەرمىز شۇ.

بىز تاۋۇز يېگەچ گۈلنىساخان بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، يېنىمىزغا

ئىككى كىشى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىر چىلان يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت نىياز، يەنە بىرى مۇشۇ كەنتنىڭ مۇدىرى تۇراق ئىگەم ئىكەن. تۇراق ئىگەم ئەسلىي ئاچال يېزا گەزلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ، بۇ يىل ئەتىيازدا 9 ـ كەنتنى 3 يىل ئىچىدە يېڭى تۇسكە كىرگۈزىمەن، دېگەن ئىرادە بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. دېھقانلار ئۇنى كەنت مۇدىرى قىلىپ سايلىۋاپتۇ. بۇ كەنتنىڭ شتاتتىكى ئائىلە سانى 87 بولۇپ، ھازىرغىچە 64 ئائىلە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ بوپتۇ. گۈلنساخانىنىڭ قوشنىسى قېيۇم نىيازمۇ باغ يېرىگە كۆچەت تىككەن، تاۋۇز تېرىغاندىن باشقا، تەشكىل تەقسىم قىلىپ بەرگەن 37 كۋادرات مېتىر ئۆيگە يانداپ ئۆزى يەنە چوڭ ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىۋاپتۇ. 15 تۇياق قوي بېقىپتۇ.

بىز 9 ـ كەنتتىن يېنىپ، 4 ـ كەنت بىلەن 5 ـ كەنت ئوتتۇرىسىدىكى شاڭخەي شەھىرى 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ بەرگەن «كەلپىن ـ شاڭخەي جۇڭشىن ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» نى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ھازىر بۇ مەكتەپتە 14 سىنىپ، 17 ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 9 ـ ئايدىكى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇشنى تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلار 400 دىن ئېشىپتۇ.

بىز مۇئاۋىن شۇجى مۇسا ئەيسانىڭ تەپسىلىي ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى ۋە زىيارەت داۋامىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزدىن شۇنى بىلدۇقكى، چىلان يېزىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئادەتتىكى ئائىلە كۆچۈرۈش قۇرۇلۇشىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى نامراتلارغا تەرەققىيات ئارقىلىق ئىش تېپىپ بېرىش ئارقىلىق يار ـ يۆلەك بولىدىغان بىر پۈتۈن سىستېما قۇرۇلۇشى شۇنداقلا يېڭىدىن بىر كەلپىن ناھىيىسى بىنا قىلغانغا باراۋەر ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش ئىكەن. بۇ زور قۇرۇلۇش ئارقىلىق 2000 ـ يىلغىچە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى، ئېقىن سۇ مىقدارىنى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى ھازىرقىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. شۇڭا دۆلەت، ئاپتونوم رايون بۇ قۇرۇلۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭغا

جەمئىي 56 مىليون يۈەن مەبلەغ ساپتۇ. كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزا ـ كەنتلىرىدىن بۇيەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلار ھەربىر ئائىلە ئۈچۈن 1500 يۈەندىن ھەق تاپشۇرسىلا، 0.7 مو ئۆي ئورنىغا، 37 كۋادرات مېتىرلىق خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىر يۈرۈش تەييار ئولتۇراق ئۆيگە، ئىككى مودىن باغ يېرىگە، نوپۇس بېشىغا 4 مودىن يېڭى ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولالايدىكەن. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئورنىدىكى باغ، ئولتۇراق ئۆيى مەڭگۈ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، تېرىلغۇ يېرىنى 3 يىلغىچە ساقلاپ قېلىش، تەشكىل بىلەن تۈزگەن باغ، ئورمان، تېرىلغۇ يەر دىگۋارلىرى يەنىلا كۈچكە ئىگە بولۇش، ئەسلىي يۇرتىدىكى ھاشاردىن كەچۈرۈم قىلىنىش، چىلانغا كەلگەندىن كېيىن 5 يىلغىچە يەر، سۇ ھەققى تۆلىمەسلىك، دۆلەتنىڭ 3000 يۈەنلىك ئۆسۈمسىز قەرزىگە، 2000 يۈەن ھەقسىز ياردىمىگە ئىگە بولۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىنىدىكەن. ناھىيە چىلانغا ئاھالە كۆچۈرۈشكە دائىر ھېچقانداق مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللانماپتۇ. «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىلانغا يۈرۈش قىلايلى»، «باي بولاي دېسەڭ چىلانغا كەل»ـــ مانا بۇ چىلانغا كېلىپ ماكانلاشقان ياكى كېلىش ئالدىدا تۇرغان دېھقانلارنىڭ ئورتاق ساداسى ئىكەن. ھازىرغا قەدەر دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ چىلاننى ئېچىشقا سالغان مەبلىغىدىن 32 مىليون يۈەن ئەمەلىيلىشىپ، سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، يول، كۆۋرۈك، ئورمان بەلۋېغى، بوز يەر ئېچىش، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى ئىككى يىل ئىچىدە ئورۇندىلىپ بوپتۇ.

ـــ نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ئىش نېمە؟ـــ دەپ سورىدۇق بىز زىيارىتىمىز ئاخىرلىشىش ئالدىدا مۇسا شۇجىدىن.

ـــ 20 مىڭ مو كۆزگى بۇغداينى ياخشى تېرىش،ـــ دېدى ئۇ،ـــ بۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى سېتىۋالدۇق، 1500 تونna خىمىيىۋى ئوغۇت، 400 توننا ئۇرۇقلۇق بۇغداي يۆتكەپ كەلدۇق. بۇغداي تېرىلغۇسىدىن كېيىن

يەنە 500 مو ئورمان بەلۋېغىغا كۆزلۈك كۆچەت تىكىشنى ئورۇنلاشتۇر-
دۇق.

-- بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆرەش نىشانىڭلارچۇ؟

— يېڭىدىن شۇنداقلا ھازىرقىدىنمۇ گۈزەل يەنە بىر كەلپىن بىنا
قىلىش.

بىز مۇسا ئەيسانىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ،
چىلاننىڭ ـ كەلپىننىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى گۈزەل، باياشاد مەنزىرد-
سىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق.

1998 ـ يىل سېنتەبىر، كەلپىن

# پاختىكارلار بىلەن سۆھبەت

مېنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارەت سەپىرىم شەرقىي تۆت ناھىيىدە پاختا سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلگە توغرا كەلدى. پاختىچىلىق چوڭ ناھىيىسى— شاياردىكى دۆۋە - دۆۋە پاختىلار تىزمىسى، پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى سانجاق - سانجاق ئادەملەر ۋە پاختا بېسىلغان هارۋا، تراكتورلار خۇددى دولقۇنلۇق دېڭىزنى ئەسلىتىپ، كىشىگە جىددىي، ئالدىراش، قايناق تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ مەنزىرىلەردىن بۇ يىل پاختىنىڭ راسا ئوخشىغانلىقىنى، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئاشقانلىقىنى قىياس قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن پاختىكارلار پاختىدىن ئېرىشكەن پۇلنى ساناۋېتىپ، «پاختا بىزگە يامان قىلمىدى، يەنىلا پاختا تېرىغان ياخشى ئىكەن، پاختا بولمىغان بولسا بىز بۇ پۇلنى نەدىن تاپاتتۇق» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر «بۇ يىل بەك چوڭ نەپكە ئېرىشەلمىگەن بولساقمۇ، ھەر ھالدا ئەجىر ھەققىمىز بولسىمۇ قولغا تەگدى» دېيىشتى. تويبولدى يېزىسىغا قاراشلىق جەنۇبىي تارىم پاختا زاۋۇتىنىڭ ئارقا تەرىپىدە پاختا بېسىلغان تراكتورلار قىستىلىشىپ، ئورنىدىن قوزغىلالماس ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. پاختىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى «پاختا زاۋۇتقا قانداق پاتار» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. ئىگىلىنىشىچە، جەنۇبىي تارىمدا ئۈچ كەنت بولۇپ، جەمئىي 100 مىڭ موغا يېقىن كېۋەز تېرىلىدىكەن. بۇ پاختا زاۋۇتىنىڭ بۇ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 100 مىڭ دەن ئىكەن. لېكىن زاۋۇت 130 مىڭ دەن سېتىۋېلىشنى پىلانلاپتۇ. زاۋۇت باشلىقى ئېلى نىيازنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ زاۋۇت كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3000 دەنلىك سۈرئەت بىلەن سېتىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا پاختىكارلارنىڭ 1 - 2 كۈن ساقلاپ قېلىش ۋەزىيىتىنى تۈگىتەلمەپتۇ. جەنۇبىي تارىم 1 - كەنتىدىكى 26 ياشلىق لياڭ يۈەن مۇنداق دېدى:

«ئائىلىمىزدە يەتتە جان ئادەم بار، بۇ يىل بىز 250 مو يەرگە كېۋەز تېـ-رىدۇق، كېۋەز ئوخشىدى» دېدى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، زاۋۇتتا سېتىـۋې-لىنغان پاختىلار ئىچىدە 4 - دەرىجىلىك 70 - 80 پىرسەنتنى ئىگىلـەيـ-دىكەن. بۇ يەردىكى پاختىكارلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، پـاخـتـا سېتىپ بېرىش قىزغىنلىقى ئۈستۈن ئىكەن. پاختا زاۋۇتىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياستىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە پاختا سۈپىتىنى دەرىجىگە ئايرىش ئەھۋالىدا مەسىلە بار - يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك تېخـ-نىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ تېخنىكلىرى 13 پاختىكار ئېلىپ كەلگەن پاختىدىن 49 نۇسخا ئېلىپ، ئۇنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئوخشاشلىـق نىسبىتىنىڭ 100 پىرسەنت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. تويبولدى يېزىلىق 3 - پاختا زاۋۇتىنىڭ پىريومچىلىرى دەرىجىگە ئايرىغان پاختىنىڭ ئوخـ-شاشلىق نىسبىتى 92.15 پىرسەنت بولدى. بۇ زاۋۇت 9 - سېنتەبىردىن 9 - ئۆكتەبىرگىچە بولغان بىر ئايدا 58 مىڭ دەن پاختا سېتىۋالغان بـو-لۇپ، بۇنىڭ 90 پىرسەنتى 4 - دەرىجىلىك پاختا ئىكەن.

شايار ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ دىرېكـتـورى ئـۆمـەر نەجمە مۇنداق دېدى: بۇ يىل ناھىيىمىزنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 900 مىڭ دەن بولۇپ، ناھىيە بويىچە 9 - سېنتەبىردىن ئېتىبارەن كۈنىگە 23 - 25 مىڭ دەنلىك سۈرئەت بىلەن پاختا سېتىۋېلىنىۋاتىدۇ. بۇ يىل پاختىـ-نىڭ دەرىجىسى ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر يېرىم دەرىجە ئەتراپىدا تـۆۋەنـ-لەپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 4 - دەرىجىلىك پاختىنىڭ سالمىقى كۆپ بو-لۇپ، 70 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بۇ يىل پاختىنـىـڭ سۈپىتىگە قويۇلغان ئۆلچەم ھەقىقەتەن يۇقىرى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگـە بۇ يىل پاختىنىڭ سۈپىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى...

بۇنى ھېچكىمدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، يەنىلا پاختىنى دەرىجىگە ئايـ-رىشتا بەزى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايتتى. شـايـار ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىلىق پاختا زاۋۇتىدا سېتىۋېلىش سۈرئىتـى بىر ئاز ئاستا بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن، بەزى پاختىكارلارغا قـىـسـمـەن ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كەلگەن. بۇ يېزىنىڭ 2 - كەنت 2 - مەھەللىسىدىكى قايۇم نۇرنىڭ 70 ياشلىق ئايالى جەننەتخان ئۈچ كۈنگىچە پاختا سـاتـالـ-

مىغاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىقلاپ كەتتى. ئۇ «بەش مو يېرىد-
مىزنىڭ ھەممىسىگە كېۋەز تېرىپتىكەنمىز، ئەگەر پاختىنى ۋاقتىدا، جا-
يىدا ساتالمىساق ئاش ئېلىپ يېيەلمەيمىز» دېدى. ئاچىدۆڭلۈك قاسىم
يولداش مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 17 مو يەرنىڭ ھەر موسىنى 250 يۈەن-
دىن سېتىۋېلىپ كېۋەز تېرىغانىدىم، ھەر مو يەرگە 380 يۈەندىن مەبلەغ
سالدىم. 10 ـ ئۆكتەبىرگىچە ئاران 3700 يۈەنلىك پاختا ساتتىم. بۈگۈن
يەنە بەش تاغار پاختا ئېلىپ كەلدىم. يەنە بىر قىسىم يەرلىرىمنىڭ كېۋەز-
لىرى ئېچىلماي ئۇششۇپ كەتتى». ۋىلايەتتىن بارغان بىرلەشمە خىزمەت
گۇرۇپپىسى بۇ زاۋۇتنىڭ پاختىدىن نۇسخا ئېلىش، چىگىت ئايرىش،
پرېيوم قىلىش، نەملىكنى ئۆلچەش مەشغۇلاتىنى تەپسىلىي كۆرگەندىن
كېيىن، 10 پاختىكارنىڭ پاختىسىدىن جەمئىي 27 نۇسخا ئېلىپ، پاختى-
نىڭ دەرىجىگە ئايرىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئوخشاشلىق نىسبىتى
81.8 پىرسەنت بولدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى زاۋۇت باشلىقى ھەسەن
ئەلقەمنى ئۆتكەلنى چىڭ ئېگىلەپ، دەرىجىنى بېكىتىشتە ئۇچ تەرەپنىڭ
مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، پاختىكارلارنى ئوبدان رازى قىلىشقا
بۇيرۇدى.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىلىق پاختا زاۋۇتىدىكى قايناق مەنزىرە،
تەرتىپلىك مەشغۇلات، گۈزەل زاۋۇت قورۇسى بىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تە-
سىرات قالدۇردى. بەش ئورۇندا جىڭلاش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان
بولۇپ، جىڭچى، تالون كەسكۈچى، نازارەتچى... ھەممىسى ئۆز ئىشى بى-
لەن ئالدىراش ئىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ پرېيومچىلار باشلىقى ھۇمايەم «پاختا
سېتىۋېلىش باشلانغاندىن بۇيان، ھەر كۈنى كەچ سائەت 11 گىچە ئىش-
لەۋاتىمىز، شۇ كۈنلۈك پاختىنى شۇ كۈنى سېتىۋېلىشنى قولغا كەلتۈر-
دۇق ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىدۇق» دېدى. مەن بۇ زاۋۇتتى-
كى ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ، پاختىكارلار بىلەن سىرداشتىم. بەزى پاخ-
تىكارلار كۆڭلىدىكى راست گېپىنى دەيتتى. ئۇلار يەنىلا ئۆز ئەجرىدىن
قانائەت ھاسىل قىلغان. ياقا يېزىسىنىڭ لەنگەر 2 ـ كەنت 4 ـ مەھەل-
لىسىدىن كەلگەن نىزامىدىن نىياز 21 مو يەرگە كېۋەز تېرىغانىكەن. ئۇ-
نىڭ كېۋەزلىرى ئىنتايىن ئوخشاپتۇ. 12 ـ ئۆكتەبىرگىچە 12 مىڭ يۈەن-

لىك پاختا سېتىپتۇ.

— سىز بۇ يىللىق پاختىڭىزدىن رازىمۇ؟— مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— رازى، مېنىڭ دەسلەپتە ئېلىپ كەلگەن 482 كىلوگىرام پاختام 2 ـ دەرىجىگە يارىدى. يېرىمگە سالغان 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى دەسمايەمنى چىقىرىۋەتكەندە، يەنە 7 ـ 8 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بىر نەرسە قالىدىكەن،— دېدى كۆلۈپ تۇرۇپ.

قاراگۇغۇ 1 ـ كەنتىدىن كەلگەن ئابدۇرېھىم قادىر پۇللىرىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ:

— توققۇز مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، 8000 يۈەن كىرىم قىلدىم، يەيدىغان ئاشلىقىم ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ...

قاراگۇغۇ 1 ـ كەنتىنىڭ شۇجىسى ئابلەت رېشىت ئۇنىڭ گېپى تولۇقسىز بىلەن تەڭ ئېغىز ئاچتى: كەنتىمىزدە 386 ئائىلە بار، بۇ يىل 3400 مو كېۋەز تېرىدۇق. پاختىنىڭ پايدىسىنى كۆرمىگەنلەر يوق دىيەرلىك، بۇ يىل كىشى بېشى كىرىمى 1900 يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ، دېدى. قاراگۇغۇ كەنتىدىكى دېھقانلار «يەنىلا كېۋەزنىڭ پايدىسى ياخشى ئىكەن، 20 يىلدىن بېرى تەكرار تېرىش داۋام قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا پاختىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەندەك پايدا كۆرۈپ باقمىدۇق» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «ئەگەر تۇرلۇك سېلىقلار ئازلىغان بولسا بىز يەنىلا باي ھېسابلىناتتۇق» دېدى.

كۇچا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ناھىيىدىكى 13 پاختا زاۋۇتى سېتىۋېلىش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلىدى. ناھىيىمىزنىڭ 740 مىڭ دەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا سان ـ سۈپەتنى تەكشۈرۈشتە ئېچىلدى. 9 ـ ئۆكتەبىرگىچە سېتىۋېلىنغان 360 مىڭ دەن پاختىدىن 4 ـ دەرىجىلىكى 52.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بىر كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا، خانىقاتام، دۆڭقوتان، شەرقىي شەھەر پاختا زاۋۇتلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، نۇسخا ئېلىپ، پاختا دەرىجىسىنىڭ ئوخشاشلىق نىسبىتىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 100 پىرسەنت،

92.6 پىرسەنت، 100 پىرسەنت ۋە 100 پىرسەنت ئېكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

دۆڭقوتان پاختا زاۋۇتى 89 مىڭ دەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ھەم پىششىقلاپ ئىشلەش ۋەزىپىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىغان. زاۋۇت باشلىقى تۇرسۇن قادىر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بىز بۇ يىل 100 مىڭ دەندىن كۆپرەك پاختا ئالالايدىغاندەك تۇرىمىز. يېزا بويىچە تېرىلغان 60 مىڭ مو كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 200 كىلوگرامدىن ئايلاندى. شۇڭا پاختا بەك كۆپ.

دوڭقوتان يېزىسىنىڭ قاراڭغۇ 2 ـ كەنتىدىكى كەلگەن ئىبراھىم ئىسمايىل 50 مو كېۋەزدىن 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىپتۇ. سېغىنسۆگەت 1 ـ كەنتىدىكى ھەق نەمەت مۇنداق دېدى: بىز ئاتا ـ بالا ئىككىمىز 50 مو يەرگە تېرىغان كېۋىزىمىزدىن 40 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىمىز. ئەگەر 12 مو يەردىكى كېۋىزىمىز ئاپەتتە نابۇت بولمىغان بولسا 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلار كەنمىز...

بىز ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، توقسۇ ناھىيىسىگە ئىككى قېتىم كەلدۇق. بۇ ناھىيىدىكى ئۈچقات پاختا زاۋۇتى، ناھىيىلىك 1 ـ پاختا زاۋۇتى، ئۈرۈقچىلىق شىركىتىنىڭ پاختا زاۋۇتلىرىدىكى قايناق كۆرۈنۈش كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. توقسۇ ناھىيىلىك پاختا ـ چىگە شىركىتىنىڭ مۇۋەققەت دىرېكتورى شيۇڭ لىمىن خانىم بىزگە ھەمراھ بولۇپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ھەمكارلاشتى. 1 ـ پاختا زاۋۇتىدا 10 پاختىكارنىڭ پاختىسىدىن 30 نۇسخا ئېلىنىپ، دەرىجىگە ئايرىش نىسبىتىنىڭ 100 پىرسەنت توغرا بولغانلىقى ئېنىقلاندى. ئىگىلىنىشچە، ۋىلايەت بۇ يىل توقسۇ ناھىيىسىگە 384 مىڭ دەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرگەن بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سېتىۋېلىشقا ۋەزىپىسى ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلغان. مۆلچەرلىنىشچە، ناھىيىدىكى يەتتە زاۋۇتنىڭ سېتىۋېلىش پىلانى 400 مىڭ دەندىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

مەن بارغانلا يەردە پاختىكارلارنىڭ ھەممىدىن بەك پاختا غېمىنى يەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇڭا نۇرغۇنلاردىن «بۇ يىل دەرىجە بول-

تۇرقىدىن تۆۋەن بولدى، بۇ ئىشتىن سىز ئاغرىنامسىز، كېلەر يىلى كې- ۋەزنى بۇ يىلقىدىن ئاز تېرىمسىز قانداق؟» دەپ سورىدىم. توقسۇ ناھى- يىسىنىڭ تاشئېرىق توباشلام 2 ـ كەنتىدىن توقسۇ 1 ـ پاختا زاۋۇتىغا پاختا ئېلىپ كەلگەن مىجىت زايى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «دەرىجە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا زىيان بولمىدى. مەن بۇ يىل 27 مو كېۋەز تېرىدىم. كېلەر يىلى ھەرگىز بۇنىڭدىن ئاز تېرىمايمەن، چۈنكى، ئىش داۋاملىق ئويلىغاندەك بولۇۋەرمەيدۇ». ئۆگەن يېزىسىنىڭ ئۆگەن كەنتىدىن كەلگەن 70 ياشلىق ئىسمايىل تۆمۈر ساقىلىنى سىلاپ تۇ- رۇپ: «دېھقان دېگەن ئازراقلا بەل قويۇۋەتسە قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ، ئىش ئويلىغاندەك بولمىدى، دەپ يېتىۋالسام بولمايدۇ، كېلەر يىلى ئىش چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى.

باي ناھىيىسى كىلىماتى سوغۇق، تاغلىق ناھىيە بولسىمۇ، بۇ يىل ناھىيە بويىچە 50 مىڭ مو كېۋەز تېرىغانىدى. ناھىيە بويىچە قىزىل، سايرام، ئونباش ۋە بازار 1 ـ پاختا زاۋۇتلىرىدىكى جىددىي سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى باي خەلقىنىڭمۇ پاختىغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەرشىدىن بايىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ناھىيە بويىچە 100 مىڭ دەن ئەتراپىدا پاختا ئېلىنىدىكەن. 20 ـ ئۆكتەبىرگىچە ئېلىنغان پاختا ئىچىدە 3 ـ دەرىجىلىك 4.80 پىرسەنتنى، 4 ـ دەرىجىلىكى 12 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. باي پاختىكارلىرى ئەمدىلىكتە پاختىنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلاپتۇ.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇچاڭئەن، ۋىلايەتلىك پارت- كومنىڭ ئەزاسى ئېزىز قېيۇملار بۇ قېتىمقى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇ- رۇپپىسىغا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ نۇسخا ئالغاندا «خۇشامەت پاختىسى، مۇناسىۋەت پاختى- سى» نى ئۈنۈملۈك توسۇپ، پاختىكارلارنىڭ ئۈچكە ئايرىش ئېڭىنى، يە- نى ئايرىم چولاش، ئايرىم قۇرۇتۇش، ئايرىم سېتىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىنى، تۈرلۈك مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداپ، پاختىكارلار ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تى-

رىشقانلىقىنى بىلدى.

توغرا، دېھقانلار ئاممىسى پاختىنىڭ جاپاسىنىمۇ، راھىتىنىمۇ كۆر-دى. بۇ يولدا ئىزدەندى، ئەڭ ئاخىرىدا پاختىنا «ئاق ئالتۇن» لۇق كارامىتى بىلەن دېھقانلارنى، يېزىلارنى بېيىتىدىغان «كوزىر» مەھسۇلات بولۇپ قالدى.

1998 ـ يىل ئۆكتەبىر، شايار، توقسۇ، كۇچا، باي

# مۇھەببەتتىن ئۈنلىگەن قەلبلەر

بۇ يىل يانۋاردىكى ئاچچىق سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. ئۈنسۇ ناھىيە تۇمشۇق بازىرى قاشئېرىق كەنت 1 - مەھەللە - گۇرۇپپىسىدىكى رېھىم تۆمۈر كاڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۆي ئىچى سوغۇق بولۇپ، ھەممە نەرسىدىن نامراتلىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئايالى ساردىخان بىر چەتتە يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ گۆش يېمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى كادىرلار بۇ ئادەمنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنىدى. رەھبەرلەر بۇ ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: قىيىنچىلىق بولسا تەشكىلگە ئېيتىڭلار، ئەڭ مۇھىمى قورساقتا ئۇبدان يەڭلار، ئادەم ياخشى يېمىسە كېسەل بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ پۇلغا گۆش ئېلىپ يەڭلار، دېدى ۋە 200 يۈەن پۇل ۋە ھال سوراش بۇيۇمىنى ئۇنىڭغا بەردى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن لەنگەر كەنت 3 - مەھەللىسىدىكى ئوسمان ئەمەر خۇشاللىقىدا: خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى ئارقىسىدا بازار بويىچە 90 ئائىلە مەن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. يەنە 180 ئائىلە يات ئارىدا كۆچىدۇ، دېدى. ئۈنسۇ بازىرى دەپسەن ئاھالىلار كومىتېتىدىكى پاشاخان ئايۇپ، مۇھەممەت مەمتاۋلا، ھۆرىخان پەيزۇللا قاتارلىقلار رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار: سىلەر ھەر ۋاقىت بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيسىلەر، پات - پات يوقلاپ تۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر بولغاچقا بىز ھازىر ھېچنەرسىدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق، دېيىشتى.

زىمىستان قىش كۈنلىرى بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىنىڭ قەلبى مانا مۇشۇنداق ئىللىقلىقتىن باھار تۇيغۇسىغا چۆمدى. دەرۋەقە چىن مېھىر - مۇھەببەت قەلبلەرنى ئىللىتىدۇ. ئۈنسۇ ناھىيىسى بۇلتۇردىن بۇيان، «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، خەلق ئىشلىرى

خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تونۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قىيىنچىلىقتا قالغان ئاممىنىڭ دەردىگە يېتىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتىش خىزمىتىنى «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، بىر مۇ ئادەمنىڭ ئاچ قالماسلىقى، توڭلاپ قالماسلىقى، پاناھسىز، ماكانسىز قالماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنىسۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى مۇھىت ياراتتى. تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە يارىتىپ، بۇلتۇرقى باھالاشتا شەرەپ بىلەن ۋىلايەت بويىچە 3 ـ لىككە ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، بۇ ناھىيە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى يەنىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى. پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن شەھەر ـ بازار ۋە يېزىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ھەم ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئوبيېكتلارنىڭ دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كاپالەت سوممىسى ئېلىشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ ھەممىسىنى بۇ دائىرىگە كىرگۈزدى. بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 2357 ئائىلە، 7356 ئادەم كاپالەت سوممىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلارغا ئايدا كېتىدىغان 529 مىڭ 460 يۈەننى ۋاقتىدا تارقىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كاپالەت ئوبيېكتلىرىنىڭ سانى 2556 ئائىلە، 7310 ئادەمگە يەتتى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى كاپالەت ئوبيېكتلىرىنى ھەرىكەتچان باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھال ـ كۈنى ياخشىلانغانلارنى بۇ دائىرىدىن چىقاردى. ھال ـ كۈنى ناچارلاشقانلارنى بۇ دائىرىگە كىرگۈزدى. ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدىمۇ، كاپالەت پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھەر قېتىم ئاپەت يۈز بەرگەندە، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى كادىرلار دەرھال ئاپەت رايونىغا ئاتلىنىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ

تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۆتكەن بىر يىلدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 571 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ھەل قىلدى. ۋىلايەتنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن 829 ئائىلىگە ئۆي ھەل قىلىپ بەردى. بۇلتۇر 10 ـ ئايدىن بۇرۇن 796 ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ئىدارە ـ ئورگانلار، كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بەس ـ بەستە ئىئانە توپلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە قەلب ئىزھار قىلىشنى ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىدىن ھەممە ئادەم رازى بولدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئونسۇدا قۇم ـ بوران، كەلكۈن، مۆلدۈر ئاپىتى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، مەلۇم قىلىش، قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئاپەت رايونىدىكى خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ۋاقتىدا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاما، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرنى داۋاملىق ئېنىقلاپ، ئۇلارغا ئاشلىق، كۆمۈر، كىيىم ـ كېچەك ۋە پۇل تارقىتىپ بەردى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئەمگەك، ئىقتىساد ـ سودا تارماقلىرى بىرلىشىپ، ئونسۇ بازىرى تەۋەسىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، بۇنىڭدىن 214 ئائىلە، 382 ئادەمنى بۇ يىللىق قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى قىلدى. ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدانلار نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئىنتايىن چوڭ ئىش قاتارىدا تۇردى. «قوش كاسسا» خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. نۆۋەتتە ناھىيە بويىچە جۇغلانغان كاسسا پۇلى 240 مىڭ يۈەنگە، كاسسا ئاشلىقى 320 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ـ كەنتلەردە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ماددىي شارائىتى ھازىرلاندى.

ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، ئونسۇ خەلق قوراللىق بۆلۈمى،

چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى، 36105 ـ قىسىمنىڭ چاغراقتا تۇرۇشلۇق پونكىتى قاتارلىق تۇرۇشلۇق قىسىملار بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، قىسىم قوـ رۇلۇشىنى قوللاش، قىسىمدىن قايتقان، كەسىپ ئالماشقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، «قوش ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ھەرخىل نەپىقە ئۆبيېكتلىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. يېڭى يىل، چاغان ھارپىسىدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە پېشقەدەم ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ماددىي بۇيۇملارنى ئېلىپ بەردى. قىـ سىملارمۇ يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى قوللىدى. ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلدى. نەتىجىدە ئونسۇنىڭ «قوش ھىمايە قىلىش» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇـ رۇۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىكىم داۋۇت مۇنداق دېدى: ھازىر قىسىمدىن قايتقانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەنلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەپىقە خىراجىتى ئۆلچىمى 1500 يۈەنگە چىقتى. بىر نەچچە يىلدا ناھىيىمىز 28 نەپەر قىسىمدىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىيگە خىش قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىپ بەردى. بىز ئۆزىمىزگە تېخىمۇ بېسىم يۈكلەپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ناھىيىمىزنى مەملىكەت بويىچە «قوش نەـ مۇنە ناھىيە» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز...

ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى خەلق ئىچىدىكى تەشـ كىلاتلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى. غەيرىي كارخاـ نىلارنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ۋىلايەت بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى. خەلقنىڭ غېمى— پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غېمى، خەلقنىڭ قەلبى— پارتىيە، ھۆكۈـ مەتنىڭ قەلبى. ئونسۇ ناھىيىسى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى پارتىيە،

ھۆكۈمەتنىڭ ئوبراز قۇرۇلۇشى ۋە ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى بۆسۈش ئېغىزىغا ئايلاندۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نامرات ئائىلىلەر، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئوبيېكتلىرىغا كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. كەنت كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىدا چىڭ تۇتتى. كەڭ خەلق ئاممىسى خوجايىنلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزى ھىمايە قىلىدىغان، ئىشىنىدىغان ياش، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى كەنت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە سايلاش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 103 كەنتنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ھەيئەتلىرىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقتى. كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتى دېھقانلارنى ئومۇميۈزلۈك رازى قىلدى.

ئونسۇ ناھىيىسىدە يەنە كەڭ ئاممىنى سەھىيە مۇلازىملىقى، پىلانلىق تۇغۇت، جەمئىيەت ئامانلىقى مۇلازىملىقى قاتارلىق كۆپ خىل مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن قىلىش دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. ناھىيىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ياتاق، تاماق شارائىتىنى ياخشىلىدى. مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى. بۇ يەردە بېقىلىۋاتقان 89 نەپەر ئىگە ــ چاقىسىز، قېرى، ئاجىز كىشىگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلدى. مىڭلىغان قەلبلەر خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئەلا مۇلازىمىتىدىن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىق ھارارىتىنى ھېس قىلدى.

2002 ــ يىل ئاۋغۇست، ئونسۇ

# بالداڭ بىلەن ژىرما ئارىلىقىدا

بالداڭ بىلەن ژىرما ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئېگەرچى يېزىسىنىڭ ئىككى كەنتى. توققۇز يىلدىن بۇيان بۇ ئىككى كەنتنىڭ ئىسمى ئۆزگەرمىدى. ئەمما، قىياپىتى، ئورنى، نامى ئۆزگەردى. يەنە كېلىپ، بۇ ئىككى كەنتنى بىر شۇجى رەھبەرلىك قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇ كىم؟ ئۇنىڭ ئىسمى مۇختار مەمتاۋلا، بۇ يىل 39 ياش. ئۇ 1996ـ يىلى 32 يېشىدا تۆۋەنكى بالداڭ كەنتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1998ـ يىل 11ـ ئايدا ژىرما كەنتىنىڭ شۇجىسى بولدى. 2004ـ يىل 11ـ ئايدا يەنە تۆۋەنكى بالداڭنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكەلدى. ئاقسۇ شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: «توققۇز يىلدىن بۇيان، مۇختار ئىككى كەنت ئارىلىقىدىلا ئىشلىدى. قەيەرنىڭ خىزمىتى ئارقىدا قالسا ئۇ شۇ يەرگە شۇجى بولدى. ئۇ شۇجى بولغان كەنتنىڭ ئىشلىرى ئالغا باستى. ھازىر شەھىرىمىزدە مۇختار شۇجىدەك قابىلىيەتلىك كەنت شۇجىلىرى ئاز تېپىلىدۇ.»

تۆۋەنكى بالداڭدا 832 نوپۇس، 176 ئائىلە، ئۈچ مەھەللە، 3970 مو يەر بار. ئىلگىرى دېھقانلار كېۋەز بىلەن بۇغدايلا تېرىيتتى. مەھسۇلات، كىرىم تۆۋەن ئىدى. 1995ـ يىلى پاختا بىرلىك ھوسۇلى 60 كىلوگرامغىمۇ يەتمەيتتى. باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقمۇ بىر قەدەر ئارقىدا قالغان ئىدى. 1996ـ يىلى كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن شۇجىلىقىغا قويۇلغان مۇختار ئىشنى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىن باشلىدى. بۇغداي كۆلىمىنى ئازايتىپ، كېۋەز كۆلىمىنى كۆپەيتتى ھەمدە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كېۋەز كۆلىمىنى ئەسلىدىكى 1400 مودىن 1800 موغا كۆپەيتتى. ئىلگىرى دېھقانلار خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەتكىلى ئۇنىمايتتى. مۇختار دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ھەرخىل ئوغۇت تەركىبلىرىنى مۇۋاپىق ئارىلاش-

تۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئۈندىدى ھەم ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتتى. كېيىنچە دېھقانلار يەرلىرىگە خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن كۆنجۈرنى تەڭ ئىشلەتتى. مەھەللىۋى ئوغۇتنىمۇ مۇۋاپىق بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ تايانچ دېھقانلارنى يېزا ۋە شەھەردە ئېچىلغان پەن-تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى، شەھەر ۋە يېزىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ دېھقانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، دېھقانلارنىڭ پەن-تېخنىكا ئېڭى، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش ئېڭىدا بۇرۇلۇش بولۇشقا باشلىدى. كېيىنكى يىلى پاختا بىرلىك ھوسۇلى 110 كىلوگرامغا يەتتى. مۇختار دېھقانلارنىڭ پاختىسىغا بازار تېپىپ بەردى. بەزىلەرنى قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە كىرىم كۆپەيدى. 1999- يىلى كىشى بېشى كىرىمى 2700 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 22 ئائىلە، بەشتە كاپالەتلىك 12 ئائىلىنىڭ يېرىمى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. چارۋا 1400 تۇياققا، باغ 320 موغا يەتتى. كەنت شەھەر بويىچە ئۇدا 3 يىل ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى، مۇختار «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

1998- يىل 11- ئايدا مۇختار تۆۋەنكى بالداڭنىڭ قوشنىسى بولغان ژىرما كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكەلدى. ۋەزىپە ئوخشاش، بىراق شارائىت، ئورۇن ئوخشمايتتى. ژىرما دېھقانلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالغا باسالماي كەلگەن ئىدى. كەنتنىڭ گەرچە 5690 مو يېرى بار بولغان بولسىمۇ، ھوسۇل تۆۋەن ئىدى. مۇختار مەمتاۋلا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق ئويغا كەلدى: «ژىرما شەھەرگە يېقىن، شۇڭا كەنتتە باقمىچىلىقنى تۇتۇش، بولۇپمۇ، سۈتچىلىكنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش» كېرەك. مۇختارنىڭ بۇ ئوي-پىكرى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت كومىتېتىنىڭ قوۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ تېرىقچىلىقنى چىڭ تۇتۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا كەنت مىقياسىدا سۈتچىلىك كەسپىنى زورايتىشقا بەل باغلىدى. چۈنكى ئۇ، ئىلگىرى تۆۋەنكى بالداڭدا 22 سۈت كالىسى باققان. سۈتچىلىك بىلەن

شۇغۇللىنىش جەھەتتە بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سۈتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 32 ئائىلىگە قەرز پۇل ئېلىپ بەردى. شەنشىنگە ئۇدا 2 قارار ئادەم ئەۋەتىپ، 67 تۇياق سۈت كالىسى كىرگۈزدى. توقسۇ ناھىيىسىدىن يەنە 32 تۇياق كالا يۆتكەپ كەلدى. بىر نەچچە يىلدا سۈتچىلىك كەسپىي ئائىلىسى 54 كە، سۈت كالىسى 370 تۇياققا، كۈندىلىك سۈت مىقدارى بىر توننىغا يەتتى. 2003 ـ يىلى ژىرما كەنتى شەھەر تەرىپىدىن «سۈتچىلىك كەنتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. باقمىچى ئائىلىلەرمۇ تېز كۆپەيدى. چارۋا ئومۇمىي سانى 2870 تۇياققا يېتىپ، مۇختار ژىرمىغا يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيدى. مۇختار مەمتاۋلا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قورغانلىق رولىغا تايىنىپ، دېھقانلارنى باغۋەنچىلىك، ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە يېتەكلىدى. ئىلگىرى كەنتتە 800 مولا باغ بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەممىسى تۆۋەن ھوسۇللۇق كونا باغ ئىدى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە كونا باغلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىلىغاندىن سىرت، يەنە يېڭىدىن 2000 مو باغ بىنا قىلدۇردى. كەنتتە خۇڭفۇشى ئالمىسى ۋە 300 مو نەشپۈتلۈك باغ يېتىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن باغ ئومۇمىي كۆلىمى 3000 موغا يەتتى. بىر نەچچە يىلدا 180 مو پارنىك ياساتتى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلمۇ يىل كۆپىيىشكە باشلىدى. كەنتنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 2004 ـ يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 3430 يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 1030 يۈەن ساپ ئاشتى. كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى 1998 ـ يىلدىكى 120 مىڭ يۈەندىن 260 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى. ئالتە يىلدا 12 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئىككى ئائىلە شال زاۋۇتى ۋە ئۇن زاۋۇتى قۇردى. باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى تۇرسۇن مامۇت سۈتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىللىق كىرىمنى 70 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ياسىن ئىمامنىياز دېھقانچىلىق بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈپ، ماشىنا ـ تراكتور سېتىۋالدى...

پارتىيىنىڭ كادىرى ئاممىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. مۇختار مەمتاۋلا 1994 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەندىن بۇيان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەقسىتىنى، ئاممى-

نىڭ تۆپ مەنپەئەتىنى بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. بولۇپمۇ، شۇجى بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويدى. ئۇ باشلامچىلىق بىلەن نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالدى. ھەۋ-شۇر ئىمامنىيازغا ئىككى يىلدىن بۇيان نەچچە خالتا ئۇن، گۈرۈچ ياردەم قىلدى. بۇلتۇر ئۇنىڭغا 50 دانە چۈجە ئېلىپ بەردى. نامرات تۇل ئايال ھۆرنىساخاننىڭ قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېلىشى ئۈچۈن ئۇدا 4 يىل «شوتا» بولۇپ بەردى. ئېلجان موللاۋۇتنى سانجىدا 3 يىل ئوقۇتۇپ كەلدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى سالالاشتۇرۇپ چىقتى. دېھقانلارنى ئۇ-زۇم يېتىشتۈرۈپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئۈندىدى. شۇڭا، ژىرما دېھقانلى-رى مۇختارغا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولۇشتى. ژىرما يېزا شەھەر بويىچە ئۈلگىلىك كەنتنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 2004-يىل 11-ئايغا كەلگەندە مۇختار مەمتاۋۇلانىڭ ئورنىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ژىرمىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن تۆۋەنكى بالداقنىڭ خىزمەتلىرىدە چېكىنىش ئالا-مىتى كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن تەشكىل ئۇنى يەنە تۆۋەنكى بالداقنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكىدى.

يېڭى ئورۇندا ئىشنى يەنە نۆلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇختار تۆ-ۋەنكى بالداققا كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن كەنت پارتىيە ياچېيكى-سىنى تەرتىپكە سالدى. ياش، قابىلىيەتلىك كادىرلارنى رەھبەرلىك قات-لىمىغا كىرگۈزدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشان، كۆرسەتكۈچى بويىچە كادىرلار بىلەن قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. خىزمەت تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، مۇكاپاتلاش-جازالاش تەد-بىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. تۆۋەنكى بالداقلىقلار باغ بىنا قىلىشقا ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى. مۇختار مەمتاۋۇلا باغۋەنچىلىكنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىشتىكى رولىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، دېھقانلارغا باغ بىنا قىلىش توغرىسىدا خىزمەت ئىشلىدى. بۇ يىل ئەتىيازدا 600 مو ئالمىلىق باغ بىنا قىلدۇردى. كېۋەز كۆلىمىنى مۇۋاپىق ئازايتىپ، پارنىكتا يىلدا ئىككى قې-تىم ھوسۇل بېرىدىغان قوغۇن-تاۋۇز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى يولغا قويدى ۋە پارنىك كۆلىمىنى 70 موغا كېڭەيتتى. 1-قېتىملىق تاۋۇزدا دېھقانلار بىرمو يەردىن 1000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. ئۇ يەنە 12

ئۇيغۇر دېھقاننى پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، كىرىمنى كۆپەيتتى. كەنت بويىچە ھەر بىر ئائىلىدە 50 تىن چۈجە بېقىشنى يولغا قويدى. بۇ يىل 6- ئايدا 36 ئائىلىلىك يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سالدۇردى. ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان، خۇددى داچىغا ئوخشاش بۇ ئۆيلەر ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابدۇمەجىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ چاڭجيې، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جارۇللا ھېسامىدىن قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ئولتۇراق رايونغا يۇقىرى باھا بەردى.

مۇختار مەمتاۋلا دېھقانلارنى سىرتقا چىقىپ پۇل تېپىشقا، تىرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ كىرىم يوللىرىنى كۆپەيتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆۋەنكى بالداقنىڭ خىزمەتلىرى يەنە جانلىنىپ كەتتى. تۈرلۈك خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەچكە، بۇ يىل 1- ئايدىن ھازىرغا قەدەر ۋىلايەت، شەھەر ۋە يېزا بۇ كەنتتە 28 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، كەنتنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتتى. 2004- يىلى كەنت دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 3100 يۈەنگە يەتكەن ئىدى. مۇختار مەمتاۋلا بۇ يىل يەنە 500 يۈەن كۆپەيتىشكە ئىرادە باغلىدى. كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى 230 مىڭ يۈەندىن 260 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى.

مۇختار مەمتاۋلا تىرىشىپ ئىشلىگەچكە، بالداق بىلەن ژىرمىنىڭ ئىشلىرى يۈكسەلدى. ئۇ، ئىككى كەنت ئارىلىقىدا تەر تۆكۈپ، تەشكىل ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ھەم ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. يېقىنقى 10 يىل جەرياندا ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئېگەرچى يېزىسى تەرىپىدىن 36 قېتىم تەقدىرلەندى.

# يۇلتۇزباغنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى

ھەر قانداق جاي، ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى بولىدۇ. ئۇنداقتا، يۇلتۇز باغنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى نەدە؟ يۇلتۇزباغ بازىرىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ئەخمەت ھوشۇر: پاختا، چارۋا، مېۋە ـ چېۋە يۇلتۇز باغنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى، دېدى.

يۇلتۇزباغ— توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا دەرىجىلىك بازارنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ بازارنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. بۇلتۇر يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 79 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2248 يۈەنگە يېتىپ، ۋەزىپە، نىشان %100 ئورۇندالدى. تېرىلغان كېۋەز 61 مىڭ 500 موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4546 تونىنغا يەتتى. پاختا ئوخشاپ دېھقانلار نەپكە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدىكى چارۋا سانى 54 مىڭ 480 تۇياققا، دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 463 يۈەنگە يەتتى. ئۆرۈك، ئۈزۈم، چىلان، ياڭاق، قوغۇن ـ تاۋۇز يۇلتۇزباغ دېھقانلىرىنىڭ يەنە بىر ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ قالدى. دېھقانلارنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىقتىن قىلغان كىشى بېشى كىرىمى 280 يۈەنگە يېتىپ، يۇلتۇزباغ بازىرىنىڭ ھالقىش شەكلىدىكى تەرەققىياتىنى نامايان قىلىپ بەردى.

— بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز پاختىچىلىق، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى كۈچەپ تۇتتۇق. بولۇپمۇ، پاختىدىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي زىرائەت بازىرىمىز تېرىقچىلىقىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى. 2003 ـ يىلى بازار بويىچە كېۋەز كۆلىمى 48 مىڭ مو ئەتراپىدا ئىدى. 2004 ـ يىلى 61 مىڭ موغا، بۇ يىل 62 مىڭ موغا كۆپەيتىلدى. دېھقانلىرىمىز پاختىدىن خېلى كۆپ كىرىم قىلدى،— دېدى ئەخمەت ھوشۇر بازارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تونۇشتۇرۇپ،— بۇ يىلمۇ ئىشلار

ئوبدان كېتىۋاتىدۇ، يېقىندا ئورما باشلاندى، بۇغداي ئوخشىدى، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولماقتا. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مول ھوسۇل ئېلىشىمىزدىن ئۈمىد زور. بۇگۈن چىلان كەنتىدە كېۋەز پەرۋىشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتۇق. نۆۋەتتە، يېزا خىزمىتى ئالدىراش مەزگىلگە كىردى. دېھقانلىرىمىزنىڭ ئاكتىپچانلىقى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ.

ئەخمەت ھوشۇر قىسقىچە ئەھۋال تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىزنى كەنت ـ مەھەللىلەرنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پىشىپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەن بۇغدايلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. بولۇق ئۆسكەن كېۋەزلىكلەر، كېۋەزلىككە كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات، قوناق، ياڭيۇلار مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— بىز بۇ يىل يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 87 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمنى 2490 يۈەنگە يەتكۈزۈشنى؛ كىشى بېشى چارۋىچىلىق كىرىمنى بۇلتۇرقىدىن 90 يۈەن، باغ ـ ئورمانچىلىق كىرىمنى 60 يۈەن ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 500 كىلوگرامدىن ئېشىشى مۇمكىن، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلمۇ 100 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. بىز بۇ يىل 30 نەچچە مىڭ مو كېۋەزلىككە زىرە، كۆكتات، بالدۇر پىشار قوغۇن ـ تاۋۇز، قوناق كىرىشتۈرۈپ تېرىدۇق. بۇنداق ئېتىزلارنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنىڭ 150 كىلوگرامغا يېتىشىدە گەپ يوق. دېمەك، دېھقانلار بۇ يىل پاختىغا بەكرەك ئۈمىد باغلىدى.

ئەخمەت ھوشۇر يېزا خىزمىتىگە پىششىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى توقسۇ بازىرىدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى بولغان ئىكەن. 2003 ـ يىل 11 ـ ئايدا يۇلتۇزباغ بازارلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. تېخى يېقىندىلا مۇۋەققەت بازار باشلىقلىقىغا قويۇلۇپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپتۇ. ئۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى:

ــ بازىرىمىزدا 6900 ئائىلە، 20 مىڭ 850 نوپۇس، 17 كەنت، 70 ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، 95 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار. بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىز كەسىپ قۇرۇلمىسىنى دادىل تەڭشەپ، بازار يېتەكچى قىلىنغان بايلىق ئەۋزەللىكىمىزنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندۇق. «پاختىچىلىقنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى كۈچەيتىش، ئورۇقچىلىقنى زورايتىش، باغۋەنچىلىكنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت پىكىر يولىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز بۇ يىل ئەلا سۈپەتلىك تاۋار ئاشلىق بازىسى قۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 15 مىڭ توننىدىن ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز.

ئەخمەت ھوشۇر مۇنداق دېدى: چارۋىچىلىق ــ يۇلتۇزباغنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسپىنىڭ بىرى. دېھقانلىرىمىزنىڭ باقمىچىلىق قىزغىنلىقى يۇقىرى، ھازىر بازىرىمىز بويىچە باقمىچىلىقتا ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن تۆتى قۇرۇلدى. بىز بىر باقمىچىلىق رايونىدا ئاز دېگەندە 10 ئائىلە بولۇش، ھەربىر ئائىلىگە 3 مودىن قوتان ئورنى ۋە ياغاچ ھەل قىلىپ بېرىش، ھەربىر ئائىلىدە بەشتىن ئون تۇياقىچە كالا، 200 دىن 500 تۇياققىچە قوي، 500 دىن 1000 دانىغىچە كەپتەر بولۇش نىشانىنى بېكىتتۇق ھەمدە باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىگە سىياسەت، تېخنىكا، مەبلەغ جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق. بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىغىچە سېتىپ چىقىرىلغان چارۋا 33 مىڭ 982 تۇياققا، ئۆي قۇشلىرى 394 مىڭ دانىگە، كەپتەر 391 مىڭ دانىگە، ئىشلەپچىقىرىلغان گۆش مەھسۇلاتى 1015.6 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپ مىقداردا ئاشتى. چىشى چارۋا، نەسلى ياخشىلانغان كالىلار تېز كۆپەيدى، بۇ يىل يىل ئاخىرىدا چارۋا ئومۇمىي سانىنى 60 مىڭ تۇياقتىن، سېتىپ چىقىرىلغان چارۋا سانىنى 34 مىڭ تۇياقتىن ئاشۇرۇۋېتىمىز. 200 تۇياقتىن يۇقىرى تۇغۇت يېشىدىكى سىيىر باقمىچىلىق رايونىدىن بىرنى، 400 تۇياقتىن

يۇقىرى سىيىر باقىدىغان كەسپىي كەنتتىن ئىككىنى قۇرۇپ چىقىمىز. بازىرى ئىتتىك، بېقىش قۇلايلىق، تەننەرخى تۆۋەن ئەلا سۈپەتلىك گۆش توخۇسى، گۆش كەپتىرى، غاز، ئۆردەك باقمىچىلىقىنى يەنىمۇ زورايتىمىز ۋە كۆلەملەشتۈرىمىز.

يۇلتۇزتاغ بازىرى توقسۇدىكى داڭلىق مېۋە يۇرتىنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باغۋەنچىلىكنى زورايتىشقا ئىنتايىن زور كۈچ سەرپ قىلغان. ئەخمەت ھوشۇر بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىز مۇشۇ ئىككى يىلدا 20 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى باغ ـ ئورمانچىلىققا قايتۇردۇق. ئۈزۈم، ئۆرۈك، ياڭاق، نەشپۈت، چىلان يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق. ھازىر بازار بويىچە كونا ـ يېڭى باغ كۆلىمى 45 مىڭ موغا يەتتى. بۇ يىل ناھىيە يۇلتۇزباغنى نۇقتىلىق ياڭاقچىلىق بازىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ يىل 4000 مو يەرگە ياڭاق كۆچىتى تىكتۇق. بۇنىڭ بىلەن ياڭاقلىق باغ كۆلىمى جەمئىي 16 مىڭ موغا يەتتى. نۆۋەتتە، ئۆرۈكلۈك، چىلانلىق باغمۇ مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلىپ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار باغدىن تېخىمۇ كۆپ كىرىم قىلالايدىغان ھالەتكە يەتتى.

بىز يۇلتۇزباغنىڭ كەنت ـ مەھەللىلىرىدە ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئۈزۈم كارىدورىنى ۋە پايانسىز يېشىللىقنى كۆردۇق. چىلان كەنتى، شەنبە بازار كەنتى، ھەتتا بازارلىق ھۆكۈمەت قوروسىدىمۇ ئۈزۈم كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مېۋە ـ چېۋە ھەققەتەن بۇ يەرنىڭ «كوزىرى» ئىكەن.

— بىز دېھقانلارنىڭ مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، شويلۇق كەنتى بىلەن بازار كەنتىدە ئىككى بازار تەسىس قىلماقچى. يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغانغا بازار بولمىسا بولمايدىكەن،— دېدى ئەخمەت ھوشۇر بازارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تونۇشتۇرۇپ.

— بىز يەنە زىرائەت ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش، ئۇنۇمسىز يەرلەرنى كۆچلەندۈرۈش مەقسىتىدە بازارنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرماقچى. ھازىر بۇ يەردە ئىش باشلاندى. ئەسلىي

پىلانغا ئېلىنغان 10 مىڭ مو بوز يەردىن 4000 مو سى بۇ يىل ئۆزگەرتىلىپ، بۇنىڭ 2500 موسىغا كېۋەز تېرىلدى. 1000 موسىغا نەشپۈت كۆچىتى تىكىلدى. بۇ يەر تەدرىجىي نەشپۈتچىلىك بازىسىغا ئايلىنىدۇ. بىز بۇ مەيدان ئارقىلىق بازىرىمىزدىكى نامرات، مېيىپ ئامىمىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايمىز.

ئەخمەت ھوشۇر دەۋاتقان بۇ مەيدان شاختۇر دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئۇ كەلگۈسىدە يۇلتۇزباغنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىدىكەن.

يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى يېزا ئىگىلىك شارائىتى بولۇشى كېرەك. زەي، شور تۇپراقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يۇلتۇزباغ بازىرى يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى شارائىتىنى ياخشىلاپ، بۇلتۇر 9.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭنى يېڭىدىن چېپىپتۇ. 46 ئورۇنغا يېڭىدىن سۇ گۈلۈچ ياساپتۇ. 37.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇغىرىش ئېرىقىنى رېمونت قىلىپتۇ. بۇ ئارقىلىق سۇنى تېجەپ سۇغىرىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپتۇ. نەچچە يىلدا ناھىيىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن جەمئىي 120 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيلىك چېپىپتۇ. زەيلىك چېپىلغاندىن كېيىن يەرلەر كۈچلىنىپ، مەھسۇلاتى ئېشىپتۇ. ئىلگىرى 40 كىلوگرام ھوسۇل چىقىدىغان يەردىن ھازىر 90 كىلوگرام مەھسۇلات چىقىدىغان بوپتۇ.

— ھازىر بازىرىمىزدا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇلتۇر 1200 ئادەم سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن. ھازىر يەنە 500 ئادەم سىرتتا ئىشلەۋاتىدۇ. ئاقئۆستەڭ، توپچىئېرىق كەنتىدىن 32 ئادەم بىراقلا شىمالىي شىنجاڭدا پۇل تېپىۋاتىدۇ. بىز، بۇنداقلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمىز. بۇلتۇر بۇ تۇردىنىلا دېھقانلارنىڭ كىرىمى 300 يۈەندىن كۆپەيدى. بۇ يىل 400 يۈەندىن ئارتۇق كۆپىيىشىدە گەپ يوق. ھازىر نامراتلارنىڭ سانىمۇ ئازىيىۋاتىدۇ. بۇ چارە بولىدىكەن، ھەقىقەتەن بولىدىكەن، بىز بۇ خىزمەتنى داۋاملىق

چىلىك تۇتىمىز...

دەرۋەقە، يۇلتۇزباغ بازىرى مۇھىم تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇپتۇ. دېھقانلار جاپالىق ئەجرىنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلاپتۇ. ئىگىلىنىشچە، بازار بويىچە 200 گە يېقىن ئائىلىگە سىملىق تېلېۋىزىيە كىرگەن، كەنتلەردە سىملىق رادىئونىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98% كە يەتكەن. تراكتور، موتسىكلىت سېتىۋالغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ. دېھقانلارنىڭ كىيىنىش، گەپ ـ سۆز، يول يۈرۈشىدىن ئۇلارنىڭ خېلىلا ھاللىنىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. بىز بۇ مەنزىرىدىن، ئەخمەت ھوشۇرنىڭ دېگەنلىرىدىن يۇلتۇزباغنىڭ «يۇلتۇزى» نى كۆرگەندەك بولدۇق.

2005 ـ يىل ئىيۇن، توقسۇ

# مۇرقەدەمدىكى مۇقەددەس ئىشلار

مۇقەددەس ئىشلار ھەمىشە ئەجىر ـ مېھنەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. سەمىمىي نىيەت، ئوتلۇق يۈرەك، توغرا تىلەكلىك كىشىلەر دائىم ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ. ئەمگەكچان، باتۇر، سادىق ئوغۇل ـ قىزلىرى بار يۇرت ھامان گۈللەپ ياشنايدۇ. مانا بۇ مۇرقەدەم كەنتىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئىلگىرى نامراتلىقتا نام چىقارغان مۇرقەدەم كەنتى ئەمدىلىكتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تېزلىكى بىلەن نام چىقاردى، كەنت ئىگىلىكى يۈكسەلدى، خەلقى ھاللاندى؛ تۈرلۈك خىزمەتلەر جانلاندى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئايشەم سامساق شەرەپ بىلەن 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. بۇلتۇر كەنتىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 3099 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 600 يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى.

مۇرقەدەم كەنتى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تىپلىق يېزىسىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن تەبىئىي كەنت بولۇپ، 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگۈچىلىك كەنت خەلقى نامرات ھالەتتە ياشاپ كەلگەن ئىدى. 1986 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئايشەم سامساق كەنت مۇدىرلىقىدىن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئاممىنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتتى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان، ساپاسى تۆۋەن كادىرلارنى رەھبەرلىك قاتلىمىدىن چىقىرىپ،

ياش، قابىل، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى ياچېيكا ھەيئەتلىكىگە تولۇقلىدى. ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ تەرتىپكە سالدى. قائىدە ـ تۈزۈمنى چىڭىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويدى. پارتىيە ئەزالىرى، «ئۈچ پېشقەدەم» لەر، كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى، دىنىي زاتلار ۋەكىللىرىنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن «مۇرقەدەمنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرىمىز، مۇرقەدەم خەلقىنى قانداق بېيىتىمىز» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئاممىدىن پىكىر ئالدى. ئايشەم سامساق تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەرلەرنى سالالاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ۋە تۇنجى قېتىم 1200 مو يەرنى سالالاشتۇردى. ئۆزىنىڭ 4 مو شەخسىي يېرىگە 50 مىڭ تۈپ قەلەمچە تىكتى. بۇنىڭدىن 37 مىڭ تۈپ قەلەمچە ئەي بولدى. بۇنىڭ بىلەن كەنتتە كۆچەت تىكىپ باغ ـ ئورمان بىنا قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى. ئۇ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك سالالاشتۇرۇپ بولۇش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇنى پەيدىنپەي، قەدەممۇ قەدەم يولغا قويۇپ، تۇپراقنىڭ تاش قاتلىمىنى ئازايتتى. تەكشى ئېلىنغان يول، يول بويىدىكى رەتلىك ئۆيلەر مۇرقەدەمنىڭ قىياپىتىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. يەرلەرنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات ئاشتى. دېھقانلار ئايشەم سامساقنىڭ پەم ـ پاراسىتىگە، تەدبىرىگە قايىل بولدى. 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە 4128 مو يەرنىڭ ھەممىسى سالالىشىپ بولدى. بۇ جەريانداـ يەنە 24 يەرگە بېتون كۆۋرۈك، 28 يەرگە سۆڭگۈچ كۆۋرۈك، 56 ئورۇنغا توسما سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ئاساسىي شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئەمدىكى گەپ مەھسۇلاتنى قانداق ئاشۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئايشەم سامساق مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە توققۇز ئايالدىن تەشكىللەنگەن «تۆمۈر قىزلار ئەترىتى» قۇرۇپ، 128 مو يەرنى ئۇلارغا ھۆددىگە بەردى. ئۆزى 6 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، كەنت بىلەن پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 75 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش نىشانى بويىچە توختام ئىمزالىدى. ئەمەلىيەتتە شۇ يىلى پاختىـ

نىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 90 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈپ، 128 يۈەن مۇكا-پات ئالدى. باشقا ئائىلىلەرمۇ مەھسۇلاتنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ مۇكاپات ئالدى. ئايشەم ساماساق مۇكاپات پۇلىغا بىر ساغلىق قوي سېتىۋالدى. كېيىنكى يىلى قوي كۆپەيدى، ئۇنى سېتىپ موزاي ئالدى، باشقا ئائىلىلەر-مۇ كالا ـ قوي سېتىۋېلىپ، ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتتى. كېۋەز، قوناق، بۇغداي، زىغىرنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل ئۆلگە كۆرسىتىش پائالىيىتى دېھقانلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئامىنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق ئىگىسى، بېيىش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. مۇرقەدەم كەنتى تۇنجى قېتىم سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنى سىناق قىلىپ، ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئۆلگە تىكلەپ بەردى. يەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشـ-تۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە چوڭ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەنتتە كېۋەز تېرىيدىغانلار يىلمۇ يىل كۆپەيدى. بىراق تېرىلغۇ يەر ئاز بولغاچقا كىشى بېشى كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى، ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىدى. ئايشەم ساماساق كەنت كادىرلىرىنى ۋە ئامىنى قوزغاپ كەنت تەۋەسىدىكى بوز، قاقاس يەرلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. 1993 ـ يىلىدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا جەمئىي 1200 مو تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 3.7 موغا يەتكۈزدى. 1996 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بازار ئەھۋالىغا قاراپ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى-نى كۆپەيتىپ، باشقا زىرائەت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى. 1996 ـ يىلى كېۋەز كۆلىمىنى بىراقلا 2200 موغا كۆپەيتتى. پاختا بازىرىنىڭ ياخشىلىقى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە تۈرتكە بولدى. مۇرقە-دەم كەنتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. بۇ خىل سەۋىيىگە يېتىشتە قوللانغان ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە تەدبىر توغرىسىدا ئاي-شەم ساماساق مۇنداق دېدى: چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا زېرىكمەي ئىزدى-نىش، قەتئىي ئارقىغا ياناماسلىق كېرەك.

مۇرقەدەم كەنتى پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەت-لىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ تەڭشىدى. 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇغداي كۆلىمىنى ئازايتىپ، پاختىچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكنىڭ ئورنىنى يۇقىرى

كۆتۈردى. بىر نەچچە يىلدا 2200 مو باغ بىنا قىلىندى. بولۇپمۇ ئانار، ياڭاق كۆچتى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كۆپ ئىزدەندى. بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىغىچىلىك جەمئىي 1140 مو ئانارلىق باغ، 760 مو ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلىندى. 20 دىن يۇقىرى ئىنەك بېقىۋاتقان ئائىلىدىن تۆتى بارلىققا كەلدى. 2003 ـ يىلىغا كەلگەندە كېۋەز كۆلىمىنى بىراقلا 3000 مودىن ئاشۇردى. كۆلەملا ئېشىپ قالماي، مەھسۇلاتمۇ ئاشتى. ساپ پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 132 كىلوگىرامغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ھازىر كەنت بويىچە 168 ئائىلىنىڭ كىچىك تراكتورى، سەككىز ئائىلىنىڭ چوڭ تراكتورى، بەش ئائىلىنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئۈچ ئائىلىنىڭ پىكاپى، 178 ئائىلىنىڭ تېلېۋىزورى، 86 ئائىلىنىڭ تېلېفونى بار بولدى. چارۋا 3696 تۇياققا يەتتى. ئىلگىرى كەنت بويىچە 82 نامرات ئائىلە بار ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش بويىچە ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئايشەم سامساق يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە ئۆزى ھۆددىگە ئالغان تۇنساخان ئابلا، روزى نامان، شايخان قاتارلىق نامراتلارغا 3800 يۈەن پۇل ۋە 3000 يۈەن قىممىتىدە ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق ياردەم قىلدى. قوي ئېلىپ بەردى. ئاممىنى تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بەردى. بىر نەچچە يىل ئۈزۈلدۈرمەي ياردەم قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئائىلىلەر پۈتۈنلەي نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2002 ـ يىلىغا كەلگەندە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى. كەنت ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىدىن 20 نى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ سەككىزىگە ئۆي سېلىپ بەردى. قالغان 12 ئائىلىگە كېلەر يىلى ئۆي سېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى.

ئايشەم سامساق كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ شەھەرلىك ۋە توپلۇق يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇ 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ئاما ئارىسىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كۆپلىگەن قىزىق، قىيىن نۇقتىلىق مە-

سىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى قۇرۇلتايغا سۇندى. بۇلتۇر ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا يېزىلارنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش، كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىر سۇنغانىدى. بۇ تەكلىپ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى. بۇلتۇر شاڭخەي شەھىرى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن چىقىرىپ توپلۇق يېزىسىغا ئۆلچەملىك دوختۇرخانا سېلىپ بەردى. يېقىندا بۇ قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشتى. يېزا ـ كەنتلەرنىڭ داۋالاش شارائىتى ياخشىلاندى. ئۇ يەنە دېھقان ـ چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، يېزا پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ دېھقانلارغا تارقىتىدىغان ئاز سوممىلىق قەرز پۇل رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ ـ پىكىر بەرگەنىدى. بۇ تەكلىپ ـ پىكىرلەر بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتى. يېقىندا مۇرقەدەم كەنتىنىڭ بىر يېرىم كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 300 مىڭ يۈەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك باقمىچىلىق قەرز پۇلى دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگدى. ئاز سوممىلىق قەرز پۇلنىڭ رەسمىيەتلىرى ئاددىيلىشىپ دېھقانلارنى خۇش قىلدى.

مۇرقەدەم كەنتى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى. ئايشەم ساماساق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان 18 يىلدىن بۇيان، ياشلىق باھارى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى مۇرقەدەمگە بېغىشلىدى. ئۇنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىش روھى، قەيسەر ئىرادىسى، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل ئىستىلى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈردى. مۇرقەدەمدىكى ئۆزگىرىشلەردىن، ئايشەم ساماساققا بېرىلگەن شان ـ شەرەپلەردىن مۇرقەدەم دېھقانلىرى پەخىرلەندى.

مۇرقەدەم بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ بۇ ھەقتە توختالغاندا ئايشەم ساماساق مۇنداق دېدى: ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەپ، پائال تۈردە بازارغا يۈزلىنىپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىپ چىقىرىلىشىنى تېزلىتىمىز. پاختىچىلىقنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ يىل كىشى بېشىغا توغرا

كېلىدىغان كىرىمنى 3555 يۈەنگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز.

مۇرقەدەم كەنتى بىر نەچچە يىلدا ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى يېزا، شەھەر ھەم ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئايشەم سامساقمۇ كۆپ قېتىم «ئىلغار كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

2004 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

# ئېقىن بويىدىكى ئىشلار

يېڭىلىق— ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ، شادلاندۇرىدۇ ۋە روھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە تەبىئەتنى ھەم باشقا جانلىقلارنىمۇ سۆيۈندۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. مانا، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئونسۇ بازىرى تاشلىنىپ قالغان بىر خارابىلىقتا بىر بورداقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خەۋىرى شۇ زامان يېقىن - يىراققا پۇر كەتتى. بەزىلەر ھەيران بولۇشۇپ:

— بۇ ئىش نېمىشقا بالدۇرراق قىلىنمىغان بولغىيتتى. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ئەمدى ئەقلىگە كەپتۇ. ھەربىر يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى مۇشۇنداق ئىشتىن بىردىن قىلسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە،— دېيىشتى. يەنە بەزىلەر:

— بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ كېچىكىپ قالدى، قانداق بولمىسۇن ھازىرقى باشلىق كارغا كەلدى، بۇ تازىمۇ بەلەن ئىش بولدى،— دېيىشتى.

ئېقىن بويى— ئونسۇ بازىرىغا قاراشلىق بىر كەنت بولۇپ، يار ئۈستىگە، ئونسۇ بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى كۆكيار يولى ئەتراپىغا جايلاشقان، يولنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى بۇ ئېگىز - پەس تۈپراق سۇ بولمىغانلىقتىن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قاغجىراپ ياتقانىدى. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىلگىرىكى رەھبەرلىرى بۇ يەرنى ئۆزگەرتىشنى كۆپ قېتىم پىلانغا ئالغان بولسىمۇ، مەبلەغ قىسلىقى، سۇ قىسلىقى تۈپەيلىدىن بۇ يەردە بىر ئەمەلىي جەڭ بولمىدى.

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى ئەتراپىغا نەزەر سالدى. بازار باشلىقى مۇھەممەت سايىم كۆپچىلىككە:

— ئەمدى كاللا ئىشلەتمىسەك بولمايدۇ، بۇ يىل ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تېرىقچىلىق ئەركىنلىكىنى قويۇۋەتتى. بىزدە يەر ئاز، ئادەم كۆپ، بىز شەھەر ئەتراپىغا جايلىششتەك ئەۋزەللىكىمىزدىن پايدىلىنىپ

باقمىچىلىق ئاساسىدىكى ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تۇتۇشىمىز كېرەك. بىكار يەرلەردىن چوقۇم پايدىلىنىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز لازىم،— دېدى.

مۇھەممەت سايىم ئاساسىي قاتلامدا خېلى ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلىپ، مول تەجرىبە توپلىغان. ئەمەلىي ئىش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا بازار باشلىقلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدە ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن يوشۇرۇن ئامىللارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. يار ئۈستىگە جايلاشقان ئېقىن بويى كەنتى تەۋەسىدىكى بۇ بوش يەردە بىر بورداقخانا قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

— سۇنى قانداق قىلىمىز،— دېدى بەزىلەر بازار باشلىقىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن كېيىن تەئەججۈپلەنگەن ھالدى.

— بۇنىڭمۇ ئامالى تېپىلىدۇ. بىز ئاۋۋال لايىھىنى مۇزاكىرە قىلايلى، مەبلەغ مەسىلىسىنى ئويلىشايلى، قالغان ئىشلارنىڭ چارىسىنى تېپىش تەس ئەمەس،— دېدى بازار باشلىقى بۇ يەرنىڭ تۈزلۈشىنى تەھلىل قىلغاچ.

— سۇنى قوشنا ئورۇن سېمونت زاۋۇتىدىن ئېلىپ چىقساق بولغۇدەك، بىز دەرھال زاۋۇت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېڭىشىپ باقايلى، ئۇلار چوقۇم بىزنى قوللايدۇ...

شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي سۇ، توك مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. سۇ تۇرۇبا ئارقىلىق سېمونت زاۋۇتىدىن تارتىپ چىقىرىلىدىغان بولدى. 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىندى. بازارلىق ھۆكۈمەت 300 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، سۇ، توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرگەندىن سىرت، قوتان ۋە چارۋىچىلار ئولتۇرىدىغان ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولدى. قالغان قۇرۇلۇشنى شەخسلەر ئۆز مەبلىغى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلدى. بورداقخانىغا 1000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بار چوڭ چارۋىچىلىق ئائىلىلىرىنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش قارار قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، 35 مو كۆلەمدى-

كى 7 قوتانلىق بۇ بورداقخانا قۇرۇلۇشىدا بۇ يىل 4 ـ ئايدا ئىش باشلى-
نىپ، 7 ـ ئايدا پۈتتى.

— بىز قاشا تامنى سىلىش ۋە قورۇ ـ قوتاننىڭ كەم قىسمىنى تو-
لۇقلاشقا 80 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا خەجلىدۇق. چارۋا ئۈچۈن 400 مىڭ
يۈەن مەبلەغ سالدۇق،— دېدى چارۋىچى ئەخمەت تۇرسۇن،— مەۋلان
داۋۇت بىلەن بىرلىشىپ، 9 مو كۆلەمدىكى ئىككى قوتاننى ھۆددىگە ئال-
دىم، ھازىر 5000 تۇياق چارۋا بېقىۋاتىمىز. ئىلگىرى تاغ رايونلىرىدا
چارۋا باقاتتۇق، بۇ يەرگە ماكانلاشقاندىن بېرى خاتىرجەم بوپ قالدۇق،
شارائىتىمىزمۇ ياخشىلاندى.

بىز قورۇ ـ قوتانلارنى زىيارەت قىلدۇق. قوتان ئىچى بىر ـ بىرى-
دىن سېمىز قوي، ئۆچكىلەر بىلەن تولغانىدى. قوتاننىڭ ئۈستى چىراي-
لىق يېپىلغان، تاملىرى پۇختا قوپۇرۇلغانىكەن. يەم ـ خەشەك ئىسكىلا-
تى، قىشلىق ۋە يازلىق قوتانلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ زاپاس سۇ ساقلايدىغان كۆلچەك،— دېدى ئەخمەت ئۈستى
يېپىقلىق بىر كۆلچەكنى بىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ،— كۆلچەكنىڭ
چوڭقۇرلۇقى ئىككى يېرىم مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر كېلىدۇ. پەۋقۇل-
ئاددە سۇ توختاپ قالسا بىز بۇ كۆلچەكتىن پايدىلىنىمىز. بۇنىڭ سۈيى
3000 چارۋىغا 4 ـ 5 كۈن يېتىدۇ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ مۇھەممەت سايىم ئېغىز ئاچتى:

— بۇ چارۋىچىلار كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىسى مول بولغاچقا،
نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ بۇ ئىشنى قىلدى.

ئىزغىرىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. نەمخۇش، زەيكەش
تۇپراقتىن سوغۇق ھىدى كېلەتتى. بىز يازلىق قوتاننىڭ قاشالىرىدىن
ھالقىپ ئۆتۈپ، چارۋىلارنىڭ يەم ـ خەشەك ئوقۇرى، ساقلاش ئىسكىلا-
تىنى كۆردۇق. ھەممىسى رەتلىك، ئۆلچەملىك، سۈپەتلىك ياسالغان،
بىر خىل يېڭى، ئازادە، كۆركەم مۇھىت كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نۇراخۇن، بۇ قورۇ ـ قوتان مۇشۇ كىشى-
نىڭ،— دېدى مۇئاۋىن بازار باشلىقى ئابدۇۋەلى سامساق 40 ياشلار
ئەتراپىدىكى خۇش چىراي بىر كىشىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ. بىز قاتار

ياندا سېلىنغان 3 ـ قوتانغا كىرگەندۇق.

— مەن يېنىمدىن 22 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، قۇرۇلۇشنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلاپ، مۇشۇ ھالغا كەلتۈردۇم. بازارلىق ھۆكۈمەت شۇنچە ياخشى، قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بىزمۇ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ ـ دە، ھازىر 350 قويۇم، 100 سەركەم بار. يەنە داۋاملىق كۆپەيتىشنى ئويلاۋاتىمەن. مۇشۇنداق قۇلايلىق شارائىتنى تاپماق ئاسانمۇ، — دېدى نۇراخۇن چارۋىلارغا بوغۇز بېرىۋېتىپ.

بىز قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ ئايرىپ بېقىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئوزۇقىغا ئائىت ئىشلارنى سورىدۇق، 1 قوي كۈندە 800 گرام قوناق، كۈنجۈر يەيدۇ. چىگىت شاكىلى، سامان دېگەنلەرنىمۇ ئارىلاپ بېرىپ تۇرىمىز. ئوزۇقنىڭ تەركىبىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىمىز، — دېدى نۇراخۇن.

بىز ئۇنىڭ يەم ـ خەشەك ئىسكىلاتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. ئىسكىلاتتا 40 تونىنا قوناق بار ئىكەن. يەنە 50 تونىنا كۈنجۈرە تەييارلىنىپتۇ. 2 قوتاندىكى قوي ـ ئۆچكىلەر خۇددى ئاڭلىق، قاتتىق ئىنتىزامچان ئادەمدەك تولىمۇ تەرتىپلىك، رەتلىك، سىپايە ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. قوتاندىن چىقىۋاتقاچ مەن بازار باشلىقىدىن گەپ سورىدىم:

— بۇ بورداقخانا بازارلىق ھۆكۈمەتكە قانداق نەپ ئېلىپ كېلىدۇ؟ قانداق قىممەت يارىتىدۇ؟

— بۇنىڭدا بىزگە چوڭ نەپ يوق، — دېدى ئۇ سوئالىمغا جاۋابەن، — بىز بۇ يەردىن ھېچقانداق ھەق ئالمايمىز، ھەتتا يەر ھەققى، ئىجارە ھەققىنىمۇ مەڭگۈ ئالمايمىز. پەقەت بىز بورداقخانىنىڭ ئوغۇتىدىنلا پايدىلىنىمىز، چۈنكى ھازىر مەھەللىۋى ئوغۇتنىڭ بازىرى ئىتتىك، نۇرغۇن كۆكتاتچىلار، باغۋەنلەر يەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەتمەيدىغان بولدى. بىز بۇ پۇرسەتنى چىقىش قىلدۇق. پەقەت بۇ يىللا بىز 80 ـ 90 مىڭ يۈەنلىك ئوغۇت ساتالايمىز. ئۈچ يىلدا سالغان مەبلەغنى گەپ يوق قايتۇرۇۋالالايمىز.

مۇھەممەت سايىم مۇنداق دېدى: بورداقخانىنى قۇرۇش شەھەر ئا-

ھالىلىرىنىڭ گۆشكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا زور قۇلايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. 2000 ـ يىلى ئەتراپىدا بىز بۇ يەردە چارۋىلارنى توپ سېتىش بازىرى قۇرۇپ چىقىشنى، قۇشخانىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەشنى ئويلىدىشۋاتىمىز. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، بۇ ھەم دۆلەت، ھەم كوللېكتىپ، ھەم شەخسىيگە پايدىلىق.

*          *          *

ئۇنىڭ بورداقچىلىق نامىنى ئۇچقۇر شامال ئاقسۇ تەرەپلەرگىمۇ ئۇچۇرۇپ كەلدى. نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىككى نەپەر مۇخبىرى بىلەن بىرلىكتە ئونسۇ بازىرىغا باردىم. مەقسىتىمىز بورداقخانىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈش ئىدى. ئارىلىقتا بىز بۇ بازارنىڭ ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە زور كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بىردىنلا يەنە بىر ئىشقا قىزىقىپ قالدۇق.

— ھازىر بۇ پارنىكنى شەخسىيلەرگە ھۆددىگە بەردۇق. ھەربىر پارنىك ئورنى 1 مو كېلىدۇ. ھەربىر ئائىلە يىلدا بىزگە 500 يۈەن تاپشۇرىدۇ،— دېدى مۇھەممەت سايىم بىلەن ئابدۇۋەلى بىزنى پاكار تاملىق پارنىك ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ. پارنىك ئاستىدىكى كۆكتاتلار بىر ـ بىرىدىن ئوخشىغان بولۇپ، كىشىگە باھارنى ئەسلىتەتتى. بۇ يەردىلا 20 پارنىك ئورنى بار ئىكەن.

— بازىرىمىزدا بۇ پارنىكلار 94 ـ يىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ، كوللېكتىپ باشقۇرۇپ كەلگەچكە، ۋەيران بولغانىدى. ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ھۆددىگە بېرىلدى. ھازىر بازار بويىچە جەمئىي 80 ئورۇندا مۇشۇنداق پارنىكزارلىق بار. شەھەر ئاھالىلىرى قىش كۈنلىرىمۇ يېڭى كۆكتات يېيەلەيدۇ. بىز پارنىكتا تايىنىپ يىلدا بازارنى 1500 توننىدىن ئارتۇق كۆكتات بىلەن تەمىنلەيمىز.

ئابدۇۋەلى سامساق پارنىك جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى سۆزلەۋاتقاندا، كۆزلىرىمىز ئۈزاققا سوزۇلغان ئۈزۈم بارىڭىغا چۈشتى. قاقشال بولۇپ قالغان قالىق رەتلىك ئىدى.

— ئۈزۈملۈكى 1 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتكۈدەك،— دېدىم مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي. دەرۋەقە، بۇ بىر ئۈزۈن، ھەيۋەتلىك كارى

دور ھاسىل قىلغاندى. مۇھەممەت سايىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بازار بويىچە ھەممە ئائىلىدە ئۆزۈم بولۇش چاقىرىق قىلىنىپ، ھازىر غىچە جەمئىي 10 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا ئۆزۈم كارىدورى بەرپا قىلىنىپتۇ، سېلىنغان ئۆزۈم 5000 تۈپتىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

يېڭىلىق بىزنى ھەقىقەتەن جەلپ قىلدى. توخۇ، كەپتەر بېقىش، قوي ـ كالا بورداش بۇ يەردە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپتۇ. بىز ئېقىن بويىدىن يەڭگە بويى كەنتىگە بېرىپ، بەزى ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدۇق.

— ھازىر بازار بويىچە 430 ئائىلىدىن 283 ى باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى چارۋا سانى 14 مىڭ 586 تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. بېقىلىۋاتقان توخۇ 9130 غا، كەپتەر 5442 گە يەتتى. ھەممە ئائىلە دېگۈدەك ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ،— دېدى مۇھەممەت سايىم تەمكىنلىك بىلەن ئەتراپىغا نەزەر تاشلاپ. ئۇ مۇنداق دېدى،— بۇنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنى باي قىلىش ئۈچۈن، بىز قىلغان بۇ ئىشلار چوڭ ئىش ئەمەس. لېكىن بەك كېچىكىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلاردىن نەتىجە يارىتىشقا ئىشەنچىمىز مۇ، ئىرادىمىزمۇ بار...

1999 ـ يىل سېنتەبىر، ئونسۇ

## 图书在版编目（CIP）数据

塔里木升起的彩虹：维吾尔文/阿布都沙拉木·阿布力孜著，—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2007.4

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2098 — 7

Ⅰ. 塔… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 新闻 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语 (中国少数民族语言) Ⅳ. I253

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 045550 号

责任编辑: **帕力塔洪·艾吾拉洪**

责任校对: **克尤木·吐尔逊**

塔里木升起的彩虹 **(1)**

**—永恒的选择**

**阿布都沙拉木·阿布力孜** 著

新疆大学出版社出版

（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编：830046）

新华书店经销

乌鲁木齐市隆益达印务有限公司印刷

开本：850×1168 毫米　1/32　14 印张

2007 年 4 月第 1 版　2007 年 4 月第 1 次印刷

印数：0001—3000 册

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2089 — 7

定价：45.00 元（两册）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ





ISBN 978-7-5631-2098-7

9 787563 120987 >

定价：45.00元（两册）